

1982 3

# بولاق



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بۇلاق

(ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتىنىڭ مەجمۇئەسى)

3

AltunOq

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# بۇلاق

(1982 - يىل 3 - سان)

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزۈپ نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا №306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 15.375 قىستۇرما ۋارىقى: 1
1982 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
1983 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M10098·692
تىراژى: 1 — 12,000
باھاسى: 0.89 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## مۇندەرىجە

مەنتتەۋە تەپسىر ..................... ئەلىشىر ناۋايى
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرېھىم توختى 1
ۋامۇق - ئۇزرا (داستان) .................... ئابدۇرېھىم نىزارى
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسراپىل يۈسۈپ 137
دىۋان نوبىتى ................................................
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: قۇربان بارات
مەتتۇرسۇن باھاۋىدىن 165
«دىۋان قارى» دىن تاللانما ..............................................
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىمىن ساۋۇت 248
«دىۋان ناقىس» ................................................
نەشرگە تەييارلىغۇچى: غولام ئەبەيدۇللا 357

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

بۇلبۇل گويا (خەلق داستانى) .............................
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەھەت ئابدىرېھىم 442

# مەنتىقۇتتەير

## ئەلىشىر ناۋايى

(بېشى مەجمۇئەنىڭ 1982 - يىل 2- سانىدا)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئابدۇرېھىم توختى**

يەتتى ناگەھ باشىغا ساھىپ ۋەلى،
كوپ مانازىل قەتئى قىلغان كامىلى.
(كوپ يوللارنى باسقان بىر ئەقىللىق كىشى تويۇقسىزلا ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.)

كورگەچ ئول كامىلنى شەييادى رەغەل،
ئول يامان ھالىدىن ئولدى مۇبتەزەل.
(ھىلىقى ئالدامچى، مەككار، ئەقىللىق كىشىنى كورۇپ، ئوزىنىڭ يامان ئەھۋالىدىن ئۇياتتى، خارلاندى.)

دىدى بىر ئالىمدا كەسب ئىتكەننى تۇت،
كىم كورەيكىم ھاسىل ئەيلەپ سەن نى قۇت.
(ئەقىللىق كىشى ئۇنىڭغا: قانچىلىك نەرسە تاپقانلىقىڭنى كورسەت، ئالدىمغا كەل دىدى.)

چۇن خىرت باشىنى ئاچتى لەئىم،
كىم يىغىلمىش ئىردى زەققۇم جەھىم.
(ھىلىقى پەس تەبىئەتلىك ئادەم پەنجىسىنى ئاچتى، ئۇنىڭدا دەۋ-زەخنىڭ زەھەر زەققۇملىرى يىغىلغان ئىدى.)



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كوردى جەمئى بولغان نجاسەتلەر بەسى،
تۈشتى ئوت جىسمىغا ئانداغكىم خەسى.

(ئەقىللىق كىشى، توپلانغان نۇرغۇن پاسكىنانەرسىلەرنى كوردى، ئۇنىڭ بەدىنىگە قۇرۇق ئوت - چوپكە ئوت تۇتاشقاندەك غەزەپ ئوتى تۇتاشتى.)

بىر يېرىدىن بىر ئاۋۇچ تۇپراق ۋە تاش،
ئالىبان بەردى ئاڭا كىم قىل مائاش.

(يەردىن بىر چاڭگال تۇپراق ۋە تاشنى ئېلىپ تىرىكچىلىك قىل دەپ، پەس تەبىئەتلىك كىشىگە بەردى.)

باقسا ئول تۇپراق ئەمەس ئالتۇن ئېرۇر،
تاشلىرى لەئلى، دۇررى مەكنۇن ئېرۇر.

(قارىسا، ئۇ تۇپراق ئەمەس، ئالتۇن ئىكەن، تاشلىرى قىممەت باھالىق ياقۇت ۋە گوھەر ئىكەن.)

ناقىس ئول ھالەتنى كوردى ناگاھان،
كامىل ئولمىش ئېردى ئالدىن نىھان.

(نادان دەرھال قارىدى، ئەقىللىق كىشى ئۇنىڭ ئالدىدىن غايىپ بولغان ئىدى.)

ئۆزنى ئول خىجلەتتىن ئولتۇرمەك نى سود،
ئاھ ۋاھىن كوككە يەتكۇرمەك نى سود.

(ئەمدى ئۆزىنى خىجالەتتىن ئولتۇرۇشنىڭ نىمە پايدىسى؟ كوككە يەتكۈدەك ئاھ - ۋاھ چېكىشنىڭ نىمە پايدىسى!!)

ساڭا ھالەت كىم قىلۇرسەن كوپ خۇرۇش،
بىل كى؛ بار ئول نەۋئىكىم ئول سەبزە پۇش.

(سەن تولىمۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭ غەۋغا قىلىسەن، بىلگىنكى شاتۇتىغا ئوخشاش يېشىل تون كىيگەن رىياكەشلەرمۇ بار.)

# تاۋۇسنىڭ ئوزرى

(توزنىڭ ئوزرى)

سۆكرە تاۋۇس ئەتتى ئوزرىن ئىبتىدا،
كى ئى سەن بارچەمىزگە مۇقتادا.
(تۆتىدىن كېيىن توز قۇش ئوزرە بايان قىلىپ: سەن ھەممىمىزنىڭ
پىشىۋاسى دىدى.)

مەن قۇش مەن قەسرو-گۇلشەن زىنىتى،
نەقش ۋە رەڭگىم ئەھلى ئالەم ھەسرىتى.
(مەن بىر قۇشمەنكى، شاھ سارايلارنىڭ، گۇلشەن باغچىلارنىڭ
زىنىتى، قانات - قۇيرۇقلىرىمدىكى نەقشىم ۋە رەڭگىمدىن ئالەم
ئەھلى ھەسرەت چېكىدۇ.)

سۇرىتىم گۇلشەنگە ئارايىش دورۇر،
ھەيئىتىم كورگەنگە ئاسايىش دورۇر.
(سۇرىتىم گۇلشەنگە زىنەت بېرىدۇ، شەكلىم- تۇرقىم كورگەن
كىشىگە راھەت بەخش ئېتىدۇ.)

باغ ئارا مەندىن خازاندا بوستان،
بىيشەدە مەندىن قىش ئىچرە گۇلىستان.
(خازان - زىمىستان پەسلىدە باغلاردا يۇرسەم باغلار بوستان
بولىدۇ. چاڭگال-ئورمانلار مېنىڭ سەۋەبىمدىن قىش پەسلىدىمۇ
گۇلىستان بولىدۇ.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جىلۋە ئەيلەر چاغدا ھۇلىيەم زىۋەرى،
سەربەسەر ئايىنەئى ئىسكەندەرى①.
(جىلۋە قىلغان چېغىمدا گۈزەللىگىمدىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئىسكەن-
دەرنىڭ جاھاننى كۆرسىتىدىغان ئەينىكى بولىدۇ.)

تەگرى بەرمىش ھۇسنى زىبالىق ماڭا،
ھەددىن ئارتۇق زىب رەئنالىق ماڭا.
(تەگرى ماڭا ھەددىدىن ئارتۇق گۈزەللىك، زىبۇ-زىننەت،
نازۇكلۇقنى بەرگەن.)

كىم ئۇلۇس ھۇسنۇم تاماشا ئەيلەگەي،
ئافىرىن ۋەئز ئەفشا ئەيلەگەي.
(كى، خەلقلەر گۈزەللىگىمنى تاماشا قىلىپ، مېنىڭ شەنىمگە
ئاپىرىن ئوقۇشىدۇ.)

ھەر كىشى قىلدى ھەق بىر ئىش ئۈچۈن،
نۇش ئۈچۈن بىرنى ۋە بىرنى ئىش ئۈچۈن.
(تەگرى ھەربىر كىشىنى بىر ئىش ئۈچۈن يارىتىپتۇ: بىرىنى
لەززەتلىنىش ئۈچۈن، يەنە بىرىنى ئىش-ئەمگەك ئۈچۈن
يارىتىپتۇ.)

ئىش كى قىلمىش ئىزەدى دانا نەسىب،
كىم ئول ئىشتا ھەرنە كەلسە يا نەسىب.
(دانا تەگرى كىمگە نىمە ئىشنى نېسىپ قىلغان بولسا، ئۇ ئىشتىن
نىمە كەلسە ئۇز نېسۋەم دەيدۇ.)

---

①ئارىستوتىل ئىجات ئەتكەن ئىسكەندەرىيە مۇنارىسى ئۈستىگە
ئورنىتىلغان ئەينەك.

تەگرى ئەمردىن بارى مەھجۇب ئېرۇر،
ئىلك شەيتانى لەئىن مەنكۇب ئېرۇر.

(تەگرىنىڭ پەرمانىدىن بارلىق نەرسىلەر مۇھاپىزەت پەردىسىدە ساقلىنىدۇ، لېكىن لەنەتكە سازاۋەر شەيتان خاراپ ۋە رەسۋا قىلىنغان.)

ھەر بىرىگە ئۆز تەرىقىدىن پىراق،
زاھىر تەكلىپ ئېرۇر - مالا يۇتاق.

(ھەر كىشى ئۆزىنىڭ يولىدىن ئايرىلىش شەكلەن بىر تەكلىپ بولسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇ كوتىرەلمەيدىغان مەجبۇرىيەتتۇر.)

## ھودھودنىڭ جاۋابى
## تاۋۇسقا

(ھوپۇپنىڭ توزغا جاۋاۋى)

ھودھود ئۇل سوز نەقشىگە ئاچىب نەپەس،
دىدى كى ئى جەھل ئەھلى يەگلىغ بىل ھەۋەس.

(ھوپۇپ سوزلەشكە ئېغىز ئېچىپ ئەي نادانىلاردەك ھەۋەسكە بېرىلگەن تاۋۇس،)

ئانچە زاھىر ئەيلەدىڭ ئەھۋالىدىن،
كەلگەي ئۇل مەجنۇندىن - ئەتفالىدىن.

(ئۆز ئەھۋالىڭدىن بىرمۇنچە پاش قىلدىڭ، سېنىڭ بۇ سوزلىرىڭ ساراڭلار ۋە ئۇششاق باللاردىنلا كېلىدۇ.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئادەم ئولغان زىب زاھىردىن دىمەس،
كىم كى ئاندىن پەخىر ئىتەر ئادەم ئىمەس.

(ئادەم بولغان كىشى كورۇنۇشتىكى زىننەت، چىرايلىقلىقنى دىمەيـ
دۇ. كىمكى زىبۇ - زىننەتنى پەخىر ئەتسە، ئۇ ئادەم ئەمەس.)

ناز ئىلە ھوسنى ئولدى شاھىدلەر ئىشى،
دەردۇ مىھنەت بىلە خوشدۇر ئەر كىشى.

(ناز قىلىپ ئەركىلەش ئاجىزلارنىڭ ئىشىدۇر، ئەر كىشى جاپالىق
ئەمگەك بىلەن خوش بولىدۇ.)

بارچە سۇرەت ئەھلىغە ئەشرەفدۇر ئول،
كىم سۇرەتدىن ئىلتىكەي مەئنى غە يول.

(بارلىق شەكىل ئەھلىگە - شەكىلدىن مەئنىگە يول تېپىش ئۈچۈن
شەرەپلىكتۇر.)

سەنكى بۇ سۇرەتكە بولدۇڭ مۇبتالا،
ئول تەمەسخورغا ئولۇس ئىچرە سالا.

(سېنىڭ مۇبتىلا بولغان بۇ سۇرەت كورۇنۇشۇڭ — خەلقنىڭ مەسـ
خىرە قىلىشىغا بىر نىشانەدۇر.)

زىب زاھىر جوز تەمەسخور كەلمەدى،
كىمسەگە ئاندىن تاپاخور كەلمەدى.

(تاشقى كورۇنۇش ۋە زىبۇ - زىننەت مەسخىرىلىكتىن بولەك
نەرسە ئەمەس، ھىچكىشىگە ئۇ تاشقى زىبۇ - زىننەتتىن پەخىرـ
لىنىش كەلمەيدۇ.)

# تەمسىل

ھىندۇۋى زاھىر قىلىپ نەقىش نىگار،
ئەيلادى كوپ بولئەجەبلىق ئاشكار.
(بىر ھىندۇ سىزىلچىسى ئۇزىنى نەقىشلەپ گىرىم قىلىپ ئاجايىپ
بىر ئىش ئاشكارا قىلماقچى بولدى.)

تاج قويدى باشىغا ئۇل مەسخەرە،
دەۋرىدە ئانىڭ ساراسەر كونگىرە.
(ئۇ، مەسخەرە بېشىغا تاج كىيدى، تاجىنىڭ چورىسىگە كونگىرە
'توشۇك' قويدى.)

تاج ئىلە كىسۋەتكى تەرتىپ ئەيلەبان،
بار كەيگەن بۇياھ تەزھىپ ئەيلەبان.
(كىيىم-كېچەكلىرىنى تەرتىپلىك قىلىپ كىيدى، كىيىملىرىنى ئالتۇن
سۈيى بىلەن بېزەكلىدى).

يېنىدا بىر تەبلى ھىندى چالغۇچى،
ھىندۇي رەققاس ئالغۇي ئالغۇچى.
(يېنىدا بىر ھىندى دۇمبىقىنى چالغۇچى، يەنە بىر ھىندى ئۇسۇلـ
چىسى — كوكۇل ئالغۇچىسى بار ئىدى.)

ئىترەتىپ باشىن ھامان ئىلكىن ھامان،
ھىندۇ ئاسا لەئىب بىرلە ھەر زامان.
(ئۇ، بېشىنى ھەم قوللىرىنى ئىترىتىپ ھەر ۋاقىت ھىندىلارغا خاس
ئويۇن ئوينايتتى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

زىب ئارا ئارايىشى بوستان كەبى،
جىلۋەدە تاۋۇسى ھىندۇستان كەبى.
(بوستانغا ئوخشاش زىبۇ-زىننەتلىك ئىدى، ھىندىستان تاۋۇسىغا ئوخشاش جىلۋە قىلاتتى.)

ئەيلىدى مەيدان ئارا ھەنگامە تېز،
دەۋرىدە ئۇ باش سالىب رۇستخېز.
(مەيداندا چاپسانلا بىر ۋەقە بەرپا قىلدى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا كەپسىز بالىلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى قىيامەت قوپۇراتتى.)

بۇ مەھەلدە مۇھتەسىپلەر يەتدىلار،
ئول غولۇۋ ھەريان ئەزىمەت ئېتدىلار.
(شۇ چاغدا بازار چارلىغۇچىلىرى يېتىپ كەلدى، كىشىلەر ھەريان تاراپ كېتىشتى.)

تۇتدىلار ھىندۇي ناپەرجامنى،
خوشلۇقىدا نادىرى ئەييامنى.
(چارلىغۇچىلار ھېلىقى ئىستىقبالسىز، شۇ كۈنلەردە خوشاللىقى كەم تېپىلىدىغان ھىندى كىشىنى تۇتۇپ ئالدى.)

تېبلى بىرلە تاجىنى سۇندۇردىلار،
دەردە ئەزاسىن يالاڭلاپ ئۇردىلار.
(دۇمباق بىلەن تاجىنى سۇندۇرۇپ، ئۇزىنى يالىڭاچلاپ دەررە بىلەن ئۇردى.)

بولدى ئىبرەت ئالغۇدەك ئول سەنئەتى،
تاجى نوكبەت بولدى تاجى زىننەتى.
(ئۇنىڭ سەنئىتى ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك ئىش بولۇپ قالدى، زىننەتنىڭ تاجى خارلىقنىڭ تاجىغا ئايلىنىپ قالدى.)

# بۇلبۇل ئوزرى

(بۇلبۇلنىڭ ئوزرە بايان قىلىشى)

دىدى بۇلبۇل كى ئى بۇ مەجمەئغە دەلىل،
مەن بولۇپمەن گۇل هاۋاسىدا زەلىل.
(بۇلبۇل شۇنداق دىدى: ئەي بۇگۇنكى بۇ سورۇننىڭ باشچىسى،
مەن گۇلنىڭ هەۋىسىدە خارلاندىم.)

ئاندىن ئايرو ئاشقۇ دىۋانەمەن،
ئەقىل، هوش، سەبىردىن بىگانەمەن.
(مەن گۇلدىن ئايرىلىپ ئاشىق ۋە دىۋانە بولدۇم، ئەقىل - هۇ-
شۇمدىن، سەۋرىدىن ئايرىلدىم.)

ئانسىزىن يوق سەبر ئىلە تاقەت ماڭا،
قايدا يار ئىچكىلى فىرقەت ماڭا.
(ياردىن ئايرىلدىم، ئۇنىڭسىز سەۋرى - تاقىتىم قالمىدى، نەگىلا
بارسام هىجران پىراق ماڭا هەمرا دوست بولدى.)

تاكى گۇل بوستاندا بولغاي جىلۋەساز،
مىڭ ناۋا بىرلە قىلۇرمەن شەرهى راز.
(قاچانكى گۇل بوستاندا جىلۋە قىلىپ ئېچىلسا، مىڭ خىل
نالە - پىغان بىلەن ئوز مۇڭ، سىرلىرىمنى بايان قىلىمەن.)

ئىشقىدە هەر لەهزە ئەفزون شىددەتىم،
هوسنىدە هەر لەهزە ئارتىپ هەيرەتىم.
(گۇلنىڭ ئىشقىدا هەر نەپەستە دەرت ئەلەملىرىم كوپىيىدۇ،
گۇلنىڭ هوسنى - جامالىغا هەر دەقىقە هەيرانلىقىم ئارتىدۇ.)

باغدىن ئۈل كەتكەندە بولماق گۆڭگى ـ لال،
تىل غا تىكرو يوق تەرەننۇمغا ماھال.
(باغدا گۈل بولمىسا، تىلىم گاچىلىشىپ، پەقەت سايراش ئىمكانى قالمايدۇ.)

ھەم ئانىڭ يادى بىلەن باغ ئىچرە مەن،
ھىجرىدىن يۈز دەرد ئىلە داغ ئىچرە مەن.
(باغ ئىچىدە ئۇنى ياد ئېتىش بىلەن مەن، گۈلدىن ئايرىلسام يۈز تۈرلۈك دەرت ـ ئەلەم، داغ ـ ھەسرەت ئىچىدە قالىمەن.)

ئۈل دۇرۇر كوڭلۈمدە ھەم جانىمدا ھەم،
كوزدە ھەم، بىدار پىنھانىمدا ھەم.
(كوڭلۈمدىمۇ، جېنىمدىمۇ ئۇ بار، كوزۈمدىمۇ، كوز ئالدىمدىمۇ ۋە كىشى كورمەيدىغان جايدىمۇ ئۇ بار.)

شاھ غە كامىل تەۋەججۇھدۇر بۇ ئىش،
بۇيلە ئاشىق دىن قاچان بولۇر بۇ ئىش.
(بۇ ئىش شاھقا تولۇق يۈزلەنگەنلىك بولۇپ، مۇنداق ئاشىقتىن قاچانمۇ مۇنداق ئىش ۋۇجۇتقا چىقار؟)

## ھۈدھۈدنىڭ جاۋابى بۇلبۇلغا

(ھوپۇپنىڭ بۇلبۇلغا جاۋاۋى)

ھودھود ئۇل فەسانەنى چۈن قىلدى كوش،
دىدى كوپ قىلمە بۇ ئىشقىڭدىن خورۇش.
(ھوپۇپ بۇلبۇلدىن بۇ ھىكايىنى ئاڭلاپ، ئەي بۇلبۇل، ئىشقىڭدىن تولا چوقان سالما، دىدى.)

ئشق ئىمەسدۇر بۇ ھەۋەستۇر سەر بەسەر،
گەر ھەۋەسدۇر مۇنچە بەس ئەي بى خەبەر.
(ئەي ئىشقدىن بىخەۋەر بۇلبۇل، سەندىكى ئىشق ئەمەس، بەلكى باشتىن ئاياق بىر ھەۋەس. ھەۋەسنى مۇنچىلا سوزلىمىسەڭمۇ بولار.)

سەن كەبى ئالەمدە نادان بولمىغاي،
نەپسىگە مەئمور پەرمان بولمىغاي.
(دۇنيادا سەندەك نادان، سەندەك نەپسىگە بويسۇنغان بولمىغاي.)

كىم ياساپسەن ئۇزنى ئاشىق زوربىلە،
كورگۈزۈرسەن ئىشق ئارا مىڭ شور بىلە.
(ئۇزەڭنى زورلاپ ئاشىق ھىساپلاپ، ئاشىقلىغىڭنى مىڭ بىر غەۋغا بىلەن كورسەتمەكچى بولۇپسەن.)

بىر چىچەكدۇركىم ۋاپاسى يوق ئانىڭ،
ئومرى باغدا باقاسى يوق ئانىڭ.
(گۈل دېگەن بىر چىچەك بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاپاسى يوق ھەم ئۇ ئومۇر بېغىدا مەڭگۈلۈك نەرسە ئەمەس.)

يىلدا بەش كونكىم چەمەندە ئاچىلۇر،
ئون كۈن ئوتمەي تۇپراق ئۇزرە ساچىلۇر.
(يىلدا چىمەندە بەش كۈن ئېچىلسا، ئون كۈن ئۇتمەيلا توزۇپ تۇپراققا چېچىلىدۇ.)

كىمسە بۇ پەيكەرگە ئاشىق بولمىغاي،
كىم بۇ ئاشىقلىققا لايىق بولمىغاي.
(ھېچ كىشى بۇنداق سۇرەت، شەكىلگە ئاشىق بولمىسۇن ھەم بۇنداق قىلىش ئاشىقلىقىمۇ لايىق بولمىسۇن.)



AltunOq

بىل ئانى مەشۇق كىم يۈز خەستە ھال،
ئۇلسا ۋە ئۇتسە ئاڭا يوقتۇر زاۋال.
(شۇنى مەشۇق دەپ بىلگىنكى، دىلى يۈز قېتىم يارىلانغان بولسۇن، ئۆلۈپ كەتسۇن ياكى ئۆتۈپ كەتسۇن، ئۇ يوقالمايدۇ.)

گەرچە بۇ ئىشقىدا شەيدالىق دورۇر،
لىك ئانىڭ پايانى رەسۋالىق دورۇر.
(ئەگەرچە بۇ ئىشقىدا شەيدالىغىڭ بار، لېكىن بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە رەسۋالىقمۇ بار.)

## تەمسىل

سەير ئۇچۇن شاھى سۇرەر چاغدا فەرەس،
ئاشىق ئولدى بىر گادايى بىلھەۋەس.
(بىر پادىشا ساياھەتكە چىقىپ ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقاندا، بىر گاداي ھەۋەس قىلىپ پادىشاغا ئاشىق بولۇپ قالدى.)

ئاھ ۋاۋەيلا ۋە ئەپغان باشلىدى،
خەلق ئارا غەۋغا ۋە توپان باشلىدى.
(ئاھ-ۋاي ھەسرەتا، ۋاي تۇۋا دەپ يىغلاپ، غەۋغا ۋە توپان بالاسىنى باشلىدى.)

سەندەك ئاشۇب ئەيلەبان ئەفغان بىلە،
نالە ئەيلەر ئېردى يۈز داستان بىلە.
(خۇددى ساڭا ئوخشاش پەرىشان ۋە پاراكەندە بولۇپ ئىشق توغرىسىدا يۈز داستانلار بىلەن نالە قىلاتتى.)

تەلبەلەردەك تۇرمايىن مەسكەن ئارا،
ئۆزنى كۆلگە بۇلغابان گۇلخەن ئارا.
(ساراڭلاردەك، بىر جايدا تۇرمايتتى، گۇلخانغا كىرىپ ئۆزىنى
كۆلگە بۇلىدى.)

شاھغە مەلۇم بولغان ئول ئىشقى جۇنۇن،
ئىستەدى ئاشقنى قىلماق ئازمۇن.
(ئۇ، ئاشقنىڭ ئىشقى پادىشاغا مەلۇم بولۇپ، سىناپ بېقىش
ئۈچۈن ئۇنى ئىستىدى).

ئاتلىنىپ فىلھال ئانداغكىم دۇرەخىش،
ئىمتىھانغا سۇردى گۇلخان سارى رەخش.
(ئۇ، ئاشىق دەرھال چاقماقتەك تېزلىكتە ئاتانىپ، ئىمتىھان بېرىش-
كە چاپتى.)

دىدى ئول گۇمراھنى سودرەپ كەلتۇرۇڭ،
خىزمىتىمگە كەلتۇرۇپ بوينىن ئۇزۇڭ.
(ئۇ، ئازغۇننى قىشىمغا سورەپ ئەپكېلىپ بوينىنى ئۈزۈڭلا، دىدى
پادىشا.)

چۇنكى ئانى تارتىبان كەلتۇردىلار،
ئىشق ئارا مەتلوبىغا يەتكۇردىلار.
(ئاشىقنى شاھ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ مەقسىدىگە يەت-
كۈزدى.)

قەتل ھوكمى قىلدى شاھى بەختىيار،
ۋەھمىدىن قاچتى گادا بى ئىختىيار.
(پادىشا ئۇنىڭغا ئۆلۈم ھوكۇم قىلدى، ئاشىق گادای قورقۇپ
ئىختىيارسىز ھالدا قاچتى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ئەيلەر ئىردى ۋەھمىدىن ھەر سارى مەيل،
تۇتماغىغە بۇ يەرگە ھەرسارى خەيل.
(ئۇ، قورقۇنچىدىن ھەر تەرەپكە چاپاتتى، ئۇنى ئىزلىگۈچىلەرمۇ ھەر تەرەپكە چاپاتتى.)

تۇتتى ئاندىن ئول تەرەپ گۇلخەنغە يول،
بى خور ئۆزنى ئۇتقا تاشلاپ كويدى ئول.
(ئاشىق گۇلخان تەرەپكە يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۆزىنى كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلاپ كۆيۈپ ئۆلدى.)

شەھغە بۇ ئۆمىدكىم ئاشىق ئىسە،
ئىشق دەئۋاسى ئارا سادىق ئىسە.
(شاھنىڭ ئۈمىدى مۇنداق ئىدى: ئەگەر ئۇ راست ئاشىق بولسا، ئىشق دەۋاسىدا سادىق بولىدىغان بولسا،)

قەتلى ھوكم چۈنكى ئول قىلسە قوبۇل،
شاھ ئاتتىن ئالىدا قىلغاي نوزۇل.
(ئۇ ئۆلۈم ھۆكۈمىنى قوبۇل قىلسا، پادىشا ئۇنىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپ،)

ئۆزرە ئىلە دىل خاھلىقلار ئەيلەگەي،
ھالىدىن ئاگاھلىقلار ئەيلەگەي.
(ئۆزرە ئېيتىپ، كۆڭلىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەردار بولماقچىدى.)

شەھغە قىلغاي سىدىق ئىلە ئىخلاسىنى،
ھەم مۇساھىپ ھەم نازىمى خاسىنى.
(ئۇ، شاھقا ساداقەت ۋە ئىخلاس قىلسا، شاھ ئۇنى سوھبەتداش ھەم خاس مەسلىھەتچى قىلماقچىدى.)

ئول گاداچۆن ئىشق ئارا ئېردى رەغەل،
بولدى رەسۋالىقتا ئەھۋالى مەسەل.
(ئۇ گاداي ئىشق ئىشىدا ھىلىگەر، يالغانچى بولۇپ، رەسۋالىقتا مىسال بولۇپ قالدى.)

گەر ساڭا ھەم يەتسە گۈلدىن بىر تىكەن،
گۈلخەن ئولغاي مەسكەنىڭ يوقكىم چەمەن.
(ئەي بۇلبۇللار ساڭا گۈلدىن بىر تىكەن سانچىلسا، بارار جايىڭ چىمەنزار بولماستىن، گۈلخان بولىدۇ.)

## قۇمرىنىڭ ئۆزرى

(پاختەكنىڭ ھوپۇپكە ئۆزرە بايان قىلىشى)

دىدى قۇمرى كىم ئايا پۇرخەندەراي،
غافىلو ـ گومراھلارغا رەھنەماي.
(پاختەك ھوپۇپكە: ئەي ياخشى پىكىرلىك زات، غاپىللار ۋە ئازغۇنلارغا يول كورسەتكۈچى پىشۋا،)

مەن قۇشى دۇرمەن چەمەندىن چىقمىغان،
دەشت ۋادى سەيرىدىن دەرد تارتمىغان.
(مەن بىر قۇشىمەنكى، چىمەندىن باشقا جايغا چىقمىغان، چول ـ باياۋانلاردا يۈرۈپ دەرت ـ ئەلەم تارتمىغان.)

زەئىف، ئاجىزلىق شوئار ئولغان ماڭا،
شاخ بەرگ ئۆزرە قارار ئولغان ماڭا.
(ئوزەم ئاجىز ۋە زەئىپ بىر قۇش، دەرەخ، شاخ، يوپۇرماقلىرى مېنىڭ تۇرار ماكانىم بولغان.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نى ساۋۇق كورگەن جاھاندىن نى ئىسسىغ،
نى ئىرىگ باشىمغا كەلگەن نى قاتىغ.
(جاھاننىڭ ئىسسىق ـ سوغى، قاتتىق ـ يۇمشاقلىرى بېشىمغا كەل ـ
مىگەن.)

باغدىن تاغ ئۈزرە كورگۈزگەن سەپەر،
شاخلاردىن باغ ئارا قىلغان مەقەر.
(سەپەر قىلسام باغدىن ـ تاققا بارغان، باغلاردا دەرەخنىڭ
شاخلىرىدا ماكان تۇتقان.)

بۇيلە يول رەنجىن چىكا ئالغايمۇ مەن،
بۇ ھەۋەس تۇخمىن ئىكا ئالغايمۇ مەن.
(بۇنداق يولنىڭ جاپاسىنى تارتالايمەنمۇ؟ مۇشۇنداق بىر
ھەۋەسنىڭ ئۇرۇغىنى تېرىيالايمەنمۇ؟)

قويدۇم ئېرسە بۇ مەشەققەت جانىمە،
كۆچ بىلە كىرمەك تۇرۇر ئوز قانىمە.
(ئوز جېنىمغا مۇشۇنداق مۇشەققەتنى سېلىشىم ئوز قېنىمغا ئوزەم
چوككەنلىك بولمامدۇ؟)

## ھودھودنىڭ جاۋابى قۇمرىغا

(ھوپۇپنىڭ پاختەككە بەرگەن جاۋاۋى)

دىدى ھود ھود كەئى زەبونى ئەجىز كىيش،
شەۋق دەرد ئىچرە كوكۇلنى ئالسەرش.
(ھوپۇپ پاختەككە شۇنداق دىدى: ئەي بىچارىلىق، ئاجىزلىقتا
ئادەتلەنگەن! شەۋق، دەرت ـ ئەلەم ئىچىدە كوكۇل يارىلانسا،)

مىڭ يىل ئۇلسا باغ ئارا مەنزىل ساڭا،
شاخ ئارا بەرگ ئىچرە نى هاسىل ساڭا.
(مىڭ يىل باغدا ياشىساڭ، شاخ ۋە يوپۇرماقلاردىن ساڭا نىمە پايدا تېگەر؟)

غەير ئۆلكىم ياتىبان يولۇڭدا شۇك،
قارمابان ئىچكەي قانىڭنى بىر مۇشۇك.
(شۇ ئىش ئاجايىپكى، سېنى ماراپ جىم ياتقان بىر مۇشۇك ئاخىرى سېنى مىجىقلاپ قېنىڭنى ئىچىدۇ.)

يا بىراۋ گەز بىرلە بولغاي قاتىلىڭ.
ياكى تىغ تىز قىلغاي بىسمىلىڭ.
(ياكى بىر كىشى بىر تال ئوق بىلەن سېنى ئۆلتۈرىدۇ ياكى ئىتتىك پىچاق بىلەن بوغۇزلىنىسەن.)

مۇندىن ئوزگە ئىشق كامىڭ نى ئىكەن،
گۇلشەن ئىچرە ئېهتىرامىڭ نى ئىكەن؟
(بۇنىڭدىن باشقا سېنىڭ ئىشقى مەقسىدىڭ نىمە؟ گۇلشەندىكى هورمىتىڭ نىمە؟)

بۇيلە مۇردار ئۇلگۇچە غەپلەت ئارا،
ئوزنى ئوز تەپ شۇئلەئى فۇرقەت ئارا.
(مۇنداق نىجىس ناپاكلىق بىلەن غەپلەتتە قېلىپ ئۆلگىچە، جۇدالىق ئوت يالقۇنلىرىدا ئوزەڭنى ئورتەپ يۇرگۇچە،)

ئەر ئىسەڭ مەقسۇد ئەسلى ئىستابان،
يولغا كىرسەڭ يار ۋەسلى ئىستابان.
(ئەر بولساڭ ئەسلى مەقسەتنى ئىستەپ يارنىڭ ۋەسلىنى ئىستەش يولىغا كىرگىن.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۆلسەڭ ئۆل يول ئىچرە دەردۇ غەم بىلە،
جىسمى زارۇ جان غەم پەرۋەرد بىلە.
(شۇ يولدا دەرد-غەم بىلەن، ئاجىزلىغان بەدەن ۋە غەملىك جان بىلەن ئۆلگىنىڭ)

ياخشىراق يۈز قاتلا ئۆلا ھالاتىدىن،
ئار قىلغۇدەك ئۇشول ئەۋقاتىدىن.
(ئۇياتقۇلۇق چاغلىرىڭدىن يۈز مەرتىۋە ياخشىراق).

## ھېكايەت

باغبانى بار ئىدى بەس بى ھۈنەر،
باغبانلىق سەنئەتىدىن بى خەبەر.
(ھۈنەر-سەنئەت بىلمەيدىغان ھەم باغۋەنچىلىك ئىشىدىن بىخەۋەر بىر باغۋەن بار ئىدى.)

نى شەجەر پەيۋەندە قىلماق شىۋەسى،
كىم ھالاۋەت ھاسىل ئەتكەي مىۋەسى.
(ئۇنىڭ دەرەخنى ئۇلاپ، ئۇنىڭدىن شىرىن مىۋە ھاسىل قىلغۇدەك بىر قابىلىيىتىمۇ يوق ئىدى.)

نى ياغاچ ۋە بەرگ بىرلە پەرۋەرىش،
ئەيلا يالىپ كىم شەجەر قىلغاي رەۋىش.
(ئۇ دەرەخلەرنى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈشنى ھەم ئۆستۈرۈشنىڭ يولىنى بىلمەيتتى.)

ۋەقت ئىلە نى دانە ساچماقنى بىلىپ،

كىم پەرەھ قىلغاي ئۇنى ھاسىل قىلىپ.
(قايسى ۋاقىتتا كوچەت تىكىپ، ئۇرۇق چېچىپ، ئۇنىڭدىن ھوسۇل ئېلىشنى، گۈل ئېچىلدۇرۇپ خوش بولۇشنىمۇ بىلمەيتتى.)

باغبان ئانباركەش لىك بىرلە خۇش،
باغبان يوقكىم دىگىل ئانبار كەش.
(ئۇ باغۋەن ئامبارچىغا ئوخشاش باغنى ساقلاش بىلەنلا خوشاللىناتتى، ياق، ئۇ باغۋەن ئەمەس بەلكى بىر ئامبارچى ئىدى.)

چۈن كورۇپ بۇ نەۋئ رەنجى تاپ ئاگا،
پەندلەر دەپ ئەھلى ھۇش ئەھباب ئاگا.
(باغۋەنىنىڭ بۇخىل جاپا ـ مۇشەققەتتىنى كورگەن دانا دوستلار ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشتى.)

كىم بۇ بى ھاسىل ئىشىڭنى تەرك تۇت،
ئوزنى بىر ھاسىللىق ئىش بىلە ئاۋۇت.
(بۇ پايدىسى يوق ئىشنى قويۇپ، ئوزەڭنى پايدىسى بار بىر ئىش بىلەن خوشاللاندۇرغىن! دىيىشتى.)

جاھىل ئول مىھنەتدىن بولماي مۇجتەنىب،
ئىبردى ئول مىھنەت چىكەرگە مور تەكىب،
(نادان باغۋەن ئوزىنى ئۇ مىھنەتتىن تارتماي، يەنە جاپا چېكىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.)

تاكى بۇ جۇيە ئارا كەزمەكدە تاك،
ئەيلەدى ئانى يىلان سانجىب ھىلاك.
(ئۇ ئۇنۇمسىز جاپا چېكىش يولىدا كېزىپ يۈرۈۋەردى، ئاخىر يىلان چېقىپ ئۇ ئولۇپ قالدى.)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## كەبۇتەرنىڭ ئۇزرى ھود- ھودغا

(ھوپۇپكە كەپتەرنىڭ ئۇزرە بايان قىلىشى)

سوگرە ئەزر ئەتتى كەبۇتەر شەرھى ھال،
كى ھىدايەت فەندە ساھىب كامال.
(پاختەكتىن كېيىن كەپتەر ئۆز ھالىنى بايان قىلىپ ھوپۇپكە مۇنداق دېدى: ئەي توغرا يول كۆرسىتىش ئىلمىدا كامالەتلىك كىشى،)

بارچە قۇشلار ئىچرە ھەيبىي لايەمۇت،
ماڭا قىسمى ئەتمىش ئۇلۇس ئىلكىدە قۇت.
(بارلىق قۇشلار ئىچىدە، خۇدا ماڭا خەلقنىڭ قولىدا ئوزۇق تەقسىم ئەتتى.)

ئېل ياساپ مەسكەن ماڭا كاشانە ھەم،
كەلتۈرۈپ ئالىمغا سۇ ۋە دانە ھەم.
(خەلق ماڭا ماكان ۋە ئۇۋا ياساپ، ئالدىمغا دان، سۇ ئەكىلىپ بېرىدۇ.)

دەھر ئارا ئەل بەندىنىڭ مەھبۇسى مەن،
بىر سەۋەپ بىرلە ئۇلەر مەئنۇسى مەن.
(دۇنيادا خەلقنىڭ يىپىغا باغلانغان مەھبۇس مەن، يەنە ئۇلارنىڭ دوستى ۋە ئۈلپەتدىشى مەن.)

تەگرى بۇ هالەت نەسىپ ئەتمىش ماگا،
خۇانى قىسمەتدىن بۇ ئىش يەتمىش ماگا.
(تەگرى شۇنى ماگا نېسىپ قىلغان. بۇ تەقدىر قىسمىتىدىن ماگا يەتكۈزۈلگەن.)

هەق نەسىپ ئەتكەندىن ئەتمەك ئىجتىناب،
ئەقىل قانۇنىدا بولغايمۇ ھىساب.
(خۇدا نېسىپ قىلغان ئىشتىن ئۆزىنى يىراقلاشتۇرۇش ئەقىل قانۇنىدا توغرا بولامدۇ؟)

شۇكرى ئەيلەب قىسمەت ئەتكەنگە ئىلاھ،
چەكمىسەم ئەۋلا بۇ رەنجى ئۇمرىگاھ.
(خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۇكرى قىلىپ، جاپا-مۇشەققەت چەكمەي ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزگىنىم ياخشى.)

## ھودھودنىڭ جاۋابى كەبوتەرغە

(ھوپۇپنىڭ كەپتەرگە جاۋاۋى)

دىدى كى باھانە بولمىش پەن ساگا،
گوشەئى مەكرۇ-ھىيەل مەسكەن ساگا.
(ھوپۇپ دىدىكى: باھانە قىلىش ساگا ئادەت، ھىلە-مىكىرنىڭ بۇلۇڭى ساگا ماكان.)

قۇشلار ئەيلەب هالەتىڭدىن ھەيرەتى،
يوق سېنىڭدەك كىم يانا بى غەيرەتى.
(قۇشلار غەيرەتسىزلىك ھالىڭدىن ھەيران بولۇشىدۇ، ساگا ئوخشاش غەيرەتسىز يەنە يوق.)



AltunOq

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى

كىم ساڭا تەڭرى نەسىپ ئەيلەب قانات،
قىلغۇدەك بىردەمدە قەتئى كائىنات.
(ساڭا تەڭرى بىردەمدە پۈتۈن كائىناتقا ئۇچقۇدەك قانات نېسىپ قىلىپتۇ.)

سەن خالايىققا بولۇپ پەرمان پەرىز،
دانە بىرلە سۇ ئۈچۈن زارۇ ئەسىر.
(سەن خەلقلەر نىمە دىسە ماقۇل دەيسەن، دان بىلەن سۇغا زار ۋە ئەسىر بولۇپ قاپسەن.)

قاۋغالى خەيلىڭنى تاپار ئېھتىمال،
لاتەنى باشىغا باغلاپ بى مالال.
(بىر كۈنى سېنىڭ گۇرۇھىڭنى كىشىلەر بېشىغا لاتا يۆگەپ تارتىنماي تۇرۇپ قوغلىۋېتىشى مۇمكىن.)

قاۋۇبان سەر خەيل ناپەر جامەنى،
پۈتىڭىزدىن خالى ئەيلەب نامەنى.
(بىر كۈنى ئۈنۈمسىز ئىش قىلىدىغان باشلىغىڭنى قوغلاپ، پۇتۇڭدىكى بەلگىنى ئېلىپ تاشلايدۇ.)

سىز بۇ جەۋرى-زەجىر بىرلە كەتمەمىش،
غەير ئۇل تام ئۇزرە ئۇق مەيل ئىتمەمىش.
(سىز مۇنداق جەۋر-خورلۇق بىلەن قوغلىنىسىز، سىز قونغان تامغا ئوق-يا ئوقىدىن باشقا نەرسە قونمايدۇ.)

## تەمسىل ھېكايەت

(كەپتەرنىڭ ھالىغا ئوخشاش بىر ھېكايەت)

خەلق ئىچىدە بار ئىدى بى غەيرىتى،
ئەلگە بى غەيرەتلىكىدىن ھەيرىتى.

(خەلقنىڭ ئىچىدە غەيرەتسىز بىر ئادەم بار ئىدى، خەلق ئۇنىڭ
غەيرەتسىزلىگىدىن ھەيران بولاتتى.)

مۇشىت سەللىي بىرلە ھاپانى يىبان،
ئەلدىن ئالىب لوقمەئىي ئانى يىبان.
(كىشىلەردىن مۇش، كاچات يەپ، مۇش ۋە كاچان بەدىلىگە بىر
چىشلەم نان تىپىپ يەيتتى.)

قاۋلابان كەتمەي خالايىق كويىدىن،
بەلكى چىقماي دۇن سۇپەتلەر ئويىدىن.
(قوغلىسىمۇ مەھەللىدىن كەتمەيتتى، بەلكى بىر قىسىم پەس ئادەملەر-
نىڭ ئويىدىن چىقمايتتى.)

بۇ جاپالارغا تۇزەتمىش ئىردى نەرخ،
قايسى بىر تەپسە ئوروب بىر قاتلا چەرخ.
(ئۇنىڭ تارتقان جاپاسىغا توختاتقان باھاسى ئۇنى قايسى كىشى
بىرنى تەپسە بىر قېتىم ئايلىناتتى.)

ئول مۇقەررەر مۇزدەنى ئالۇر ئىدى،
نەپىس كامىن ئاغزىغا سالۇر ئىدى.
(غەيرەتسىز توختاتقان ئىش ھەققى باراۋىرىگە كىشىلەر ئۇنى
بىر تىپىپ بىر چىشلەم نان بەرسە، ئۇ شۇنى ئاغزىغا سالاتتى.)

تا بىرىب بىر پارچە نان، بىر مۇشت دەست،
قىلدى بىر مۇشت ئۇرغاچ ئانداغ يەرگە پەست.
(بىر پارچە نان بىرىپ، بىر مۇش ئۇرغاندا ئۇ يەرگە يىقىلاتتى.)

گەرچە سەللى لەر يەمەكتىن توق ئىدى،
مۇشت يەپ گوياكى ھەرگىز يوق ئىدى.

(كاچات، موش يەپ، قوسغىنى تويغۇزۇپ ئالسا، گويا ھەرگىز كاچات مۇش يىمىگەندەك يۈرەتتى).

## كۆبك دۈررىنىڭ ئوزرى ھودھودغا

(ھوپپۈپكە كەكلىكنىڭ ئوزرە ئېيتىشى)

يەنە ئەجز ئەيلەب ئايان كۆبكى دۈررى،
دىدى كى مەجمۇئ قۇشلار سەرۋەرى.

(يەنە كەكلىك ھوپپۈپكە ئاجىزلىق بايان قىلىپ، ئەي بارلىق قۇشلارنىڭ باشلىغى، دىدى.)

مەن قۇشدۇرمەن كوھىستان مەنزىلىم،
ئاندا تەڭرى ھەمدىغە زاكىر تىلىم.

(مەن بىر قۇشمەنكى تاغلار مىنىڭ ماكانىم، ئۇ يەردە مىنىڭ تىلىم خۇداغا ھەمد ئېيتىدۇ.)

دەھر ئىلى ئاشۇبىدىن سىلكىپ ئىتەك،
تاغ ئىتەكىدە تىپىب ئارامى - تەك.

(مەن، بۇ دۇنيا ئادەملىرىنىڭ پىتنە - پاساتىدىن ئىتىگىمنى سىلكىپ، تاغنىڭ ئېتىگىدە ئارام تاپقان.)

چۈن بولۇپ تالىئ رەپىق بەختىيار،
قۇللەئى ئوزلەتنى ئەيلەپ ئىختىيار.

(تەلىيىم يولداش، بەختىم يار بولۇپ، تاغنىڭ بېشىدا يالغۇزلۇقنى ئىختىيار قىلغانىمەن.)

تاغ گۈنجى چۈن ماڭا بولدى مەقەر،
نى مۇناسىپ هالمە مۇنداق سەپەر.
(تاغنىڭ بولۇڭى ماڭا ئوي ـ ماكان بولغان تۇرۇپ، بۇنداق سەپەر
ماڭا قانداق مۇناسىپ بولسۇن.)

كان ئۈزە دائىم خىرامىمدۇر مېنىڭ،
گەۋھەرى بۇ ئىشتا كامىمدۇر مېنىڭ.
(كاننىڭ ئۈستى هەمىشە مېنىڭ ئويناپ يۈرەر ماكانىمدۇر، گەۋھەر
تېپىپ يېيىش مېنىڭ مەقسىدىمدۇر.)

گەۋھەرى كامىم هامانە بۇ دۇرۇر،
سەير بى مەئنى ماڭا بۇ يول دۇرۇر.
(مېنىڭ مەقسىدىم هامانە گوهەر بولىدىكەن، بۇ يولدا مېڭىش ماڭا
بىمەنىلىكتۇر).

## هودهود جاۋابى كوبكى دۇررىغا

(هوپۇپنىڭ كەكلىككە بەرگەن جاۋاۋى)

دىدى هودهود كەئى خىيالاتىڭ ماهال،
يوق دىماغىڭ ئىچرە جۇز باتىل خىيال.
(هوپۇپ: ئەي كەكلىك سېنىڭ خىيالىڭ ئىشقا ئاشمايدۇ،
مىڭەڭدە بۇزۇق خىيالدىن باشقا نەرسە يوق، دىدى.)

تاغ ئارا دەرسەنكى تۇتتۇم ئىنزىۋا،
ئىنزىۋا ئېرمەس ئېرور نەپسى هاۋا.
(تاغدا خاس ماكان تۇتتۇم دەيسەن، ئەمما ئۇ خاس ماكان
ئەمەس، بەلكى نەپسىڭنىڭ خاهىشى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەرزە گەردى سەن يۇگۇرماغلىق ئىشىڭ،
پۇيە تاغ قۇللە ئۇزرە ۋەرزىشىڭ.
(بىكاردىن-بىكار بىھۇدە يۇگۇرۇپ يۇرۇيسەن، تاغدا ۋە تاغنىڭ باشلىرىدا يورغىلاپ مېڭىشنى مەشىق قىلىسەن.)

قەھقەھە ھەر لەھزە ئەيلەپ بى جەھەت،
كىم ماجانىن شىۋەسىدۇر بۇ سۇپەت.
(ھەمىشە سەۋەپسىز قاقاقلاپ كۇلىسەن، ئۇ خىل كۇلۇش ساراڭلارنىڭ ئادىتىدۇر.)

گەۋھەرى مەئنى نى مەزكۇر ئەيلەدىڭ،
نامۇناسىپ ئەمىر مەزكۇر ئەيلەدىڭ.
(ھازىر مەئنا گوھىرىدىن سوز ئاچتىڭ، ئەپلەشمىگەن بىر ئىشنى بايان قىلدىڭ.)

كىم سەنۇ-مەئنى كىم، مەجھۇل مەست،
جەھل بىرلە مەست لىكدىن خورپەرەست.
(سەن كىم؟ مەئنا كىم؟ دىلىغۇلدى مەست سەن، ئوزەڭنىڭ نادانلىغى بىلەن مەستلىكىڭدىن ئۇزەمچىلىك قىلىسەن.)

گەۋھەرى مەئنى ئارا سەن ئۇرما دەم،
ئوزنى بۇ يالغانغا قىلما مۇتتەھەم.
(سەن ئالدىراپ مەئنا گوھىرى توغرىسىدا ئۇن چىقارما، يالغانچىلىق بىلەن ئوزەڭنى مۇتىھەم قىلما.)

كىم ئېرۇر نول مەھىز بەر گوھىرلىغىڭ،
ئەينى بى مەئنى لىكىڭ، ئەپتەرلىگىڭ.
(سېنىڭ قىلتىقلىرىڭ ئەسلى زاتىڭنىڭ يامانلىغى، ئەينى بىمەنىلىكىڭ يامان ئاقىۋىتى.)

كىم ھەمول يالغانغا بولغۇڭ مۇپتالا،
كەلگۈسى ئاندىن بېشىڭغا يۈز بالا.
(سېنىڭ ئەنە شۇنداق يالغانغا مۇپتىلا بولغىنىڭ سەۋەبى بىلەن بېشىڭغا يۈز نۇرلۇك بالا ئاپەت كېلىدۇ.)

## ھېكايەت

بىر ئۈلۈسنىڭ قەلبى ۋە بەد ئەختەرى،
قويدى بىر شەھر ئىچرە ئاتىن جەۋھەرى.
(بىر ئەلدە ئالدامچى، شۇم، بەدبەخ بىر كىشى بىر شەھەردە ئۆزىگە "گەۋھەرى". "گوھەر تونۇغۇچى سەرراپ" دەپ ئات قويۇۋالغان ئىدى.)

تانماي خەر مىھرەنى فەيروزەدىن،
فارىغ ئەتتى نەپس نى دەريۈزەدىن.
(ئىشەك مۇنچىقى بىلەن فىرۇزەنى پەرق ئېتەلمەيدىغان تۇرۇپ، تىلەمچىلىك قىلىشتىن قۇتۇلۇپ خاتىرجەم بولۇپ قالدى.)

ئەيلەبان گەۋھەر ۋوقۇپى بىرلە خاس،
ئەيلەدى ئۆزنى گادالىقتىن خالاس.
(ئۇ، مەخسۇس گوھەرگە سەرراپ بولۇۋېلىپ، تىلەمچىلىكتىن ئۆزىنى قۇتقازدى.)

رەڭگى گۇناگۇن قىلىپ بىللۇر ساپ،
لەئل ئىلە ياقۇتتىن لافى-كازاپ.
(گويياكى ئۆزىنى رەڭمۇ-رەڭ ۋە ساپ بىليارت قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىپ مەرۋايىت، ياقۇت تۇغرىسىدا لاپ سۆزلەيتتى.)

بۇيلە مۇھمەل لەرگە دەپ ئۇل ناتامام،
چىن گۇمان ئەيلاپ تامام ئاندىن ئاۋام.
(ئۇ نادان بۇ خىل بىھۇدە نەيرەڭلەرنى سۆزلەپ يۈرسىمۇ، ئاۋام
خەلق ئۇنىڭ ئىشىنى راست دەپ گۇمان قىلاتتى.)

تاكى ساتتى بىر كۈن ئۇل قەلبى دەغەل،
بىر غەنى گە ساز ئېتىپ مۇنداغ ئەمەل.
(بىر كۈنى ئۇ ئالدامچى مەككار، بىر باي ئادەمگە مۇنداق
بىر نەرسىنى ياساپ ياساتتى.)

بىر نىھايەت نەقدىغە بىر پارچە تاش،
كىم ئۇنى خۇش رەڭ ئەيلەپ ئېردى قاش.
(ئۇ ئالدامچى، بىر پارچە تاشنى چىرايلىق رەڭلەر بىلەن
بوياپ بىليارت قىلىپ ياسىغان ئىدى.)

ۋەجھىنى ئالغان كۈن ئانداغ سەييادى،
گەۋھەر ئالغان چۇن بۇ ئىشنى ئاڭلادى.
(يالغان گوھەرنىڭ پۇلىنى ئېلىپ، گويىاكى ئوۋچىغا غەزنە
ئۇچرىغاندەك بولۇپ كەتتى، گوھەر سېتىۋالغۇچى كىشى بۇ ئىش-
نىڭ تەكتىنى ئاڭلاپ قالدى.)

كىم بىر ئالتۇنلۇق بىللۇركىم لەئلى كۈن،
يۈزمىڭ ئالتۇنغا ساتىدۇر قەلب دۇن.
(بىر ئالتۇنلۇق يالغان بىليارتنى ئالدامچى يۈز مىڭ ئالتۇنغا
سېتىپتۇر.)

گەۋھەرى بەيئىيىن "ئىقالە" ئەيلەدى،
تۈتتىيۇ ۋەجھىيىن ھاۋالە ئەيلەدى.
(سودا بۇزۇلۇپ، كوز بوياپ ئالىغان پۇل مال ئىگىسىگە قايتۇرۇلدى.)

جۇببەسى يوق ئىردى چۇنكىم كوردىلار،
قەلب نى قىيىن ئاستىدا ئولتۇردىلار.
(مەككارنىڭ كىيىشىگە جۇۋىسىمۇ يوق ئىدى، پۇلنى قايتۇرالماي قىيىن-قىستاق ئاستىدا ئۇنى ئولتۇردى.)

## تەزرۇنىڭ ئوزرى ھودھودغا

(ھوپۇپكە قىرغولنىڭ ئوزرە ئېيتىشى)

يەنە ئەرز ئەتتى تەزرۇ گۇلئۇزار،
كەئى ھىدايەت شىۋەسىدە نامۇدار.
(گۇل يۈزلۈك قىرغول ھوپۇپىكە يەنە ئوزرە بايان قىلىپ ئەي توغرا يولدىكى ئىش-ھەركەتلەردە نامدار دىدى.)

مەن قۇشى دۇرمەنكى قىلمىش ھۇسن زىب،
گۇلشەن ئىچرە سۇرەتىمنى دىلفەرىب.
(مەن بىر قۇشمەنكى، گۇزەللىكىم، زىننىتىم گۇلشەن ئىچىدە مېنىڭ شەكلىمنى دىلغا يېقىملىق قىلغان.)

تەڭرى روزى ھوسن زىب ئەتمىش ماڭا،
لۇتپ-رەئنالىق نەسىپ ئەتمىش ماڭا.
(خۇدا ماڭا گۇزەللىك ۋە زىننەتنى نېسىپ قىلىپ، يۇمشاقلىق ۋە رەنالىقنى بەرگەن.)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چۇنكى ئەپرادۇ ـ جامالىڭ خۇبلۇق.
ئەيلىدى زاھىر ماڭا مەھبۇبلۇق.
(چۇنكى تەڭداشسىزلىق، گۈزەللىك، ماڭا ھەممە كىشىنىڭ
دوستلىقىنى ئاشكارىلىدى.)

ناز ئىستىغنا بولۇپ مەھبۇب ئىشى،
رەنج چەكمەي ئىلگەرۇ يەتمەس كىشى.
(ناز قىلىپ، ئەركىلەش مەھبۇبلارنىڭ ئىشى، جاپا چەكمىگۈنچە
راۋاج تاپقىلى بولمايدۇ.)

## ھودھود جاۋابى تەزرۇغا

(ھوپۇپنىڭ قىرغولغا جاۋابى)

دىدى ھودھود كىبى خىيالىڭ بولئەجەب،
ھەم خىسالىڭ ھەم ماقالىڭ بولئەجەب.
(ھوپۇپ قىرغاۋۇلغا دىدىكى، ھەي، سىنىڭ خىيالىڭ نىمە دىگەن
بىھۇدە، ئۆزەڭنىڭ خىسلىتى ھەم سوزلىرىڭ خىيالىڭدىن بىھۇدە.)

كىمسە مۇنداق ھەرف ھەرگىز سۇرمادى،
ئول جامالىۇ ـ ھوسىن دىن لاپ ئۇرمادى.
(ھىچ كىم بۇنداق سوزنى قىلمىغان، ئۆزىنىڭ چىرايلىقلىقى
توغرىسىدا لاپ ئۇرمىغان.)

كەلمىگەي بۇ سوز ماجانىن خەيلى دىن،
جەمئى گولۇ تىفلى ئايىن خەيلى دىن.
(بۇنداق سوزنى ساراڭلارمۇ، كىچىك باللارمۇ قىلمايدۇ.)

قۇھبەلەركىم ھۇللە قىلغاي رەڭگۇ رەڭ،
بۇ تەكەللۇم دىن ئۇلارغا ئار-نەڭ.
(پاھىشە ئايالللار خىلمۇ-خىل پەداز قىلىدۇ، سېنىڭ بۇ سوزۇڭدىن
شۇلارمۇ ئار-نومۇس قىلىدۇ.)

ياقسا كىم سۇرسا بۇ يەڭلىغ كالام،
قويمىغان خوشراق بۇ يول ئەزمىغە كام.
(يېتەرسىز نادان، سەندەك سوز قىلىدىغان كىشى بۇ يولغا قەدەم
قويمىغىنى ياخشىراق.)

بەس كى خاتۇنلار كەبى سەن خود پەسەند،
يەتكۇسى زاتىڭغا ئەرلىكدىن گەزەند.
(سوزنىڭ قىسقىسى خوتۇن كىشىلەرگە ئوخشاش ئوزەڭنىلا ئارتۇق
بىلىدىغان بولساڭ، زاتىڭغا ئەرلىكتىن ئاپەت يېتىدۇ.)

كىمسە دەئۋايى موھەددىس قىلماغاي،
دىمەيىن ئەركىم موخەننەس قىلماغاي.
(ھېچ بىر كىشى سېنىڭدەك سوزنى قىلمايدۇ، ئەركىشى ئەمەس
بەلكى ئەرلىك نومۇسىنى يوقاتقانلارمۇ ئۇنداق سوزنى قىلمايدۇ.)

ئەركىرەر ئەر سانىغا ھىممەت بىلەن،
ئەر ئىمەس پەخر ئەيلەگەن زىننەت بىلەن.
(ئەر كىشى ئەرلەرنىڭ قاتارىغا ھىممەت بىلەن كىرىدۇ، زىننەت
بىلەن پەخىرلەنگەن كىشى ئەر ئەمەس.)

ئەرگە خۇلق پىشەل ئېرۇر زىبى جامال،
يېگى زەركەش ھۇللەسىدۇر ئەسكى شال.
(ئەر كىشىنىڭ ياخشى خۇي-پەيلى، ئۇنىڭ گۇزەللىگى ۋە


Altunoq

www.uyghurkitap.com

زىننتى، ئۇ كونا ماتا كىيسمۇ يېڭىدىن ئالتۇندىن ھەل بەرگەن كىيىمنى كىيگەنگە ئوخشاش.)

## ھىكايەت

تۇشدىلار بىر يول ئارا ئىككى رەپىق،
بىر ئىدى يولسىز، بىرى ساھىب تەرىق.
(ئىككى كىشى يولداش بولۇپ يولغا چىقتى، بىرى يول كورمىگەن، يەنە بىرى يولنى ئوبدان بىلەتتى.)

بىرى ناقس ۋەش، بىرى كامىل سۇپات،
ئاڭا مۇقبىل، ماڭا مۇدبىر ئېردى ئات.
(بىرىنىڭ ئىسمى مۇقبىل، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى مۇدبىر بولۇپ، بىرى كەم-كۇتا كورۇمسىز، يەنە بىرى دانا سۇپەتلىك ئىدى.)

ھەر بىرىگە ئات ئىدى زاتى كەبى،
ئول سۇپەتكىم ئانى دەي ئاتى كەبى.
(ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئوز ئىسمىغا لايىق سۇپەتكە ئىگە بولۇپ، بىرى يىراقنى كورەلمەيدىغان نادان، يەنە بىرى كامالەتلىك دانا كىشى ئىدى.)

موقبىل ئەيتۇر ئېردى "ئەھلۇللاھ" دىن،
دىندا خەيل كامىلۇ-ئاگاھ دىن.
(مۇقبىل خۇدا دوستلىرىدىن، دىندا كامالەتلىك ئاگاھ كىشىلەرنىڭ سوزلىرىنى سوزلەيتتى).

ئەھلى نۇقساندىن ئىدى مۇدبىرغا سوز،

ئويلەكىم بۇت ۋەسفىدىن كاپىرغا سوز.
(مۇدبىر نادان-يامان ئادەملەرگە خاس سوزلەرنى سوزلەيتتى،
گوياكى ئۇ كاپىر بۇتنى مەدھىيىلىگەنگە ئوخشاش سوزلەيتتى.)

دەردۇ-سوزى ھالىدىن ئول نوكتە دەب،
لەۋنۇ-زىبۇ رەڭگىدىن ئول ھىرزە دەب.
(مۇقبىل ئوزىنىڭ دەرت-ھەسرەتلىك ئەھۋالىنى سوزلەپ ھېكمەت-
لىك سوزلەر سوزلىسە، مۇدبىر ئوزىنىڭ ھوسنى-جامالى، كىيگەن
زىننەتلىك كىيىملىرى، گۇزەللەر ئەھۋالىدىن بىھۇدە سوزلەيتتى.)

تاپمايىن بىر-بىرلىرىدىن ھىچ بەھىر،
تا نەمۇدار ئولدى بىر پۇرخەندە شەھىر.
(بىر بىرىدىن ھىچقانداق بەھرە ئالماستىنلا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا
بىر گۇزەل شەھەر كورۇندى.)

ئىككىسى ئانى غەنىمەت بىلدىلار،
بىر بىرىسىدىن داۋان ئايرىدىلار.
(شەھەر كورۇنۇش بىلەنلا، ھەر ئىككىسى پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ
بىر بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشتى.)

بۇ بىرىگە كوي پەقىر ئېردى تەرەب،
بولدى ئول بىر ئەزمى بەيتۇتتەلەب.
(بىرى يوقسۇللۇق، قانائەتچانلىقنى ئىختىيار قىلدى، مودبىرى
ھالاكەت يولىغا قاراپ كەتتى.)

شەھ مونى كورمەككە كەلدى سەر پەداز،
كورگۇزۇپ يۇز ھورمەت ئەجرۇ-نىياز.
(پادىشاھ ئۇ كەمتەر مۇقبىل ئەھۋالىنى كورۇش ئۇچۇن كەلگەندە،
ئۇ پادىشاغا ناھايىتى چوڭ ھورمەت بىلدۇردى.)

www.uyghurkitap.com

ئاندا ئەردى شەھكى باغلاپ ئۇستۇۋار،
مۇدبىر ناقىس ۋە شى نى خار-زار.

(بۇ شەھەر پادىشاھى، تەكەببۇر، نادان مۇدبىرنى مۇستەھكەم باغلىتىپ خار-زار قىلدى.)

كەلتۈرۈپ ئەرز ئىتتىلار خەيلى ئەسەس،
كىم ئىچىپ بوكچە جەمئى بولھەۋەس.

(پادىشانىڭ كېچىسى شەھەرنى چارلىغۇچىلىرى ھىلىقى مۇدبىر تەكەببۇرنى تۇتۇپ كېلىپ، پادىشاغا بۇ بۈگۈن كېچە بىر تۈركۈم ھاۋايى-ھەۋەسكە بېرىلگەن يامان ئادەملەر بىلەن ھاراق ئىچىپتۇ، دەپ مەلۇم قىلدى.)

ۋاقىئ بولمىش قان، بۇ بائىس ئىمىش،
كىم، بۇنى مەغبۇن، بەد ھەيئەت ئىمىش.

(بۈگۈن كېچە تۇغۇلغان ئۇلۇم پاجەسى قانلىق ۋەقەگە مۇشۇ سەۋەپچى ئىكەن، بۇ نىمە دىگەن زىيانكار، بەدبەخت ئادەم دىدى.)

مۇنچە سوزكى ئۇل لەئىم خودپەسەند
ئاڭا خەنجەر بىرلە يەتكۈرمىش گەزەند

(سوزنىڭ قىسقىسى، بۇ تەكەببۇر، ئۆزەمچىل ئۇلگۈچىنى خەنجەر بىلەن ئۇلتۇرگەن دەپ مەلۇم قىلدى.)

شەھ ئىشتكەچ بولدى ئەدىل ئەمرگە خاس،
قىلدى مۇدبىرغا راۋان ھوكمى قىساس.

(پادىشا تەپتىشنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلاپ مۇدبىرغا قىساس (ئۇلۇم) ھوكۇم قىلدى.)

ئۇچقۇن ئالدى ئەزىمى چەرخى بەرىن،
قالدى قازۇرات ئوزە ئىستارچىبىن.
(ئاسمانىى ئۇچقۇن قاپلىدى، ئۇنىڭ جەسىدى ئەخلەت - قىغ دۆۋىسىدە چىۋىن ئارىسىدا قالدى.)

خود شىكەن غايەتتى ئۇل ئالى ماقام،
خود ناما تاپتى بۇ ياڭلىغ ئىنتىقام.
(ئۆزىنى كەمتەر تۇتقان مۇقبىل ئالى ماقامغا يەتتى. مۇدبىر تەكەببۇر بۇ خىل ئىنتىقام ئېلىشقا (قىساس ئولۇمگە) ئۇچرىدى.)

## قارچىغە ئۆزرى

(هوپۇپكە قارچۇغىنىڭ ئۆزرە ئېيتىشى)

قارچىغە قىلدى ئايان گۇپتارىنى،
كورگۇزۇپ چاڭگال ئىلە مىنقارىنى.
(قارچۇغا ئۆزىنىڭ چاڭگىلى بىلەن تۇمشۇغىنى كورسىتىپ تۇرۇپ ئوز سوزىنى بايان قىلدى:)

كىم ماڭا قۇشلار كەبى ئەرمەس ھىساب،
كىم بەسى قۇشلارغا مەن مالىك رىقاب.
(مېنى باشقا قۇشلاردەك ھىساپلىماڭ، چۈنكى مەن نۇرغۇنلىغان قۇشلارغا خوجايىن.)

مۇنچە قۇشكىم بولدى گۇپتارى ساڭا،
بىل كى تۇئمەدۇرلار ئۇل بارى ماڭا.
(ساڭا سوز ئېيتقان بىرمۇنچە قۇشلارنىڭ ھەممىسى بىلىپ قوي-غىنكى، مېنىڭ يىمەك - ئوزۇغىمدۇر.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

زاتىمە شەھلەر قولى ئارام گاھ،
تۇئمە ھەركۈن يەتكۈرۈپ ئالىمغا شاھ.

(مېنىڭ ۋۇجۇدۇم پادىشالارنىڭ قولىدا ئارام ئالىدۇ — شاھلار مېنى قولىغا قوندۇرىدۇ، ھەر كۈنى پادىشا ئالدىمغا يىمەكلىك يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.)

قايسى قۇش قەسدىغە ئاچسام پەرۇبال،
نەسىر، تائىر بولسە مۇخلەسدۇر ماھال.

(قايسى بىر قۇشنى ئوۋلاي دەپ قانات، قۇيرۇق قاقسام، بۇركۇت — قارا قۇش بولسىمۇ ئۇ قۇشنىڭ مەندىن قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس.)

شەھەرلەر ئالىندا تاپىب بۇ ئىتبار،
شەۋكەتىم سۇمۇرۇغ چە بىلغىئلى بار.

(پادىشالارنىڭ ئالدىدا شۇنچىلىك ئېتىۋارىم بار، سۇمرۇغدەك شان - شەۋكىتىم ۋە كوپ قۇۋۋىتىم بار.)

شەھ قولى تەختىم دۇرۇر باشىمدا تاج،
يوق ماڭا سۇمۇرۇغ سارى ئېھتىياج.

(پادىشانىڭ قولى — مېنىڭ ئولتۇرىدىغان تەختىم، بېشىمدا تاجىم بار، شۇڭا مېنىڭ سۇمرۇغ تەرەپكە بېرىشقا ئېھتىياجىم يوق.)

## ھودھودنىڭ جاۋابى قارچىغاغە

(ھوپۇپنىڭ قارچۇغىغا جاۋاۋى)

دىدى ھودھودكى ئى غۇرۇر ئىلكىدە پەست،
جەھل ئىلە غەپلەتكە بولغان زىر دەست.

(ھوپـۇپ قارچـۇغىغا، ئەي مەغرۇرلۇق قولىدا ئۆزىنى پەسەيتـ
كۈچى، نادانلىق بىلەن غەپلەتنىڭ ئەسىرى.)

شەھ ئاياغىغا سىلىپ بەندە ئەزىم،
يوقكى شەھ ھەرقايسى سەيىيادى لەئىم.
(پادىشا، ئايىغىڭغا ئىغىر باغنى بىكتىمدۇ. پادىشالا ئەمەس
بەلكى بارلىق بىخىل ئوۋچىلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ.)

ئاچلىقۇ ـ بىخۋابلىق ئانچە باردىب،
كىم سوڭەك ئۈزرە ئانىڭ نارى باردىب.
(ئاچلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىق شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى ئۇنىڭ
جەۋر ئوتى سوڭەككە بارىدۇ.)

يەتكۈچە بىرلۇقمە ئەت بىداد ئىلە،
يەپ ئۇلۇس مەغزىن ئوكۇش پەرياد ئىلە.
(سەن زالىملىق بىلەن بىر چىشلەم گوش تاپقىچە، ۋاقىراپ
پەريات بىلەن خەلقنىڭ مېڭىسىنى يەيسەن.)

تەگرى قىسمى ئەتكەننى يەپ ئى زاردۇن،
لىك ئولۇپ دۇنلارگە موھتاجۇ زەبۇن.
(ئەي پەس، خۇدا بەرگەن رىسقىنى يىسەڭ بولمامدۇ؟ لېكىن
سەن پەسلەرگە مۇھتاج ۋە خار بولىسەن.)

قايسى سەيدىكىم ئانى سەن ئاۋلابان،
قۇشچى باشلاپ تەبل چالىپ قاۋلابان.
(قۇشچى دۇمباق چېلىپ قوغلاپ ئەپكېلىپ بەرگەن قۇشلار سېنىڭ
ئوۋلايدىغىنىڭ.)

سەن ئۆزەڭدىن بىر زەبۇنراقنى تاپىپ،
جۇزئىدىن بى خور ئۇچۇپ بىتگەچ قاچىپ.
(سەن ئۆزەڭدىن بىر ئاجىزراقنى تاپىسەن، ئاچ قالغانلىقتىن ئۆز خۇددىنى بىلمەي قېچىپ يۈرگەن بىر ناتىۋان قۇشنى ئوۋلايسەن.)

تاپشۇرۇپ ئېل گە ئىتائەت ئەيلەبان،
قۇشچى بەرگەنگە قانائەت ئەيلەبان.
(ئوۋلىغىنىڭنى قۇشچىغا ئىتائەت قىلىپ تاپشۇرۇسەن، ئۆزەڭ قۇشچى نېمە بەرسە شۇنىڭغا قانائەت قىلىسەن.)

بۇ زەبۇنلۇقلەر بىلە مۇنچە گازاب،
هەم قىلىب ئىزهار ئۇرغان چاغدا لاب.
(بۇنداق خارلىق ۋە ئاۋارىكەشلىكىڭنى لاپ ئۇرغان چېغىڭ- دىمۇ ئاشكارە قىلىسەن.)

كى هەمىيەت بولسا ئېردى يا ئۇيات،
بولماغاي ئېردى ئۇياتىڭدىن هايات.
(سەندە ئازراق هەممەت ياكى نومۇس بولىدىغان بولسا، ئۇيات- قانلىقىڭدىن سەن هايات تۇرالمايتتىڭ.)

لىك چۇن نادانلىغىڭ غالىب دۇرۇر،
نەپس مۇنداق بادەغە راغىب دۇرۇر.
(لېكىن سېنىڭ نادانلىقىڭ ئۇنى بېسىپ كېتىدۇ. نەپسى مۇنداق شاراپقا ئامراقتۇر.)

## تەمسىل

كوھى تاغ ئىچرە بىر ئايىغ تۇتۇپ،
ئۆرگۈتۈپ ئىدى ئانى كوپ قان يۇتۇپ.
(بىر تاغلىق ئادەم تاغدا بىر ئېيىقنى تۇتۇۋېلىپ كوپ ئەمگەك
سەرپ ئېتىپ ئۇنى ئۆگەتكەن ئىدى.)

بولغۇچە رام يەپ ئىردى ئول ساياغ،
كۆندە ئىككى قاتلا ئۇلگۇنچە تاياغ.
(ئۇ ياۋا ئېيىق رام بولغىچە كۈندە ئىككى قېتىم قاتتىق تاياق
يەيتتى.)

ئاچلىق بىرلە تاياغى بى ھىساب،
رەنج باشىن ئەيلەبان بى نوش تاب.
(ئاچلىق ھەم ھىساپسىز تاياقنىڭ ئازاۋى ئۇنىڭ بېشىنى ئايلان-
دۇرۇپ ھىس - تۇيغۇسىنى يوقىتاتتى.)

ئۇيلەكىم سالسا ياغاچ بىر جەبر دەست،
ئۆزگە سارى ئول بولۇپ تۇپراققا پەست.
(كالتەك بىلەن بىرنى ئۇرسا، ئېيىق دەلدەڭشىپ يىقىلىپ ھەر
تەرەپكە ياتاتتى.)

ھەم ئىشكلەردە ئويۇنچىلىق قىلىب،
ھەم ئۇيى سارى ئوتۇنچىلىق قىلىب.
(كىشىلەرنىڭ ئىشكلىرىدە ئېيىق بىلەن ئويۇن كۆرسىتەت-
تى، ھەم ئېيىققا ئارتىپ ئوتۇن توشۇيتتى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۈكلابان ئېگىنگە بى ئەندازە يۈك،
يۈك تاشىردىن قالمايىن ئىگىندە تۈك.
(كوتەرگۈسىز يۈك يۈكلىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ بەدىنىدە تۈك قالمى-
غانتى.)

هەر جاپاكىم مۆمكىن ئېرمەس تارتىبان،
جەھلىدىن نەپسىدە پىندار ئارتىبان.
(هەرقانداق جاپا كەلسە تارتماي مۆمكىن بولمىغانلىقتىن،
ئۇنىڭ زاتىدا تۈرلۈك ئوي - خىياللار ئېشىپ باراتتى.)

كى خىيال ئەيلەب كى قاپلان باشىنى،
يانجىب ئەتسە مەگەر ئۇ دۋان باشىنى.
(ئېيىق خىيال قىلىپ، مېنىڭ دۈشمىنىم (ئېيىقچى)نىڭ بېشىنى
يولۋاس يەنچىپ تاشلىسا ئىكەن دەيتتى.)

گەھ گۆمان ئەيلەب يولۇقسا شىرزە - شىر،
توئمە ئەيلەب قارنىنى يارىب دەلىر.
(گايى چاغلاردا، كۈچلۈك ئارسلان ئۇچراشسا، قارنىنى يېرىپ
گوشىنى يىمەكنى ئويلايتتى.)

بۇ سۇپەت توئمە خىيال ئەتتى بەسى،
تاكى بولدى ئاخىر ئىتلار توئمىسى.
(شۇنداق بىھۇدە يىمەكنى كوپ ئويلىدى، ئاخىر ئۆزى ئىتلار-
غا يەم بولدى.)

هەر زامان بۇ ھىرزە قىلماقدىن گۆمان،
خەلق ئىچىدە سەن ھامانۇ - ئول ھامان.
(سەن هەر زامان مەنىسىز خىياللارنى قىلساڭمۇ، خەلق ئىچىدە
سېنىڭ ئەھۋالىڭ ئاشۇ ئېيىققا ئوخشاشتۇر.)

## شۇڭقارنىڭ ئۆزرى ھودھودغە

(شۇڭقارنىڭ ھوپپۇپكە ئۆزرە ئېيتىشى)

دېدى شۇڭقار كەئى ئۇلۇسقا راھبەر،
ئەمرىڭە تابە كېلىب ئاگاھلەر.

(شۇڭقار: ئەي خەلقىنىڭ رەھبىرى، ئاگاھ كىشىلەر ساڭا تەۋە بولۇپ بويسۇنىدۇ، دېدى ھوپپۇپكە.)

ماڭا ھەق بىر رۇتبە زاھىر ئەيلەمىش،
كىم بارى قۇشلارغە قادىر ئەيلەمىش.

(ماڭا خۇدا بىر مەرتىۋە ئاتا قىلغانىكى، ھەممە قۇشلاردىن مېنى ئۈستۈن قىلدى.)

بارچە شەھلەر چۈن ماناھىدۇر ماڭا،
ئىسىم قۇشلار پادىشاھىدۇر ماڭا.

(بارلىق قۇشلار مېنىڭ پەرمانىمنى تۇتىدۇ، قۇش ئىسمى بىلەن ئاتالغانلارنىڭ پادىشاھى مەن.)

باشىمە ئالتۇن تۇماغە تاج زەر،
چۈن مېنى ھەق بۇيلە قىلمىش تاجۇەر.

(بېشىمغا ئالتۇن "تۇماغە" (تۇماق) بىلەن ئالتۇندىن تاج كىيدۈرۈپ تەڭرى مېنى شۇنداق پادىشا قىلدى.)

سەنچۇ ۋاقىپ سەن بارى ھالەتىمە،
خەيل ئارا ھەم ئاتىمە ھەم زاتىمە.

(سەن مېنىڭ ئېتىمنى ھەم ئەسلى زاتىمنى پۈتۈن ئەھۋالىمنى بىلىسەن.)

خوپ ئىمەس بىر شەھ قويۇپ باشىغە تاج،
ئۆزگە شەھگە زاھىر ئىتمەك ئېھتىياج.
(بىر پادىشانىڭ بېشىغا تاج كىيىپ تۇرۇپ، يەنە بىر پادشاغا ئېھتىياج بىلدۈرمىگى ياخشى ئەمەس.)

شاھلىق ئايىنىغا راجە بولاي،
ئۆزگە شەھگە نەگۈچۈن تابىز بولاي.
(مەن شاھلىق قائىدە - يوسۇنىغا بويسۇنۇمەن. باشقا شاھقا نىمە ئۈچۈن تەۋە بولۇمەن؟)

## ھود ھودنىڭ جاۋابى شۇڭقارغا

(ھوپۇپنىڭ شۇڭقارغا جاۋاۋى)

دىدى ھودھودكى ئى پەقىرى تىرە راي،
بۇ خىيالىڭ زاتىڭە ۋەھشەت يازاي.
(ھوپۇپ شۇڭقارغا: ئەي قارا كوڭۇل بىچارە، سېنىڭ بۇ خىيالىڭ ئۆز زاتىڭغا قايغۇ - غەمنى كوپەيتىدۇ، دىدى.)

بۇكى شەھلىقغە تەھەۋۋۇردۇر ساڭا،
بەس ئەجەپ باتىل تەسەۋۋۇردۇر ساڭا.
(بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۆز ھەددىڭدىن ئېشىپ شاھلىققا قەدەم قويۇشۇڭ خاتا خىيال، قۇرۇق تەسەۋۋۇرلىرىڭدۇر.)

ئى بەسا زەنگىگە كەلدى تىرە زات،
كىم ئاڭا خەلق ئىچرە كافۇر ئولدى ئات.
(ھەي! ناھايىتى كوپ نېگىر (قارا ;ەڭلىك) ئادەملەرنى خەلق ئارىسىدا "ئاق كىشى" دەپ ئاتىشىدۇ.)

ئىسىم ئارا سۇلتان بەسى شايە دۇرۇر،
بۇبارى ئەرزالغا راجەئ دۇرۇر.
(ئىسىملاردا سۇلتان (پادىشا) دىگەن ئىسىم مەشھۇر ئىسىمدۇر،
بۇ شوھرەت ئاقىۋەتتە پەس - رەزىل لەرگە مەنسۇپ بولىدۇ.)

ھەركىشى ئەرمۇدىبان ئەرمۇ بولۇر،
كەلمەس ئىشى ئىلكىدىن دەرمۇ بولۇر.
(ھەركىشى ئۆزىنى "ئەركەك" دەپ ئەرمۇ بولىدۇ، قولىدىن كەل
مەيدىغان ئىشنى قىلىمەن دەيدىغان كىشلەرمۇ بولىدۇ.)

قوي نادانىكىم دىگەيلەر سىنى شاھ،
بۇتنى يا ئۇتنى دىگەندەكدۇر "ئىلاھ".
(بىر توپ نادانلارنىڭ سىنى "شاھ" دىگىنى بۇتنى ياكى ئوتنى
ئىلاھ دىگەندەكلا ئىشتۇر.)

زاتىگە شەترەنج شاھىدۇر دەلىل،
كىم ئۆزىدەك ئوترۇسىدا دۇر بەدىل.
(شاخماتنىڭ "شاھ" دىيىلگەن بىر ئۇرۇغى سىنىڭ زاتىڭغا
دەلىلدۇركى، شاخمات تاختىسى ئوتتۇرىسىدا "شاھ"قا تاقابىل
يەنە بىر ئۇرۇغى بەدەل بولغانلىغى ئۇچۇن، ئۇنىڭ نامى "شاھ"
دۇر.)

نى شەھ ئولغايكىم ئانى ھەر دۇنى خەس،
كوككە ئىلتىپ يەرگە ئۇرغاي ھەر نەپەس.
(قانداقمۇ شاھ بولسۇنكى ئۇنى ئۆزىدىن تۆۋەن ئادەملەر ھەر
دەم ئاسمانغا كوتىرىپ يەرگە ئۇرىدۇ، خالىسا "شاھ" قىلىپ،
خالىسا ئاغدۇرۇپ ئېتىدۇ، مۇنداق شاھ قانداقمۇ شاھ بولسۇن؟)

ئول شەھ، سەن شەھ ئېرور بەھەد يىراق،
بويلە شەھلىق دىن گادالىق ياخشىراق.
(ئۇ شاھ بىلەن سېنىڭ شاھلىقىڭنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يىراق،
سېنىڭ شاھلىقىڭدىن گادايلىق ياخشىراق.)

## ھىكايەت

خۇسرەۋى تەرھ ئەتتى بىر پۇرخەندە سۇر،
كىشۋەر ئەھلىگە ئايان بولدى سۇرۇر.
(بىر پادىشا داغدۇغىلىق بىر بايرام ئۆتكۈزدى، پۈتۈن مەملىكەت
خەلقى خوشاللىققا چۆمدى.)

ئاندا زىنەت ھەد ۋە غايەتتىن فۇزۇن،
ھەرنىكىم بولغاي گۇمان ئاندىن فۇزۇن.
(ئۇنىڭغا بېغىشلاپ ئىشلەنگەن زىبۇ-زىننەتلەر ھەددىدىن
ئارتۇق، ھەتتا ئويلىغاندىنمۇ ئارتۇق ئىدى.)

باغلاردىلار مولك ئايىن سەربەسەر،
شەھر ئىلدە زىبۇ-تەزيىن سەربەسەر.
(پۈتۈن مەملىكەت تەنتەنە، بايرام تۈسىگە كىردى، شەھەر
خەلقى باشتىن-ئاياق زىبۇ-زىننەتكە ئورالدى.)

سەنئەت ئەھلى باغلىبان بىسيار تاق،
مېھر رەخشان ئەۋجىدەك يۈزخار تاق.
(سەنئەتكار-ھۈنەرۋەنلەر نۇرغۇن گۈمبەز، مۇنارلارنى نۇر چېچىپ
تۇرغان قۇياشنىڭ ئورلەپ چىققىشىغا ئوخشاش يۈزلىگەن
تاش مۇنارلەرنى ياسىدى.)

تەئبىيە باغلاپ بەسى ئەھلى ھۈنەر،
تاپىب ئاندىن ئەھلى كىشۋەر زىب-پەر.

(ھۈنەرۋەنلەر نۇرغۇن بىزەكلەرنى ئىشلەپچىقتى، مەملىكەت خەلقى ئۇ بىزەكلەردىن زىننەت تاپتى.)

كوپ ئەجرۈبە باغلاپ ئەھلى روزىگار،
ئۆز فۈسۈندىن بولۇپ ئامۇزكار.

(كوپ ئاجايىپ نەرسىلەرنى زامان ئەھلى ئىشلەپچىقتى، ئۇلار، ئۆز تەسەۋۋۇر-ئويلىرىدىن ئۆگىنىپ مۇنداق ئىشلارنى ئىشلىدى.)

ھەركىشى يەئنى ياساپ كۆلمەك ئۈچۈن،
ئىشرەت ئارتىب ھۆزۈن ئوكسۈتمەك ئۈچۈن.

(ھەربىر كىشى غەم-قايغۇنى ئازايتىپ خوشاللىقنى ئىپادىلەش، كۆلۈش ئۈچۈن بىرەر ئىش ئىشلەپچىقتى.)

جەم ئارا بىر قەلتىبانى بى ھايا،
ئاتىن ئەيلەپ پادىشاھى بورىيا.

(ئەنە شۇ جامائەت ئىچىدە بىر ھاياسىز، دەيۈز چىقىپ ئۆز ئىتىنى مەن بورىيا پادىشاھى بولىمەن دىدى.)

بورىيادىن سەربەسەر كىسۋەت ئاڭا،
ساغداق ۋە قالقان بىلەن زىنەت ئاڭا.

(باشتىن ئاخىر كىيىملىرى بورىيا (بورا)، ئوق-يا، قالقانلارنى ئېسىپ ئۆزىنى زىننەتلىدى.)

ئۆزىدەك ياساپ نىچە يارى سەرە،
يوق سەرە نىچە لەئىم ۋە مەسخىرە.

www.uyghurkitap.com

(يەنە ئۆزىدەك بىرمۇنچە "ياراملىق" دوستلىرىنى، ياق ياراملىق ئەمەس، پەس ۋە مەسخىرىگە قالغانلارنى ياساندۇردى.)

بەزم مەيدانى ئۆلەرگە جىلۋەگاھ،
زاھىر ئەيلەپ بىدئەتى ھەردەم تەباھ.

(بەزمە-زىياپەت مەيدانىدا ئۇ مەسخىرىلەر ئۆزىنى كۆرسىتىپ، ھەر مىنۇتتا بىر قەبىھلىكنى ئاشكارە قىلىشتى.)

ئۆزنى شاھى كىشۋەر ئايىن ساغىنىپ،
ھەرنە قىلساڭ ھەزل ئىلە چىن ساغىنىپ.

(ئۇ ئۆزىنى مەملىكەتنىڭ پادىشاھى دەپ ئاتىدى، ھەزل بىلەن راستلىقنى ئارىلاشتۇردى.)

چۈنكى ئاخىر بولدى سۇر ۋە تەئبىيە،
تۇتدى ئول ئەبلەھ ئۆزىگە تەئزىيە.

(مەملىكەتنىڭ بايرام-زىياپەت تەنتەنىسى، زىبۇ-زىننەتلەر ئاخىرلاشتى، ئۇنىڭ ئۆز-ئۆزىگە تەزىيە-ماتەم تۇتتى —ئۆلتۈرۈلدى.)

جوترە ئىلە تاجىن باشىغا ئۇردىلار،
بورىيا تونىن بۇزۇپ كويدۇردىلار.

(ئۇنىڭ قالغان زىننەتلىرى بىلەن تاجىنى بېشىغا يوگەپ بورىيادىن قىلىنغان تونىنى بۇزۇپ كويدۇرۇپ تاشلىدى.)

بولدى بۇ ھەنگامەدىن ئاگاھلىغى،
كىم تەمەسخۇر ئېرمىش ئۇنىڭ شەھلىغى.

(ئۇ ئاخىرى بىلدىكى، ئۆزىنى پادىشا مەن دىگىنى ئۆزىنى-ئۆزى مەسخىرە قىلغانلىق ئىكەن.)

## بۈركۈت ئوزرى

(بۈركۈتنىڭ ھوپۇپكە ئوزرە ئېيتىشى)

كىردى بۈركۈت ئوترىغا يەئنى ئوقاب،
دىدى ئەي قۇشلار ئارا مالىك رىقاب.
(بۈركۈت ئوتتۇرىغا چىقىپ ئەي قۇشلارنىڭ ئىگىسى! (خوجايىنى) دىدى.)

ماڭا ھالەت ئوزگە قۇشلاردەك ئىمەس،
قۇمرى ۋە بۇلبۇلدەك ئېل ۋەسفىم دىمەس.
(مېنىڭ ھالىم باشقا قۇشلاردەك ئەمەس، خەلق مېنى پاختەك بىلەن بۇلبۇلنى تەرىپلىگەندەك تەرىپلىمەيدۇ.)

سۇرەتىم مۇفرىت دۇرۇر، قەھرىم يامان،
تاغ مۇلكى ئىچرە مەن، مەن قەھرىمان.
(سۇرەت شەكلىم باشقىلاردىن ھەيۋەتلىك، ئاچچىغىم يامان، بۇ تاغ مەملىكىتى ئىچىدە مەن بىر قەھرىمان مەن.)

نىچە كەكلىك تۇئمەدۇر ھەركۈن ماڭا،
بولمىسا بۇ ئۇيقۇ كەلمەس تۈن ماڭا.
(ھەر كۈنى بىرقانچە كەكلىك ماڭا ئوزۇقلۇق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئوزۇقلۇق بولمايدىغان بولسا، كېچىسى ئۇيقۇم كەلمەيدۇ.)

تۇئمە ئىستەپ چۇن ھاۋا تۇتقۇم بىيىك،
ئىمىس ئېرمەس نى قۇلان ۋە نى كىيىك.
(ئوزۇق ئىزلەپ ھاۋاغا كوتىرىلسەم، قۇلانمۇ، كىيىكمۇ مەندىن قۇتۇلالمايدۇ.)

www.uyghurkitap.com

ئۆل كى بولغاي نەپسى بۇ يەكلىغ ئۇلۇق،
يول نىتىپ قەتئ ئەيلەگەي بۇلماي ئوزۇق.
(مەندەك نەپسى يوغان بىر قۇش ئوزۇق بولمىسا، قانداقمۇ يول باسالىسۇن.)

مېنى بۇ يولدا قانات كوپ سالدى تۇت،
قارنى ئاچ بولغاي يىقىلىپ قالدى تۇت.
(بۇ يولدا تولا قانات قېقىپ ئۇچۇشنى، بىلىشىڭ كېرەك، قارنىم ئاچ قالسا يىقىلىپ قېلىشىمنىمۇ بىل.)

## هودهود جاۋابى بۇركۇتكە

(هوپۇپنىڭ بۇركۇتكە جاۋاۋى)

دېدى هودهود كەئى خىدىۋى كامگار،
كورمىگەن سەندەك بىر ئەهلى روزىگار.
(هوپۇپ بۇركۇتكە: ئەي ياخشى نىيەتلىك خوجا! زامان ئەهلى سەندەك بىر كىشىنى كورمىگەن، دېدى.)

هەم يىگىتلىك ۋەسفى لايىق زاتىڭە،
هەم مۇسەللەم پەهلىۋانلىق ئاتىڭە.
(ئەسلى زاتىڭغا يىگىتلىك لايىق، ئىسمىڭغا پالۋانلىق لايىق.)

هەيبىۋ بو مىنقارۇ چاڭگالىڭ سېنىڭ،
فەرۇ شەۋكەتلىك فەرۇ بالىڭ سېنىڭ.
(سېنىڭ چاڭگىلىڭ بىلەن تۇمشۇغۇڭ، قانات ـ قۇيرۇق، پەيلىرىڭ ئىستى ساڭا زۇلۇم بوپتۇ.)

سەنكى مەقسۇد ئىستەمەي بەر نەپس دۈن،
ئەزم ئېتەردىن بۈيلە بولغاي سەن زەبۈن.
(سەن مەقسەتكە يېتىشنى ئىستىمەي، پەس نەپسىڭنى دەپ
سەپەرگە يۈرۈش قىلىشتىن ئاجىزلىق كورسىتىۋاتىسەن.)

ئەزىم ئولماي يولغا ئاچمايسەن قانات،
چەڭگى مىنقارىڭ، قاناتىڭدىن ئۈيات.
(قانىتىڭنى ئېچىپ يولغا ماڭمايسەن؟ چاڭگىلىڭ، تۇمشۇغۇڭ،
قاناتلىرىڭدىن ئۈياتساڭچۇ!)

مۈنچە بىرلە ئوزنى تەۋسىب ئەتكايسىن،
زور شەۋكەت بىرلە تەئرىب ئەتكايسىن.
(شۈنچىلىك ھالىڭ بىلەن ئوزەڭنى ماختايسەن، زور نام، شوھ-
رەتلىرىڭنى تەئرىپلەيسەن.)

پەھلىۋان ۋە قەھرىمان ئول بولدى ئول،
كىم كېچىب جانىدىن ئەتكەي ئەزم يول.
(كىمكى جېنىدىن كېچىپ سەپەرگە ئاتلىنىدىكەن، پالۋانمۇ شۇ،
قەھرىمانمۇ شۇ.)

## ھىكايەت

بار ئىدى بىر پەھلىۋانى زورگەر،
بى ھۈنەرلىك فەننىدە ساھىب ھۈنەر.
(زومىگەر بىر پالىۋان بار ئىدى، ئۈنىڭ ھۈنەرسىزلىكتىن
بولەك ھۈنىرى يوق ئىدى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چاشتگاھ يەرئېردى ئۇ پاتمان تائام،
يەنە مۇنچە ئۇيلار ئىدى قۇت شام.
(ئەتىگەنلىگىدە بىر پاتمان تاماق يەپ، كەچلىگىدە يەنە شۇ مىقداردا تاماق يېيىشنى ئۇيلايتتى.)

بۇ ئىككى ھەنگامەنىڭ پايانى ھەم،
يەنە مۇنچە ئۇيلار ئېردى بىيىش ۋە كەم.
(ئەتىگەنلىك، ئاخشاملىق تاماقىنى يەپ بولۇپ، يەنە ئۇ، ئەتە بۇنىڭدىن ئارتۇق تاماق يەرمەنمۇ ياكى كەم بولۇپ قالارمۇ؟ دەپ ئويلايتتى.)

زورلار ئەيلەر ئىدىكىم پىل مەست،
قىلسە تاپقاي ئاندا ئانداقى شىكەست.
(مەس پىل بۇنىڭغا دۇچ كەلسە ئۇنى پاچاقلاپ تاشلىغۇدەك كۈچۈنەتتى.)

ئىتتىپاقا ھادىساتى روزىگار،
مۈلك ئارا قىلدى بۇزۇغلۇق ئاشكار.
(زامانە ئۆزگىرىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىپ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ مەملىكەتتە پاراكەندىچىلىك يۈز بەردى.)

ئۇيلەكىم بولغاچ ئايان ئانداق تالا،
ۋاجىب ئولدى مۈلك ئەھلىغە جەلا.
(ئەھۋال شۇ ھالەتكە يېتىپ باردىكى، مەملىكەت خەلقىغە ۋە-تەندىن چىقىپ كېتىش لازىم بولۇپ قالدى.)

خەلق ئۆزگە مۈلك ئەزمى قىلدىلار،
جان ئاۋۇجلاب باش ئالىبان كەتتىلار.
(خەلق جېنىنى چاڭگىلىغا ئېلىپ، بېشىنى ئېلىپ باشقا يۇرتقا

كېتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى.)

زورگەر ھەم ئەيلىدى ھەمراھلىق،
يوق ئاگا يول رەنجىدىن ئاگاھلىق.
(زومىگەر پالۋانمۇ خەلق بىلەن ھەمرا بولۇپ يولغا چىقتى.
ئەمما ئۇ يولدىكى جاپا..مۇشەققەتنى بىلمەيتتى.)

يول ئۇزۇنراق تۇشتى ۋە ئاباد يوق،
قىلغالى بەدنەپسلىق ئىل نەپس يوق.
(كېتىۋاتقان يول ئۇزۇن ئىدى. ئاۋات يەرلەرمۇ كورۇنمەيتتى.
نەپسى يامانلىق قىلىشقا خەلق ئۇنىمايتتى.)

زورگەر چۈن تاپمىدى بىركۈن غىزا،
باشلىدى ئوز ھالىغا تۇتماق ئازا.
(زومىگەر پالۋان بىركۈن تاماق تاپالماي، ئوز ئەھۋالىغا
ھازا (ماتەم) تۇتۇشقا باشلىدى.)

چۈن ئىكىنجى كۈنگە يەتتى پەھلىۋان،
كەتمىش ئېردى جىسمىدىن تاپ ۋە تاۋان.
(پالۋان تاماق تاپالماي ئىككىنچى كۈنگە يەتكەندە، بەدىنىدىن
كۈچ ـ مادارى كېتىپ قالدى.)

لىك ئۈچۈنجى كۈن ئاگا نى بەرك‌لىك،
ئەيلىدى زاھىر بىيابان مەرك‌لىك.
(لېكىن ئۈچىنچى كۈنى ئۇنىڭ يىمەكلىگى يەنىلا يوق ئىدى،
چول ـ باياۋان ئۇنىڭغا ئولۇم تەييارلىدى ــ ئولۇپ قالدى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەنتى ئېتىپ يولنى يايلاق ئەتفال ھەم،
ھەر تەرەپ ئىككى بوكۇلگەن زال ھەم.
(كىچىك بالىلار، قەددى پۈكۈلگەن قېرىلار يولنى پىيادە مېڭىپ داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى.)

ئىككى، ئۈچ كۈن تارتىبان رەنجۇ ئەنا،
مەئمەن ئىچرە كام لەر تارتىپ پاناھ.
(ئىككى، ئۈچ كۈن جاپا-مۇشەققەت چەككەن پالۋانغا ئۆيىنىڭ ئىچىدە بەزىلەر پانا بولغان بولسىمۇ)

پەھلىۋان تارتىپ بۇ مېھنەتتىن شىكەست،
ئۆيلەكىم بولدى ئەجەل يولىدا پەست.
(يول ئازاۋىدىن قىينالغان پالۋان ئەجەلنىڭ يولىدا يەرگە يىقىلدى.)

## كۆف①نىڭ ئۇزرى

(ھۆقۆشنىڭ ھوپۇپكە ئۇزرە ئېيتىشى)

زاھىر ئەتتى ئەرز ئەھۋالىنى كۆف،
كىم ئېرورمەن ھەم زەئىفۇ، يولمەخۇف.
(ھۆقۆش ئۇز ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، مەن ئاجىزمەن ھەم يول خەۋپلىك.)

ئوتكارىب مەن ئۇمرنى ۋەيرانەدا،
باشىمە يۇمرىلگۈدەك كاشانەدا.

① كۆف — بىرخىل قۇش بولۇپ، خەلق ئۇنى ھۆقۆش، شۇم قۇش دەپ ئاتايدۇ.

(ئومرۇمنى بىرىشىمغا ئورۇلۇپ چۈشكىنىدەك ۋەيرانە ئۆۋا (ماكان)
لاردا ئۆتكۈزگەنمەن.)

بارچە ئەۋقاتىم ئۆتتۈپ ئەندۇھ ئىلە،
ماتەم ئەھلىدەك پىغانۇ - ئاھ ئىلە.
(پۈتۈن ھاياتىم غەم - قايغۇ بىلەن، ماتەمدارلەردەك ئاھ - ۋاھ
بىلەن ئۆتكەن.)

گەنج ئۇمىدىغە پىغانلار كورگۈزۈپ،
لىك ئول ئۇمىد ئىلە ئۆزنى بۇزۇپ.
(غەزنە تېپىش ئۇمىدىدە يىغلاپ پىغان چەكتىم، لېكىن شۇ
ئۇمىت بىلەن ئۆزەمنى بۇزۇپ كەلدىم.)

دەپ كى گەرچە تارتتىم ئۆمرۈمدە رەنج،
باك ئىمەس بىركۈن نەسىبىم بولسا گەنج.
(پۈتۈن ھاياتىمدا جاپا چەكتىم، بىركۈن غەزنە نېسىپ بولسا
ھېچ ۋەقە ئەمەس ئىدى.)

مەنكى گەنج ئۇمىدىدىن دىۋانەمەن،
كېچە - كۈندۈز ساكىنى ۋەيرانەمەن.
(مەن غەزنە ئۇمىدىدە دىۋانە بولۇپ، كېچە - كۈندۈز ۋەيرانىدا
ئولتۇرىمەن.)

بۇ ئۈزۈن يولدىن مېنى تۈتقىل مائاپ،
مەن كىمۇ سۇمرۇغ بىرلە كۈھى قاپ.
(مېنى بۇ ئۇزۇن يولنى بېسىپ ئۆتۈشتىن كەچۈرگىن، مەن
قانچىلىك ئادەم؟ سۇمرۇغ بىلەن كۆھىقاپ قەيەردە؟)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ھۇدھۇد جاۋابى كۇفغە

(ھوپۇپنىڭ ھۇقۇشقا جاۋاۋى)

دىدى ھودھودكى ئى ئىشىڭ مەكرۇ ھىيەل،
قەسدى جانىڭ ئەيلەبان تولى ئەمەل.
(ھوپۇپ كوفقا شۇنداق دېدىكى، قىلغان ئىشلىرىڭ ھىلە، مېكىر، يالغان. ئارزۇ-ھەۋەسلىرىڭنىڭ ئۇزۇنلۇغى جېنىڭغا قەست قىپتۇ.)

يەر تۇتۇپ كوڭلۇڭدە ئۇمىدى ماھال،
كىم ۋۇقۇئىغە ئانىڭ يوق ئېھتىمال.
(كوڭلۇڭگە ئەمەلگە ئاشمايدىغان بىھۇدە خىياللار ئورۇنلىشىپتۇ، ئۇ خىياللىرىڭنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىمكانىيەت يوق.)

فىلمەسەل بىلپەرز ھەم تاپساڭ بۇ گەنج،
قىل خىيال ئەي ناتاۋانى غۇسسە سەنج.
(ئەي بىچارە مەسىلەن، غەزنە تاپساڭمۇ ئۇ غەزنىنىڭ غەم-قايغۇلىرىنى مولچەرلەشنى ئويلاپ كورگىل.)

كىم نە بولغاي بەھرىڭ ئاندىن جۇز بالا،
ھەردەم ئۇزگە غەمگە بولماق مۇبتالا.
(تاپقان غەزنەڭدىن ئالىدىغان نېسىۋەڭ ھەر نەپەستە بالادىن باشقا، غەمگە يولۇقۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.)

ئول بالالەر بىرلە ئولمەك خارۇ زار،
گەنج تۇتماق دۇشمەن ئىلكىدە قارار.
(سەن ئۇ بالالار بىلەن خار-زار بولۇپ ئولسەڭ، غەزنە دۇشمەنىنىڭ قولىدا قالىدۇ.)

## ھېكايەت

بار ئىدى بىر مۈلك ئارا دىۋانەئى،
كېچە ـ كۈندۈز مەسكەنى ۋەيرانەئى.
(بىر شەھەردە بىر دىۋانە بار ئىدى، ئۇ كېچە ـ كۈندۈز بىر ۋەيرانىدە ئولتۇراتتى.)

گەنج ئۈمىدى بىرلە ئۆمرىن ئۆتكارىب،
ھەردەم ئول ۋەيرانە بىر يانىن قازىب.
(غەزنە تېپىش ئۈمىدىدە ھەمىشە ئۇ ۋەيرانىنىڭ ئۇيان ـ بۇ ـ يېنىنى قېزىپ ئۆمۈر ئۆتكۈزەتتى.)

ئىتتىپاقا بەس كى چەكتى رەنج ئول،
بەختى بىر كۈن گەنجگە باشقاردى يول.
(ئۇ، كوپ مۇشەققەت چېكىپ، ئاخىر ئۇنىڭ بەختى غەزنە يو ـ لىنى كورسەتتى.)

بىر ئىشىك بولدى ئايان نەقبى ئارا،
كىردى ئەرسە بىر ئۇلۇغ ئىشرەت سەرا.
(تامدىن بىر ئىشىك كورۇندى، كىرىپ قارىسا، ناھايىتى كوڭۈلـ ـلۈك بىر جاي ئىكەن.)

قىرىق خۇم ۋە ئاندا پەرىدۇن گەنجىدەك،
يوق فەرىدۇن بەلكى قارۇن گەنجىدەك.
(فەرىدۇن شاھنىڭ غەزنىسىدەك قىرىق كۈپتە غەزنە كوردى، ياق، فەرىدۇن شاھ غەزنىسىدەك ئەمەس بەلكى قارۇنىنىڭ غەزنـ ـىسىدەك غەزنە ئىدى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كورمەكىدىن تەلبە ئۇردى بىر خۇرۇش،
يەتتى ناگەھ بىرلەئىمى سەخت كۇش.
(ھىلىقى تەلۋە دىۋانە غەزنىنى كورۇپ قاتتىق توۋلاپ كەتتى.
شۇ ھالدا تۇيۇقسىزلا قاتتىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.)

كوردى ئول ۋەيرانەدە دىۋانىنى،
ھوش زايىل قىلغۇچى غەمخانىنى.
(ئۇ، ۋەيرانىدە ھۇشىدىن كېتىپ قالغان، قايغۇ-غەم بىلەن ھەم-
خانە بولغان بىر ساراڭنى كوردى.)

كورمەي ئول مەجنۇننى مۇجرىم چەتتى تىغ،
قاننى گەنج ئۈزرە توكتى بى دەرىغ.
(ئۇ جىنايەتكار، دىۋانىنى كورمەي تۇرۇپلا پىچاق سىلىپ، ھىچ
ئەيمەنمەستىن ئۇنىڭ قېنىنى غەزنىنىڭ ئۇستىگە توكتى.)

گەنج ئەردى ئۇمرى ئانىڭ ۋايەسى،
باردى گەنج ئۇستىدە جان سەرمايەسى.
(ئۇ دىۋانىنىڭ ھاياتلىق مەقسىدى غەزنە تېپىش ئىدى. غەزنە ئۇس-
تىدە ھاياتلىق سەرمايىسىنى يوقاتتى.)

## ھومايىنىڭ ئۇزرى ھودھودغە

(بەخت قۇشىنىڭ ھوپۇپكە ئۇزرە ئېيتىشى)

باشلىدى ئۇزرىنى ساھىب پەر ھۇماي،
دىدى ئەي سەرگەشتەلەرگە رەھنىماي.
(گۇزەل قاناتلىق بەخت قۇشى ئۇزرىنى باشلاپ، ئەي، يولدىن
ئازغانلارنى يولغا سالغۇچى، — دىدى.)

ئاندا دۇر ئىقبال دىن پايەم مېنىڭ،
كىم بېرۇر بەختنى شەرەپ سايەم مېنىڭ.

(مېنىڭ قەددىمىم بەخت ـ تەلەيىنىڭ ئۆزى، مېنىڭ سايەم بەخت شەرەپ بېرىدۇ.)

زاتىمە ئانچە شەرەب بەردى ئىلاھ،
كىم مېنىڭ سايەم گادانى قىلدى شاھ.

(تەڭرى ماڭا شۇنداق ئۇلۇغلۇق بەردىكى، مېنىڭ سايەم گاداي ـ نىڭ بېشىغا چۈشسە، ئۇ پادىشا بولىدۇ.)

مەن شەھۇ ۋە شەھ ئىستىمەك ئېرۇر گۈنەھ،
ئۆزنى رەنجۇر ئەيلەمەك يەئنى كى نەھ.

(ئوزەم شاھ تۇرۇپ يەنە شاھنى ئىزلەش گۇنا بولىدۇ. ئوزنى كايىتىشنىڭ نىمە پايدىسى بار؟)

قىلماغىم خۇشراق ھاۋايى جىلۋەگە،
بەرمەكىم سايەمدە شاھلەرغە يەنە.

(ياخشىراغى شۇكى، مەن ئاسماننى جىلۋەگاھ قىلىپ، كىشى ـ لەرنىڭ بېشىغا سايەمنى چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى شاھ قىلىشىم كې ـ رەك.)

## ھودھود جاۋابى ھۇمايغا

(ھوپۇپنىڭ بەخت قۇشىغا جاۋاۋى)

دىدى ھود ھود كەئى سوزۇڭ ئەفسانەئى،
كىم ئانى قىلغاي بايان دىۋانەئى.

(ھوپۇپ بەخت قۇشىغا دىدىكى، ئەي ئەپسانە سوزلۇك، سىنىڭ
سوزلىرىڭنى ساراڭلار سوزلەيدۇ؟)

ئۇلكى زاتىڭغە بىلاھەت چاغلىمىش،
ساڭا بۇ ياڭلىغ شەفقە باغلىمىش.

(ئەسلى زاتىڭغا ئەقىل-ئىدراك كەم بېرىلگەن، شۇڭا بۇنداق
باش ئاغرىغى-سەۋداغە باغلىنىپسەن.)

كىم يېتەر سايەڭدىن ئەلگە شاھلىق.
ساڭا ياۋەر قىلدۇرۇپ گۇمراھلىق.

(سىنىڭ سايەڭدىن ئەلگە شاھلىق يېتىدىشى گۇمراھلىق. (يولدىن
ئازغانلىق)نىڭ ساڭا مەدەتكار بولغانلىغىدۇر).

شاھلەر تارىخى كىم مەستۇر ئېرۇر،
قايسىنىڭ ۋەسفىدە بۇ مەزكۇر ئېرۇر؟

(پادىشالارنىڭ تارىخى كىتاپلاردا بايان قىلىنغان، قايسى بىر
پادىشانىڭ سۈپىتىدە سىنىڭ سايەڭ چۈشۈپ پادىشا بولغانلىغى
يېزىلغان؟)

كىم ئانى شاھ ئەيلەمىش شانىڭ سىنىڭ،
كىم ئېرۇر بۇ مۇددىئا ئاتىڭ سىنىڭ.

(كىمنى سىنىڭ شانىڭ (شەرىپىڭ) پادىشا قىلغان دىيىلسە، شۇ
نامنى ئېلىش سىنىڭ مۇددىئايىڭ؟)

بۇ غەلەت ئەپسانە شاد ئەيلەپ سىنى،
بۇيلە فاسىد ئىتىقاد ئەيلەپ سىنى.

(بۇ خاتا ئەپسانە سىنى خوشاللاندۇرۇپتۇ، سىنى بۇ بۇزۇق
ئېتىقاتقا چۈشۈرۈپتۇ.)

قىلمەسەل بولسا بۇ دەئۋا راست ھەم،
كەلسە سەندىن بۇ سۈپەت پەنجىۋالىست ھەم.
(مەسىلەن، بۇ داۋايىسىڭ راست بولۇپ، قولۇڭدىن شۇ خىل ئىش-
لار كەلسە،)

بەرسە ئەلگە شاھلىق ھەيىي- ۋۇدۇد،
ساڭا ھەم ئول شاھلىقتىن ھەم نەئسۇد.
(خۇدا ئەلگە شاھلىق بەرسە، ساڭا بۇ شاھلىقتىن نىمە پاي-
دا بار؟)

تۇئمەڭ ئىتدەك دەشت ئارا قالغان سۆڭەك،
تۇرفەراق بىر ئىشكى قاقشالغان سۆڭەك.
(سىنىڭ يىمىگىڭ ئىتقا ئوخشاش چۆل-دەشتتە قالغان سۆڭەك-
تۇر. ھەممىدىن ئاجايىپراق بىر ئىش شۇكى، قۇرۇپ قالغان سۆ-
ڭەكنى يەيسەن.)

بىلگىل ئەي باتىل خىيال ئىچرە ئەسىر،
كىم، ئىبرۇر پالىڭغە لايىق بۇ نەزىر.
(ئەي، خاتا خىياللارغا ئەسىر بولۇپ قالغان بەخت قۇشى، بۇ
مىسال ساڭا لايىق.)

## ھېكايەت

ساھىلى ئۇمماندا سودا پىشە خەيل،
بەھر سوداسىدا سۈر ئەندىشە خەيل.
(ئۇممان دېڭىز سودىسىدا بىر بولەك سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ،
دېڭىز سودىسىدا پايدا غېمىدە يۈرگۈچىلەر.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەرسەلەر بەش، ئون دەرەم غەۋۋاس دۇن،
بەھر ئىچىگە سالۇر ئۇزنى سەرنەگۇن.
(دېڭىزغا چومگۇچىلەرگە بەش-ئون ياماق بەرسە، دېڭىز ئى-
چىگە بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئۆزىنى تاشلايتتى.)

جاننى يۈز رەنج ئۇتىغە ئەيلەپ ھەدەف،
بەھر قەئرىدا ئىلىكلەپ بىر سەدەف.
(جېنىنى يۈز جاپا-مۇشەققەت ئوتىغا نىشان قىلىپ، دېڭىزنىڭ
قەرىدىن چاڭگاللىغا بىر سەدەپ ئېلىپ چىقاتتى.)

ئول سەدەف ئىچرە ئەگەر مىڭ دانەدۇر،
يائەگەر بىرخۇد دۇرى كاشانەدۇر.
(ئۇ سەدەپ ئىچىدە مىڭ دانە مەرۋايىت بولسۇن ياكى ئۇ، سەدەپ
بىرگىنە مەرۋايىتقا قاپچۇق بولغان بولسۇن،)

كىم ئېرۇر ئول شاھ تاجى رەۋنەقى،
ئاڭلا ئانى مۇزد بەرگەننىڭ ھەققى.
(ئۇ مەرۋايىت شاھنىڭ تاجىغا زىننەت بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىش
ھەققىنى ئاڭلاپ باق:)

تاجىر ئالىب ئول سۇپەت نەقدى ئېزىز،
ئەخز ئېتىپ، غەۋۋاس بىر ئىككى بەشىز.
(سودىگەر شۇنچە قىممەت باھالىق مەرۋايىتنى قولغا ئېلىپ، دې-
ڭىز قەرىدىن مەرۋايىت ئېلىپ بەرگۈچى بولسا بىر ئىككى مىس
ياماقىقا ئىگە بولالايتتى.)

ئت كەبى ئەيلەب سۆگەك نەپسگنى توق،
ئول ئىلىپ مۆزد، ساڭا ئول داغى يوق.
(ئىتقا ئوخشاش سوگەك يەپ قوساق تويغۇزسەن، دېڭىزغا
چومگۇچىغۇ ئاز بولسىمۇ ھەق ئالىدىكەن، ساڭا ئۇمۇ يوق.)

ئاقىل ئىرسەڭ كۆب دىمە مۇنداغ گىزراب،
كىم سارا سەر بۇ سوزۇڭ باردۇر خىلاب.
(ئاقىل بولىدىغان بولساڭ، مۇنداق بىھۇدە يالغان سوز قىلما،
سوزلىرىڭ باشتىن ئاياق يالغان.)

## ئوردەك ئوزرى

(ئودەكنىڭ ھوپۇپكە ئوزرە ئېيتىشى)

ئوردەك ئاغاز ئەتتى كى ئى پۇرخەندە زات،
سۇ بىلەن ئولمىش ماڭا قايىم ھايات.
(ئودەك ئەي ئۇلۇغ زات دەپ سوز باشلاپ: ھاياتىم سۇ بىلەن
بەرپا بولىدۇ.)

ئاندىن ئايرۇ مۆزتەرىب مەن قايغۇدىن،
ئۆيلەكىم تۇشكەي يىراق بالىق سۇدىن.
(سۇدىن ئايرىلسام، بېلىق سۇدىن ئايرىلغاندەك قايغۇ بىلەن نا-
ھايىتى بىئارام پاراكەندە بولىمەن.)

چۇن سۇ ئىچرە زاتىمە تەسكىن بولۇپ،
پاك دامەنلىق ماڭا ئايىن بولۇپ.
(چۈنكى مېنىڭ ئەسلى زاتىمغا سۇ ئارام بولىدۇ، پاكىزلىق ما-
ڭا ئادەت بولغان.)


AltunOq

www.uyghurkitap.com

پاكلىق چۇن سۇدىن ئەتتىم ئىكتىساب،
لايىق ئۇلدى ۋەسفىمە ھۇسۇلىيا ئاب.
(پاكىزلىقنى سۇدىن ئۇگەندىم، شۇڭا سۇپىتىم گۇزەل جايغا قاي-
تا بېرىشقا - لايىق بولدى.)

بولمىسا بىر لەھزە ئەرىغ سۇ ئارا،
پۇر قىلىتىدا ئەيلەرەم يۇز ماجرا.
(سودا بىردەم ئېرىغدىلىپ (پاكىزلىنىپ)، تۇرمىسام، سۇدىن ئاي-
رىلغانلىغىمغا كوپ ماجرالارنى قىلىمەن.)

مەۋجىدىن سەججادەنى سالىب سودا،
كورگۇزۇپ مەقسۇد يۇز ئۇل كوزگورا.
(سۇنىڭ ئوركىشىنى جاينىماز قىلىپ، مانا شۇ سۇ ئائىنەدە
يۇزلىگەن مەقسەتنى كورىمەن.)

سۇدادۇر مەقسۇدىمە چۇن يەتمەكىم،
بەس خاتادۇر ئوزگە يان ئەرز ئەتمەكىم.
(مەقسىدىمگە يېتىشىم سۇدادۇر، ئەلۋەتتە باشقا جايغا سەپەر
قىلىشىم خاتالىق بولىدۇ.)

## ھۇدھۇد جاۋابى ئۇردەككە

(ھوپۇپنىڭ ئودەككە جاۋاۋى)

دىدى ھودھود كىم خاتا سوز كەلدى بۇ،
كىم دىدىلىڭ ئەي پاك بوب ئەقلىڭدىن سۇ.
(ھوپۇپ: بۇ سوزۇڭ خاتا، سۇ بىلەن ئەقلىڭنى يۇيۇپ تازى-
لايمەن دەيسەن.)

سۇغەكىم سەججادە سالىپ مەن دىدىڭ،
خەيىر ھالىڭدىن مەگەر غاپىل ئىدىڭ.
(سۇغا سەججارە (جايناماز) سالدىم دەيسەن، ئۆزەڭنىڭ ھا-
لىنى ياخشى بىلمەيسەن.)

پاك دامەنلىق قىلىپ مەن فەن دىمە،
ئۆزنى سورا غەيرتەر دامەن دىمە.
(پاكلىقنى كەسىپ قىلدىم، مەن پاك دىمە، باشقىلارنى نا-
پاك (پاسكىنا) دىمە.)

پاك ئىسەڭ نىدۇر سۇغا چومەك ئىشىڭ،
كىچە كۈندۈز غۇتە ئۇرماقدۇر ئىشىڭ.
(پاكىز بولساڭ كېچە-كۈندۈز نىمە ئۈچۈن سۇغا چومۇپ يۈرى-
سەن؟)

پىسىق تۇخمىن نەپىس ئىلە ئولكىم تارىر،
سۇئارا بىر غۇتە كىم ئۇردى ئارىر.
(كىمكى بۇزۇقلۇق گۇناسىنىڭ ئۇرۇغىنى تېرىسا (گۇنا قىلسا) ئۇ
سۇدا بىرلا شۇڭغۇسا پاكىز بولىدۇ.)

نى جىنايەتدۇر ۋە بۇ بى پاكلىك،
كىم چومۇپ تۈن-كۈن يىتىشمەك پاكلىك.
(كېچە-كۈندۈز سۇغا چومۇپ تازىلانمايدىغان بۇ نىمە دىگەن
جۇنۇبلۇق؟)

ئەر ئىسەڭ ئالىڭدەدۇر بەھرى فەنا،
چۇمغىلۇ قىلغىل ئۆزۈڭنى ئاشىنا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(ئەر بولسدىغان بولساڭ ئالدىڭدا شەخسىيەتچىلىكنى يوقىتىدىغان دېڭىز تۇرۇپتۇ، شۇ دېڭىزغا چوموپ ھەققەتكە ئاشىنا بول!)

## ھېكايەت

ھىندى دەرياسىدا ئېردى تاجىرى،
سودۇ ـ سەۋدا شىۋەسىدە ماھىرى.
(ھىندى دەرياسىدا بىر سودىگەر بار ئىدى، سودىگەرچىلىك ۋە پاي-دا ئېلىشتا ماھىر ئىدى.)

مايەئى سودا دىماغىغا توشۇب،
غەرقى بەھرى پىكىر ئولارغە ياۋشۇب.
(سودىگەرچىلىك پايدا ئېلىش خىيالى ئۇنىڭ مىڭىسىگە كىرد-ۋالدى، دېڭىزدا غەرق بولۇش دىگەننى ئويلىمايتتى.)

تۇتمايىن بىر مۇلك دە ئون كۈن مەقام،
ئەيلەگەچ سودا ۋە سود ئەيلەپ خۇرام.
(سودا ـ سېتىق بىلەن خوشال بولۇپ، بىر مەملىكەتتە ئون كۈن تۇرالمايتتى، پايدا ئېلىشنىڭ سودايىلىغى بىلەن مېڭىپلا تۇراتتى.)

يىللەر ئەيلەپ ئەردى بۇ يەڭلىغ سەپەر،
بەھرنى ئاڭلاپ ھەر ئاپەتتىن مەقدىر.
(بىر قانچە يىل شۇنداق سەپەر ئۇستىدە يۇردى. دېڭىزنى ھەر قانداق ھادىسە ئاپەتتىن تىنچ دەپ بىلەتتى.)

مەككە ئەتراپىن سۇ ئىچرە ئايلانىب،
پەرز ئادا ئەتكەچ يېقىن يەتكەچ يانىب.
(سۇ يولى بىلەن مەككىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ھەج قىلىپ پەرزنى ئادا قىلىپ يانسام دەپ ئويلىدى.)

خەلق دەپ كىم ئۇل مۇشەررەپ ھەجغە ھەم،
مەيل بەرمەي ئۇل تەرەپ ھېرسى دەرەم.
(خەلق، ئۇ ھەج تاۋاپ قىلىشقا مۇشەررەپ بولۇشقا، ئۇنىڭ پۇلغا ھېرىسلىغى (ئامراقلىغى) ئىختىيار بەرمەيدۇ، دەيتتى.)

ناگاھ بىركۈن تۇشتى دەريا ئىچرە مەۋج،
كىمە گاھى خەزىزۇ گاھى ئەۋج.
(تۇيۇقسىز بىركۈنى دەريا دولقۇنلاپ كەتتى. كېمە گاھ چوڭقۇر قايىنامغا كىرىپ كېتەتتى، گاھى سۇنىڭ ئۇستىگە چىقاتتى.)

بولدى تاجىر لوجەئى سودادا غەرق،
لىك بولدى كېمەسى دەريادا غەرق.
(سودىگەر سودا - پايدا مەنپەئەتنىڭ دولقۇنىدا، غەرق بولدى. كېمىسى دەريادا غەرق بولدى.)

بەرمادى سودا خىيالى ھەجگە يول،
تاكى بىر بالىققا ئولدى تۇئمە ئول.
(سودىگەرچىلىك خىيالى ھەجگە يول بەرمەي سودىگەر بىر بېلىققا يەم بولدى.)

## تاۋۇغ ئوزرى

(توخۇنىڭ ھوپۇپكە ئوزرە ئېيتىشى)

تاۋۇغ ئەيلادى بۇيلە ئوزرىن ئاشكار،
كەئى توبۇ ئىچرە ئەنىسۇ تاجدار.
(توخۇ ھوپۇپكە ئوزرە ئېيتتى: ئەي قۇشلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇلپەتلىك ئىناق تاجدار دىدى.)

www.uyghurkitap.com

بىز ئىكەۋغا تاج روزى قىلدى ھەق،
لىك ھەربىرگە بىر ئىش كەلدى سەبەق.
(بىز ئىككىمىزگە خۇدا تاج نېسىپ قىلدى، لېكىن ھەربىرىمىزگە
بىرەر ئىشنى ئۆگەتتى.)

ساڭا ئەيلەپ راھبەرلىكنى ئاتا،
قىلدى قۇشلارغا رەئىسۇ پېشىۋا.
(ساڭا رەھبەرلىكنى نېسىپ قىلىپ، قۇشلارغا باشلىق ۋە پېشىۋا
قىلدى.)

ماڭا بەردى سەۋتى دىلكەش بەر داۋام،
ئەلنى تائەتكە تىلەرگە سۇبھى شام.
(ماڭا دىلكەش (يېقىملىق) ئاۋاز بېرىپ، ئەلنى ئەتىگەن-
ئاخشام تائەت-ئىبادەتكە چاقىرتقۇزدى.)

ئۇلكى مەخلۇق ئەتتى سۇنئى ۋەھشى تەير،
بىزگە تەسكىن روزى ئەتتى، ساڭا سەير.
(ئول خۇدا جان-جانىۋارلارنى يارىتىپ ئۇلارنىڭ ھەركىتىنى
ياراتتى. بىزگە تۇراقلىق تۇرمۇش، ساڭا ئۇچۇپ سەير قىلىشنى
نېسىپ ئەتتى.)

چۇن سەرامەر كەلدى ئەرلىكدە خۇرۇس،
ھەق ئاڭا بەردى نىچە زىبا ئەرۇس.
(خوراز ئەرلىكتە باش كۆتەردى. ئۇنىڭغا خۇدا بىرقانچە
گۈزەل قىز-كېلىنلارنى بەردى.)

تۇتتى ھەريان سەير قىلماقدىن مائاپ،
ئۇلكىمۇ سۇمۇرۇغ بىرلە كوھى قاپ.

(بىزنى ھەرتەرەپكە ئايلىنىپ يۈرۈشتىن، سۈمرۈغنىڭ قېشىغا ۋە كوھىقاپقا بېرىشتىن كەچۈرۈم قىلدى.)

## ھودھود جاۋابى تاۋۇغقە

(ھوپۇپنىڭ توخۇغا جاۋاۋى)

دىدى ھودھودكىم بۇ سوز بى ۋەجھ ئىمەس،
ھەركىشى بۇ سوزنى ھالىدىن دىمەس.
(ھوپۇپ: بۇ سوزلەر سەۋەپسىز ئەمەس، ھەركىشى بۇ سوزنى ئوزلۇگىدىن دىمەيدۇ، دىدى.)

بارئاندىدەك قۇشكى ئاچماي بالۇپەر،
سىدرە شاخى ئۇستىدا ئەيلەر مەقەر.
(شۇنداق قۇش باركى، قانات ـ قۇيرۇغىنى ئاچماستىن، ھىچ يەرگە ئۇچماستىن سىدرە دەرەخىنىڭ① شېخى ئۇستىنى ماكان قىلىپ ئوتىدۇ).

كەلدى خىلۋەتگاھى ئانىڭ ئەنجۇمەن،
سەير ئېتەر لىكىن بىرى دايىم ۋەتەن.
(ئۇ مەخسۇس ماكاندا يىغىن تۈزىدۇ، ئۇنىڭ دائىم بىرجايدا تۇرۇشى ئۇنىڭ سەيلى ئەتكىنىدۇر.)

ئەرش پەرۋاز ئولدى ۋە سىدرە نەشىن،
ئەلگە زاھىر ئەيلەمەي پەرۋاز ئىشىن.
(ئۇ، ئەرشكە ئۇچۇپ بېرىپ سىدرە دەرەختىن ماكان تۇتتى. ئوزىنىڭ ئەرشكە ئۇچۇپ بارغانلىغىنى خەلققە ئاشكارا قىلمىدى.)

---

① سىدرە دەرەخـــدىنىي قاراشلارچە ئەرشىنىڭ ئالدىدىكى بىر خاس دەرەختۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېرمەس ئول سىمۇرغدىن ئايرۇ دەمى،
ۋەسلىدە كوڭلىگە ئۇزگە ئالەمى.
(ئۇ، سىمۇرغدىن بىردەممۇ ئايرىلمايدۇ، مەھبۇپ ۋىسالىدا ئۇنىڭ كوڭلىدە باشقا ئالەم بار.)

يەتمەيىن جانىغا ھىجراندىن گەزەند،
خىلۋەتى ۋەسلىدە ھەردەم نەقشبەند.
(ئۇنىڭ جېنىغا ھىجراندىن ھىچقانداق گەزەند يەتمەيدۇ، ئۇ مەھبۇپ ۋىسالى خىلۋىتىدە ھەر نەپەستە مۇھەببەتتىن بىر نەقىش باغلايدۇ.)

باشى ئۇزرە مۇھەببەت تاجى ئانىڭ،
جىلۋەگاھى ۋەسل مىئراجى ئانىڭ.
(ئۇنىڭ بېشىدا مۇھەببەتنىڭ تاجى بار، مەھبۇپنىڭ ۋىسالى جىلۋە گاھى ئۇنىڭ مىئراجىدۇر.)

ۋەسلىدىن مەملۇ دىلى دەم ئاسرابان،
غەيرىدىن ھالىنى مۇبھەم ئاسرابان.
(ئۇنىڭ دىلى مەھبۇبى ۋىسالىدىن تولغان خوشال، ئۆزىنىڭ خوشاللىقىنى غەيرى كىشىلەردىن يوشۇرىدۇ.)

ۋەسلى يۈزمىڭ دەردىدىن كوڭلىدە خوش،
لېك ئولۇپ ئاغزى سەدەپ ياڭلىغ خامۇش.
(يۈزمىڭ دەرت تارتسامۇ ۋەسلىگە يەتتىم دەپ خوش بولىدۇ، لېكىن ئۇ، ۋۇجۇدىدا گەۋھەر ساقلىغان سەدەپكە ئوخشاش جىم تۇرىدۇ، سوزلىمەيدۇ.)

سەن قۇش ئېرمەس سەنكى ئەي خارج ناۋا،
ھېرزە گەرۇ ھېرزە گۇي، بى ھايا.
(سەن قۇش ئەمەس، ئاۋازىڭ ناۋا ـ پىغان قاتارىغا كىرمەيدۇ.
ئىشلىرىڭ بىھۇدە، كۆڭلىرىڭمۇ بىھۇدە، ئۆزەڭ ھاياسىز.)

پىسىق مۇپرىت كېچە ـ كۈندۈزدۈر ئىشىڭ،
بى جەھەت غەۋغا ۋە قىچقىرماق ئىشىڭ.
(كېچە ـ كۈندۈز چېكىدىن ئارتۇق گۇناھ قىلىسەن، شەھۋەتپەـ
رەس سەن، قاقاقلاپ غەۋغا قىلىپ قىچقىرىپ يۈرۈيسەن.)

يۈز يامانلىق بىرلە شەپقەت ئەيلەبان،
ياخشىلارغا ئۆزنى نىسبەت ئەيلەبان.
(يۈز تۈرلۈك يامان ئىشلىرىڭ بىلەن ئۆزەڭنى شەپقەتلىك
كورسىتىسەن، ياخشىلارغا ئۆزەڭنى سېلىشتۇرۇپ باقىسەن.)

سۇستلۇقلار بۇيلەكىم قىلدىڭ ئايان،
دىمەگىل ئۆزنى خورۇس ئەي ماكىيان.
(ئۆزەڭنىڭ بوشاڭلىغىنى بىلدۈردۈڭ، ھەي سەن ئۆزەڭنى خوـ
راز دىمە، مىكىيان ئىكەنسەن.)

## قۇشلار ئۆز نىسبەتلەرىنى سىمۇرغقە ھۇدھۇددىن سورغانلارى

(قۇشلار ئۆزلىرىنى سىمۇرغقا سېلىشتۇرغانلىقلىرىنى
ھوپۇپتىن سورىغانلىغى)

ھەربىرى بىر ئۆزرەكىم قىلدى خىتاب،
بولدى ھـۇدھۇددىن ئاڭا مۇنداق جاۋاب.

(قۇشلارنىڭ ھەربىرى بىرتۇرلۇك ئۆزرە بايان قىلدى، ھويۇپ
ئۇلارغا مۇنداق جاۋاپ بەردى.)

نوكتەدىن ئاجىز بولۇب ئول لەھزە خەيل،
قىلمادىلار ئۆزگە ئۆزر ئەيتۇرغە مەيل.
(قۇشلار يەنە سوزلەشتىن ئاجىزلىق قىلىپ، يەنە باشقىچە ئۆزرە
ئېيتىشنى ئىختىيار قىلالمىدى.)

بارچەنى سەرگەشتە ئەيلەپ زوئف ھال،
مۇتتەپىق ھودھودتىن ئەتدىلار سوئال.
(ئاخىر بارلىق قۇشلار بىرلىككە كېلىپ ھوپۇپتىن سوئال سو -
راشتى.)

كى سېنىڭ زاتىڭ رىياسەت گەۋھەرى،
باشىگە لايىق ھىدايەت ئەفسەرى.
(سېنىڭ ئەسلىڭ پىشىۋا بولۇشقا، يول كورسەتكۇچىلىكنىڭ
تاجىنى كىيىشكە لايىق.

سەير ئارا قەتئى بىيابان ئەيلەگەن،
تەي مەسەللىك ئانچە ئىمكان ئەيلەگەن.
(سەن باياۋانلارنى كەزگەن، قىيىن يوللارنى كېسىپ ئۆتۈشكە
دېمكىنچىلىك ياراتقان.)

يول رەجا ۋە خەۋپىنى بىلگەن تامام،
خەۋپ ئىسلاھىدە قىلغان ئېھتىمام.
(يولدىكى ئۇمىت ۋە خەۋپنى تولۇق بىلىپ، خەۋپنى ئىسلاھ
قىلىشقا غەيرەت، ھىممەت قىلغان.)

بىر گۇرۇھى ئاجىزۇ زارۇ زەبۇن،
بارچەنى خار ئەيلەبان بەختى نىگۇن.
(بىر بەختى قارا، خار بىر تۇركۇم ئاجىز ۋە كۇچسىز زارلانغانـ
لارمىز.)

كوڭلىمىزگە بولمىغان روشەن بۇ راز،
جەھلىمىز كوبدىن ـ كوپ ئىلىم ئازدىن ئاز.
(بۇ مەخپىي سىرلار كوڭلىمىزگە روشەن بولمىغان، نادان
لىغىمىز ناھايىتى كوپ، ئىلىم ـ مەرىپىتىمىز ناھايىتى ئاز.)

زەررەدەك سەرگەشتە، ئەھۋالى ھەقىر،
ئول كامال ئەۋجى ئۇزە بەردى مونىر.
(زەررىگە ئوخشاش ئايلىنىپ، ئەھۋالىمىز خاراپ، سۇمرۇغ
بولسا كامالاتنىڭ چوققىسىدا ئۇن توت كۇنلۇك ئايدەك.)

مەنزىلەتدە چەرخ ئەئلادىن رەفىئ،
بۇسىھەت ئىچرە ئەرش ئەئلادىن ۋەسىئ.
(ئۇ ئورۇن مەرتىۋىدە پەلەكتىن ئىگىز، كەڭلىكتە ئەرش ئەلاـ
دىن كەڭ.)

ئول كىبلىپ ئارتۇق توققۇز ئەفلاكدىن،
لىك بىر ئوكسۇك بەسى خاشاكدىن.
(ئۇ بولسا، توققۇز پەلەكتىن ئارتۇقراق، بىر بولساق
خەس ـ خەشەكلەردىنمۇ تۆۋەن.)

بىزگە ئانىڭ بىرلە نىسبەت نە ئىكىن؟
يا بۇ نىسبەت بىرلە ھىكمەت نە ئىكىن؟
(ئۇنىڭ بىلەن ئوزىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى نىمە بولار؟ ياكى
مۇناسىۋەت باغلاشتا ھىكمەت نىمە ئىكىن؟)



Altunoq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شاھلار شاھى كىلىپ ئول پادىشاھ،
بىز گادالەرنىڭ گادايى خاك راھ.
(ئۇ، شاھلارنىڭ شاھى، بىز گادايلارنىڭ گادىيى يولدىكى توپراق.)

بىزگە مەلۇم ئەتكى بەس مەجھۇل ئېرۇر،
ئەقل ئانىڭ ئىدراكىدىن مەئزۇل ئېرۇر.
(بىزگە نامەلۇم بولغان ئىشلارنى بىلدۇرگىن، ئۇ ئىشلارنى ئىدراك قىلىشتىن (بىلىشتىن) ئەقلىمىز ئاجىزلىق قىلىدۇ.)

بىز ھەقىرۇ ئالى ئانىڭ ھەزرەتى،
قەترەنىڭ دەرياغا نىدۇر نىسبەتى؟
(بىز ئاجىز، ئۇنىڭ دەرگاھى ئالى، بىر تامچىنىڭ دەرياغا نىمە مۇناسىۋىتى بار؟)

## ھۆدھۆدنىڭ قۇشلارغا جاۋابى ۋە سىمۇرغ زۇھۇرىدىن خىتابى

(ھوپۇپنىڭ سۇمرۇغنىڭ ۋۇجۇدىدىن خىتاب قىلىپ قۇشلارغا جاۋاپ بەرگىنى)

بەردى ھۆدھۆد قەۋمىغە مۇنداق جاۋاب،
كىم ئۇشول شاھەنشاھى ئالى جاناب.
(ھوپۇپ ئۇزقەۋمى (قۇشلارغا) مۇنداق جاۋاپ بەردى: سۇمۇرۇغ شاھلارنىڭ شاھى، ئالى جانابىدۇر.)

گەنج ئېردى لىك مەخپىي زات ئاڭا،
ياشۇرۇن هۆسىن ئېردى كۆن مىرئات ئاڭـا.
(ئۇ بىرغەزنە بولۇپ، ئەسلى زاتى مەخپىي ئىدى، ئۇ، يـوشـۇرۇن هوسنى - جامال ئىدى. قۇياش ئۇنڭغا ئەينەك ئىدى.)

ئوز زۇهورىن چۇن تەمەننا ئەيلەدى،
چىقتى ۋە ئەۋۋەل تەجەللى ئەيلەدى.
(ئوزىنىڭ ئاشكارىلىنىشـىنى ئارزۇ قىلىپ، ئالدىن قۇياش ئارقىلىق نۇر چاچتى.)

بۇ تەجەللىسى ئارا خۇرشىدۋار،
يۇز تۇمەن مىڭ سايە سالدى ئاشكار.
(ئوزىنىڭ قۇياشقا ئوخشاش نۇر چېچىشى ئارىســدا، يۇز تۇمەن مىڭ سايىسىنى (قۇدرىتىنى) ئاشكارىلىدى.)

سايەكىم پاكىز بولدى جىلۋەگەر،
ئەيلىدى ئول سايەغە كوبراق نەزەر.
(قايسى سايە پاكىزە بولۇپ ئوزىنى
كورسەتسە، سايىگە (ۋۇجۇتقا) كوپرەك نەزەر سالدى.)

بارچە ئالەم قۇشلىرىنىڭ سۇرىتى،
بىلگىل ئانىڭ سايەسى پۇر هىكمىتى.
(پۇتۇن ئالەمدىكى قۇشلارنىڭ هەرخىل سۇرەتتە بولۇشى، ئۇنىڭ سايىسى ۋە ئۇنىڭ تولۇق هىكمىتىدۇر.)

چۇن مۇهەققىق بولدى بۇ سۇرەت ساڭا،
بولدى بۇ سىمۇرۇغ ئىلە نىسبەت ساڭا.

(بۇ سۇرەت (سايەلەر)نىڭ ماھىيىتى ساڭا مەلۇم بولدى، ئەمدى سۇمرۇغ بىلەن سېنىڭ مۇناسىۋىتىڭ بىرلىكنىڭ بولدى.)

بۇ ساڭا مەلۇم چۇن بولدى يەقىن،
پاش قىلمە رازنى ئەي خىرەد بىن.
(بۇ سىر ساڭا ئېنىق مەلۇم بولىدىكەن، ئاقىل بولساڭ بۇ سىرنى ئاشكارىلىما.)

كىمگە بۇ كەشىپ ئولدى مۇستەغرىقدۇر ئول،
"ھاشەلىللاھكىم" دىگايسەن ھەقدۇر ئول.
(كىمگە بۇ سىر ئېچىلسا، ئۇ ھەقىقەت دېڭىزىغا چۆمگىنچىدۇر، ھەم پاكلىق بىلەن خۇدانى يادلاپ تۇرۇپ دەيمەنكى، ئۇنى ھەق دىسە بولىدۇ.)

ھەقغە موستەغرىقنى بولماس ھەق دىمەك،
بولغاي ئانى ھەقغە موستەغرىق دىمەك.
(ھەققە چۆمگۈچىنى ھەق دىگىلى بولمايدۇ، ھەققە چۆمگۈچى دىيىشكە بولىدۇ.)

سەن چۇ پەھىم ئەتتىڭكى كىمگە سايەسەن؟
ئۇز يەقىنىڭدا قەۋى سەرمايە سەن.
(سەن بىلدىڭكى كىمگە سايەسەن؟ ئۇز ئىشەنچىڭدە كۆچلۈك بول-ساڭ ئۇزەڭگە ئۇزەڭ دەلىل سەن.)

سايە ئىستەب بولمىسا گەر جىلۋەگەر،
بىلكى سىمۇرغ ئولماس ئېردى سايەۋەر.
(ئۇ سايىسىنى چۈشۈرۈشنى خالاپ ئۇزىنى كورسەتمىگەن بولسا، بىلىشىڭ لازىمكى سۇمرۇغ سايەسىنى چۈشۈرمەيتتى.)

ئۆزنى سىمۇرۇغ ئىستەسە ئېردى نىمان،
سايەسى بولماس ئىدى ھەرگىز ئايان.
(سۇمرۇغ ئۆزىنى مەخپى تۇتۇشنى خالىسا، ئۇنىڭ سايىسىمۇ
ئاشكارا بولمايتتى.)

سايە ئەيكەن نىك ۋۇجۇدىدىن دەلىل،
سايە زاھىر بولماغىن تەھقىق بىل.
(سايە، سايە تاشلىغاننىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن دەلىلدۇر. سايىنىڭ
ئاشكارا بولۇشىنى سايە سالغۇچىنىڭ مەۋجۇتلۇغى دەپ بىلگىن.)

كوزلىرىڭ سىمورغ بىن گەر بولماغاي،
كوزگۇدەك كوڭلۇڭ مۇنەۋۋەر بولماغاي.
(ئەگەر كوزۇڭ سۇمرۇغنى كورمىسە، كوڭلۇڭ ئەينەكتەك يورۇق
بولمايدۇ.)

كىمكى ئول يۈزنى كورە ئول كور ئەمەس،
ھەر نىكىم دەر، غەيرى ئارتۇق سوز دىمەس.
(كىمكى ئۇنىڭ يۈزىنى كورسە، ئۇ كور ئەمەس، ھەرنىمىنى سوز-
لىسە سايە سالغۇچىنىڭ غەيرىنى سوزلىمەيدۇ.)

ئىستەدى ھۆسنىگە ئاشىقلىقنى پاش،
كوزگۇ پەيدا قىلدى ئانداغكىم قۇياش.
(ئۆز ھوسنىگە ئاشىقلىقنى ئاشكارا قىلىشنى ئىستەپ، قۇياش نۇرى
ئارقىلىق ئۆزىنى نامايان قىلغاندەك پاك ۋۇجۇد ئەينەكنى پەيدا قىلدى.)

تاكى ئاندا جىلۋەئى ناز ئەيلەگەي،
ھۆسنىغە ئاشىقلىق ئاغاز ئەيلەگەي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(مۇنداق قىلىش شۇ ئەينەكتە ھوسنى ـ جامال جىلۋە قىلىپ ناز قىلىسۇن، ئۇنىڭ ھوسنىگە ئاشىقلىق باشلانسۇن ئۇچۇندۇر.)

بولدى ئول كوزگۇ كوڭۇل ئەي ئەھلى دىل،
كىم ھەق ئاندا جىلۋە ئەيلەر مۇتتەسىل.
(ئەي ئەھلى دىل، ھوسنى ـ جامالىنى كورسىتىدىغان ئەينەك كو ـ ڭۇلدۇر. چۈنكى كوڭۇلدە ئۆزۈلمەي جىلۋە قىلىدۇ.)

ئول قىلىبان جىلۋەئى ھوسىن ئاشكار،
سەن كوڭۇل بىرلە ئاڭا ئايىنەۋار.
(ئۇ ھوسۇن جامالىنى جىلۋە قىلىپ ئاشكارا قىلىدىكەن، سەن كوڭلۇڭ بىلەن بىرىكىپ ھەققە ئەينەك بولىسەن ـ ئۆزەڭدە ھەقنى كورىسەن.)

## ئول شاھ ھېكايەتكىم ھوسىنىنى، زاھىر قىلۇرغا كوزگۇنى ۋەسىلە قىلدى.

(چىرايلىقلىغىنى كورسىتىشكە ئەينەكنى ۋاستە قىلغان پادىشانىڭ ھىكايىسى.)

بار ئىدى شاھ جامال ئەۋجىدە ماھ،
ماھ پەيكەرلەر سىپاھ، ئول ئېردى شاھ.
(گۈزەللىكنىڭ ئەڭ يۇقۇرى چوققىسىدا ئايغا ئوخشاش بىر پادىشا بار ئىدى، ئايغا ئوخشاش گۈزەللەر ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى، ئۇ، شاھ ئىدى.)

قامەتىدىن سەرۋگە ئەپكەندەلىغ،
ئارەزىدىن مېھرغە شەرمەندەلىغ.

(قەد ـ قامىتىدىن سۇۋادان تىرەككە چۇشكۇنلۇك يېتەتتى. ئۇنىڭ ھوسنى جامالى يۈزىدىن قۇياش خىجالەت بولاتتى.)

ئالەم ئاشۇبى كېلىپ رۇخسارەسى،
مۇھلىك ئول رۇخسارەنىڭ نەززارەسى.
(ئۇنىڭ رۇخسارى (يۈزى) ئالەمگە پىتنە پاسات كەلتۈرسە، ئۇنىڭ يۈزىگە قارىغۇچى ھالاك بولاتتى.)

ھوسن غەۋغاسى جاھان ئىچرە توشۇپ،
ئىشقىنىڭ يەغماسى جان ئىچرە توشۇپ.
(ئۇنىڭ گۈزەللىگىنىڭ غەۋغاسى جاھانغا تولغان، ئۇنىڭ ئىشقى، ئاشىقلىرىنىڭ جېنىنى تالان ـ تاراج قىلاتتى.)

ئانچەكىم ھۆسنى جاھان ئارا ئاگا،
يۈزمىڭ ئانچە ناز ـ ئىستىغنا ئاگا.
(ئۇنىڭ جاھانغا بىزەك بولىدىغان گۈزەللىگى قانچىلىك بولغان بولسا، ئۇنىڭ ناز ـ ئىستىغناسى يۈزمىڭ ھەسسە ئارتۇق ئىدى.)

چىقسە گاھى ئاتلانىب مەيدان ئارا،
سالسا ئىردى رەخشىنى مەيدان ئارا.
(ئۇ، بەزى چاغدا ئاتلىنىپ مەيدانغا چىقىپ، مەيداندا ئات بىلەن ماڭسا.)

ھەركىشى ئالىغا كەلسە ئول زامان،
ھۆسنىنى كورمەك ھامان ئولمەك ھامان.
(ئۇنىڭ ئالدىغا ھەرقانداق ئادەم كېلىپ قالسا ئۇنىڭ ھوسنىنى كورۇش بىلەن ئولەتتى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

بولمىش ئېردى ئۇلگەن ئەلدىن بىدىل ئۇل،
سەيىر ئېتىپ يانغۇنچە جەۋلانگاھدىن ئۇل.
(ئۇ تاماشاغا بارغان جايىدىن قايتىپ كەلگۈنچە ئۇنىڭ ھوسنىنى كۆرۈپ ئۆلۈپ قالغان ئادەملەرنى كۆرۈپ كۆڭۈلسىز بولاتتى.)

ھوسنىدىن ئاپاق ئارا غەۋغا ئىدى،
زۇلمىدىن جان مۇلكىغە يەغما ئىدى.
(ئۇنىڭ گۈزەللىگىدىن دۇنيادا بىرغەۋغا چۇشكەن بولسا، گۈزەللىگىنىڭ زۇلمى جاننىڭ يۇرتىغا تالان ـ تاراجلىق يۇرگۈزەتتى.)

ئەلگە يۈز كۆرگۈزمەكىن قىلدى مالال،
ئەلگە يۈز كۆرگۈزمەكىن قىلدى خىيال.
(چەكسىز ئادەملەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن كۆڭۈلسىزلەندى، ئاخىرى، خەلققە ھوسنى ـ جامالى، يۈزىنى كۆرسىتمىشنى ئويلىدى.)

كوزگۈگە ھوكىم ئەتتى پەيدا قىلدىلار،
تەخت ئالىندە مۇھەييا قىلدىلار.
(پادىشا ھوكۇم قىلىپ بىر ئەينەك تەييارلىتىپ تەختىنىڭ ئالدىغا قويدى.)

قەسىر ئالىندا ياساتتى مەنزەرى،
ئاندا نەسب ئەتتى چۇ رەۋشەن ئەختەرى.
(ئوردىسى ئالدىدا بىر مەنزىرە ياسىتىپ، ئۇ يەرگە يۇلتۇزدەك بىر روشەن ئەينەك تىكلەيتتى.)

ئۆزى ھوسنىغە نەزەر سالۇر ئىدى،
بەھرى ھەم ئەل ئەكسىدىن ئالۇر ئىدى.

(شاھ ئۇزىمۇ ئۆز ھۆسنىگە قارايتتى، خەلقمۇ ئۇنىڭ ھۆسنىنى ئەينەكتىن كۆرۈپ بەھرىمەن بولاتتى.)

تا بۇ ياڭلىغ كۆزگۈ تەرتىپ ئەتمىدى،
ھۆسنىدىن نازىرغا بەھرە يەتمىدى.
(پادىشا ئۆز ھۆسنى - جامالىنى كۆرسىتىدىغان ئەينەك ياساپ ئورناتمىغىچە، ئۇنىڭ ھۆسنى - جامالىدىن، كۆز تىككۈچىگە بەھرە يەتمىدى.)

ھەم ئۆزى ھۆسنىدىن ئولدى بەھرەۋەر،
بەھرە ھەم تاپتى ئاڭا قىلغان نەزەر.
(شاھ ئۆزىمۇ ئۆز ھۆسنىدىن بەھىر ئالدى، ئۇنى كۆرگۈچىلەرمۇ ئۇنىڭدىن بەھىر ئالدى.)

سەن بۇ كۆزگۈنى كۆڭۈل قىلغىل خىيال،
كىم سالۇ - ئەكسىنى ئاندا ئول جامال.
(سەن بۇ ئەينەكنى كۆڭۈل (قەلب) دەپ خىيال قىل! چۈنكى كۆڭۈل ئەينىكىدە گۈزەللىكنىڭ ئەكسى كۆرۈلدۇ.)

قەسرتەن ئاندا كۆڭۈلنى كۆزگۈ بىل،
كۆزگۈدە شاھ ھۆسنىنى نەززارە قىل.
(سەن ئۆز ۋۇجۇدۇڭنى پادىشانىڭ سارىيى ئۆز كۆڭلۈڭ (قەلبىڭ) نى ئەينەك دەپ بىل. كۆڭۈل، قەلب، ئەينىگىدە شاھ (ھەق) ھۆسنىنى كۆرگىن.)

بەرمەيىن ئول كۆزگۈگە ئەۋۋەل جىلا،
ئەكس ئاندا سالماغاي ئول پادىشا.
(ئول كۆڭۈل ئەينىگىگە ئاۋال جىلا (نۇر) بېرىلمەي تۇرۇپ، ئول شاھ ئۇ ئەينەكتە ئۆزىنى كۆرسەتمەيدۇ.)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئاڭلاغىل ئول ھوسن ئەكسىنى كوزگۇدا
سەن تاماشاسىدە تۇرغىل ئوترۇدا.
(ئۇ ھوسىننىڭ نۇرىنى كوڭۇل ئەينىگىدە بىلىپ، سەن ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ تاماشا قىل!)

كوزگۇ روشەنراق نىچە قىلسە زۇھور،
زاھىر ئولغاي ئاندا ئەكس بى قۇسۇر.
(ئەينەك كوڭۇل ئەينىگى، قانچىلىك روشەن نۇر ئاشكارا قىلسا، ئۇنىڭدا گۈزەللىك كەم ـ كۈتىسىز ئەكس ئېتىدۇ.)

## ئىسكەندەرنىڭ ئەلچىلىككە بارغان ھېكايىتى

بىر كۈنى ئىسكەندەر بۇ ئايىن ئەيلەدى،
ئەلچىلىككە ئوزنى تەيىن ئەيلەدى.
(بىر كۈنى ئىسكەندەر مۇنداق بىر ئىش قىلدى، ئۇ، ئوزىنى ئەلچىلىككە بەلگىلىدى.)

ئەيلەدى سىمورغنى ئول نامۇەر،
ئول كەبۇتەر چۇنكى بولغاي نام بەر.
(سۇمرۇغنى نامە ئەۋەتكۈچى قىلىپ، كەپتەرنى خەت توشۇغۇچى قىلدى.)

باردى ئول كىشۇەرغەكىم باردى رەسۇل،
ئەيلەدى ئاندا رەسۇلانە نۇزۇل.
(بىر مەملىكەتكە ئەلچى بولۇپ بېرىپ، ئەلچىلەرگە ئوخشاش ھالدا شەھەرگە چۈشتى.)

دىدى ئەلگە بۇدۇر ئىسكەندەر سوزى،
تۇرفە بۇ كىم ئېردى ئىسكەندەر ئۆزى.
(ئىسكەندەر، مەملىكەت خەلقىغە بۇ ئىسكەندەرنىڭ سوزى دەپ سوزلىدى، ئەجەبلىنەرلىك بولغىنى شۇكى، بۇ ئىسكەندەرنىڭ ئۆزى ئىدى.)

ئەلچىلەردەك سوز بايان ئەيلەر ئىدى،
ئۆزى ئوز هوكمىن ئايان ئەيلەر ئىدى.
(ئەلچىلەرگە ئوخشاش سوزلەرنى بايان قىلاتتى، ئوز هوكمىنى ئۆزى ئاشكارا قىلاتتى.)

ئەل نە بىلسۇنلاركى ئىسكەندەردۇر ئول،
يوقكى قاسىد هاكىمى كىشۋەردۇر ئول.
(ئۇنىڭ ئىسكەندەرلىكىنى ئۇ مەملىكەت خەلقى نەدىن بىلسۇن؟ ياق، ئۇنى بىر هوكۇمدارنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىسى دەپ بىلىشتى.)

يەتكۇزۇپ ئەهكام نامەئىدۇد نى،
ئەلگە قاسىد كورگۇزۇپ مەقسۇدنى.
(ئۇخەلققە هىساپسىز هوكۇملەرنى يەتكۇزدى، خەلققە ئوزىنى ئەلچى قىلىپ كورسەتتى.)

خەلقدىن مىڭدىن بىرىن بىلمەي بۇ هال،
كىم نەدۇ بۇ پەردە نەقشىدە خىيال.
(خەلقنىڭ مىڭدىن بىرىمۇ بۇ ئەهۋالنى بىلمىدى، كى بۇ سىرلىق پەردە نەقشىدە نىمە خىياللار بار بولغاي.)

سەن داغى شەهدىن قىلۇرسەن نوكتە گۇش،
ساغىنۇرسەن لىك ناقىلنى سەرۇش.

www.uyghurkitap.com

(سەنمۇ شاھتىن سىر ئاڭلىماقچى بولسەن، لېكىن شاھنىڭ ئېچكى سىرلىرىنى ساڭا يەتكۈزگۈچىنىڭ بولۇشىنى ئىستەيسەن.)

بىلدىلار قۇشلار چۇ بۇ گۇپتارنى،
ئاڭلىدىڭلار پەردەئى ئەسرارنى.
(قۇشلار ھوپۇپنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىكى مەخپى مەنا ۋە سىرلارنى بىلدى).

بارى مەقسۇدىغا نىسبەت تابدىلار،
كامى مەقسۇدىغا ئۇلپەت تابدىلار.
(ھەممىسى مەقسەتلىرىگە نىسبەت تاپتى، مەقسەتلىرىگە قەدەم قو-يۇشقا ئۇلپەت - ھەمرا تاپتى.)

ئاشنا سوزلەر بىلەن ئول پىشىۋا،
قىلدى ئول بىگانەلەرنى ئاشنا.
(قۇشلارنىڭ پىشىۋاسى ھوپۇپ دوستلۇق مۇھەببەت سوزلىرى بىلەن ياتلارنى دوست قىلدى.)

قىلدىلار بارى يەنە ئاندىن سوئال،
كى ھىدايەت ئەمرىدە ساھىب كامال.
(قۇشلارنىڭ ھەممىسى يەنە ھوپۇپتىن سوئال سوراپ، ئەي يول كورسەتكۈچى كامالەت ئىگىسى،)

بىز گۇرۇھى بىز بەسى زارۇ - زەئىب،
جىسمى زارۇ تەن نىزارۇ جان نەھىب.
(بىز ناھايىتى ئاجىز، ناتاۋانلار بىز. جىسمىمىز ئاجىز، تېنىمىز ئورۇق، روھىمىز كۈچسىز گۇرۇھ بىز.)

ئىش ئەزىمۇ يول يىراقۇ خەۋپ كوپ،
ئىچۇك ئۇلغاي ئەزىمىز بۇ يولدا خوب.
(ئىشىمىز ناھايىتى چوڭ، يولىمىز يىراق، خەۋپ - خەتەر كوپ،
قانداق قىلساق مۇشۇ سەپىرىمىز ياخشى بولار؟ — دىيىشتى.)

## قۇشلار يول كەپپەيەتىن ھودھوددىن سوئالى ۋە ئانىڭ جاۋابى

(قۇشلار يولنىڭ ئەھۋالىنى ھوپپۇپتىن سورىغانلىغى ۋە ھوپپۇپنىڭ جاۋاپ بەرگەنلىگى)

بەردى ھودھود قەۋمىغە مۇنداغ جاۋاب،
كىم بۇ يەڭلىغ ئاڭلىڭىز رايى ساۋاب.
(ھوپپۇپ قۇشلارغا مۇنداق جاۋاپ بەردى: توغرا پىكىر
مۇنداق: ئاڭلاڭلار!)

كىم بۇ يولدا ئىشقدۇر گۇل سۇپەت،
ئىشق ئەھلىدىن يىراقدۇر مەسلىھەت.
(بۇ يولدا ئىشق گۇل سۇپەتلىكتۇر، ئىشق ئەھلى مەسلىھەتتىن
يىراقتۇر.)

كىمكى ئاشىقدۇر ئاڭا جاندىن نى باك،
كۇفر ئىلىپ بەرمەك ئىماندىن نى باك.
(كىمكى ئاشىق ئىكەن، جاندىن نىمە پەرۋايى بولسۇن؟
كۇپرنى ئىلىپ ئىماننى بىرىشتىن نىمە پەرۋايى بولسۇن؟)

كەي كىرەك ئاشىققا دۇر ئوز جانىدىن،
سەھل ئىرۇر كەچمەك جاھانى جانىدىن.
(ئاشىققا قاچانمۇ جان كىرەك بولسۇن، ئاشىق جاھاندىن،
جىنىدىن كەچمەك كىرەك.)

جان ئېرۇر ئاشىق بۇ يولدا سەددى راھ،
ئۇيالەكىم بولغاي بىراۋ يولىدا چاھ.

(جان ئاشىقنىڭ يولىنى توساپ تۇرغان بىر توساق، گوياكى بىراۋنىڭ يولىدا يولۇققان قۇدۇققا ئوخشاش جان ئاشىقنىڭ يولىنى توسىدۇ.)

فەد ئېرۇر ئاشىق تەنۇ-جانىدىن داغى،
ئەقلۇ ھۇشۇ سەبرۇ ئىماندىن داغى.

(ئاشىق تەنىدىن، جانىدىن، ئەقىل-ھۇشىدىن، سەۋرىدىن، ئىماندىن بىگانەدۇر.)

ئىشق ئالەمسوز ئېرۇر جانسوز ھەم،
شەۋق ئوتىدىن كۇفىر، ئىمان سوز ھەم.

(ئىشق ئالەمنىمۇ كويدۇرىدۇ. جاننىمۇ كويدۇرىدۇ. شەۋقنىڭ ئوتىدا كۇپىر بىلەن ئىمانمۇ كويۈپ كېتىدۇ. ئاشىقنىڭ مەزھەبىدە كاپىرلىقمۇ ھەم ئىمان-ئىسلاممۇ بولمايدۇ.)

ئاشىق ئولغان كەچتى نىكو-نامىدىن،
مىللەتۇ ئىسلامۇدىن-ئىماندىن.

(ئاشىق بولغان كىشى ياخشىلىقتىن، نام شوھرەتتىن، مىللەتتىن، دىنىدىن، ئىسلامدىن، ئىماندىنمۇ كېچىدۇ.)

لازىم ئولدى ئىشق، شەۋقو سوز دەرد،
بەرق يەڭلىغ پويەئى گىتى نەۋەرد.

(چاقماق چېقىپ دۇنيانى قوزغىۋەتكەندەك ئاشىقتا ئىشتىياق، كويۈش ۋە دەرتمەن بولۇش كېرەك.)

كىمگە دەردى ئىشق مۇستەۋلا ئېرۇر،
تەرك جان ئەتمەك ئاڭا ئەۋلا دۇرۇر.

(كىمگە ئېشقنىڭ دەردى ئۇستۇنلۇك قىلسا، ئۇنىڭغا جاندىن كېچىش ئەۋزەلدۇر.)

كىمكى جانان سارى ئانىڭ رايى بار،
جانغا ئاپەت يەتسە نى يەرۋايى بار.

(كىمنىڭ جانانغا مۇھەببىتى بار ئىكەن. ئۇنىڭ جېنىغا ئاپەت يەتسە ئۇنىڭ نىمە پەرۋايى بولسۇن!)

ئىشق ئىشى غەم، شامى، دەردۇ سوزدۇر،
شەمئ ئاڭا ئاھى جاھان ئەپرۇز ئىدۇر.

(ئىشق ئۆزى غەم-قايغۇ، ئۇنىڭ قايغۇلۇق كېچىلىرى دەرت ۋە كۆيدۇرگۈچىدۇر. ئىشقنىڭ قايغۇ-دەرتلىك كېچىلىرىدە يېقىلغان شام ئاشىقنىڭ جاھاننى يورۇتقۇچى ئاھىدۇر.)

دەرد كەلدى ئىشق سوزىدىن نەھان،
دەرد بولماي ئاشىق ئولماس جان پەشان.

(دەرت ئىشقنىڭ كۆيدۇرۇشىدىن ئۆزىنى يوشۇرىدۇ، ئاشىقنىڭ دەردى بولمىسا، جاننى قۇربان قىلالمايدۇ.)

مۇتربا تۈز بىر سۇرۇدى دەردى ناك،
ساقىيا بى دەردلىكدىن مەن ھىلاك.

(ئەي سازچى، دەرتلىك بىر نەغمە قىلغىل، ئەي مەي قۇيغۇچى، مەن دەرتسىزلىكتىن ھالاك بولدۇم.)

دەرد جامىن تۇت مېنى زار ئەتكۇدەك،
ئىشق دەردى كوڭلۇمە كار ئەتكۇدەك.

www.uyghurkitap.com

(دەرتنىڭ قەدەھىنى مېنى زارلاندۇرغىدەك سۇنغىن، بۇ قەدەھ بىلەن ئىشقنىڭ دەردى كۆڭلۈمگە تەسىر قىلغۇدەك بولسۇن.)

تا ئانى نۇش ئەيلەبان جاندىن كېچەي،
ئەقلۇ ھۇشۇ سەبرۇ ئىماندىن كېچەي.
(تا ئۇ قەدەھنى ئوتلاپ جاندىن كېچەي، ئەقىلدىن، ھوشىدىن سەۋرىدىن، ئىماندىنمۇ كېچەي.)

كۇفر دەيىر ئىچرە مەئۋا ئەيلەيىن،
ئەزم زۇننارى جەلىسا ئەيلەيىن.
(كاپىرلىق بۇتخانىسىدا ماكان تۇتۇپ، بويىنغا زۇننار (كىرىست) ئېسىۋالغان كاپىرلار بىلەن بىللە ئولتۇراي.)

پىر دەيىر ئالىدا ئەيلەپ ئۆزنى مەست،
كويدۇرۇپ مۇسھەپ، بولايىن بۇت پەرەست.
(بۇتخانە شەيخىنىڭ ئالدىدا ئۆزەمنى مەست قىلىپ، قۇرئاننى كويدۇرۇپ بۇت پەرەس بولاي.)

ئىشق دەيرى ئىچرە ئەيلەب ئۆزنى خاس،
جاننى ئىمانىڭكىدىن ئەيلەي خالاس.
(ئىشقنىڭ بۇتخانىسى ئىچىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ، جاننى ئىماندىن خالاس قىلاي.)

دەير ئارا سەمىائ ناقۇس ئەيلەيىن،
بۇت سۇجۇددا زىمىن بۇس ئەيلەيىن.
(بۇتخانىنىڭ ئىچىدە، قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بۇتقا باش ئۇرۇپ، زېمىننى سۆيەي.)

بەلگە مەھكەم باغلابان زۇننارنى،
ئوزدىن ئەيلەي شادىمان كۆپتارنى.
(بىلىمگە زۇننار باغلاپ، ئوزەمدىن كاپىرلارنى خوشال قىلاي.)

## شەيخ سەنئەتنىڭ ھىكايەتلىرى

شەيخ سەنئان ۋاسلى دەرگاھ ئىدى،
كوڭلى غەيب ئەسراردىن ئاگاھ ئىدى.
(شەيخ سەنئان تەڭرى دەرگاھىغا يېتىشكەن كىشى ئىدى،
ئۇنىڭ كوڭلى مەخپى سىرلاردىن خەۋەردار ئىدى.)

كەئبەدە ئەۋتاد ئىلە ئەقتاب ئارا،
ئۇيلە ئېردى كىم، نەبى ئەسھاب ئارا.
(كەئبەدە ئەۋلىيالارنىڭ ئارىسىدا خۇددى پەيغەمبەر ساھابەلەر-
نىڭ ئارىسىدا تۇرغاندەك ئىدى.)

خەلق ئىرشادىغا راسىخ ئېردى ئول،
كەئبەدە شەيخۇل ماشايىخ ئېردى ئول.
(ئۇ خەلقنى توغرا يولغا باشلاشتا مۇستەھكەم، مەككىدە-كەئبىدە
ئەۋلىيالارنىڭ ئۇستازى ئىدى.)

ئاستانىنىڭ گادايى شاھلار،
قۇللۇغىغا مۇپتەخىر ئاگاھلار.
(شاھلار ئۇنىڭ بوسۇغىسىدا گادايلارچە تازىم بىلدۇرەتتى، دانا
كىشىلەر ئۇنىڭغا ئوزىنى قۇل ئورنىدا تۇتۇش بىلەن پەخىرلىنەتتى.)

ھەر دۇئاكىم قىلسا بىر غەمكىن ئۇچۇن،
قول ئاچىب خەيلى مەلەك ئامىن ئۇچۇن.

www.uyghurkitap.com

(ئۇ بىر زۇلۇم ـ قايغۇلۇق كىشى ئۇچۇن دۇئاغا قول كوتەرسە، پەرىشتەلەر گورۇھى بىللە قول كوتىرىپ: ئامىن! دەيتتى.)

چىھرەئى مەقسۇدىنىڭ ئوترۇسىدا،
جىلۋە ئەيلەب كوڭلىنىڭ كوزگۇسىدا.
(ئۇنىڭ كوڭۇل ئەينىگىدە مەقسەت ـ مۇرادىنىڭ چىرايى جىلۋە قىلاتتى.)

تورت يۇز ئالىندا ئەسھاب مۇرىد،
ھەر بىر ئانداغ كىم، جۇنەيدۇ بايەزىد.
(ئالدىدا، ھەر بىرى جونەيد ۋە بايەزىددەك تورت يۇز ئەۋلىيا مۇرىدى بار ئىدى.)

چەرخ ئەئلاغا شۇ كوھىدىن شىكەست،
ئەرش ئەزم ھىممىتى ئالىدا پەست.
(ئىگىز ئاسمانغا ئۇنىڭ ھەشەمەتىدىن يىقىلسا ئۇنىڭ ھىممىتى ئالدىدا ئەرش ئەزەم پەستە قالاتتى.)

دەرد ئاپەتتىن قارارىب ئالەمى،
يارۇبان يەتكەچ دۇئاسىدىن دەمى.
(زۇلۇم دەرد ـ ئاپەتتىن قاراڭغۇلۇقتا قالغان ئالەم ئۇنىڭ دۇئاسىدىن يورۇپ كىتەتتى.)

كىمكى بولسا بىر بالاغا مۇبتالا،
ئول دۇئا قىلغاچ بولۇپ دەفئى بالا.
(كىمكى بىر بالاغا مۇپتىلا بولغان بولسا، ئۇنىڭ دۇئاسى بىلەن ئۇ بالادىن قۇتۇلالايتتى.)

ۋارىداتى ئەرشىدىن پەيغام دەك،
ۋاقىئاتى ۋەھى ئىلھام دەك.
(ئۇنىڭ خەۋەرلىرى ئەرشتىن چۈشكەن ۋەھىيدەك، ئىش ۋە ۋەقەلەر گويا كى ئىلھام بىلەن بولغاندەك ئىدى.)

ھەر نەرسە كورسە ۋاقىئە تەئبىر ئاڭا،
كورگىنى ئوق يۈزلانىب بىر-بىر ئاڭا.
(چۈشىدە كورگەن ۋەقەلەر ئەمىلىيەتتە يۈز بېرەتتى، چۈشىدە كورگەنلىرى دەل ئۇنىڭغا دۇچ كېلەتتى.)

نەچچە تۈن بىر تۈش ئاڭا كورگۈزدىلار،
رىشتەئى سەبرۇ قارارىن ئۈزدىلار.
(ئۇ بىرقانچە كېچە تەكرار شۇنداق چۈش كوردى. ئۇنىڭ كور-گەن چۈشلىرى سەۋرى قارارىنىڭ تومۇرلىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.)

ئويغانىب ھالىغا ئىستىغفار ئىدى،
يۇمسە كوز ئول تۈشكى ئوق تەكرار ئىدى.
(ئويغانغان ھامان كورگەن چۈشىگە ئىستىغپار ئېيتاتتى. كوزد-نى يۇمغان ھامان يەنە شۇ چۈشى تەكرارلىناتتى.)

كىم ماتاچى ئېردى بىر بىگانە بوم،
ئەيلەسە مەلۇم ئول بوم ئېردى رۇم.
(چۈشىدە بىگانە بىر شۇم ھۇقۇش بېشىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئۇ قۇش رۇم ① ئىدى.)

ئاندا بىر دەيىر ئىچرە ئېردى زارۇ مەستە
مەستلىقىدىن دەيىر ئىلىدەك بۇتپەرەست.

① رۇم — قەدىمقى رىم دولىتىنىڭ پايتەختى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(ئۇ يەردە بىر بۇتخانا ئىچىدە زارلانغان مەست ئىدى. مەست بولغانلىقتىن شۇ بۇتخانىدىكىلەرگە ئوخشاش بۇتقا باش ئۇراتتى.)

چۈن بۇ تۈش بولدى مۇكەررەر گەنج راز،
دىدى بولماس بۇ بالادىن ئىھتىراز.

(دىمەك، بۇ چۈش تەكرارلىنىۋاتقان مەخپى سىرلارنىڭ خەزنىسى بولدى، بۇ بالادىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، دىدى شەيخ.)

كىمگە مەئۋا ۋە ھەرەمدۇر، يا كەنشت،
كورمەي ئولماس ئانچە بولمىش سەرنەۋشت.

(كىمنىڭ جايى ھەرەم، كىمنىڭ جايى بۇتخانا بولىدىكەن، ئەزەلدە يېزىلغان بولسا، كورمەي مۇمكىن ئەمەس.)

پاتراق ئول كىشۆرغە ئەزم ئەتمەك كېرەك،
ھەر قايان تارتار قازا كەتمەك كېرەك.

(ئەنە شۇ مەملىكەتكە چاپسانراق سەپەر قىلمىش كېرەك. دىمەك تەقدىر قايان تارتقان بولسا، شۇ يەرگە كېتىش كېرەك.)

چۈنكى بولسا بىرگە ئول مەئۋا نەسىب،
باشىمىزغا ھەرنە كەلسە يا نەسىب.

(بىزگە شۇ جاي نەسىپ بولسا، بېشىمىزغا نىمە كەلسە نىسىۋدىمىزنى كورۇش كېرەك.)

قىلدى چۈن ئۈز ھالىغا نەززارەئى،
تاپىمدى بارماقدىن ئۆزگە چارەئى.

(شەيخ سەنئان ئۆز ھالىغا قاراپ رۇمغا بېرىشتىن بولەك چارە تاپالمىدى.)

يۈز "ھەرەمگە" قويدى ساھىب ئىنقىتائ،
قىلدى يۈز ئاشۇپ ئىلە تەۋفى ۋىدائ.
(ئۇ ئوز ۋەتىنىدىن ئۈزۈلۈپ مەككە ـ ھەرەمگە يۈزلەندى، يۈزتۇرلۇك غەۋغا بىلەن ھەرەم زىيارىتى ئۈچۈن ئەل بىلەن ۋىدالاشتى.)

قىلدى چۈن مىلك ھۆزن ئىلە تەۋفى "ھەرەم"
رۇم ئىقلىمى ـ ى سارى قويدى قەدەم.
(مىلك بىر غەم ـ قايغۇ بىلەن ھەرەمنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن رۇم ئىقلىمىغا قەدەم قويدى).

تاپدىلار ئەسھاب چۈن ئاگاھلىغ،
ئول سەپەردە قىلدىلار ھەمراھلىغ.
(ئۇنىڭ مۇرىد سەپداشلىرى خەۋەر تېپىپ، سەپەردە ھەمرا بولۇشتى.)

يولنى قەتئ ئەيلەر ئىدى پىرى تەرىق،
تورت يۈز ئەھلى تەرىق ئىردى رەپىق.
(بۇ تەرىقەت ـ تەسەۋۋۇپنىڭ پىرى تۆت يۈز ئەھلى تەرىقەت بىلەن مۇساپە يىللارنى كېسىپ يۈردى.)

شەيخنىڭ كوڭلىگە سەۋدالار تۈشۈب،
كىم، ئانى زايە قىلۇرغا ياۋۇشۇب.
(شەيخ سەنئاننىڭ كوڭلىگە چۈشكەن ۋەسۋەسلەر ئۇنى ھالاك قىلىشقا يېقىنلاتتى.)

ھەر زامان بۇ نەۋئ بولۇپ ئەندىشەسى،
يوق بەجۇز ئەندىشە ئانىڭ پىشەسى.


AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(شەيخ ھەمىشە شۇ ۋەسۋەسىنى ئويلايتتى، ئۇنىڭ بۇ ۋەسۋەسىـ
دىن بولەك ئىشى يوق ئىدى.)

ھالىدا ئەسھاب تەغيىر ئاڭلابان،
ھۇش ئىلە سەبرىنى بىر-بىر ئاڭلابان.

(مۇرىتلار شەيخنىڭ ھالىدىكى ئۆزگىرىشنى بىلدى، ھەم ئۇنىڭ ئەقلى-ھوشى بىلەن سەۋرى قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلدى.)

خاسلەر ئەيلەب سوئال ئول ھالدىن،
ۋاقىب ئولماي ئول غەرىب ئەھۋالىنى.

(شەيخ سەنئاننىڭ خاس مۇرىتلىرى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.)

كىم سوئالى كىم، قىلىب تاپماي جاۋاب،
شەيخدىن كوبراق ئۇلاردا ئىزتىراب.

(مۇرىتلار سوئالغا جاۋاپ ئالالماي، شەيختىنمۇ كۆپرەك بىئاراملىق-ھەيرانلىقتا قېلىشتى.)

بۇ سۇپەت يول قەتئ ئېتىپ مەقسەد سارى،
قايسى مەقسەد شىددەتى بىھەد سارى.

(شەيخ مۇنداق ھالەتتە يوللارنى بېسىپ ئۆز مەقسىدى تەرىپىگە يۈرەتتى، مەقسەتكىلا ئەمەس چەكسىز دەھشەت-شىددەت تەرىپىگە ماڭدى.)

تا قەدەم قويدىلار ئول كىشۋەرگە تىز
شەيخ نىڭ كوڭلىدە يۈزمىڭ رۇستەخىز.

(تېز يۈرۈپ رۇمغا يۈرۈپ كەتتى، شەيخنىڭ كۆڭلىدە يۈز مىڭـلىغان خىيال، ۋەسۋەسە قوزغىلاڭلار بار ئىدى.)

ھەر بىر نەپەس بۇقئەنى ئەيلەردە سەيىر،
مەرئى ئۇلدى ناگاھان بىر تۇرپە دەيىر.
(ھەر سېكۇنت بىر يۇرتنى ئايلىنىپ ئۇتۇپ كېتەتتى، يولىدا كېتىپ بېرىپ تاسادىپىلا ئاجايىپ بىر بۇتخانا كورۇنۇپ قالدى.)

تاقى ئانىڭ چەرخ تاقى بىرلە جۇفت،
جۇفت تاقى ئىچرە كوب رازى نەھۇفت.
(بۇ بۇتخانىنىڭ پەشتاقى ئاسمانغا تاقاشقان، ئىككى پەشتاقتا نۇرغۇن سىرلار يوشۇرۇنغان ئىدى.)

تاشى ئەندۇھى بەلىيەت تاغىدىن،
كىرىچى دەردۇ - بالا تۇپىراغىدىن.
(پەشتاقنىڭ تاشلىرى ئەندىشە بالالارنىڭ تېغىدىن كەلتۇرۇل-گەن، ئۇنىڭ خىشلىرى دەرت ۋە بالانىڭ تۇپرىقىدىن ياسالغان.)

زىب ئىلە كاشىغە يۇز تەرھى تەئەب،
كورگۇزۇپ يۇزنەۋئى نەقشى بولئەجەب.
(ئۇ پەشتاق - مۇنارىنىڭ خىشلىرىغا يۇز تۇرلۇك زىننەتلەر ئورنى-تىلغان، ھەيران قالارلىق يۇز تۇرلۇك نەقشلەر سىلىنغان ئىدى.)

غۇرپەلەردىن پىتنەلەر نەززارە گەر،
قىلغالى بىچارىلەرگە جىلۋەگەر.
(بالىخانا ئويلەردىن پىتنىلەر كوزىنى تىكىپ بىچارىلەرگە ئوزىنى كورستىشكە تەييار تۇراتتى.)

ئىشق ئەيىنىدىن يارۇقدۇر دەۋزەنى،
لىك ئول رەۋزەن بالالەر مەسكەنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

(بۇتخانىنىڭ تۈۋرۈك – دەرىزىلىرى ئىشقىنىڭ كۆزىدىن يۇرۇۋغان ئىدى،
لېكىن ئۇ تۈۋرۈك دەرىزىلەر بالالارنىڭ ماكانى ئىدى.)

كۆنگۈردىن رەخنەلەر ئىمان سارى،
ئىشق ئەينى نىڭ نەمۇدارى بارى.
(بۇتخانىنىڭ تام ئۈستىدىكى كۆڭگۈرلىرى ئىمان تەرەپكە ئېچىل-
غان تۆشۈكلەر ئىدى. ھەر بىر كۆڭگۈرە ئىشق ئەينىگى كۆرسەتكۈ-
چىسى ئىدى.)

تەئبىيە ھەر كۆنگۈردا تاشلار،
ئىشق تىغىدىن كېسىلگەن باشلار.
(ھەر بىر كۆڭگۈرىگە ئورنىتىلغان تاشلار ئىشقىنىڭ قىلىچى بىلەن
كېسىپ تاشلانغان باشلار ئىدى.)

ئەھلى دىن باشىغا پەران قىلغالى،
ئالەم ئىچرە سەنگى باران قىلغالى.
(ئۇ تاشلار دىن ئەھلىنىڭ بېشىغا ئېتىش ئۈچۈن، ئالەم ئىچىدە
تاش ياغدۇرۇش ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان تاشلار ئىدى.)

پىتنە خەيلىغە مەمەر دەرۋازەسى،
پىتنە گەر تاقى سۇ پەھر، ئەندازەسى.
(ئۇنىڭ دەرۋازىسى پىتنىچىلارنىڭ ئۆتەر يولى، پىتنە ئەگەر پەش-
تاق بولىدىغان بولسا، پەلەك ئۇنىڭ ئەندازىسى ئىدى.)

ھەلقەئى زەنجىرىدە يۈزمىڭ فۇنۇن،
ھەلقەئى زەنجىرىدە يۈزمىڭ جۇنۇن.
(ئۇنىڭ چىچىنىڭ ئەگمە جىڭگىلەكلىرىدە يۈزمىڭ ھىلە – نەيرەڭ

چىچىنىڭ ئەگمە ـ بۈدرە زەنجىرىدە يۈزمىڭلىغان ۋە مەجنۇنلار باغلاغلىق ئىدى.)

ئىشق ئوتىدىن ئاندا يۈز ئاتەش كەدە،
هەر بىرىدە يۈز تۈمەن سەۋدا زەدە.
(ئۇ يەردە ئىشق ئوتىدىن يۈزلىگەن ئوت مەيدانلىرى، ئۇ مەيدانلىرىنىڭ هەر بىرىدە يۈز تۈمەن ئىشق سەرگەردانلىرى بار ئىدى.)

دەيىر ئۈزەترە دۈدى هەيئەتى،
زاهىر ئەيلەب كۈفىر ئىسيان زۇلمىتى.
(بۇتخانىنىڭ ئۈستىدە قاپ ـ قاراڭغۇ ئىس ـ تۈتەك بار ئىدى. ئۇ تۈتەكلەر كۈپىر ۋە گۇناھكارلىق قاراڭغۇلىقىنى كورسىتىپ تۇراتتى.)

دەيىر مۇنداق كورمەيىن تا قىلدى سەيىر،
كۈفىر، ئىمان ئەھلىغە بۇ ئەسكى دەيىر.
(بۇتخانىنىڭ مۇنداق زۇلمەتلىك هالىتىنى كورمەي تۇرۇپ سەيلە قىلدى، بۇ ئىمان ئەھلىگە كۈفىر كەلتۈرىدىغان بۇ كونا بۇتخانا ئىدى.)

شەيخ جىسمىدىن بارىب ئول يەردە تاب،
كوڭلىنى بى تاقەت ئەيلەب ئىزتىراب.
(ئۇ يەردە شەيخنىڭ بەدەنلىرىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت يوقالدى، كوڭلىنى ئارامسىزلىق، هەيرانلىق تاقەتسىزلەندۈردى.)

زۇننۇ مۇستەۋلى بولۇب هەردەم ئاڭا،
چىلۋە ئەيلەب ئوزگە بىر ئالەم ئاڭا.

(ھەر نەپەستە ئۇنىڭغا ئاجىزلىق يۈزلىنىپ، باشقا بىر ئالەم ئۇنىڭ ئالدىدا جىلۋە قىلاتتى.)

نازىر ئىبردى ھەر تەرەپ ئاشوپتەۋار،
بىر تەرەپ تۇشتى كوزى بى ئىختىيار.
(شەيخ ھەيران ۋە تېنەپ قالغان ئادەمدەك ھەرتەرەپكە قارايتتى، ئىختىيارسىز كوزى بىر تەرەپكە چۈشتى.)

مەنزەرى ئىبردى ئاسىلغان بىر نۇتۇق،
بىر قۇياشغە ئول بولۇب قەۋسى ئۇپوق.
(ئۇنىڭ كوزى ئېسىپ قويۇلغان بىر سوزگە چۈشتى. ئۇ سوز گويا ـ كى بىر قۇياش دائىرىسىدىكى ئوقيا كامانچىسىغا ئوخشايتتى.)

نى قۇياشكىم يۈز قۇياش دىۋانىسى،
ھوسىن شەمئى دەۋرىدە پەرۋانىسى.
(ياق، قۇياش ئەمەس، يۈز قۇياش ئۇنىڭ ئۈچۈن مەجنۇن بولاتتى، ئۇنىڭ ھوسنى ـ جامالىنىڭ ئەتراپىدا يۈزلىگەن قۇياش پەرۋانە بولاتتى.)

پەيكەرى روھى مۇسەۋۋەردىن مىسال،
روھقا ھەرلەھزە ئاندىن ئوزگە ھال.
(ئۇنىڭ تۇرقى سۈرەتكە كەلتۈرۈلگەن روھدىن بىر نەمۇنە ئىدى، بۇ روھتا ھەر تىنىقتا ئۇ روھ نەمۇنىسى سۈرەتتىن پەۋقۇلئادە بىر ھالەت يۈزلىنەتتى.)

ھور سۈرەتلىك پەرىزادى ئەجەب،
گۈل ھوسىنلىك سەرۋى ئازادى ئەجەب.



www.uyghurkitap.com

(ھور سۇرەتلىك ئاجايىپ پەرىزات ئىدى، گۈل ھوسنلىك، قارد-
غاي قامەتلىك ئاجايىپ گۈزەل ئىدى.)

روھنى ئاشۇبتە ئەيلەپ ھەيئىتى،
يۈز ئەجەب سۇرەتكە سالىب سۇرەتى.
(كورۇنۇشى ئىنسان روھىنى ھەيران قىلاتتى، سۇرىتى يۈزلىگەن
ئەجەپلىنىشكە سالاتتى.)

سۇرەتىدىن مۇنپەئىل ھورۇ پەرى،
تەلئەتىدىن ئابتابى خاۋەرى.
(ئۇنىڭ سۇرىتىدىن ھور-پەرىلەر خىجالەت بولاتتى، ھوسنى-جامالى-
نىڭ كورۇنۇشىدىن شەرقتىن تۇققان قۇياش خىجالەت بولاتتى.)

يۈزى نۇر ئەفشان، ساچى زۇلمەت پەشان،
نۇر زۇلمەت كۇفرى ئىماندىن نىشان.
(ئۇنىڭ يۈزى نۇر چاچسا، چىچى قاراڭغۇلۇق چاچاتتى. نۇرى ئى-
ماندىن بەلگە بەرسە، قاراڭغۇلۇق كاپىرلىقتىن نىشانە بىرەتتى.)

يۈز ئۇزە زۇلپىن چۇ مىنىڭ ئەپشان قىلىب،
زۇلمەت ئىچرە نۇرنى پىنھان قىلىب.
(يۈزىگە چىچىنى يايسا، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە نۇر يوشۇرۇنۇپ قا-
لاتتى.)

ساچى نۇر ئەھلىغە زۇلمەت ئالىمى،
ئەھلى سەۋدانىڭ ساۋادى ئەزەمى.
(ئۇنىڭ چىچى يورۇقلۇق دۇنياسى ئەھلىگە قاراڭغۇلۇق دۇنياسى
ئىدى، ئىشق ئەھلىنىڭ بۈيۈك شەھرى ئىدى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاشى سەۋداسى ئۇلۇسقا يېڭى ئاي،
يېڭى ئاي دىۋانىغا ھەيرەت پەزاي.
(ئۇنىڭ قېشى خەلققە يېڭى چىققان ئايغا ئوخشاش كۆرۈنۈپ، يېڭى چىققان ئاينى كۆرۈپ قاراپ تۇرغان خەلققە ھەيرانلىقنى ئارتتۇراتتى.)

قاشى تاقى ئىچرە ئاپەتلىك كۆزى،
دەيىر تاقىدا ئانىڭدەك كىم ئۆزى.
(قاشى مېھرابى ئىچىدە ئاپەت بەخش ئىتتىدىغان كۆزى بولسا، بۇتخانا پەشتاقىدا ئۇ، پەرىزاتنىڭ ئۆزى تۇراتتى.)

كىرپىكى كۆز دەۋرەسىدە ھەر تەرەب،
پىتنە خەيلىدىن كۆزى دەۋرىدە سەب.
(كىرپىكى كۆزىنىڭ ئەتراپىدا ھەر تەرەپكە ئورۇنلاشقان بولسا، پىتنىچىلەردىن ئۇنىڭ گۈزەل كۆزىنى قوغداش ئۈچۈن گوياكى كۆزى چۆرىسىدە سەپ تارتىپ تۇراتتى.)

كۆزكى بولدى خالى ئانىڭ ئاستىدا،
نۇقتە يازىلغان بالانىڭ ئاستىدا.
(ئاستىدا مېڭى بار كۆز، بالايى ـ ئاپەتنىڭ ئاستىغا يېزىلغان قارا چېكىت ئەمەسمۇ؟)

ئول بالا ئاستىدا يۈز، ئۈستىدە خال،
ئىككىسىنىڭ نۇقتەسىدىن بىر مىسال.
(ئۇ، بالانىڭ تېگىدە يۈز بار، ئۈستىدە مەڭ بار، بالا بىلەن مەڭنىڭ چېكىتىدىن بىر مىسالدۇر.)

غەيب سرلاردىن بىرىب ئاغزى نىشان،
ئوزى غەيب ئەھلىدەك ئەمما بى نىشان.
(ئۇنىڭ ئاغزى غايىپ سىردىن بەلگە بىرەتتى، ئەمما ئوزى غايىپ ئەھلىدەك كىشىگە كورۇنمەيتتى.)

لەئلى، خالى خەستەلەرنىڭ مەرھەمى،
نۇتقىدا ئەيسا رۇھۇللانىڭ دەمى.
(ئۇنىڭ ياقۇتتەك قىزىل لىۋى كوڭلى جاراھەتلىكلەرنىڭ جارا-ھىتىگە مەلھەم بولسا، سوزىدە ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئولۇكنى تىرىلدۈرىدىغان نەپىسى بار ئىدى.)

ئۇ موپەردىھ مايەسى ياقۇت ئولۇپ،
بۇ نەپەستىن خەستە جانغا قۇت ئولۇپ.
(ئۇنىڭ قىزىل ياقۇت لىۋى يۈرەكنى خوشاللاندۇرىدىغان داۋانىڭ ماددىسى ئىدى، ئولۇكنى تىرىلدۈرىدىغان نەپەس جاراھەتلىك ھاياتقا ئوزۇق بولاتتى.)

ھەم زەنەخدانىدا يۇزمىڭ جان ئەسىر،
چاھىدا يۇز يۇسۇفى كەنئان ئەسىر.
(مەڭزىدىكى زىنىخىغا يۇزمىڭ ھايات ئەسىر بولسا، شۇ زىناقىنىڭ چوڭقۇرىدا يۇزلىگەن يۇسۇپنى① ئەسىر قىلاتتى.)

زۇلپىدىن سالىب چىقارۇرغا كەمەند،
كوبراق ئەيلەب بۇ كەمەند ئول ئىلنى بەند.
(ئۇ چىچىدىن سالغا ياساپ، نۇرغۇن خەلقنى ئۇ سالغا بىلەن ئوزىگە ئەسىر قىلاتتى.)

① شەرق داستانلىرىدىكى مەشھۇر گۈزەل يۇسۇف ئەلەيھىسسالام.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەۋقى غەبغەب ئۇل زەقەن ئاستىدا نۇن،
ئاب ھەيۋانغا ھۇباب، ئەمما نىگۇن.
(ئۇنىڭ ئېڭىكىنىڭ ئېگىلىشى گويا كى ئېڭىكى ئاستىدا "ن" (نون) ھەرپىگە ئوخشايتتى، ئابىھاياتنىڭ ئۈستىدىكى كوپۇككە ئوخشايتتى، ئەمما تۆۋەنگە قاراپ تۇراتتى.)

ھەم قەدىنىڭ نەخلىغە جان جىلۋەسى،
ھەم فىراقى ئاب ھەيۋان جىلۋەسى.
(ئۇنىڭ قەددى - قامىتى گويا كى يېڭى ئۇسۇۋاتقان كوچەتتەك بولۇپ ئۇنىڭدا جان جىلۋە قىلاتتى، چىرايلىق مېڭىشلىرى ئابىھاياتنى بەخش ئېتەتتى.)

كوز بىلە لەئلى ئەجەب سەنئەت تۈزۈپ،
ھەر نىچە ئۇل ئولتۇرۇب، بۇ تىرگۈزۈپ.
(كوزى بىلەن قىزىل لېۋى ئاجايىپ بىر سەنئەت كورسەتتى، كوزى ئادەملەرنى ئۆلتۈرسە، لېۋى ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرەتتى.)

جىسمى گولگون، كوڭلىگى گۇل ئۈزرە گۇل،
كورماگىدىن تابىسىز يۈزمىڭ كوڭۇل.
(ئۇنىڭ بەدىنى گۇل رەڭلىك، كىيگەن كىيىمى گويا كى گۇل ئۈستىگە گۇل يېيىپ قويغاندەك، ئۇنى كورۇپ يۈزمىڭلىغان كوڭۇللەر تاقەتسىزلەندى.)

كوڭلەك ئۈزرە نەچچە ھۇللە رەڭگى - رەڭ،
سەنئەتىدە جان چېكىپ رومۇ پەرەڭ.
(كوڭلەكنىڭ ئۈستىگە كىيگەن رەڭمۇ - رەڭ كىيىملىرىگە رۇم ۋە پەرەڭلەر جان تىكىپ ھونەر كورسىتىپ ئىشلىگەن ئىدى.)

ھۇللە رەڭگى نىچچە كىم قاتىل بولۇپ،
ئەتىردىن يۈز جان يەنە ۋاسىل بولۇپ.

(كىيىملەرنىڭ گۈزەل رەڭدارلىغى كىشنى قەدەر ئولتۇرسە، ئۇنىڭ مەزىلىك پۇراقلىرىدىن ئۆلگەنلەرگە يۈزلىگەن جان يېتىشەتتى.)

كاپىرى قاتىل كوزىدىن بارچە كام،
بۇكى دىن ئەھلىغە سالغان قەتلى كام.

(بارلىق مەقسەتلىرى ئۇنىڭ رەھىمسىز قاتىل كوزىدىن ھاسىل بولاتتى، ھەممىدىن دەھشەتلىكى شۇكى دىن ئەھلىگە ئۇنىڭ كوزى ئومۇمى قىرغىن سالاتتى.)

كىمكى قىلسا ساچ زۇننارىن خىيال،
دىن ۋە ئىمانىنى ئەيلەب پايىمال.

(كىمكى ئۇنىڭ ساچلىرىدىكى زۇننار زىننەتلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلسا، دىن ۋە ئىمانىنى دەپسەندە قىلاتتى. دىندىن - ئىماندىن ۋاز كېچەتتى.)

ھوسنى لوتپى جان ئارا يەر تۇتقۇدەك،
بىر ئاياق سۇ بىرلە بەلكىم يۇتقۇدەك.

(گۈزەللىگى، مۇلايىملىغى جاننىڭ ئىچىدە ئورۇن ئالاتتى، ئۇزىنى بىر پىيالە سۇ بىلەن يۇتۇۋېتىشكە لايىق ئىدى.)

شۇئلەئى ھوسنى سالىب دەۋرانغا ئوت،
ئاتەشىن لەئلىدىن ئەمما جانغا ئوت.

(گۈزەللىگىنىڭ شوئلىسى زامانغا ئوت ياقسا، ياقۇتتەك ئوتلۇق لېۋى جانغا ئوت ياقاتتى.)


Altun0q

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاپىب ئاتەشگاھ ئىشقىن ئەھلى ھۇش،
بارچەسى سۇزەندەئى زوھھار كۇش.
(ھۇش ئەھلى ئۇنىڭ ئىشقىنىڭ ئوت مەيدانىغا ئۇچراشسا، تەقۋا-
دارلىقلىرىنى ئوتتا كويدۇرۇپ ئولەتتى.)

قەسىر ئوز بۇ شەكىل ئىلە تەرسا قىزى،
بەل قۇياش ئايۋانىدا ئەيسا قىزى.
(ئۇ بىنا ئۇستىدە بۇ شەكىل بىلەن كورۇنگەن خىرىستىيان قىزى،
بەلكى قۇياش سىپىتىمىسىدا تۇرغان ئەيسانىڭ قىزى ئىدى.)

شەيخ كوڭلىگە چاقىلغاچ ئۇيلە بەرق،
شۇئلە دەرياسىغا بولدى جان غەرق.
(شەيخ سەنئانىنىڭ كوڭلىگە چاقماق نۇردەك ئۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ
ھوسنى نۇرى، يالقۇنى دەرياسىغا جىنى غەرق بولدى.)

ئاسىردى كوپ ئوزنى ئىستىغپار ئېيتىب،
ئاغزىدا "لاھەۋلە" نى تەكرار ئېيتىب.
(ئۆزىنى كوپ تۇتتۇۋېلىپ دۇئا ۋە ئىستىغپار ئېيتىپ، "لاھەۋلە"
نى تەكرار ئوقۇدى.)

شوخ ئاچقاچ شۇئلەئى رۇخسارىنى،
ئورتىدى "لاھەۋلە" ئىستىغپارىنى.
(بۇ شوخ گۈزەل يۈزىنى كورسىتىپ جامالىنىڭ شولىسىنى ئېچىش
بىلەن شەيخنىڭ "لاھەۋل"، "ئىستىغپارى" نى كويدۇرۇپ يوقاتتى.)

بولمىش ئېردى جىسمى تۇپراقتا نىگۇن،
بىردەم ئول ئويگە ئەسا بولدى سوتۇن.

(شەيخ سەنئاننىڭ ۋۇجۇدى يەرگە دۇم يىقىلىپ، قولىدىكى ھاسىـ
سى بىردەم ئۇ بىناغا تۈۋرۈك بولۇپ ياتتى.)

ئارقاسىن قويدى قەدەم دىۋارغە،
ھەيرەت ئەيلەب ئول غەرىب ئاسارغە.
(شەيخ ئارقىسىنى تامغا قىلىپ، بۇ ئاجايىپ ۋەقەگە ھەيران
بولدى.)

ھەم ئەسا ھەم جىسمىغە يەتتى شىكەست،
ھالىدىن بارديۇ بولدى يەرگە پەست.
(شەيخنىڭ ھاسا تايىقى ۋە جىسمى يىمىرىلدى، ھالىدىن كېتىپ
يەرگە يىقىلدى.)

تۇشتى جانى پاك پەرجامىغا ئىشق،
كىردى قاندەك يەتتى ئەندامىغە ئىشق.
(پاك جېنىغا ۋۇجۇدىغا ئىشق ئوتى چۈشتى، ئىشق بەدەندىكى قانـ
دەك ئۇنىڭ يەتتە ئەزاسىغا تارقىدى.)

گاھ بى ھال ئىېردى گاھ ئۆز ھالىدا،
لال ئولۇب ئەسهاب ئۇنىڭ ئەھۋالىدا.
(شەيخ گاھ ھالسىز ئىدى، گاھ ئۆز ھالىغا كېلەتتى، ئۇنىڭ ئەتـ
راپىدىكى مۇرىتلىرى شەيخنىڭ ئەھۋالىغا ھەيران بولاتتى.)

ھەيرەت ئەيلەب بىر بىرىگە باقىبان،
باش قويىي ئەيلەب ئاۋۇجلاب قاقىبان.
(مۇرىتلار ھەيران بولۇشۇپ بىر بىرىگە قارىشاتتى. بېشىنى توۋەن
سېلىپ ئۆزىنى كاچاتلىشاتتى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هالىغە ئاخشامغىچە ھەيران قالىب،
بەلكى ئۆز هالىغە سەرگەردان قالىب.
(ئۇلار شۇ كۈنى كەچكىچە شەيخنىڭ ھالىغا ھەيران قىلىشتى، بەلكى
مۇرىتلار ئۆز ئەھۋالىغا، سەرگەردانلىقىغا ھەسرەت قىلىشاتتى.)

تۈن ساۋادى قىلدى چۈن تۈننى قارا،
زۇلمەتى كۇفىر ئول سۈپەتكىم دەير ئارا.
(تۈننىڭ قاراڭغۇلۇقى گويا كى بۇتخانىدىكى كۈپىرنىڭ زۇلمەت-
قاراڭغۇلىقىدەك ئىدى.)

ئول قارا كۈن باشىغە كەلگەن قارى،
روزگارى ھەم قارا تابەئلىرى.
(بېشىغا مۇنداق قارا كۈن كەلگەن شەيخنىڭ ھاياتى ۋە مۇرىت-
لىرىنىڭ ھاياتى قاراڭغۇلاشتى.)

قالدىلار مۇغ دەيرىنىڭ تۇپراغىدا،
قايسى تۇپراغكىم بەلىيەت تاغىدا.
(شەيخ بۇتپەرەسلەرنىڭ تۇپرىغىدا، بەلكى بەلالار تېغىنىڭ
ئاستىدا قالدى.)

شەيخنىڭ باشىغە كەلدى ئويلە كۈن،
كىم، كىشى كورمايدۇ ئۇنداغ تىرە تۈن.
(شەيخنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇنداق كۈننى ۋە قاراڭغۇ زالالەت
تۈننى ھېچ كىشى كورمىسۇن.)

كوككە يايىب پەردەئى ئىد بارلار،
ھەر يان ئەختەردىن قاقىب مىسمارلار.

(ئاسمانىنىڭ بەختسىزلىكىنىڭ پەردىلىرى يېپىلغان، ھەر ياققا يۇل-تۇزلاردىن قوزۇقلار قېقىلغان.)

چەرخ ئەشكىن ئاققۇزۇرغا مەيىل ئېتىب،
كوكنىڭ ئەتراپىنى قىرا ئەندۇد ئېتىب.
(پەلەك شەيخنىڭ كوز ياشلىرىنى ئاققۇزۇشپ خورلاپ، پەلەك ئوز ئەتراپىنى ئىس-تۇمان تۇتەكلەر بىلەن سۇۋىدى.)

تارتىبان گەردۇن تەھەررۇكدىن فاراغ،
ئورنىدىن تەۋرەنمەي ئول يەڭلىغ كى تاغ.
(ئالەم ھەركەتتىن توختاپ، تاغدەك تەۋرەنمەي جىم بولۇپ كەتتى.)

چەرخ دەرد ئەھلىغە بىداد ئەيلەبان،
تاغ-تاغ ئەندۇھ ئىجاد ئەيلەبان.
(پەلەك ئاشىقلارغا زۇلۇم قىلىپ تاغ-تاغ قايغۇلارنى ئىجات قىلدى.)

دەھرنى ئول تاغ ئىچرە ياشۇرۇب،
يۇز تۇمەن مىڭ تاشلار ھەم ياغدۇرۇب.
(زامانىنى شۇ غەم-قايغۇ تېغىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ، يۇز تۇمەن مىڭ بالا تاشلىرىنى ياغدۇردى.)

كوزلىرىن ئەختەر قىلىب گوھەر پەشان،
شەيخ ئەھۋالىغا شۇخدىن نىشان.
(پەلەك كوزلىرىنى يولتۇز قىلىپ، گوھەر چېچىپ، شەيخكە نازىنىنىڭ كەرەشمەلىرىنى كورسەتتى.)

بارچە دەير ئەھلىغە بۇ ماتەم سادا،
كەيدۇرۇپ ئانىڭ ئازاسىدە قارا.
(پۈتۈن بۇتخانا ئەھلىگە بۇ ماتەم ساداسى بولدى، پەلەك
شەيخنىڭ تەزىيىسى ئۈچۈن قارا كىيىم كىيدۈردى.)

شەيخ مەزلۇم، گىرىپتارى، نەھىب،
تۇشمىگەن ئىش باشىغە تۈشكەن زەئىف.
(شەيخنىڭ بېشىغا ھېچكىم كۆرمىگەن خورلۇق، گىرىپتارلىق، زەئىپ-
لىك، بىچارىلىقلار كەلدى.)

ئىشق زالىم زۇلمىدىن زارۇ نىزار،
دەير تۇپراغىدا ياتىپ خارۇ زار.
(ئۇ زالىم ئىشقىنىڭ زۇلمىدىن زار-زار، بىچارە بولۇپ بۇتخانا
تۇپرىقىدا خارلىنىپ ياتاتتى.)

ئىشق ئەيلەب روزگارىن ھەم قارا،
تۈن خۇد ئەيلەب بار-يوقىن ھەم قارا.
(ئىشق ئۇنىڭ كۈندۈزىنى قارا قىلىۋەتتى، كېچە ھەم ئۇنىڭ
ھاياتىنى، ۋۇجۇدىنى قارا قىلىۋەتتى.)

يۈز بەلا جانىغا چۈن بولدى نەسىب،
دەر ئىدى ھالىغا ئەيلەب ئول غەرىب.
(ئۇنىڭ جېنىغا كەلگەن يۈز تۈرلۈك بالالارغا قاراپ، ئۆز ھالىغا
ئەجەپلىنىپ شۇنداق دەيتتى:)

كىم بولۇر ھەر لەھزە رەنج ئەفزۇن ماڭا،
نى ئىدىكىم، قىلدىڭ ئى گەردۇن ماڭا.

(ھەر نەپەستە دەرت ـ ئەلەملەرنى ئارتتۇرسەن!؟ ئەي پەلەك، بۇنداق قىلىشلىرىڭ نىمە ئۈچۈن ئىدى.)

ئاپپيەتتىن ئىشق سارى باشلىدىڭ،
يۈز يانار ئوت ئىچرە ئالىب تاشلىدىڭ.
(تىچ، خاتىرجەملىك تەرەپتىن ئاشىقلىق تەرەپكە باشلاپ، يېنىپ تۇرغان ئوتنىڭ ئىچىگە تاشلىۋەتتىڭ.)

كوزگە ئەۋۋەل كورگۈزۈپ مىھرى مۇيىنز،
ياشۇرۇب غەم شامىغە قىلدىڭ ئەسىر.
(بالدىر كوزگە نۇرلۇق قۇياشنى كورسىتىپ ئاندىن ئۇنى يوشۇرۇپ قايغۇ كېچىلىرىگە تۇتقۇن قىلدىڭ.)

قايسى شامى كىمكى كوك جەۋپى ئارا،
ئاپرىنىش ئارىزىن قىلدىڭ قارا.
(قايسى بىر شامنى ئاسماننىڭ ئىچىدە ياراتىپ، ئۇنىڭ شولىسى بىلەن ئالەم يۈزىنى قارا قىلدىڭ؟)

دەۋزەخى غەم دۇدى ئالەمنى تۇتۇب،
شوئلەسىن كوڭلۇم ئوتىدىن يارۇتۇب.
(غەم دەۋزىخىنىڭ ئىسى بىلەن ئالەمنى قاپلاپ، ئۇنىڭ شولىسىنى كوڭلۈمنىڭ ئوتىدىن يورۇتتۇڭ.)

”ئاللا ـ ئاللا“ نى كېچەدۇر بۇ كېچە،
سۇئب مۇنداق يارەب ئولغايمۇ كېچە.
(ئەي ئاللا ... نىمە دىگەن كېچە بۇ! ئەي خۇدا! كېچە شۇنداق قاتتىق بولامدۇ!)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۆتكاردب مەن كوب سوئۇبەت كېچەلار،
كورمەدىم مۇنداق ئۇقۇبەت كېچەلار.
(مەن ئۇزۇغۇ قاتتىق كېچىلەرنى ئۆتكۈزگەن بولساممۇ، بۇنداق ئازاپ كېچىلىرىنى كورمىگەنتىم.)

تۇن ئىمەس دەۋزەخ ئۇتىنىڭ دۇددىدۇر،
يا پەلەكنىڭ ئاھ قىرا ئەندۇدىدۇر.
(بۇ كېچە ئەمەس، دەۋزەخ ئۇتىنىڭ ئىس تۈتۈنلىرىدۇر، ياكى پەلەكنىڭ ئاھ-زارلىرىدىن ئورلىگەن قارا گازلىرىدۇر).

بۇيلە تۇن يارەب نەمۇدار بولمىسۇن،
ئاندا ھېچ ئادەم گىرىپتار بولمىسۇن.
(ئەي خۇدا، بۇنداق تۈننى كورسەتمە، ئۇنداق تۇنگە ھېچ ئادەم-نى گىرىپتار قىلما.)

بىلمان ئايا تۇن بەلاسىنمو دېيەىن،
ماڭا تۇشكەن كۇن بەلاسىن دېيىن.
(بىلمەيمەنكى، تۈننىڭ بالاسىنى دەيمۇ، بېشىمغا چۈشكەن كۈندۈز-نىڭ بالاسىنى دەيمۇ ؟)

جىسىم، ئەزا، ھەۋاس ۋە ئەقىل، ھۇش،
ئىشقىدىن بولدىلار ئانداق پەردە پۇش.
(جىسمىم، سەزگۈ ئەزالىرىم ۋە ئەقلىم-ھۇشۇم ئىشق سەۋەبىدىن يېپىلىپ قالدى.)

كىم دېگەيسەن كىم بارى مەۋجۇد ئەمەس،
ئىشق بىدادىدا جۇز نابۇد ئەمەس.

(كىمنى دىسەڭ ئۇ يېنىڭدا يوق، ئىشقىنىڭ زۇلمىدا يوقلۇقتىن بولەك نەرسە مەۋجۇت ئەمەس.)

پىكىرىمدە ئانچە يوق تەبۇ ـ تاۋان،
ئەشكىدەك كويىدا بولغۇنچە راۋان.
(ئوي ـ تەپەككۇرىمدا ھېچ كۈچ ـ قۇۋۋەت يوق، كوز يېشىم ئۇنىڭ كوچىسىدا ئاققاندەك مەن يۈرەلمەيمەن.)

باشىمە يوق ئانچە قۇۋۋەت ئۇرغىلى،
تاش ئۇزە غەم پەرتىدىن سۇندۇرغىلى.
(بېشىمغا ئۇرۇشقا، ياكى بېشىمنى تاشقا ئۇرۇپ سۇندۇرۇشقا قۇۋۋىتىم يوق.)

كوز قانى ئول ئاي يۈزىگە سالغۇچە،
ئول قۇياش ئەنۋارىدىن نۇر ئالغۇچە.
(مەندە ئۇ گۈزەلنىڭ يۈزىگە قارايدىغان كوز نەدە؟، ئۇ قۇياش نۇرلىرىغا قاراپ نۇر ئالىدىغان كوز نەدە؟)

يۈز قانى سۇرتەرگە ئول دەرگاھغە،
قىل تەزەررۇ ئەيلىگەندەك شاھغە.
(مەندە ئۇ، ئۇلۇغ دەرگاھقا سۇرتۇپ تاۋاپ قىلىدىغان يۈزۈم قېنى؟ قۇل پادىشا ئالدىدا زارلىنىپ ئىگىلگەندەك ئىگىلىدىغان ئەگراشلىرىم قېنى؟)

قول قانى كوكسۇمگە خارا قىلغۇدەك،
باشىمە تۇپراقلار ساۋۇرغۇدەك.
(بېشىمغا توپا سورىغىدەك، كوكسۇمنى تاتىلىغۇدەك قول نەدە؟)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هۇش قانى ئەيلەگۈنچە ئۇزنى زەبت،
بەرمەگۈنچە يول دىماغ ئويىگە خەبت.
(ئۇزەمنى تۇتۇۋالغىدەك ھۇش نەدە؟ ھۇش، ئەقلىم، مىڭە تەپەككۇرىمدىكى جۇنۇنلۇق ۋە ئەقىلدىن ئېزىشلارنى تۇزىتىشكە يول قويمىغاندىن كېيىن.)

قانى ئەقىل، ئەتكۈنچە ئىش تەدبىرىنى،
قىلغۇچە ۋەيران كوڭۇل تەئمىرىنى.
(ۋەيران بولغان كوڭۇل بىناسىنى قايتا قۇرۇشقا ئىشنىڭ تەدبىرىنى تاپقىدەك ئەقىل نەدە؟)

قانى سەبىر، ئەتكۈنچە دەردىم چارەسىن،
كىم داۋا قىلغۇنچە باغرىم يارەسىن.
(دەردىمگە چارە قىلغۇدەك، باغرىمنىڭ يارىسىغا داۋا قىلغۇدەك سەۋرى نەدە؟)

غەم يىگۈنچە ھالىمە قانى كوڭۇل،
كىم ئېرۇر ھالال ئۇلۇك سانى كوڭۇل.
(ھالىمغا غەم يىگۇدەك كوڭلۇم نەدە؟ چۈنكى كوڭۇل ھازىر ئۇلۇككە ئوخشاشتۇر.)

بىر نەپەس ئۇرغۇنچە بارى جان قانى،
كىم كوڭۇلدەك ھەم تاپا ئالماس ئانى.
(بىر نەپەس ئالغىدەك جان نەدە؟ ئۇنىمۇ كوڭلۇمگە ئوخشاش تاپقىلى بولمايدۇ؟)

ماڭا بۇ يول، نى بەلالىغ يول ئىدى،
ھەرنىكىم ئاندىن بەتەر يوق ئول ئىدى.

(ماڭا بۇ يول نىمدىگەن بالالىق يول ئىدى؟ ھەر قانداق يول
ئۇ يولدىن يامانراق بولمىغان بولغىدى؟)

كاش ھەرگىز بولمىغاي ئېردىم تىرىك،
ئۆمرىنى كورگۈنچە بۇ يەڭلىغ ئېرىك.
(مۇشۇنداق قىيىن ھاياتنى كورگىچە، كاشكى ھەرگىز تىرىك
بولمىغان بولسام ئىكەن.)

نىتى ئىسسە ئەردى بىر بەرقى خەتەر،
قويمىسا ئېردى ۋۇجۇدۇمدىن ئەسەر.
(خەتەرلىك بىر چاقماق سوقۇپ، ۋۇجۇدۇمدىن ئەسەر قويماي
كويدۇرۈۋەتسە نىمە بولار ئىدى؟)

دوستلار نىتى مەدەد يەتكۇرسىڭىز،
جەم ئۇلۇپ مەن زارنى ئۇلتۇرسىڭىز.
(دوستلار، مەدەت يەتكۈزسەڭلار نىمە بولار؟! يىغىلىپ كېلىپ
مەن بىچارىنى ئۇلتۇرسەڭلارچۇ!)

تا قۇتۇلسە، دەھر ئارىمدىن مېنىڭ،
دەھر ئىلى ئەفغان، زارىمدىن مېنىڭ.
(تاكى دۇنيا مېنىڭ نومۇسۇمدىن قۇتۇلسا، جاھان خەلقى مېنىڭ
يىغا-زارىمدىن قۇتۇلسا.)

جانىمە ئەسھاب، تاغى قەتىل ئۇرۇڭ،
كويدۇرۇپ ھەريان كۇلۇمنى ساۋۇرۇڭ.
(مۇرىتلىرىم، قىلىچ بىلەن جېنىمغا ئۇرۇپ جەسەدىمنى كويدۇرۇپ،
كۇلۇمنى ھەر تەرەپكە سورۇڭلار!)


AltunOq

www.uyghurkitap.com

تا جاھاندا بۇيلە رەسۋا بولمايىن،
بىر ئۆلەي يۈز قاتلا ھەردەم ئۆلمەيىن.
(جاھاندا بۇنداق رەسۋا بولماي، بىرلا ئۆلەي، يۈز قېتىم ئۆلمەي.)

ھالىغە ئەسھاب ھەيران يىغلابان،
ھەردەم ئانىڭ دەردىدىن قان يىغلابان.
(مۇرىتلار شەيخنىڭ ھالىغا ھەيران بولۇپ يىغلاشتى، ئۇنىڭ تارتىۋاتقان دەردىدىن ھەر نەپەس قان يېشىنى توكۈپ يىغلاشتى.)

جەمئ ئۇلۇبان بۇ گۇروھى مۇستەمەند،
شەيخغە ھەربىر بېرىب يۈز نەۋئى پەند.
(بۇ غەم-قايغۇدا قالغان كىشىلەر يىغىلىشىپ ھەر بىرى شەيخغە تۈرلۈك نەسىھەتلەرنى قىلدى.)

شەيخ ئۇلارنىڭ پەندىنى پەھم ئەتمەيىن،
نۇكتە مەئناسىغا داغى يەتمەيىن.
(شەيخ ئۇلارنىڭ نەسىھىتىنى پەم قىلالمايتتى، سوزلەرنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى.)

ئەقلى مىزانى بىلە قىلغان خىتاب،
ئىشق تەۋرىدە تاپىب ئاندىن جاۋاب.
(ئەقىلغە مۇۋاپىق سوزلەر ئېيتىلسا، شەيخ سەنئىمان ئۇلارغا ئىشق تەرزىدە جاۋاپ قايتۇراتتى.)

بىرى دەپ كى ئى مورشىدى ئەرباب دىن،
خاكراھىڭ سۇرمەئى ئەرباب دىن.
(بىرى شەيخغە دىدىكى، ئەي دىن ئەرباپلىرىنىڭ يولباشچىسى،

ماڭغان يولىڭىزنىڭ تۈپرىغى دىن ئەربابلىرىنىڭ كوزىگە سۈرتىدىغان سۈرمىسىدۇر.)

كىمسە يولىندا بولۇر بۇ ۋارىدات،
ئۆزنى زەبت ئېتكەن تاپار خەيرى نىجات.

(كىمنىڭ يولىدا مۇشۇ خىل ئىشلار يۈز بەرسە، ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالىسا، ياخشى نىجاتلىق تاپىدۇ.)

دىدى ئەي پەرزەنت دەي ئۆزلۈك قانى؟
تاكى مەن ھەم زەبت قىلغايمەن ئانى.

(شەيخ دىدىكى، ئەي پەرزەندىم، ئۆزۈمدە ئۆزلۈگۈم قېنى؟ ئۆزلۈ-
گۈم بولىدىغان بولسا، ئاندىن تۇتىمامدىمەن.)

بىرى دەپ كىم، بۇ ئېرۇر شەيتان ئىشى،
زىكىر ئىلە ئاندىن تاپار مۇخلەس كىشى.

(بىرى دىدىكى: بۇ شەيتاننىڭ ئىشى، خۇدانى ياد ئېتىش بىلەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ.)

شەيىخ دەپ جەمىيەت ئاندا شەرت ئېرۇر،
مەن پەرىشانمەن نە خاسىيەت بېرۇر.

(شەيخ شۇنداق دىدىكى: ئۇنداق قىلىش ئۈچۈن خاتىرجەملىك شەرت ئىدى، مەن پەرىشانغا ئۇنىڭ نىمە خاسىيىتى بولسۇن؟)

بىرى دەپ كىم مۇقتەدايى ئەھلى زار،
بۇ بەلا دەفئىغە ۋاجىبدۇر ناماز.

(بىرى دىدىكى، ئەي تەڭرى ئەسرار ئەھلىنىڭ پېشۋاسى، بۇ بالانى يېڭىشكە ناماز ئوقۇش لازىم.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەيخ دەپ كىم، ئۇرما بۇ مەئنىغە دەم،
تىلبە دۇرمەن تىلبەغە يوقدۇر قەلەم.
(شەيخ دىدىكى، بۇ توغرىدا گەپ قىلما، مەن بىر ساراڭ-
نىڭ خاتالىقلىرى ھىساپقا ئېلىنمايدۇ. يېزىلمايدۇ.)

بىرى دەپ كىم، قوب تاھارەت ئەيلەگىل،
ئىل گە تائەتكە ئىشارەت ئەيلەگىل.
(يەنە بىرى، ئەي شەيخ، تاھارەت ئېلىپ، خەلقنى تائەت-ئىبا-
دەتكە ئۈندىسىڭىز، دىدى.)

شەيخ دەپ كىم غەرقى بەھرى فەنا،
بولماشام، مەندىن نە ئىستەرسەن يانا.
(شەيخ: مەن يوقلۇقنىڭ دەرياسىغا غەرق بولغان تۇرسام، مەندىن
يەنە نىمە ئىستەيسەن؟ دىدى.)

بىرى دەپ تەسبىھ گە مەشغۇل بول،
بۇ پەرىشان ھالدىن مەئزول بول.
(يەنە بىرى: ئەي شەيخىمىز بۇ پەرىشان ھالدىن قۇتۇلۇش
ئۈچۈن، تەسبىھ-تەھلىل ئېيتىش بىلەن مەشغۇل بولۇڭ! دىدى.)

شەيخ دەپ كىم كوز ياشىمدىن ئۆزگە سۇ،
قان كېلۇر ھەردەم بېغىردىن كوزگەمۇ.
(شەيخ دىدىكى، كوزۈمدىن ئاققان ياش جىگەر-باغرىمدىن
كەلگەن قاندىن بولەك نەرسە ئەمەس.)

بىرى دەپ كىم غۇسلى پاك ئەيلەب كوكۇل،
پارىخ ئەت غەمدىنكى بۇ توغرا كوكۇل.

(يەنە بىرى، غۇسلى قىلىپ (يۇيۇنۇپ)، كوڭۇلنى پاك قىلىپ، كوڭۇلـ
نى غەمدىن قۇتۇلدۇرۇڭ! دىدى.)

شەيخ دەپ تەسبىھ ئۇزدى تارىنى،
چەكتىم ئۇنداق رىشتەئى زۇننارىنى.
(شەيخ تەسبىھىنىڭ يىپى ئۈزۈلدى، ئەمدى مەن زۇننار (بويۇنغا
ئېسىۋالىدىغان بوت) نىڭ يىپىنى تۇتتۇم.)

بىرى دەپ مىسۋاك غە قىل ئىلتىجا،
ئاغزىڭغا سالىپ كىيتۇر سۇننەت بىجا.
(يەنە بىرى: مىسۋاك بىلەن ئاغزىڭىزنى پاكىز يۇيۇپ، سۇننەتنى
ئادا قىلىڭ! دىدى.)

شەيخ دەپ مىسۋاك ئەگەر قىلسام ھەۋەس،
ئەجىز ھەيرەت بارماغى ئاغزىمدا بەس.
(شەيخ دىدىكى، مىسۋاك بىلەن ئاغزىمنى تازىلىماقچى بولسام
ئاجىزلىق ۋە ھەيرانلىق بىچارىلىق مىنىڭ ئاغزىمدا بار، بۇ ماڭا
يىتەرلىك.)

بىرى دەپ سەھۋە ئەگەر تۇتسا ۋۇجۇد،
ئوزرىگە تۇپراق ئۇپۇب قىلغىلى سۇجۇد.
(يەنە بىرى: خاتالىق يۈز بەرگەندە، تۇپراقنى سۆيۈپ سەجدە قىلىش
لازىم! دىدى.)

شەيخ دەپ كىم، ئاقىزىپ قان ياشىنى،
ئالماغۇمدۇر بۇ ئىشىكدىن باشىنى.
(شەيخ قان ياشلىرىنى ئېقىتىپ يىغلاپ تۇرۇپ، بۇ ئىشىكتىن
بېشىمنى ئالالمايمەن! دىدى.)

بىرى دەپ كىم، رۇمغە بولدى سەپەر،
كەئبەنى قىلماق كېرەك ئەمدى مەقەر.
(يەنە بىرى دېدىكى، رۇمغا سەپەر قىلىپ كەلدۇق، ئەمدى كەئبە-
بەيتوللانى ماكان قىلايلى، كەئبەغە كېتەيلى.)

شەيخ دەپ كىم ئاندا قىلغانىنى تەلەب،
مۇندا تاپتىم نى چېكاي ئۇل يان تەئەب.
(شەيخ: كەئبەدىن تەلەپ قىلىپ تاپىدىغاننى بۇ يەردىن تاپتىم،
نىمىشقا جاپا چېكىپ ئۇيان بارىمەن؟ دېدى.)

بىرى دەپ كىم يۈزلىنىپ سەھرا سارى،
ۋەقتىدۇر ئەزم ئەيلەسەك بەتها سارى.
(يەنە بىرى: سەھرا ياقىا يۈزلىنىپ مەككە مۇكەررەمەگە سەپەر قىلىد-
ساق دېدى.)

شەيخ دەپ كىم مۇندا تاپتىم ئانى مەن،
رۇم بارىدا نىتاي بەتھانى مەن.
(شەيخ: مەككىنى بۇيەردىن تاپتىم، رۇم بار تۇرۇپ مەككىنى
نىمە قىلاي؟ دېدى.)

بىرى دەپ كىم چۈن سەپەر بولدى تامام،
ئەيلەمەك خۇشدۇر ۋەتەن سارى خورام.
(يەنە بىرى، سەپىرىمىز تامام بولدى، ئەمدى يۇرتقا قايتىپ
كەتكىنىمىز ياخشى! دېدى.)

شەيخ دەپ كىم، گويىيا كىم زۇلمەنەن،
بىزگە دەير ئەتكەندۇرۇر ئەسلى ۋەتەن.

(شەيخ، بىزگە خۇدا مۇشۇ بۇتخانىنى ئەسلى ۋەتەن قىلغاندۇر دىدى.)

بىرى دەپ كىم چۈن ماشايىخغە بۇ ئىش،
يەتسە، بىزگە يەتكەي ئۇسرۇ سەرزەنىش.
(يەنە بىرى: بىزنىڭ پىرلىرىمىز مۇشۇنداق قىلىدىغان بولسا، بىزگە كوپ جاھان ئەھلىدىن تاپا - تەنە ۋە ھاقارەت كېلىدۇ، دىدى.)

بىرى دەپ كىم ھەددى ھالاتىڭ قانى،
زۇھد ئىلە پاكىزە ئەۋقاتىڭ قانى؟
(يەنە بىرى: ھالىڭىزنىڭ چەك - چېگرىسى نەگە كەتتى، ئىبادەت بىلەن بولىدىغان پاكىز ۋاقتىڭىز نەگە كەتتى؟ دىدى.)

شەيخ دەپ يوقدۇر بولا بىرلە ئىشىم،
كىم خاراباتە ئىچرەدۇر ئىستەر كىشىم.
(شەيخ، بۇلار بىلەن ئىشىم يوق، مېنىڭ ئىزلەيدىغان كىشىم مەي - شاراپخانىلار ئىچىدە دىدى.)

شەيخ دەپ كىم دەيىر ئارا ھالات ئېرۇر،
كىم تۇپەيلى ئۇزرە يۈز ئەۋقات ئېرۇر.
(شەيخ، بۇتخانا ئىچىدە ئۇزۇمگە خاس «ۋەجد» (روھى ھالەتلەر) بار، ئۇنىڭ تۇپەيلى ئۇستىدە يۈز تۇرلۇك ۋاقىتلىرىم بار دىدى.)

ئول كېچە ئول قەۋم ئوروپ يۈزپىچ تاب،
شەيخ ئەھۋالىغا ئەيلەب ئىزتىراب.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(شۇ كىچە ئۇ، مۈرىتلار شەيخنىڭ ھالىغا ئىچىنىپ ئاھايىتى بىارام بولۇشتى.)

تەئنە ئەيلەب شەيخ پەرۋا ئەتمەيىن،
پەندلەر ئېيتىپ بىرىگە يەتمەيىن.
(شەيخ قىلىنغان تاپا - تەنىلەرگە پەرۋا قىلمىدى، نەسىھەتلەرنىڭ بىرىنىمۇ ئاڭلىمىدى.)

تا سەھەر دەير ئەھلى غەۋغا ئەيلەبان،
ئەھلىدىن ھالىن تاماشا ئەيلەبان.
(سەھەر ۋاقتىدا بۇتخانا كىشىلىرى ۋاراڭ چۇرۇڭ قىلىشىپ كېلىپ، دىن ئەھلىنىڭ ئەھۋالىنى كورۇپ تاماشا قىلىشتى.)

ھەزل ئېتىپ دىن ئەھلى ئايىنى بىلە،
كوپ مۇباھات ئەيلەپ ئۆز دىنى بىلە.
(دىن ئەھلىنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ، مازاق قىلىشىپ، ئۆز دىنى بىلەن ماختىنىشتى.)

ئەھلىدىن بۇيلە تەمەسخۇرلەر قىلىپ،
ئۆز تەرىقىغە تاپاخۇرلەر قىلىپ.
(دىن ئەھلىنى مەسخىرە قىلدى، ئۆزلىرىنىڭ دىن يوللىرىغا پەخىرلەندى.)

شەك تۇتۇپ ئەندىشەئى گۇمراھ ئىلە،
لات لاسىن ئۇلار ئىللەللاھ ئىلە.
(گۇمراھلىقتا پاتقان پىكرى بىلەن، ئۇلار بۇتنى ھەق بولغان تەڭرىدىن ئۇستۇن قويۇشاتتى.)

ئول ئۇلۇسقا بۇ شاقاۋەت بىر سارى،
دەيىر ئەھلىدىن شاماتەت بىر سارى.
(ئۇ مۇرىتلارغا بۇ شەقىقىلىق گۇمراھلىق بىر سىرى بولسا، بۇتـ-
خانىدىكىلەرنىڭ تىل - دەشنام ھاقارەتلىرى بىر سىرى بولدى.)

شەيخ ئەسھابى ئىلە ئەسھابى دەيىر،
خاھى شەردىن نوكتە ئېيتىپ خاھى خەيىر.
(شەيخنىڭ مۇرىتلىرى بۇتخانىدىكى بۇتپەرەسلەر، ياخشى
يامانلىقلاردىن سوزلىشىپ مۇنازىرە قىلىشتى.)

شەيخ دەيىر ئەسھابىغا ئەمدار ئېيتىپ،
گەرچە دىن ئەھلىغە خىجلەتلەر يېتىپ.
(شەيخ بۇتپەرەستلەرنى قوللايتتى، شەيخنىڭ مۇنداق قىلـ-
مىشلىرىدىن دىن ئەھلىگە خىجالەتلەر يۈزلىنەتتى.)

تاڭ يورۇق بولغۇنچە مۇنداق تىرە ھال،
بۇ مۇسۇلمانلارغا يەتكۈردى مالال.
(تاڭ ئاتقىچە، بۇ زۇلمەتلىك ئەھۋال مۇسۇلمانلارنى تولىمۇ
خىجالەت - مالال قىلدى.)

چۈن يارۇغلۇق تىرەلىقنى قىلدى پەست،
چالدىلار ناقۇس ئەھلى بۇتپەرەست.
(يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇقنى يېڭىپ تاڭ ئېتىشىغا، بۇتخانا قوڭغۇرىغى
چېلىندى.)

چەرخ كورگوزدى قۇياش ئەنۋارىنى،
ئۇيلە كىم تەرسا قىزى رۇخسارىنى.

www.uyghurkitap.com

(تەرسا قىزى رۇخسارىنى كورسەتكەندەك، پەلەك قۇياش نۇرىنى
كورسەتتى، تاڭ ئاتتى.)

دەھىر ئەھلىغە ئۇزالدى ماجرا،
شەيخ ئىشقى بىرلە ئەھۋالى ئارا.

(شەيخنىڭ مۇنداق گومراھلىق ئەھۋالى جاھان خەلقىغە تارقاپ كەتتى. خەلقلەر شەيخنىڭ تەرسا قىزىغا ئاشىق بولۇپ گومراھ-لاشقان ئەھۋالى ھەققىدە سوزلىشەتتى.)

كۇفىر ئارا چۇشتى ئەجەب جەمئىيەتى،
دەيىر ئەھلى مىللەتىغە قۇۋۋەتى.

(كاپىرلارغا ئىتتىپاقلىق ۋە خوشاللىق يېتىشىپ، بۇتپەرەسلەر مىللىتىگە بىر كۈچ-قۇۋۋەت بولدى.)

دىن ئەھلىنىڭ خىجالىتى ھەددىدىن ئاشىپ،
شەيخنى تاشلاپ ئۇيالتىن تارقاشىپ.

(مۇسۇلمانلارنىڭ خىجالەت بولۇشى ھەددىدىن ئاشتى، ئۇيالتىن شەيخنى تاشلاپ تارقاپ كېتىشتى.)

شەيخ مەھزەل بولدى دەيىر ئەفغالىغا،
كىم، كۇلەرلەر ئىردى ئانىڭ ھالىغا.

(بۇتخانىدىكى ئۇششاق بالىلارغا شەيخ مەسخىرە بولدى، ئۇششاق باللار ئۇنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ كۇلۇشەتتى.)

ئول غەرىبۇ ئاشىقى زارى قارى،
يول ئۇزە ياتىب كوزى مەنزەر سارى.

(غېرىپ ۋە بىچارە قېرى شەيخ يول ئۈستىدە ياتاتتى. كوزى
تەرسا قىزنىڭ مەنزىرىسى تەرەپتە ئىدى.)

باسىب ئوتكەن ئەل قىلىب ئاندا ئاڭا،
يوق ۋەلى يۈز ئانچە دىمىن پەرۋا ئاڭا.
(كېتىۋاتقان كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ ئوتسە، يۈزلىگەن كىشىلەر
ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايتتى.)

مىھنەتىدىن غايىبۇ ھازىرغە رەھىم،
شىددەتىدىن مۇئمىنۇ كاپىرغە رەھىم.
(ئۇنىڭ تارتىۋاتقان دەردىنىڭ قاتتىقلىغىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ
ھەتتا كاپىرلارنىڭمۇ ئۇنىڭغا رەھمى كېلەتتى.)

لىك تەرسازادەئى ئاپاق سۆز،
شەيخنى ئول نەۋئى قىلغان تىرەرۆز.
(لېكىن دۇنياغا ئوت ياقىدىغان، شەيخنى مۇنداق قارا كۈنگە
دۇچار قىلغان تەرسا قىزى،)

دىن تەرىقىدىن مۇبەررا ئەيلەگەن،
كۇفىر دەيرى ئىچرە رەسۋا ئەيلەگەن.
(دىن يولىدىن شەيخنى بىزار قىلغان، ئۇنى كاپىرلىق بۇتخا-
نىسىدا رەسۋا قىلغان.)

پەردەدىن ئەيلەب نەزەر زادى سارى،
ياشۇرۇن باقىب گىرىپتارى سارى.
(پەردە ئارقىسىدىن بىچارە شەيخ زارلىنىپ يىغلاپ تۇرغان
گىرىپتارىغا قارايتتى.)


AltunOq

غەپلەت ئەيلەب چۈن كورۈپ بامالنى،
ئۆزگە كەلتۈرمەي ئانىڭ هالىنى.
(بىچارىنىڭ ئازاپلىق هالىنى كورسىمۇ كورمەسكە سېلىپ، ئۇنى ئۆز هالىغا كېلىشكە ئىمكانىيەت بەرمەيتتى.)

قەسد دىنو غارەتى جان ئەيلەبان،
لىك ئۆزنى گۈل ۋە نادان ئەيلەبان.
(دىنىغا قەست قىلىپ، جانىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلاتتى، لېكىن ئۆزىنى گول - بىلمەس قىلىپ كورسەتەتتى.)

فۇرقەتىدىن شەيخ جانى ئۆرتانىب،
بەلكى پەيدا ۋە نىهانى ئۆرتانىب.
(ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەي، شەيخنىڭ جېنى كويەتتى. بەلكى ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن بارلىغى كۆيەتتى.)

كۈندۈزى ئاخشامغىچە باغرى چاك - چاك،
كېچە تاڭ ئاتقۇنچە فۇرقەتتىن هىلاك.
(ئەتىگەندىن ئاخشامغىچە باغرى پارە - پارە بولسا، كېچىسى تاڭ ئاتقۇنچە جۇدالىقتا هالاك بولاتتى.)

هەرنەپەس بىرئايدىن ئارتىب مىهنەتى،
بۇ ئىدى بىر ئايغا تېكرۇ هالەتى.
(شەيخنىڭ هەربىر نەپەستە تارتقان جاپاسى بىر ئايلىق جاپادىن ئېشىپ كېتەتتى، ئەنە شۇ هالەت بىرئايدەك داۋام قىلاتتى.)

چۈنكى هەددىن ئوتتى دەردۇ رەنج ئاڭا،
تۇپراق ئولدى جىسمى غەم پەرۋەرد ئاڭا.

(ئۇنىڭ دەت ـ ئەلەملىرى ھەددىدىن ئاشتى، غەم ـ قايغۇ بىلەن بەدىنى تۇپراق بولۇپ كەتتى.)

كاپىرى زالىم سىرشتى ئىشۋەگەر،
يەنە ئول مەنزەردىن ئولدى جىلۋەگەر.
(كاپىر، زالىم تەرسا قىزى ناز كەرەشمە قىلىپ، يەنە شۇ مەنزەردىن جىلۋە قىلىپ ئۆزىنى كورسەتتى.)

ئوت سالىب ئالەمگە ھوسنۇ نازدىن،
سوردى ئول ئوفتادەسى نىڭ رازدىن.
(ئالەمگە ئوز ھوسنى ۋە نازى بىلەن ئوت يېقىپ، ئوزىگە ئاشىق گىرىپتار بولغان شەيخنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.)

كىم، ئايا ئىسلام ئىلىگە راھبەر،
دىن، ئىسلام ئەھلىگە ئىرشادگەر.
(كى، ئەي مۇسۇلمانلار نىڭ رەھبىرى، دىن ئىسلامغا يول باشلىغۇچى،)

چۇن ساڭا ئىردى تاۋاپۇ كەئبەفەن،
دەير ئىشىگىدە نىدىن تۇتتۇڭ ۋەتەن؟
(ساڭا كەئبەنى تاۋاپ قىلىش كەسپ بولغان ئىدى، نىمىشقا بۇتخانا ئىشىگىدە ۋەتەن تۇتۇپ قالدىڭ؟)

سېنى دەرلەر دىن ئېلىگە دەستىگىر،
كۇفىر دەيرىغە نەدىن بولدۇڭ ئەسىر.
(سېنى دىن ئېلىنىڭ قولىنى يېتەكلىگۈچى دەيتتى. كاپىرلىق بۇتخانىسىغا نەدىن ئەسىر بولۇپ قالدىڭ؟)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەنزىلدە بىر كېچە ئەھلى سەپەر،
تۇتسا تەسكىن، تاڭلاسى ئەيلەر گوزەر.
(يولۇچىلار بۇتخانىنىڭ بۇ قونالغۇسىدا بىر كېچە قونۇپ ئەتىسى مېڭىپ كېتەتتى.)

شەيخ كىم، بىرئاي سۈكۈن فەن ئەيلەمىش،
دەيىر تۇپراغىنى مەسكەن ئەيلەمىش.
(ئەمما شەيخ بىرئاي تۇرۇشنى خالاپتۇ، بۇتخانىنىڭ تۇپرىغىنى ماكان قىلىپتۇ.)

كۇفىر دەيىرىدا بولۇپ ئارام ئاڭا،
زۇلمەت ئەھلىدىن نى ئېرمىش كام ئاڭا.
(كاپىرلىق بۇتخانا ئۇنىڭ ئارام ئالىدىغان جايى بولۇپ، زالالەت قاراڭغۇلۇغىدا يۈرگەن ئادەملەردىن ئۇنىڭ مەقسىدى نىمە ئىكەن دىدى.)

شەيخ كورگەچ ئول جاھان ئارا جامال،
ئىستىما ئەتكەچ بۇ روھ ئەپزا ماقال.
(شەيخ دۇنياغا بىزەك بولغان بۇ گۈزەلنىڭ جامالىنى كورۇش بىلەن، ئۇ گۈزەلدىن روھ بەخش بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ،)

جۇملە ئەزاسىغە تۇتدى زۇئىپ يۈز،
گاھ ئېگىلدى جىسمى گاھى بولدى تۈز.
(ھەممە ئەزاسىغا بىر ئاجىزلىق يۈزلىنىپ بىردەم ئېگىلىپ، بىردەم تۈزلىنىپ تولغىناتتى.)

ھۇش ئېتىپ سۇستايدى ئۈزدىن بىخەۋەر،
جىسمىدە قالماي ھاياتىدىن ئەسەر.

(ھۇشسىزلىنىپ، ئۆزىنى بىلەلمەي قالدى، جىسمىدە تىرىكلىكتىن ئەسەر قالمىدى.)

دەيىر ئىلى ئەيلەپ گۇمان كىم، ئۆلدى ئول،
مىڭ يىل ئۆلگەنلەر بىلەن تەڭ بولدى ئول.
(بۇتخانا ئەھلى ئۇنى ئۆلدى، ئۆلگىنىگە مىڭ يىل ئۆتكەن ئۆلۈكلار بىلەن تەڭ بولدى دەپ گۇمان قىلىشتى. ئۇ گوياكى)

بىر كىچە ـ كۈندۈز ئۆلۈكلەر دەك ياتىب،
ئول سەنەم ھالىغا باشىن ئىرغاتىب.
(بىر كىچە ـ كۈندۈز ئۆلۈكتەك ياتتى، ئۇ گۈزەل ئۇنىڭ ھالىغا بېشىنى ئىرغىتاتتى.)

ھالىغا ھەيران قالىب كۆپپار ھەم،
رەھىم ئېتىب ئول قاتىل خۇنخار ھەم.
(ئۇنىڭ ھالىغا كاپىرلارمۇ ھەيران قالدى، ئۇ خۇنخور قاتىل گۈزەلمۇ ھەم رەھىم قىلغۇسى كەلدى.)

كەلدىلار باشىغا ئەھلى كۇفىردىن،
ئۇيلە كامىل ئىشقىغە دەب ئاپىردىن.
(بىرمۇنچە كاپىرلار ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بۇنداق كامىل ئاشىقلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدى.)

باشىنى تۇپراقتىن ئەيلەب بىيىك،
قىلدىلار مەلۇم ئېرمىش كىم، تىرىك.
(شەيخنىڭ بېشىنى تۇپراقتىن كوتىرىپ قاراپ بېقىپ، ئۇنىڭ تېخى تىرىك ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئىشقتىن ئەل كوڭلىگە تەسىر ئولۇب،
ئول سەنەم ھالىغا ھەم تەغيىر ئولۇب.
(ئۇنىڭ ئىشقى خەلقنىڭ كوڭلىگە تەسىر قىلدى، ئۇ گۈزەلنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۆزگەردى.)

قويدى مەقبۇلى باشى ئۇزرە ئاياغ،
خەستەئى، مەقسۇد ئىسى تاپقاچ دىماغ.
(شەيخ مەقسەدتىن بۇنى ئېلىپ بېشىنى مەھبۇبىنىڭ ئايىغىغە قويدى.)

ئاچتى ئول گۈلچەھرە رۇخسارىغا كوز،
نە يۈزدە رەنگۇ ئاغزىدا سوز.
(ئۇ، گۈل يۈزلۈك گۈزەلنىڭ جامالىغا كوز تىكىپ قارىدى، نە شەيىنىڭ يۈزدە رەڭ بولسۇن، نە ئاغزىدا سوزى بولسۇن، رەڭگى ئوچۈپ، تىلى تۇتۇلدى.)

مۇددەتى ئول نەۋئ كونگۈ لال ئىدى،
نۇكتە سورماقدىن تىلى بى ھال ئىدى.
(بىر مەھەل شۇنداق گاچا بولۇپ، سوزلەشتىن تىلى تۇتۇلدى.)

ھالىغە كەلتۈردى چۈن زەۋقى ۋىسال،
كاپىر، زالىم يەنە قىلدى سوئال.
(ۋەسلىنىڭ زوقى شەيخنى ھالىغا كەلتۈردى، زالىم نەرسا قىزى يەنە ئۇنىڭدىن سوئال سورىدى.)

كىم، چۇ سوردۇق شەيخ ھالى سۇرەتىن،
ئاڭلالى دەپ ھالىتى كەيپىيەتىن.

(شەيخنىڭ ئەھۋالى ۋە كەيپىياتىنى ئاڭلايلى، دەپ ئۇنىڭ ھەقتقى
ھالىنى سورىدى.)

زەۋق ئىلە شەيخ ئۇزنى بىھۇش ئەيلەدى،
نۇكتەدىن ئاغزىنى خامۇش ئەيلەدى.
(گۇزەل ۋىسالىنى كورۇش زەۋق - شەۋقى بىلەن شەيخ ھۇش -
سىزلاندى، سوزلەشتىن تىلى توختىدى.)

ئەمدى ئۇز ھالىدەدۇر بەرسەڭ جاۋاب،
ئانچە بىز ئەۋۋەل ئاڭا قىلدۇق خىتاب.
(ئەمدىغۇ ھالىڭغا كەلدىڭ، بىزنىڭ دىگەنلىرىمىزگە ئەمدى جاۋاپ بېر -
ەرسەن؟ چۇنكى بىز ئۇنىڭغا ئالدىن خىتاپ قىلىپ سوزلىدۇق، دىدى.)

شەيخ ئاھ ئۇردى، بولدى ئەشك رىز،
دىدى ئەي كوڭلۇمگە سالغان رۇستىخىز.
(شەيخ ئاھ ئۇردى ۋە ياشلىرىنى توكتى ۋە ئەي كوڭلۇمگە قوز-
غىلاڭ سالغۇچى، دىدى.)

چۇن سورارسەن ئەرز قىلماي نەيلەيىن،
نى تەكەللۇب بىرلە پىنھان ئەيلەيىن.
(سەن سورىغانىڭغا جاۋاپ بەرمەي قانداق قىلىمەن؟ نىمە تەكەللۇپ
بىلەن سىرىمنى يوشۇرۇپ قالىمەن؟)

مەخپى ئەسراردىن ئوتۇبدۇر چۇن بۇ ئىش،
دەرمەن ئەمدى بەركىتىپ باغرىمغا نىش.
(مەخپى سىرلار ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ئەمدى يۇرىگىمگە نەشتەر سانـ
چىپ تۇرۇپ ئەھۋالىمنى دەيمەن، دىدى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دەيىر ئارا بوندۇ ئىكىم زار ئۇلمىشام،
ئىشق بەندىغە گىرىپتار ئۇلمىشام.
(بۇتخانىدا بۇ خىل زار بولۇپتىمەن، ئىشقىنىڭ تورىغا باغلىنىپ قاپتىمەن.)

ھەربالا جانىمغا ھادىس كىم ئېرۇر،
ئارەزىڭ كورمەك ئاڭا بائىس دۇرۇر.
(جېنىمغا كەلگەن ھەر قانداق بالا، سېنىڭ جامالىڭنى كورۇش سەۋەبىدىن كەلدى.)

تۇرپە مەنزەردىن ھوسنۇڭ بولدى پاش،
ئۇيلەكىم تورتىنچى مەنزەردىن قۇياش.
(تورتىنچى پەلەكتىن قۇياش كورۇنگەندەك، ئاجايىپ بىر مەنزىردىن ھوسنۇڭ كورۇندى.)

نى تەھەممۇل قالدى، نى تاقەت ماڭا،
ئەقىل ھۇشى يەتتى ھەمول سائەت ماڭا.
(مەندە نە چىداش، نە تاقەت قالسۇن؟ شۇ سائەتتىلا ئەقىل ـ ھۇشۇمدىن كەتتىم.)

مۇجمەل ئۇز ھالىمنى ئىزھار ئەيلىدىم،
سېنى دەردىمدىن خەبەردار ئەيلىدىم.
(بىلىنمىگەن ئەھۋالىمنى مانا ئاشكارا قىلدىم. سېنى دەردىمدىن (ئىشقىمدىن) خەۋەردار قىلدىم.)

چارەم ئەتمەك ھەم ساڭا ئاسان ئېرۇر،
قەتىل قىلماق ھەم ھاياتى جان ئېرۇر.

(هالىمغا يېتىپ مەقسىدىمگە يەتكۈزسەڭ ساڭا ئاسان، ئەگەر ئۆلتۈرسەڭ ئۇ ماڭا يەنە ھاياتلىقدۇر.)

ئۆيلەكىم ئەرز ئەيلىدىم ھالىمنى بىل،
سەن بىلۈرسەن قەتىل قىل، يا رەھىم قىل.
(مانا ھالىمنى مۇشۇنداق ئەرز قىلدىم. مەيلى ئۆلتۈر، مەيلى تىرگۈز ئۇنى ئۆزەڭ بىلسەن.)

دىدى شۇخى، مورشىدى ئالى سۈپەت،
ئەھلى ئىسلام ئىچرە يوق ئېرمىش ئۇيات.
(شوخ قىز: ئەي ئالى سۈپەتلىك يول كورسەتكۈچى ئىشان، مۇسۇلمانلاردا ئۇيات يوقمۇ، دىدى.)

سەن كېبى ئىسلام ئېلىگە مۇقتەدا،
نى پەرىشان نوكتەلەر قىلدىڭ ئادا.
(ئىسلام ئەھلى ئەگىشىدىغان سەندەك بىر كىشى، نىمە دىگەن ئىگىز-پەس گەپ سوزلەرنى قىلدىڭ؟)

نى ھاياۋۇھىم بولدى سەندىن، نى ئەدەب،
سەن ئەجەب، دىگەن سوزۈڭ سەندىن ئەجەب.
(سەندە نە ھايا، نە ئەدەپ بولسۇن، ئۆزەڭمۇ ئاجايىپ، بىر نىمە ئىكەنسەن، سوزلىرىڭ سەندىن ئەجەپرەك ئىكەن!)

كىمكى بولسا ئەھلى ئىشق ئى پىشىۋا،
بىل ئانى مەھزى ئەدەب كانى ھايا.
(ئەي پىشىۋا، كىمكى ئىشق ئەھلى بولىدىكەن، ئۇنى خاس ئەدەپ، ھايانىڭ كانى دەپ بىلگىن.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بى تەھاشا سوز دىمەك مۇنداق تەباھ،
تىفل لەردىن ئى سەدرى راھ.
(ھايا قىلماي، تارتىنماي مۇنداق سوزلەرنى سوزلەش كىچىك باللەر-
دىن ھەم كەلمەيدۇ، ئەي ئەھلى تەرىقەت پىشىۋاسى دىدى.)

شەيخلىق تۇرىدا ئاتىڭ يوقمۇدۇر؟
ئاق ساقالىڭدا ئۇياتىڭ يوقمۇدۇر؟
(شەيخلىق سورۇنىدا ئات ـ نامىڭ يوقمۇ؟ ئاپپاق ساقىلىڭ بىلەن
ئۇياتىڭ يوقمۇ؟)

چۇن ساڭا توقسان، يۇزگە يەتتى ياش،
ھەم قەرى دىمەك بولۇر ھەم سىنى ياش.
(يېشىڭ توقسانغا — يۇزگە يەتتى، سىنى قېرى دىسىمۇ بولىدۇ،
ياش دىسىمۇ بولىدۇ.)

ياش ئىسەڭ كىرمەبدۇرۇر ئەقلىڭ ھونۇز،
قەرىغان پىتى قەرىلىقتىن بۇ سوز.
(ياش بولساڭ ساڭا تېخى ئەقىل كىرمەپتۇ، قېرىغان دىسەك، قې-
رىمۇ شۇنداق سوز قىلامدۇ؟)

ياش ئەمەس سەن، قەرى ۋە مەبھوت سەن،
ئەقىل ھۇشۇڭ زايىلىۇ پەرتۇت سەن.
(سەن ياش ئەمەس، ئەقىل ـ ھوشۇڭدىن ئازغان، ئالجىغان
قېرى ئىكەنسەن.)

نى ئىباد ەتلەر ئادا قىلدىڭ دىگىل؟
جىنس ئىنساندىن بۇ كەلمەس بارى بىل.

(ئېيتقىنا سەن نىمە ئىبادەت ئادا قىلدىڭ؟ سەندىن كەلگەن بۇ قىلىقلار ئادەم جىنسىدىن كەلمەيدۇ.)

ھىچ شەك يوقدۇر ساڭا ئەي بىلھەۋەس،
كىم بۇ سوزدە تىل كوڭلۇڭ بىر ئەمەس.
(ئەي، ھەۋەسكە بېرىلگەن كىشى، ھىچ شەك يوقكى، سېنىڭ تىلىڭ بىلەن دىلىڭ ئوخشاش ئەمەس.)

ئىشقىنى مەخپى تۇتارلار ئەھلى راز،
پاش ئېتەردىن كوب قىلۇرلار ئېھتىراز.
(ھەقىقى ئاشىقلار ئىشقىنى مەخپى تۇتىدۇ، ئىشقىنى پاش قىلىش- تىن ناھايىتى ساقلىنىدۇ.)

خاسسە مەشۇق ئالىدا قىلماق ئايان،
بۇيلە تۇند ۋە بىھىجاب ئەتمەك بايان.
(خاس مەشۇقنىڭ ئالدىدا ئىشقىنى شۇنداق پەردىسىز ئاشكارا قىلىشقا، شۇنداق ھاياسىز، قوپال بايان قىلىشقا بولامدۇ؟)

دەردى ئىشق ئايىنى مۇنداغمۇ بولۇر؟
زۇھد ئىلى تەمكىنى مۇنداغمۇ بولۇر؟
(ئىشقىنىڭ دەردىنى مۇشۇنداق ئىزھار قىلىش رەسمى بارمۇ؟ سوپى - ئىشانلارنىڭ تەمكىنلىگى مۇشۇنداق بولامدۇ؟)

دىدى سوزلەر مەھۋەشى فەررۇخ جامال،
كىم ھەرىفىن زايە ئەتتى ئىنپىئال.
(ئۇ، مۇبارەك، يۇلتۇز جاماللىق، ئاي يۈزلۈك گۈزەل بۇ سوزلەرنى سوزلەپ، تاقا بولدىكى ھەرىپ (ئىشق)نى ۋەيران قىلىپ شەر- مەندىلىك ئىچىدە خىجالەت قىلدى).


AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كوب خجالەت بىلەن شەيخى نامۇراد،
دىدى ئەي ئىنسان سۈپەتلىك ھور زاد.
(شەيخ بىچارە كوپ خىجىللىق بىلەن، ئەي ئىنسان سۈپەتلىك ھور - پەرى ئەۋلادى !دىدى.)

ئىشق بۇيلە زارۇ زەبۇن ئەتمىش مىنى،
ئەقىل ئالىب مەھزى جۇنۇن ئەتمىش مىنى.
(مىنى ئىشق زار، مەغلۇب بىچارە قىلىب، ئەقلىمنى ئېلىپ مۇت-لەق بىر مەجنۇن قىلدى.)

ئەل تەمۇش ئەتكەي تەمەئ دىۋانەدىن،
يا ئەدەب سەۋدا ئىلە ئەفسانەدىن.
(خەلق ساراڭدىن ھۇش تەمە قىلامدۇ، سەۋدايى بىلەن ئەپسا-نىدىن ئەدەپ تەمە قىلامدۇ؟)

گەر جۇنۇندىن بى تاھاشا سوز دىدىم،
ئەفۋە قىلغىل گەر ئۇزۇمدە يوق ئىدىم.
(ساراڭلىقىمدىن ئىگىز - پەس سوز قىلغان بولساممۇ، ئەپۇ قىلغىن، چۈنكى ئۆزەمدە يوق ئىدىم.)

چۇن نى كىم شەرھ ئەيلىدىم بار ئېردى راست،
موئتەرىب مەن ھەرنە قىلساڭ يار خۋاست.
(راستىنى بايان قىلدىم، ئەي مەھبۇپ، نىمىنى خالىساڭ مەن قىلمىشىمنى ئېتىراپ قىلىمەن.)

بى تەكەللۇپ بىرلە سوزدەي ئەي نىگار،
جىن تېنىم زار ئولمىش، كوڭلۇم فىگار.

(ئەي نىگارىم، تارتىنماستىن سـوزۇمنى دەۋىرەي، چۈنكى تېنىم ئاجىزلاشتى، كوڭلۇم پارچە - پارچە بولۇپ جاراھەتلىنىپ كەتتى.)

ئانچە بار ئىدى دىدىم سورغان زامان،
نىچە ياشۇرسام هاماندۇر سوز هامان.
(سورىغان هامان، بار سوزنى دىدىم، قانچە يوشۇرساممۇ سوزۇمنىڭ بارى يەنىلا شۇ ئىدى.)

چۈنكى مەن، ئاشىق ئەمەسمۇ دىيىن،
يار ۋەسلى ئىستەمەسمەنمۇ دىيىن.
(چۈنكى مەن، ئاشىق ئەمەس دىيەلەيمەنمۇ؟ يار ۋەسلىنى ئىسـ-تىمەيمەن دىيەلەيمەنمۇ؟)

شەيخ چۈن دىگەن سوزىدىن تانمىدى،
ئۇزرە ئەپسۇن جانىبىن ئايلانمىدى.
(شەيخ دىگەن سوزلىرىدىن تانمىدى، ھىلە ئىشلىتىپ ئەفسۇن-نەيرەڭنى ئايلانمىدى.)

شۇخ سەركەش دىدى ئى جاھىل سىرشىت،
رازى بولساڭ ھەرنە بولسا، سەنەۋشىت.
(شوخ قىز دىدىكى، ئەي جاھىل تەبىئەت يارالغان كىشى، تەق-دىردە يېزىلغانغا رازى بولساڭ.)

كىم مېنىڭ ۋەسلىم تەمەننا ئەيلەمىش،
ئىختىيار ئەتمەك كېرەكدۇر تورت ئىش.
(كىم مېنىڭ ۋەسلىمگە يېتىشنى ئارزۇ قىلسا، توت ئىشنى ئىختىـ-يار قىلىشى كېرەك.)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەي ئىچىپ زۇننار ئاسىپ بولغاندا مەست،
كويدۇرۇپ موسھەفنى بولماق بۇت پەرەست.
(هاراق ئىچىپ، بۇتنى بويۇنغا ئېسىپ، مەس بولۇپ، قۇرئاننى
كويدۇرۇپ، بۇتپەرەس بولۇشى لازىم.)

ئىشقىنىڭ بۇ تورت ئىرۇر شۇكرانەسى،
يەنە ئىككى ئىش دۇرۇر جەرىمانەسى.
(ئىشقىنىڭ بۇ توت ئىش، شۇكرانىسى، يەنە ئىككى ئىش ئاشىققا
قويۇلغان جەرىمانىسى، جازا چارىسى.)

كىم ئىرۇر بۇ توت تەكبىرى فەنا،
ئول ئىككى، بۇ تورت ئىفناسى يانا.
(كى هاراق ئىچىپ، بۇتنى بويىنىغا ئېسىپ، مەسلىك ها-
لىتىدە قۇرئاننى ئوتتا كويدۇرۇپ، بۇتقا چوقۇنۇش بۇ ئۆزنى
"فەنا" يوق قىلىشنىڭ توت تەكبىرىدۇر، بۇ ئىككى جەرىمانە -
جازا چارىسى.)

خوكبازلىق كەلدى بىر يىل يانەسى،
بولماق ئاتەشگاھ ئوتى دىۋانەسى.
(ئۆزلىكنى يوق قىلىپ بىر يىل توڭگۇز بېقىش ۋە بۇتخانا ئوت-
خانىسىغا ئوت قالاپ خاكسار دىۋانە بولۇش لازىم.)

شەيخ ئەگەر دەيىر ئارا ئاشىق ئىسە،
ئىشقىنىڭ دەۋابىدا سادىق ئىسە.
(شەيخ ئەگەر مۇشۇ بۇتخانىدا ئاشىق بولسا، ئاشىق مەن دىگەن
سوزىگە سادىق بولىدىغان بولسا،)

بۇ ئىككى شۇكرانە ھەم جىبىرىمانە ھەم،
كوب بالالەر بار مۇندىن يانە ھەم.
(بۇ ئىككى شۇكرانە ۋە ئىككى جىبىرىمانە يەنە نۇرغۇن بالالار يەنە بار.)

گەر مىنىڭ ۋەسلىم ساڭا مەتلۇب ئېرۇر،
ھەمىنەشىن بولماغلىغىم مەرغۇب ئېرۇر.
(ئەگەر مىنىڭ ۋەسلىمنى تەلەپ قىلىدىغان بولساڭ ۋە ھەمسۇھ-بەت بولۇشۇمنى ياخشى كورىدىغان بولساڭ.)

بۇ دىگەنلەرنى قوبۇل ئەتمەك كېرەك،
ۋەسلى كويىدا نۇزۇل ئەتمەك كېرەك.
(بۇ دىگەنلەرنى قوبۇل قىلىپ، ۋەسلىنىڭ كويىدا ئولتۇرۇشۇڭ كېرەك.)

گەر ھەرىف ئېرمەس سەن ئۇشبۇ ئىشگە ھىچ،
يولغە ئەزم ئەت ئېرتە كۇننى قىلما كەچ.
(ئەگەر سەن بۇ ئىشقا لايىق ئەمەس ئىكەنسەن ئەتە كۇننى كەچ قىلماي يولۇڭغا كىرگىن.)

دىدى شەيخ ئى خەستە جانىم ئاپەتى،
ئورتىگەن كوڭلۇمنى ئىشقىڭ شىددەتى.
(شەيخ، ئەي ئاجىز جېنىمنىڭ ئاپىتى، ئىشقىڭنىڭ شىددىتىدىن كوڭلۇم ئورتەندى.)

شوئلە ۋە شەۋقىم ۋۇجۇدۇم ئورتەگەن،
بەرق ئىشقىڭ تار پۇرۇم ئورتەگەن.
(شەۋقىمنىڭ يالقۇنلىرى ۋۇجۇدۇمنى ئورتىدى، ئىشقىڭنىڭ پارىل-داق چاقماقلىرى پەي تومۇرلىرىمنى ئورتىدى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەن غەرىبۇ ئاشىقۇ دىۋانەمەن،
ھۇشۇ ئەقلۇ سەبرىدىن بىگانەمەن.
(مەن بىر غېرىپ، ئاشىق دىۋانە، ئەقىل-ھۇشىدىن، سەۋرىدىن ئايرىلدىم.)

نىگە ئەمرى ئىتسە پەرى رۇخسارە يار،
ئاشىقۇ دىۋانىغا نى ئېتىبار.
(پەرى يۈزلۈك مەشۇق نىمىگە بۇيرۇسا ئاشىق ۋە دىۋانىنىڭ نىمە ئەتىۋارى بولسۇن.)





# ۋامۇق ـ ئۇزرا



(داستان)

ئابدۇرېھىم نىزارى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئىسراپىل يۇسۇپ**

ۋامۇق ئۇزرا ھىكايەتىدە كىم جاھان سەفھەسىدە مەشھۇر ۋە ئاۋان ئەۋراقىدا نامەستۇردۇر. نەقۇلات زەيىلىدا بۇلار داستانىنى تاپىب ئىستىما ئاشىقلەر زەمرەسىدا ئۇلارنىڭ ئەھۋالاتىن نەزم تەرتىبىدا شەمەئى ئىزھار قىلماق مۇناسىب كورۇندى.

چۇ ناقىل بۇ يەڭلىغ بىرىپ سوزگە زىن،
چىبكەر خامەسىن جەۋھەرى كۇھلى ئەين.
بار ئەردىكى ھىندۇ دىيارىدا شاھ،
بىيىك رۇتبە تاپغان شەھى نىكخاھ.
نەچە شەھرلەرغە ئىدى ھوكمىران،
سەلاتىن ئارا تاپغان ئالى نىشان.
خەزايىنلارى ھەم ئىدى بى شۇمار،
دەفايىنلارى مەئدەنى كوھسار.
سىپاھى نەدىمى ئەدەددىن فۇزۇن،
تۇرۇپ مۇنتەزىقلىق بىلە سەرنىگۇن.
ئەتا قىلدى تەڭرى ئاڭا دۇختەرى،
يۇزى خۇرشىد ئاسا كوزى مۇشتەرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولۇپ قەددىدىن سەرۋى رەئنا خىجىل،
داغى ھۆسنىدىن بارچە زىبا خىجىل.
قىلىپ كەبك رەپتارىدىن ئانچە رەشك،
قارا زۇلفىغە سۇبھى چۈن توكتى ئەشك.
شەكەردار ئەردى ئانىڭ خەندەسى،
گۈلىستاندا غۇنچە بولۇپ بەندەسى.
كى پەيۋەستە ئەبرۇلارى مىسلى ياي،
تاپىب كىرپىك ئوقى ھەزىن جاندا جاي.
كى پىستانى قۇببە ئىدى نۇرى فام،
كوكۈل مۇرغىن ئىلماق ئۇچۇن مىسلى دام.
نىپتاك كىم دىسەم ئەردى ھورى بىھىشت،
كى تەخمىرىن ئەتكەن قەزا خۇش سىرشت.
ئاتى ئول پەرىۋەشنىڭ ئۇزرا ئىدى،
بارى ھالى ئانىڭ چۇ لەيلا ئىدى.
ئاتا ساقلاپ ئانچە بۇ زەرنى نىھان،
چۇ كوز نۇقتەسىنى قىلىپ پاسبان.
كوكۈل مەخزەنىدا بىلىپ گەۋھەرى،
كى جان دۇرجى ئىچرە ئۇلۇغ جەۋھەرى.
كى ئىسمەت سەرايى ئارا چەكتى باش،
نىھالى بۇ مۇددەت ئارا غۇنچە ياش.
تۇرۇپ خىزمەتىدە نەچە خوبروي،
ئۇلار بىرلە بىر كۈن قىلىپ گۇفتگۇي.
دىدى سەيرى قىلساق كىرىپ باغ ئارا،
ھاۋا ئەيلەسەك لالە يەپراغ ئارا.
دىدىلەر نە خۇشتۇركى ھەم تەگلەرى،
گۈلىستان سارى بولدى ئاھەگلەرى.
كىرىپ باغ ئىچىگە مۇرۇر ئەيلەدى،

قاراپ ھەر تەرەپكە ھۇزۇر ئەيلەدى.
كى ھورى - پەرىدەڭ بولۇپ جىلۋە ساز،
قىلىپ ھەم تەڭگە گەھى ئىشقباز.
ئاقار ئەردى باغىنىڭ ئىچىدە ئارىق،
كىرىپ ھەۋز ئىچىگە سۈيى ئەردى جىق.
كورۇندى ئارىقنىڭ تاماشاسى خوب،
يەنە كولنىڭ ئانچە ئەلالاسى خوب.
چۇ كولنىڭ لەبىگە خىرام ئەيلەدى،
كىلىپ سۇ لەبىگە مەقام ئەيلەدى.

نەزەر ئەتتى سۇغە ھەمۇل ئافتاب،
كى ئەكسىدىن ئانىڭ بولۇپ نۇر تاب.
چۇ يەئنى بۇ كولنىڭ سۈيى ئۇردى جۇش،
ئوتۇپ سائەتىدىن كيىن تۇردى جۇش.
نە كىم ئىشقدىن جىسمى ئازەر ئىدى،
نىگاھىدىن ئاشىق چۇ ئەخگەر ئىدى.
مۇھەببەت نەسىمى تىگىپ باغ ئارا،
قالىپ كوڭلى ھەيرەت بىلە داغ ئارا.
يانىپ چىقتى سەكران بولۇپ باغدىن،
ئۇزىن پەست ئەيلەپ كى تۇپراغدىن.
بۇ ھالەتتە ئەردى ئاناسى ئاگا،
قىزىم كوڭلاكىڭنى سالىپ بەر ماڭا.
ھەمە پىرەھەننى قىلۇر شۇست شوي،
سالىپ بەردى فىلھال ھەمۇل نىكخوي.
كى ئەلقىسسە شەھغە بىر ئەھلى ھونەر،
بار ئەردىكى كەسبى ئانىڭ شۇتپەگەر.
بۇ كاسىپغە مەۋجۇد ئىدى بىر ئوغۇل،
كي دەريا لەبىگە بىلە كەلدى ئول.

www.uyghurkitap.com

ئۇغۇلنىڭ مۇسەممىسى ۋامۇق ئىدى،
بەسى دەردمەند ئەھلى سادىق ئىدى.
ھونەرمەندلىكدە ئەجەب باكەمال،
ۋەلىكىن ئاڭا ئەردى ئون ئىككى سال.
بۇ كاسىپ كىرىپ ئورداغا پاتمۇ ـ پات،
ھەمە پىرەھەننى ئالىپ قاتمۇ ـ قات.
كى دەريا بويىدا قىلىپ ئانى شۇست،
قۇرۇغان زامان يەتكۇرۇر ئەردى جۇست.
يىتىپ كەلدى قەسسار نىگۇن قەد بىلە،
ئىگىنلەرنى ئالدى خۇش ئامەد بىلە.
ئالىپ باردى دەريا لەبىگە تەمان،
ئىگىنلەرنى يۇغىل دىدى ئى بالام.
يازىپ ئالدى بارچە قەمىسنى پۇسەر،
قەزارا قەمىسغە قىلدى نەزەر.
ئىدى پۇر مۇنەققىش بىغايەت نەفىس،
چۇ كوڭلاكدىن ئەنبەر كەبى كەلدى ئىس.
نە ئەنبەركى ئەردى ئەجىب بويى ئىشق،
مەگەر ئاچتى ئول پەردەدىن رويى ئىشق.
چۇ ۋامۇق دىماغىغە يەتكەن زامان،
كېتىپ ئوزلۇكىدىن يىقىلدى ھامان.
چۇ ۋامۇق يۇزىن ئەتتى پەژ مۇردەئى،
بۇ كوڭلەككە ئول غۇنچەغە پەردەئى.
كورۇپ ئوغلىن ئولدى ئاتاسى مەلال،
ئەجەل بادى تەگدى دەپ ئەتتى خەيال.
ئالىپ يۇردى ئويگە بالاسىنى ئول،
ۋەلى بىلمەدى مۇددەئاسىنى ئول.
تاڭ ئاتقۇنچە تەبرەنمەيىن ئول خەمۇش،

ياتىپ كۈن چىقاردا يەنە تاپتى ھۇش.
قوپۇپ ئورنىدىن ئول دىدى ئاھ ـ ۋا،
زەبانىدا ۋارىد بولۇپ ھەسرەتا.
ئاتا سوردى ئولدەم نە بولدى ساڭا،
نە تەشۋىشلىك ئولسە دىگەيسەن ماڭا.
ئۇياتدىن دىمەدى ئاڭا ھىچ راز،
يەنە تەپتىش ئىلە سوئال ئەتتى باز.
دىدى تىڭلاغىل كىم ئىرۇر تۇرپە ئىش،
كى ئىشقى چەيانى مەنى ئۇردى نىش.
ئانىڭ زەھرى بىرلە كوڭۇل يارەدۇر،
دىمەي يارە، بەلكى تۇمەن پارەدۇر.
ئاتا دىدى: قىلغىل ماڭا ئاشكار،
قايۇ مەھۋەش ئەتتى دىلىڭنى فىگار؟
دىدى: كوردۇم ئول كۈن ئەجايىپ قەمەس،
كىبلۇر بۇيى مەئشۇق غەرايىپ قەمەس.
كورۇپ ئاشىق ئول دەم مەنى بىكەسى،
دىماغىمغە يەتتى ئانىڭدىن ئىسى.
بۇ كوڭلەككە شەھنىڭ قىزى ساھىبە،
كى ئىشقى بولۇپدۇر ماڭا غالىبە.
ئاتا پەھىم قىلدى بالانىڭ سوزىن،
كى ۋەھشەتدىن ئۇردى زەمىنغە يۈزىن.
بۇ سىررىڭنى خەلايىقغە پاش،
مەگەر پاش قىلساڭ ئۇچۇپ كەتتى باش.
قاچان شەھغە بولغاي گەدا نەسلى تەڭ،
نەچۇك پىلغە بولغاي دۇچار مورلەڭ.
ئوزۇڭنى سۇ بىلگىل سەلاتىننى تىغ،
كى شەھنىڭ قاشىدىن ئاياغىڭنى يىغ.



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مه مالىك سىپپهرى قىزى ئافتاب،
ئاڭا قول سۇناردىن قىلىك ئىجتىناب.
نەسەھەتكە بولماي ئوغۇل كوڭلى ساغ،
بۇ سوز ئىشق ئوتىغە بولۇپ مىسلى ياغ.
زىيادە بولۇپ بەلكى ئورتەنمەكى
كېتىپ رايىكان پەند ئىلە ئەمگەكى.
بولۇپ ئاھ-زارى داغى ئىفتىرات،
نە بولماقدىن ئەتمەي ئوزىن ئېھتىيات.
نە كىم تەئسىر ئەتمەس كى ئاشىققە پەند،
كى يۇمشارمۇ تاشقە ياغار قەترەچەند.
سۇ تەئسىر قىلماس ئۇلۇغ بولسە ئوت،
قىلۇر كۇل نە بولسە كى ئاندىن سۇكۇت.
ئانىڭدەك كە ئاشىق تەنى مىسلى خەس،
چۇ خەسكە بىر ئۇچقۇن تۇشەر بولسە بەس.
بۇ پاسىخدىن ئولدى ئاتا نائىلاج،
بۇ غەمدىن يۈزىگە ئۇرار ئەردى كاج.
دەرىخا، كى بولسام خەلايىق كەمى،
نە ئىش دەپ كوزىدىن توكەر شەبنەمى.
قىلۇر ئەردى ۋامۇقىغە چەندان سەبەب،
مۇبادا قىلۇر دەپ ماڭا شەھ غەزەب.
ئاڭا ھېچ تېپىلماي جاھاندا دەۋا،
زەئىف جىسمى بولماي دەۋادىن نەۋا،
ئاقىپ كوزلەرىدىن سۇلار چۇ كەبى،
چۇ سەرۋى نىھالى بولۇپ مۇ كەبى.
دەۋام مەست، ئاچۇ يالاڭاچ ئىدى،
پەرى رۇنى كورمەككە موھتاج ئىدى.
قىلىپ نالە بىدار ئولۇپ سۇبھى-شام،

كى ئشق زەھرى ئەيلەپ ئانى تەلخ كام.
يىتىپ پىرەھەندىن دىماغىغە بۇ،
مەقام ئەتتى كوڭلى ئارا ماھ رۇ.
بۇ مۇئتاد بىرلە مۇشەۋۋەش خەيال،
بولۇپ رۇتبە ـ رۇتبە نەھىفىل مەجال.
ئوقۇپ ئشق ھەرفىدىن ئول كىم سەبەق،
كى ئاخىر بولۇپ ھال جانى رەمەق.
دىسە ئاھ ئوتلار ھاۋاغە سۇ ئۇد،
قىلىپ كوك يۇزىنى تۇتار ئەردى دۇد.
كىلىپ ھەر نەفەسدىن چۇ بۇيى كەباب،
يەنە ئاغزىدا كوپۇك ئورلەپ ھۇباب.
تىلە باشلادى ئشق سىرىنى پاش،
نە قەترە سۇ ئىچكەي، غىزا ۋە نە ئاش.
قەلەندەر كەبى گاھى ھەقتانەنى،
ئوقۇپ دىلبەرى ۋەسفى ئەفسانەنى.
گەھى ئاھ ھەسرەت بىلە يىغلابان،
گەھى ۋادەرىخا دەبۇ تىترەبان.
يۇرىپ كوچەلەر ئىچرە يەغما كەبى،
سەنەم يادىدا ئەھلى مەغما كەبى.
ئاتار ئەردى تاشۇ ـ تاياق تىفلىلەر
تاماشا قىلىپ بىخىرەد سىفلىلەر.
ئىچىن ئاغرىتىبان كورۇپ ئەھلى دەرد،
قىلىپ گىريە ئەتفال بىلە ھەم نەبەرد.
ئىلىك تىشلەبان بەئزى ئادەم كورۇپ،
ئاتا يىغلايۇ كەيندە تەلمۇرۇپ.
ئوغۇل ھالىغە تاق ئولۇپ تاقەتى،
دەر ئەردى سۇكۇت ئەيلەگىز سائەتى.

ۋەلى ئاڭلاماي ئۇل ئاتاسى سوزىن،
ئۇرار ئەردى بىچارە يەرگە يۈزىن.
ئالىپ يۈردى ئۇيگە كوتەرىپ ئانى،
دىدى ئى جىگەربەند كوزۈم رۇشەنى.

مەنى قىلمە ئەلنىڭ قاتىدا خىجىل،
ئۇلۇس خەيلى ئىچرە ئەسرۇ زەلىل.
ئاناڭ ھەم بولۇبدۇر بۇ غەمدە زەبۇن،
يېقىپ كۈھى غەملەر ئېرۇر سەرنىگۇن.

يېتىشماسدا بىزگە خۇدادىن قەزا،
سوزۈمنى قوبۇل ئەت بۇلالى رىزا.
ئالىپ كىردى چۇن ئىچكەرى خانەگە،
نەسىھەت دىگەي يانە مەستانەگە.

بۇ ھالەتتە پەرياد ئىتىپ دىدى: ۋاي،
يىقىلدى ياشىدىن يۈزى بولدى لاي.
قۇچاقىغە ئالدى بالاسىن ئاتا،
ئانا زار يىغلاپ دىدى: ھەسرەتا.

ياتىپ ھۇشى زايىل يوق ئەردى ئۈنى،
بۇ تۇر ئىلە ئوتتى تۈنى ۋە كۈنى.
كىلىپ ھۇشىغە ئۇل تاڭ ئاتقان زامان،
كوزىن ئاچتى باقتى يەنە ھەر قايان.

كى پەرزەندىغە قىلدى مۇنداغ خىتاپ،
ئاتاسى كوزىدىن توكۇپ ئەشكۇ-ئاب.
ئوتۇبدۇر جاھاندا نەچە سالىمىز،
بالاسىز پەرىشان ئىدى ھالىمىز.

كېچە-كۈندۈز ئولدى خۇدادىن تىلەك،
كوتەردىمكى يىغلاپ خۇداغە بىلەك.
دىدىم: پادىشاھا كەرىم زۇلجەلال،

کی زاتىڭغه رۇشەن ئېرۇر بارچه هال.
سىيەھ رەشىم ئۇلدى زەنەخدە سەفىد،
کی بىر پۇر سەندىن قىلۇرمەن ئۇمىد.
دۇئايىمنى قىلدى خۇدا مۇستەجاب،
تۇغۇلدۇڭ کی باقتىم کوزۇڭگه قاراب.
کوڭۇلده بۇ يەڭلىغ ئىدى مۇددەئا،
کی روهۇمغه ئۇلسەم قىلۇر دەپ دۇئا.
دەرىخ دىگەنىمدەك ئەيال ئۇلمادىڭ،
مەکانىمدا ساھىب کەما ئۇلمادىڭ.
دىدىڭىم ئاتاسىغه مۇنداغ جەۋاب،
ماڭا قىلمه هەرگىز کەلام ئەزاب.
نه قىلسام، نه کورسەم مۇقەددەر ئېرۇر،
کىشى ساده گول دۇر مۇدەببەر ئېرۇر.
پۇتۇپ سىرى نۇشتىم هەکىمى قەزا،
قىلىپ دۇرکى ئۇزرا قەسىن بەلا.
ئانىڭ ئىشقى ئۇتى خەراب ئەيلەدى،
کی جاننى تونۇردەك کەباب ئەيلەدى.
قىلاي دىسەم ئاز سوزلەرىڭنى قەبۇل،
ۋەلى ئىشق ئۇتى قىلدى جىسمىمنى کۇل.
تۇتاشسه بىناگاھ نىستانغه ئوت،
ئەسەر قىلسه ئاندىن دەرەختانغه ئوت.
هەمۇل ئوت ياپۇشسه شەرارى ئاڭا،
کی پوستىغه ئەندەك هەرارى ئاڭا.
کۇل ئولسه ۋۇجۇدى ئانىڭ لا بولۇر،
بەش-ئون کۈن تۇرۇپ خاکی ئاسا بولۇر.
دەرەختىغه قىلدى هەم ئەندەك ئەسەر،
کوکەرمەس سۇ قۇيماق بىله ئول شەجەر.

www.uyghurkitap.com

مەنى تىرگۈزۈرگە مەسىھا كېرەك،
مەسىھا نەكىم، بەلكى ئۈزرا كېرەك.
بۇ تۈرپە كەلامىن چۇ ۋامۇق دىدى،
سوزى كىم دىدى ئانچە لايىق دىدى.
ئاتا ئەقلىغە يەتتى ئاغوشتەلىك،
سۈكۈت ئەتتى كوڭلىن قىلىپ خەستەلىك.
ئانا زار يىغلاپ، بولۇپ مۇزتەرى،
دىدى: دىل بەندىم كوزۇم گوھەرى.
باقىپ سىزنى قىلدىم ئۇمىدى ۋاپا،
ۋاپا يوقكى مۇنداغ قىلۇرسىز جاپا.
چۇ مۇشكىن ساچىم بولدى كافۇرەڭ.
بۇگۈن - ئەرتە يەتسە قەزابى دەرەڭ.
كىتەرمەنكى باقماي مۇڭا ۋە ئاڭا،
كېرەكدۇر بۇ كۈندە رىزالىق ساڭا.
داغى سەن گۈلى نىم خەندە كەبى،
جاھان لەززەتىن نەۋ جۇشەندە كەبى.
بۇ ئەندۇھى بىرلە تەڭ ئولدى ئاتاڭ،
ئىشىڭدىن يانىپ كامىل ئولساڭ نە تاڭ.
جاھان باغى ئىچرە ئاچىلسە گۈلۈڭ،
كى سوگرە نە ئارمان ساچىلسە كۈلۈڭ.
دىدى كىمسەدۇر ئىشقىغە ئاشنا،
كى يوق ئول كىشىگە ئاتا ۋە ئانا.
داغى ئومرىدىن يوق ئاڭا ئېھتىياج،
نە ئىنسانىيەت ھەم نە تەخت، نە تاج.
ئەمەس لازىم ھەرگىز ئاڭا ئىززۇ جاھ،
ئېرۇر بەس ۋەردە ئىگىنۇ، كۇلاھ.
يىتەر دىلبەرىدىن دىماغىغە بۇي،

كى جانى جاھاندىن ئەمەس تار مۇي.

قەرىلىق غەمدىن قىلۇرسىز يىغى،
كىسەر دەپ بۇرۇنراق قەزانىڭ تىغى.

شەجەرلەر قىيامىن نەچە يىل قۇرار،
چەمەن ئىچرە گۇللەركى ئەندەك تۇرار.
ئانىڭدەك ئىكۇۋلان ئېرۇرسىز دەرەخت،
ۋەلى مەن چەمەندە گۇلى خوب رەخت.
كى بادى قەزاكىم يېتىندۇر ماڭا،
قەزا بادى ئول مەھ چەبىندۇر ماڭا.

قەسى كى كوڭلۇمگە سالمىش ئەلۇ،
يېتىندۇر كۇل ئەتكەي تېنىمنى ئالاۋ.
كۇل ئولماستىن ئەۋەل نەسىھەت قىلاي،
كى ئاندىن بەقاغە ئەزىمەت قىلاي.
تۇرار ئەردى يىغلاپ قاشىدا ئانا،
كىرىپ ھەم سوزىنى ئىشىتتى ئاتا.
كى باشلادى ۋامۇق ۋەسىيەتكە راز،
سوزى ئوت مەسەللىك ئىدى جان گۇداز.

دىدىكىم كورەر كوڭلى مەستانەنى،
كى شورىدا ئەھۋال دىۋانەنى.
مەنىڭ جانىبىمدىن فەسانە دىسۇن،
چۇ ئۇزرانىڭ ھەجرىن نىشانە دىسۇن.
گۇلىستان ئارا چەكسە بۇلبۇل نەۋا،
قىزىل گۇلدىن ئولماي مۇرادى نەۋا.
نىگارىم فىراقىدا چەكتىم پىغان،
مەنىڭ ھەسرەتىمدىن ھەم ئەتسۇن گۇمان.
كىشى سەيىر ئەتسە ھەۋا بىرلە باغ،
ئېرۇر لالەنىڭ تەھ-بىتەھ كوڭلى داغ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەرى رۇ قىلىپدۇركى سىنەمنى قان،
ئانىڭدەك كى مەندىن ئۇقۇڭ داستان.
بولۇر چەشمە سارى كىشى مۇتەسىل،
ئاقار سۇ كوزىدىن داۋام ئايۇ يىل.
مەن ئول ئايغە يىغلاپ ئىدىم دەم-بەدەم،
ئانىڭ تورى بىرلە چىكىنلەر رەقەم.
سىمەن سارى قىلسە كىشى كىم گۈزەر،
گۈلى زەرد يۈزىگە ئول ئەتسە نەزەر.
سەنەم يادى بىرلە يۈزۈم بولدى زەرد،
مەنى يادى قىلسۇن دىسۇن ئاھى سەرد.
قىلۇر ئوت تونۇردا ئوتۇننى گۇداز،
ئانى كورسە ئاسان قىلۇر ئىھتىراز.
چۇ مەھۋەش ئوتى كىم تۇتاشتى قىزىغ،
مەنىڭ كويگەنىمگە دىگەي ۋادەرىخ.
يەنە تۇتسە ھەر گەھ ماڭا جامۇ مەۋت،
قەزا ئىلكىدىن قىلسام ئاشامى مەۋت.
كى ھىجراندا كويگەن تىنىمنى يارىپ،
كورۇڭلەر ئىچىمنى تەمام ئاختارىپ.
كى جامەمغە چىرماپ جەسەد پارەنى،
تاپىڭ تىز-تىز دوست غەمخارەنى.
ئىبارىڭكى شەھ مەنزىلىغە نىھان،
پەلا باغبانىڭ ئاتىدۇر پەلان.
تاپىشسۇن ئانىڭ بىرلە مەخپى كىرىپ،
كوڭۇل قانغىچە كوپ دەرەملە بېرىپ.
كى شەھ سۇفە ئىچرە لەھەد ئەيلەگىز،
ھەمۇل گوردا دەفن جەسەت ئەيلەگىز.
چۇ ۋاھۇق نەسىھەتنى قىلدى بايان،

دېدى: ئاھ ئۇزرا، پەيدا قىلدى جان.
ئاتا ۋە ئاناسى بولۇپ بىقارار،
قىلىپ قان ياشىدىن ئۆيىن لالەزار.

كى پەرۋانە يەگلىغ باشىن چۆيرۈلۈپ،
قىلىپ سەيھە، قول-پۇتلىرىغە سۈيۈپ.
ئاتاسى چۇ باران ياشىنى ساچىپ،
ئاقىزغان ياشىنى سۇ يەگلىغ كېچىپ.
دېبان كەتتى قولدىن ئۇلۇغ دەۋلەتىم،
ھەياتىم نەۋىدى دەرىخ شەۋكەتىم.
ئىنىسىم، رەپىقىم چۇچۇك جان بالام،
قەزا سىلى ئىچرە ئاقىزغان بالام.
كى مۇگلۇغ كۇندە ئىدىڭ ھەم كەبىم،
ھەزىن تۈنلەر ئىچرە ھەم مەشرىبىم.
نىتەيكىم كوگلىنى يارا ئەيلەدىڭ،
كوزۇمگە جاھاننى قارا ئەيلەدىڭ.
كوچەلەردە بولسام گەدايىڭ سەنىڭ،
نە ئارمانكى بولسام پىدايىڭ سەنىڭ.
دەرىخ، ئى پەلەك خەستە جان ئەيلەدىڭ،
بۇ يەگلىغ ئەجەپ نەتەۋان ئەيلەدىڭ.
كېزىپ دەھرىنى بىنەۋالىق قىلاي،
نە دەپ كىم ساڭا ئاشنالىق قىلاي.
ئەگەر بولسە مۇنداغ ئۇلۇسقە ئىشىڭ،
مەنىڭدەك زەئىپغە جەفا قىلمىشىڭ.
قايۇ ۋەجھى بىرلە كوگۇل باغلايىن،
مۇۋەددەتدە نەۋىل ئەمەل باغلايىن.
نەھىق جىسمىمە داغ قويغان پەلەك،
جەفا تىغىدا كوزنى ئويغان پەلەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بېرىپ نەچچە كۈندىن بەرى شادلىق،
كى ئۇل شادلىق بولدى بەربادلىق.
ئاتا ھەم بۇ سەيھە بىلە نالەلەر،
بولۇپ ۋىرد زىكرى بۇ ئەفسانەلەر.
دەرىغاكى پەرزەند نەۋرەس نىھال،
قەزا تىشەسى كەستى تاپماي كەمال.
ساڭا كىم بۇ قىسمەت ئەزەل چاغ را،
بولۇبدۇركى قويدۇڭ مەنى داغ را.
فەنا جامىن ئىچتىڭ يىقىلدىڭكى مەست،
كى نازۇك تېنىڭ بولدى يەردىنمۇ پەست.
چۇ بولدۇڭ ئەجەل لەشكەرىگە ئەسىر،
قارا تۇپراق ئىچرە كى بولدۇڭ ئەسىر.
نە ئەيلەي، نە چارە، نە دەرمان قىلاي،
يولۇڭدا ئەزىز جاننى قۇربان قىلاي.
ئۈزۈلدۈڭ جاھان ئىچرە كورمەي ۋەپا،
ئەتا قىلسۇن ئاندا خۇدايىم لىقا.
كىچىكلىكدە كورگەن ئەزا بىلمۈدى،
كېتەر ۋەختى ئەيغان خىتا بىلمۈدى.
ئۇنۇتغايمە قايسى تەكەللۇملارىڭ،
شەكەردىن لەزىزراق تەبەسسۇملارىڭ.
بۇ ئەندۇھ ئىلە بولدى ھەيران ئانا،
بۇ ئەلفازدا بولدى گىريان ئاتا.
كى ئەلقىسسە، شەھغە ئىدى باغبان،
قاشىغە بىرۇۋنى ئىبەردى نىھان.
مۇلاقات بولدى ئاڭا ئىختىفا،
ھەمول زەرنى قىلدى كىرىپ ئىكتىفا.
چۇ تەييار ئېتىپ مەدفۇننى كېچە،

ئالىپ كەلدى ۋامۇق تېنىنى كېچە.
كى شەھ سۇفە ئىچرە نىھان ئەيلەدى،
سۇۋاپ سۇفەنى بىگۇمان ئەيلەدى.
ئاچىپ پەردەسىنى يۈزىدىن قۇياش،
كى ئەنۋارىنى ئەتتى ئالەمگە پاش.
قىزىتتى جاھاننىڭ ئىچىن مېھرى تاب،
چۇ گەردۇن يۈزىدە يوق ئەردى ھىجاب.
ھەۋا ئەتتى ئۆزرا ۋۇجۇدىنى گەرم،
كى سىماپ ئەزان كەبى بولدى نەرم.
بۇ ھەيىن باغ سەيرىنى ئەتتى خەيال،
كىرىپ ھەر قايان باقتى ساھىپ جامال.
تەزاراكى سۇفە سارىدىن نەسىم،
پەرىشەش دىماغىغە يەتتى شەمىم.
كىلىپ سۇفە سەتھىگە قىلدى نىگاھ،
كىشى بىلمەدى ئول سەنەم چەكتى ئاھ.
بۇ سائەتتە مەفرەش يۈزى بولدى چاك،
قارادى ئىچىگە ئانىڭ روھى پاك.
چۇ ۋامۇق يۈزىدىن ئۇرار شوئلە نۇر،
ھەمۇل نۇر ئۆزراغە ئەتتى زۇھۇر.
تىگىپ جانەغە ئىشقىنىڭ ئاتەشى،
بارى ئەزۋىنى ئەيلەدى كاۋىشى.
ئۆزىن ئۇردى ۋامۇققە پەرۋانەۋار،
قۇچۇپ بارىنى ئەيلەدى جان نىسار.
يەنە بولدى ئول شەق بىرى بىرگە زەم،
نىھان بولدى ۋامۇق بىلە ئول سەنەم.
ۋەلى بىر قەرىشدىن ئۆزۈن كاكۇلى،
قالىپ تاشقارىدا ساچى سۇنبۇلى.


AltunOq

www.uyghurkitap.com

بۇ ۋاقىتنى كورىدىكى ھەم تەگلەرى،
بولۇپ زەرد قورقۇنچ بىلە رەگلەرى.
يۈگۈردى بىرى بىرىسىدىن ئالدىراپ،
كى شەھ ئوردەسىغە قىلىپ ئىزتىراپ.
كى ئۆزرا ئاناسىغە قىلدى خەبەر،
ھەمە كورگەنىنى دىدى سەربەسەر.
ئىشتىتىكى ئۆزرا ئاناسى مۇنى،
دىدى: ۋاي، يىقىلدى ۋەيىتتى ئۇنى.
بەسى بولدى غەۋغا ھەرەمخانەدە،
بارى ئەل ئىدى ئەشك ئەفشانەدە.
سەرىر ئۆزرە بىغەم تۇرۇپ ئەردى شاھ،
قۇلاغىغە كىردى غەرىب ئاھ-ۋاھ.
دىدى خادەمىغە: نە غەۋغا دۇرۇر،
ھەرەم خانە ئىچرە نە سەۋدا دۇرۇر؟
ھەنۇز ئەردى سۇلتان بۇ گوفتار ئىلە،
بىراۋ كىردى تۇردى نىگۇنسار ئىلە.
دىدى ماھۇۋەل ۋاقىئەنى تەمام،
چۇ شەھ قوپتى ساچراپ ئىزدىھام.
كىرىپ كورسە بىھۇش ياتار مەھرەمى،
كى شەھ باشىغە ياغدى باران غەمى.
داغى ئاگلادى قىزنىڭ ئەخبارىنى،
توكە باشلادى ئەشك خۇنبارىنى.
چىقىپ باغ ئىچگە قەدەم قويدى تىز،
خەلايىقغە تۇشتى رەھى رۇستەخىز.
كورۇپ سۇفەنى شەھ ئوشۇل تەۋر ئىلە،
كى پەيۋەند شەق ساچ مەزكۇر ئىلە.
ساچىن كوردى ھەيران بولۇپ پادىشاھ،

دېدىكىم ئاچىلىڭ شاھى ئالەم پەناھ.
چاپىپ سۇفەنىڭ سەتھىن ئەتتى كۇشاد،
كورەركىم ياتىپدۇر ئىكى خۇش نىھاد.
قويۇپ دۇشۇ بەردۇش يۇزىن يۇزگە ھەم،
لەبىنى لەبىگە، يۇزىن يۇزگە ھەم.
ئىكوۋنىڭ ئاقىپ ياشى شەبنەم كەبى
ئىكى ھەرف بىر جىنس مەدغەم كەبى.
قالىپ ھەيرەت ئىچرە بولۇپ ئەقلى لال،
كى تەپتىش ئېتىپ قىلدى ئەلدىن سۇئال.
كىلىپ كوردى ساھىپ بەسارەت ئەنى،
كىم ئول شۇستەگەر باغنىڭ سەۋسەنى.
بىلىندۇردى شەھغە فەراسەت بىلە،
تونۇپ ئانى ئەقلى كەياسەت بىلە.
دېدى شۇستىگەرنى يېتۇر دەرمەھەل،
قىلىپ ئىزتىراپ بولمە ئەسلە ھەيەل.
ھونەرمەند كەلدى يېتىپ، ئالدىراپ،
بەسى ۋەھمى بىرلە قىلىپ ئىزتىراپ.
كورۇپ شەھغە قىلدى تەھەييەت ئەدا،
سۇلۇكەت تەرىقەت كەتۇردى بەجا.
دېدى: ۋەھمە قىلماڭ قىلۇرمەن سۇئال،
كورۇپ ۋاقىئەنى ئېرۇرمەن مەلال.
بۇ بىچارە سىزگە پەرزەندمۇ،
كى جان رىشتەسى بىرلە پەيۋەندمۇ.
دېدى: پادىشاھا ئوغۇلدۇر ماڭا،
كى سەۋدايى فۇرقەت مۇقەددەر ئاڭا.
غەزەپ قىلما، ئەيلەي ساڭا ئاشكار،
ئوغۇلنىڭ ئىشكىم ماڭا ئاشكار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

نە ئىش ئۆتتى شەھگە ئەنى قىلدى پاش،
يىغلىدىيۇ باران كەبى توكتى ياش.
دىدى شاھ: يىغلاپ نەدىن ئەيمەدىڭ،
ئوغۇل ھالىنى سەن ماڭا دىمەدىڭ.
دىدى: بولساڭىز سىز ئۇلۇس ئىچرە شاھ،
مەن ئولسەم گەدا بەلكى ھالى پەناھ.
نىچۈكدىن بۇ سوزلەرنى ئىزھار ئىتەي،
قايۇ يۈز بىلە سىزگە ئىزھار ئىتەي.
دىدى ئوغلۇڭىز راست ئاشىق ئىكەن،
كى ئاشىقغە مەئشۇق مۇۋاپىق ئىكەن.
ئۇلۇغ نەسلىگە ۋەسلى مىسكىن مەھال،
ۋەلى باۋەر ئەيلەر ئىدىم دەپ ۋەبال.
خۇدانىڭ قەزاسىغە تەسلىم ئىتىپ،
ئىكوۋ ھالىنى شاھ تەفھىم ئىتىپ.
ئوغۇل ئاتەسىغە ئىچى ئاغرىدى،
مۇڭا بىر تەبەق زەر بىرىڭلەر! دىدى.
ئالىپ كەلدى خەزىن دىگەندىن زىيادە،
بىرىپ شۇستەگەرنىڭ دىلىن ئەتتى شاد.
كى سوگرە ئۇلۇس ئىچرە ئەفشا قىلىپ،
بەسى نۇھەزارە ئەلالا قىلىپ.
چۇ شەھ ئەھلى بىرلە يىغان باشلادى،
تۇتۇپ تەئزىيەت ئاھ جان باشلادى.
ئۇلۇس ھەم يۈز ئانچە قىلىپ نالە-زار،
مەگەر رۇز ھەشەر بولدى چۇن ئاشكار.
بولۇپ شاھغە ئاخىر قەزاغە رىزا،
كى سەبرى تەھەممۇل كەتۇردى بىجا.
بولۇپ پەست ئەلدىن بۇ شورىش يىغان،

بېرىپ شەھ بۇلەر ھەققىدە ئاش ـ نان.
قىلىپ خەتمە قۇرئان بىلە ھەم ئەدا،
بېرىپ سەدقەلەر تاپتى مىسكىن نەۋا.
ئىكى بەنەۋانىڭ كېلىپ قاشىغە،
كى مەرقەد مۇزەييەن قىلىپ باشىغە.
قويۇپ تۇغ ـ ئەلەملەر مەزاراتگاھ،
بولۇپ ئىشق ئېلىگە زىياراتگاھ.
يانىپ ئەل چۇ مەرقەد يېرىدىن ئۇكۇش،
ئۇشول كىچە ساھىپ دىلى كوردى تۈش.
بىھىش ئىچرە رۇتبە مۇئەللا بىلە،
يۈرۈر ئەردى ۋامۇق كى ئۇزرا بىلە.
داغى ھەم خۇدانىڭ ئىنايا تىنى،
دىسەم ھېچ تۈگەنمەس كەراماتىنى.

## ئىشق فەزايىلىدىن شەمەئى ئىزھار قىلماق

ئەيا ھۇشمەندان ساھىپ نەزەر،
قىلىپ جىددۇ جەھد ئىشقدىن تاپ خەبەر.
كېچە ـ كۈندۈز ئۇيماي خۇدادىن تىلە،
مەدەد ئەنبىيا، ئەۋلىيادىن تىلە.
نېتاڭكىم خۇدايىم ئەتا قىلسە ئىشق.
كى تىرە دىلىڭنى زىيا قىلسە ئىشق.
ئەجەپ يوق مەدەد قىلسە ئەرۋاھ پاك،
كى سىنەڭنى قىلسە ھەۋا تىغى چاك.
كى ئىنسان سۇرەت بىلىڭ ئىشقى جان،
ۋە گەر نە ئانى قىلمە ئادەم گۇمان.
كىشى كىم ئېرۇر ئىشق ئوتىدىن يىراق،

ئانىڭدىن بەھايىم بىلىلىك ياخشىراق.
بىلىك ئىشق ئىكى جاھان زىننتى،
دىمەيكىم جاھان بەلكى جان زىننتى.
بىراۋكىم قويار ئىشق سارى قەدەم،
ئۆزى بولسە فانى جاھاندىن ئەدەم.
قالۇر ياخشى ئاتى ئانىڭ يادىكار،
داغى داستانى تاپىپ ئىشتىھار.
ئوقۇپ ياد ئەيلەر ئانى ئەھلى دەرد،
كى ئەفسۇس بىرلە ئۇرار ئاھ سەرد.
قىلىپ ئىشق تەئسىر ھەۋەستىن كېچىپ،
كى ئۇممان كەبى لەئلە دۇررىن ساچىپ.
فەنانىڭ تەرىقىن قىلۇر ئىختىيار،
قىلۇر ئاقىبەت ھەقغە جاننى نىسار.
بىلىلىك ئىشق كۈندۈركى ئىنسانىنى سەڭ،
ئانىڭ تابىشىدىن (كى) ئول تاپتى رەڭ.
ۋە گەرنە ۋۇجۇدى ئىرۇر سەڭ خار،
ئاياغ ئاستىدە قالسە يوق ئىئتىبار.
يىتىپ ئافتابدىن ئاڭا تابىشى،
كويۇپ جىسمى چۇن تاپتى ئارايىشى.
ھەرارەتتىن ئولدى ئانىڭ باغرى قان،
بەھاسى دەرەمدۇر ئانىڭ نەچە سان.
ئۇلۇس خەيلى بولدى ئاڭا ئىھتىياج،
داغى شەھلەر ئەتتى باشى ئۈزرە تاج.
كىرىپ ئوت ئىچىگە جۇلا تاپتى زەر،
كى ئىقلىم ئىچىدە ئىرۇر مۇئتەبەر.
تۈشۈپ بۇ تەغە رەڭگى بولدى سارىغ،
خەزايىندە شەھلەر تۇتارلەر ئارىغ.

چۈ بۈلبۈلنى كوركىم ئىرۈر بىر تەيۈر،
گۈلستان ئارا ئىشقىن ئەتتى زوھۈر.
كى ئاشىق قاتارىدا ئەھلى قەلەم،
سەھايىپ يۈزىگە چىكىپدۈر رەقەم.
ئوقۇپ داستانىن قىلۇر ئەل پىسەند،
بارى قۇشلەر ئىچرە ئىرۈر ئەر جۈمەند.
چۈ پەرۋانە بولدى خەرىدار ئىشق،
كىرىپ ئوتغە ئەتدى پەدىدار ئىشق.
كى ئۈششاقلارغە بولۇبدۈر قەرىن،
ئوقۇر ئەھلى ھەقلەر قىلۇر ئافەرىن.
كورۈڭ شىشە تاپتى ئوت ئىچرە زىيا،
ئانىڭ سەدرى ھەم بولدى ئالەم نەما.
كىشى كىم ئىرۈر ئىشقدىن بىخەبەر،
ئوزى ئەكسىدىن تاپماس ھەرگىز ئەسەر.
بىراۋ سىنەسى ئىشق ئوتىدا كويەر،
دىل ئايىنەسىدە ئوز ئەكسىن كورەر.
ئوز ئەكسىدىن ھەركىمكى ئاگاھ دۈر،
گەدادۈر ھەقىقەت ئارا شاھ دۈر.
كىشى ئىشقدىن زەررە ۋاقىف ئەمەس،
ھەقىقەت ئىلى ئانى ئىنسان دىمەس.
ھەۋا تابىدىن بولدى خەففاش دۈر،
تىرىكلىكدە مەنزىل ئاڭا بولدى گور.
زىيايى سەن ئول ئىشقنىڭ تالىبى،
بولۇپدۈر ساڭا نەفسىنىڭ غالىبى.
ۋەفاسىز جاھان ھەرزىدىن بول يىراغ،
كى ئاگاھ بولماي كىتەر بولدى چاغ.
ساڭا قىلسە تەڭرى تەئەلا كەرەم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى

ئەگەر ئىشقدىن زەررە بولسە بەھەم.
پۇشايمانلىق ئولساك كوزۇك ياشلىغ،
ھەلاك ئولسە نەفسىڭ نەچە ياشلىغ.
تەسەۋۋۇرلەر ئەتسەڭ ئىشىڭ تۇرپە جام،
ھەمە كارۇ بارىڭ ئېرۇر ناتەمام.
نە بولغاي فەنا سارى قويساڭ قەدەم،
ۋۇجۇدۇڭدىن ئولسە تەكەببۇر ئەدەم،
قىيامەتدە بولسە گۇناھ ئاشكار،
ئوكۇش خەلق ئارا بولماساڭ شەرمسار.
ئەبەس رىشتەسىن كەس ئالىپ قولغە تىغ،
يانىپ ھەق جانىبىغە نەفسىڭنى يىغ.
ئۇيات تەگرىدىن بولمە غەپلەت سىرشت،
تۇگەندى قىلىپ بارچە ئەفئال زىشت.
يامان يولغە باشلاپ سەنى نەفس شۇم،
كى بەرباد بولدى ھەمە سال ـ يەۋم.
كەل ئى ساقى مەخمۇر گەدايىڭغە باق،
تۇتۇپ بادە كوڭلۇمگە سال ئىشتىياق.

## لۇغەت

ئا

ئازەر — ئوت
ئاۋان — دەۋر، زامان، ۋاقىت

ب

بەھايىم — توت ئاياقلىق ھايۋانلار

بى دەرەڭ — تېز، تېزلىك بىلەن
بىيىك — بۈيۈك، يۇكسەك، ئۇلۇغ

ت

تەفھىم — پەملەش، ئۇقۇش
تەلخ كام — قايغۇلۇق، تۇرمۇشى قىيىنچىلىقتا ئوتىدىغان

د

دەفايىن — كومۇلگەن بايلىق، غەزنە
دۇش بەردۇش — يەلكىمۇ ـ يەلكە

ئە

ئەتفال — كىچىك باللار، گودەكلەر
ئەخگەر — چوغ
ئەرجۇمەند — ئېزىز، ھورمەتلىك، قەدىرلىك

ج

جامۇمەۋت — ئولۇم شارابى
جان گۇداز — جان كويدۇرگۇچى
جۇست — دەرھال، چاققانلىق بىلەن
جۇشەندە — قايناپ تۇرغان، دولقۇنلىنىپ تۇرغان
جىددۇ جەھد — تىرىشىش، كۇرىشىش

خ

خەففاش — يوشۇرۇن، مەخپى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھ

| | |
|---|---|
| ھەرزە | — بىھۇدە، پايدىسىز |
| ھۇباب | — كۆۋۈكچە |

س

| | |
|---|---|
| سەدرى | — ئۇلۇغلۇق دەرىجىسى |
| سەربەسەر | — پۈتۈنلەي، باشتىن - ئاياق |
| سەكران | — ھۇشسىزلىق، مەستلىك |
| سەيھە | — ۋاقىراش |
| سەلاتىن | — سۇلتانلار، شاھلار |
| سۇفە سەتھى | — سۇپىنىڭ ئۈستى |
| سۇلۇكەت | — يول تۇتۇش، ياخشى يولغا كىرىش |
| سىپىھر | — ئاسمان گۇمبىزى، كوك |
| سىرشت | — خۇلق، ئادەت |

ش

| | |
|---|---|
| شەق | — (1) يېرىش، يىرتىش، سۇندۇرۇش<br>(2) ئىككىگە ئاجرالغان بولەكنىڭ بىرى |
| شەمە | — ئازراق، قىسقىچە |
| شۇتبەگەر | — كەسىپ نامى |
| شۇست | — يۇيۇش |

ر

| | |
|---|---|
| رەمەق | — ئاخىرقى نەپەس |

رو — بەت، يۈز
رۇز ھەشىر — قىيامەت كۈنى

## ز

زەم — قوشۇش، يۇكلەش
زەمرە — مەزمۇن، ئوي
زۇلجەلال — ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك
زىشت — خۇنۇك، يامان
زىن — زىننەت

## ۋ

ۋارىد — تەكرارلىنىش
ۋامۇق — داستاننىڭ باش قەھرىمانىنىڭ بىرى بولغان يىگىتنىڭ نامى "ئاشىق، ئىشققا گىرىپتار بولغۇچى" دىگەن مەنىدە
ۋىرد — ۋارىد بىلەن ئوخشاش

## ئۇ

ئۇزرا — داستاننىڭ باش قەھرىماندىن بىرى بولغان قىزنىڭ نامى

## ف

فام — رەڭ


AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ق

قەمس — كويىنەك

ك

كاۋىش — كولاش، قېزىش
كەبك — كەكلىك
كۆهلى — سۇرمە

ۋ

ئىختىفا — يوشۇرۇنۇش، بېكىنىش
ئىززۇ جاھ — يۇقۇرى مەرتىۋە
ئىسمەت — پاك، ساپ
ئىشتىھار — شوھرەت
ئىفتىرات — بوھتان، توھمەت
ئىكتىفا — كۆپايىلىنىش

گ

گەرم — قىزىتىش، قىزغىن

ل

لەڭ — ئاقساق، چولاق

## م

ماھۇۋەل — پۇتۇن
مەدغەم — كوپ غەملىك
مەخزەن — غەزنە
مەرقەد — قەۋرە، گور
مەفرەش — گىلەم، كىگىز، پالاز
مەغما — مەيپۇرۇش
مەمالىك — مەملىكەتلەر
مۇ — موي
مۇتتەسىل — تۇتاش، دائىم، ئارقىمۇ ـ ئارقا
مۇدەببەر — ئىشنى ئارقىغا كەتكەن، بەختسىز
مۇئەللا — يۇكسەك، ئەلا
مۇستەجاب — قوبۇل، تەلىۋى قوبۇل قىلىنغان
مۇسەممە — قەتئى قارار بەرمەك
مۇشەۋۋەش — تەشۋىشلىك، پەرىشانلىق
مۇرۇر — ئۇتۇش، يۇرۇش
مورغ — ئۇچارقۇش، توخۇ
مۇۋەددەت — مۇددەت
مۇقەددەر — تەقدىردىكى
مۇئتاد — ئادەتلەنگەن، ئۇگەنگەن
مۇنەققىش — نەقىشلەنگەن

## ن

نەبەرد — ئۇرۇش، جەڭ

www.uyghurkitap.com

نەھىف — ئورۇق، ئىشتىن چىققان، نىمجان

نەۋرەس — ياش

نەۋىد — خۇش خەۋەر، خۇشلۇق، سۆيۈنچ

نەقۇلات — ھېكايە

نۇھەزارە — يىغا - زارە

نىكخاھ — ياخشىلىق ئاتا قىلغۇچى

نىكخۇي — ياخشى خۇيلۇق






نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: قۇربان بارات، مەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

ھەمدىڭنى بىسمىللاھ بىرلە قىلدىم ئىپتىدا،
ئەر رەھمانىر رەھىم خەتا بەخشى سەن ئۇق خۇدا.
ئىنسى، مەلەك. دىۋ، پەرى ھوش تەيۇر،
مەۋجۇد بولدىلەر ھەممە قۇدرەت بىرلە ئەدا.
بىچۇن، بىچۇگۇنە ۋە بى شۇبھە، بى نەمۇنە،
ۋەھدەھۇ لاشەرىكە لەھۇ ئەلھەن ۋاھىدا.
ئى مەلەكىل قەدىم لەم يەزەل ۋە لايەزال،
ھەممە ئالەم فانى ئېرۇر، ئۆزۈڭ بەقا.
دەريايى رەھمەتىڭدىن مەۋج ئۇرسە ئى كەرىم،
قەھرىڭ ئوتىنى ئۇچۇرۇپ لۇتپۇڭ ئەتا.
توپان رەھمەتىڭدىن ھىچكىم نائۇمىد ئەمەس،
رەھىم ئىنايەتىڭغە مۇستەھىق شاھ گەدا.
يۈزمىڭ تىلىم بولسە سۇپاتىڭ ئەيان ئەيلەسەم،
مىڭدىن بىرىن قىلالمام قىيامەتغىچە ئەدا.
دەرگەھىڭغە ئەقىل قاسىرى بولدى كەڭگۇ لال،
ئى ھەيىيۇ لايەمۇت مەنزۇلەن ئىنتىھا.
ئى قادىر جەلال جەمالىڭنى قىل نەسىب،
بۇ نەۋبەتى بىچارە قىلدى ئىلتىجا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ھەقتەئالانىڭ ھەبىبى ئى رەسۇلى مۇستەپا،
مىڭ دۇرۇدۇ مىڭ سەلام بەندەدىن بارسۇن دۇئا.
نۇرىڭىزنى چۇن ياراتتى بارچە ئالەمدىن بۇرۇن،
بەھتەرى ئەۋلاد ئادەم قىلدى خاتەم ئەنبىيا.
بۇرنا ئۆتكەن ئەنبىيالەر بارچەسى خاتەم ئېرۇر،
گەۋھەرى يەكتا نىگىندۇرلەر يە يەمبەرلەر ئارا.
ئىككى ئالەمنى ياراتىبدۇر تۇپەيلىڭدىن سىنىڭ،
ئەرشى، كۇرسىيۇ قەلەم جەننەت، تۇمۇغ، ئەرزى ـ سەما.
فەزلىڭىزدىن كۆپرى زۇلماتى مۇنەۋۋەر بولدىكىم،
دىنى ئىسلامى شەرئەت ئەلگە بولدى رەھنەما.
ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيا، شاھۇ ـ گەدالەر بارچەسى،
جۇملە ئۇممەتغە شەپائەت ئەيلەگىل رۇزى جەزا.
ھەقتەئالا رەھمەتەن لىل ئەلەمىن قىلدى سىنى،
رۇز مەھشەردە شاپائەت كورگۇزۇر مىسلى گەدا.
ئى گۇنەھكارلار گۇناھىنىڭ تەبىبى ھازىقى،
رەھمى ئەيلەپ مەن قۇلۇڭنىڭ ئالەتىگە قىل دۇئا.
نەۋبەتى ئاجىز زەئىپ ئولدى گۇناھى جەھتىدىن،
يارەسۇلىللاھ كېلىپمەن ھەزرەتىڭغە ئىلتىجا.

× ×

چەھار يارى باردۇركىم جانىشنى ئەنبىيا،
جۇملەئى ئەسھابدىن ئەفزەل ئېرۇرلەر باسەفا.
ئەۋۋەلى سىددىق ئەكبەردۇر رەسۇلغە يار غار،
سىدقىلە ئىمانىنى ئېيتىپ كىردىلەر ئىسلامغە يار.
ئۇمەرى ئادىل ئېرۇرلەر قۇۋۋەتى ئىسلامدىن،
قىلدى ئىسلامى شەرئەت يار دۇيەم ئاشكار.

يار سەييۇم ھەزرەتى ئوسمان زۇننۇرەين بىل،
جىمئىل قۇرئان ئېرۇرلەر مەئدەنى كانى ھەيا.
پاتىمەئى جۇفت دامادى پەيغەمبەر بىل ئانى،
يار چەھارۇم شاھى مەردان ئەلى شىرى خۇدا.
دوستۇدارى چەھاريار دۇر مۇزھەبى خانەدان،
ئەھلى ئەۋلادى پەيغەمبەر جانىم بولسۇن پىدا.
ئىككى شەھزادە ھەسەن-ھۇسەين ئەۋلادى ئەلى،
جۇملە ئۇممەت ھەققىدە بولدى شەھىدى كەربالا.
مەدھى ئېيتسام گەر تىلىم بولسە تېنىمدا مىڭ تىلىم،
تا قىيامەت بولماغاي مىڭدىن بىرى ھەرگىز ئەدا.
تۆرت يارگە ھەر كىشى بەئىزى ئەداۋەت ئەيلەسە،
ئەھلى دەۋزەخ بىل ئانى دائىمى ئېيتقىل ناسەزا.
گەر مۇسۇلمان سەن بۇ تۆرت يارنى بەرابەر دوست بىل،
جۇملە ئۇممەتغە قىيامەت كۈن ئېرۇرلەر رەھنەما.
رەھم ئەيلەڭ خاندان ھەققى چەھار يارى نەبى،
بەندەئى بىچارە ئاجىز نەۋبەتىدۇر غەمزەدا.

× ×

مۇئمىنى بىل ئەژدىھايى نەفسى ئەممارۇل ھۇدا،
پەرھىز ئەيلەپ مۇئسىيەتتىن ئاقىبەت بول مەرھەبا.
كېچە-كۈندۈز سىدقى بىرلە قىل خۇداغە بەندەلىك،
جەھد ئەيلەپ بولما غاپىل فەرز، سۇننەت قىل ئەدا.
چۈن نەسۇھادەك گۇناھىغە نىدامەت ئەيلەبان،
ھەققەئالا رەھم ئەيلەپ رەھمەتى قىلغاي ئەتا.
بىۋەپا غەددارەئى دۇنياغە كوڭلۇڭ باغلاما،
ئاقىل ئېرسەڭ ئاخىرەتنى ئىستەگىل بول ماسەۋا.
كىم خۇدانىڭ ياددىن بىر لەھزەئى غاپىل ئەمەس،

www.uyghurkitap.com

روزى مەھشەردە ئاڭا بولغاي شەپىئ ئەنبىيا.
بارچە تائەت ئەفزەلى ـ قۇرئان تەلاۋەت ئەيلەمەك،
ھەم رەپىقى مەر قەدىڭدە نۇر بولغاي پۇر زىيا.
سەن قۇلۇڭدىن كەلگەنىچە خەيرى ئىھسان قىل مۇدام،
ھەقتەئالا ئاخىرەتدە بىرگە ئون بەرگەي جەزا.
ئى يارانلار بۇ سوزۇمگە شەك ۋە ئىنكار ئەيلەمە،
ھەقتەئالانىڭ سوزى ئايەت ھەدىسدۇرلەر گۇۋاھ.
بىلىڭكى ھەققى خۇدايا يازۇقۇمنى ئەفۋى قىل،
نەۋبەتى بىچارە ھەم ئاجىز قۇلۇڭ نامە سىياھ.

× ×

ھەمدۇ سەنايى بىھەد، يارەببىنا زىلەمنا،
رەھمەتىڭدۇر بىئەدەد، يارەببىنا زىلەمنا.
بىچۇن، بىچەگۇنە بى شۇبھە، بى نەمۇنە،
ۋەھدەھۇ لاشەرىكە، يارەببىنا زىلەمنا.
ئى پادىشاھ بى ۋەزىرسەن، ئەللام بى نەزىرسەن،
قەييۇم دەستىگىرسەن، يارەببىنا زىلەمنا.
چەرخى پەلەك مۇئەللەق، قۇدرەتىڭدىن مۇتەببەق،
سەن ـ سەن خۇدايى بەرھەق، يارەببىنا زىلەمنا.
مەن بەندەئى گۇناھكار، قىلدىم گۇناھى بىسيار،
كەلدىم يانىپ بەيەكبار، يارەببىنا زىلەمنا.
جۇرمىم خەتايى بىھەد، رەھىم ئەيلەگىل يائەھەد،
يارەب بىھەققى ئەھمەد، يارەببىنا زىلەمنا.
قادىرى سەن ئىلاھىم، رەھىم ئەيلە پادىشاھىم،
ئەفۇ ئەيلەگىل گۇناھىم يارەببىنا زىلەمنا.
ئى پادىشاھى غەففار، سەن ـ سەن ئىرۇرسە سەتتار،

بىچارەلەرگە غەمخار، يارەببىنا زىلەمنا.
ئى پادىشاھى ئالەم، ھوشى تەيۇر ئادەم،
تەسبىھ ئەيتۇر دەمادەم يارەببىنا زىلەمنا.
بولدىكى قەسد شەيتان، خەيرات ئىشىدا دەربان،
قىلدىكى قەسد ئىمان، يارەببىنا زىلەمنا.
نەفس دامىغە ئىلىندىم، دەرگاھىڭغە يىقىلدىم،
پەناھىڭغە ساغىندىم، يارەببىنا زىلەمنا.
نەفس كويىدا ھارىپمەن، تۇخمى ئىسيان يارىپمەن،
دەرگاھىڭغە يانىپمەن، يارەببىنا زىلەمنا.
ئاللاھ ئىسمى زاتلىغ، توقسان توققۇز سۇپاتلىغ،
بەندەڭدۇرمەن ئۇياتلىغ، يارەببىنا زىلەمنا.
قىلدىم گۇناھ پىشە، يوقتۇر مەندە ئەندىشە،
غافىل مەنۇ ھەمىشە، يارەببىنا زىلەمنا.
بىچەرە ئاسى بەندە، ئىسيان بىلە دەرماندە،
ئاخىر ئۇمىدىم سەندە، يارەببىنا زىلەمنا.
رەھىم ئەيلەگىل خۇداۋەند، خەتا قىلدىم ئەگەرچەند،
ئەفۋى قىلغىل يا كەرىم، يا رەببىنا زىلەمنا.
رەھىم ئەيلەگىل يا رەھمان، دەردىمغە ئەيلە دەرمان،
ئاخىر دەمدە بەر ئىمان، يارەببىنا زىلەمنا.
ئەنبىيالار ھورمەتى، ئاسىيلەرغە رەھمەتى،
بەرگىل كەۋسەر شەربەتى، يا رەببىنا زىلەمنا.
نەۋبەتىدۇر گۇناھكار، رەھمەتىڭدىن ئۇمىدۋار،
سەندىن ئوزگە كىمىم بار، يارەببىنا زىلەمنا.

× ×

ئى ھەبىبا، ئەھلى ئالەم بەندە پەرماندۇر ساڭا،
خاكى پايىڭغە پىدا بولسۇن ئەزىز جاندۇر ساڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەرگەزىدە قىلدى ھەق بارچە نەبىلەردىن سېنى،
موئجىزاتىڭدىن بىرى چوللەر گۈلىستاندۇر ساڭا.
يەتتە قات ئەفلەكدىن تا ئەرش مىراج ئەيلەدىڭ،
جەننەتى، دەۋزەخ بارى بولدى نەماياندۇر ساڭا.
ھەقتە ئالا ئەنبىيالار تاج سەرۋەر ئەيلەدى.
جۈملەئى ئىنسان مەلەك بولدى غۇلاماندۇر ساڭا.
ئىلتىپات ئەيلەپكى ھەق بەردى شەپائەت گەنجىنى،
ئاجىز ئۇممەتلەرغە مۇشكىلدۇركى، ئاساندۇر ساڭا.
يا رەسۇلىللاھ تۇتۇپدۇرمىز شەپائەتدىن ئۇمىد،
رەھم ئەيلە ئاسىلەر ھالى فەرىشاندۇر ساڭا.
رۆزى مەھشەردە شەپائەتىڭنى ئىسار ئەيلەمەك،
لازىم ئولدى ئاسىلەرغە لۇتپى ئىھساندۇر ساڭا.
بىزگە ھەق جەننەت قەبۇغىنى كۆشادە ئەيلەدى،
مۇنتەزىر دۇرلەر بىھىشتدە ھور-غۇلماندۇر ساڭا.
مەن قۇلۇڭغە ئەيلەگىل يارەب شەپائەتدىن نەسىب،
نەۋبەتى بىچارە ھەم ئىمان ئىپتىقاندۇر ساڭا.

× ×

ئۇلگۇچە بەندەڭ بۇلاي ئى شاھى خوبانىم ساڭا،
تا تىرىكدۇرمەن پىدا ئەيلەي تەنۇ جانىم ساڭا.
ئى نىگارا كاشكى كورسەم جەمالىڭ ئەكسىنى،
كويدۇمۇ پانوسدەك شەمئى شەبىستانىم ساڭا.
رەھم قىلغىل مەن يېتىم بىچارەگە ئى نازەنىن،
ھەسرەتىڭدە زەئفىراندەك بولدى رۇخسارىم ساڭا.
مۇنچە كويدۇرمەك نىدۇركىم ئاشقى بىچارەنى،
كىم ئىپتىقاي ئەرزى ئەھۋالىمنى جانانىم ساڭا.

دىلرەبا، سەندىن زەمان ئايرىلماقنى دىشۋاردۇر،
تا قىيامەت يىغلاسام يەتكەيمۇ ئەفغانىم ساڭا.
كېچە-كۈندۈز يارنىڭ كويىدا ئىچسەم بادەئى،
زاھىدا مەنئى ئەتمەگىل كىم باغۇ-بوستانىم ساڭا.
يارنىڭ ۋەسلى جەمالىنى تىلەيدۇر نەۋبەتى،
رەھىم قىل يارەب قەبۇل بولغايمۇ ئىمانىم ساڭا.

× ×

مۇددەتىدۇر نەچچە يىغلارسەن يېتىبدۇر غەم ساڭا،
چۈن ئەزەلدىنكىم توشۇبدۇر زەررەئى ئەشكىم ساڭا.
مەغرۇر ئولمە ئۆتكۈسىدۇر فانى ئالەم دەۋلەتى،
بولماغايكىم سىير نوشىڭدىن زىيادە-كەم ساڭا.
ھەقتەئالا ھەرنە بەرگەن نىئمەتىغە شۈكرى قىل،
لۇتپى ئېھسانى كىرەم بولغاي مەئاشى ھەم ساڭا.
جەھد ئەيلەپ ھەر سەھەر موئىسسىيتىڭغە توبە قىل،
دىدەئى ئەشك نىدامەت ئاقىزىپ شەبنەم ساڭا.
ئەيلەگىل قۇرئان تەلاۋەت، بولما غاپىل ھەر زەمان،
ئەۋلىيا ۋە ئەنبىيا قىلغان مەدەت خۇاجەم ساڭا.
گەر قولۇڭدىن كەلسە قىلغىل پىرى كامىل خىزمىتى،
بولغۇسى رۇزى قىيامەت راھبەر ھەمدەم ساڭا.
ئاخىرەت سەرمايەسىدۇركىم سەخاۋەت پىشە قىل،
رۇزى مەھشەردە شەپائەت ئەيلەگەي خاتەم ساڭا.
تائەتى ئەيلەپ خۇداغە بەندەلىكنى قىل مەدام،
جەننەت ئىچرە بولغۇسى ھور قىزلارى مەھرەم ساڭا.
خەشك لەب ئولمە ئەجەل ساقىسىدىن ئى نەۋبەتى،
ئەشرەبۇ دەۋران ئاياغىدىن كىلۇر ھەردەم ساڭا.


AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

× ×

ئاھ، نەيلەي، مەن يېتىمنىڭ قەدرى يوق يار ئالدىدا،
ئاي يۈزۈڭنىڭ شەۋقىغە بولدۇم گىرىپتار ئالدىدا.
كېچە ـ كۈندۈز فۇرقەتىدا كويدۇرۇپ ئول نازەنىن،
ئى مۇسۇلمانلار نېتەيكىم ئىككى ئەغيار ئالدىدا.
ئاي يۈزىنى كورگەلى قويماسكى ئول ئەغيارلەر،
ئاي بۇلۇتقە بولدى پىنھان زۇلفى رۇخسار ئالدىدا.
ئېئتىقادىم ئول خۇدا تۇتقاي ھەمىشە ئافىيەت،
خىزمەتىدە ئولگۇچە تۇرسامكى تەييار ئالدىدا.
كاشكى ئول سەگىدىل سورسەكى: "ئەھۋالىڭ نەدۇر؟"
ئاستانىڭ ياستانىپ تۇرسامكى مەن يار ئالدىدا.
بولماغاي ئالەمدە ئانداغ نازەنىن مەككارەئى،
مەن كەبى ئوتىدا كويگەن خەلق بىسىيار ئالدىدا.
كورمەسەم بىر دەم ئانى ئارامۇ تاقەت يوق ماڭا،
نەۋبەتى قىلسام جانىم، باشىمنى ئىسار ئالدىدا.

× ×

بۇ مېنىڭ شۇم تالىئىمدىن يار باقمايدۇر ماڭا،
ئاي يۈزىنى ياشۇرۇپ دىلدار باقمايدۇر ماڭا.
كوز ئۇچى بىرلە باقىپ باغرىم جەراھەت ئەيلەدى،
لەبلەرىنىڭ مەرھەمىن زىنھار ياقمايدۇر ماڭا.
ئىككى ھىندۇيى سىپاھى ياستانىپ رۇخسارىنى
پەردە ئىچرە غۇنچەدەك پىنھان، باقمايدۇر ماڭا.
كېچە ـ كۈندۈز فۇرقەتىدە ئورتەنۇر جانىم مېنىڭ،
بولدى بۇ جىسمىم زەئىفى، زار باقمايدۇر ماڭا.

ئى مۇسۇلمانلار نېتەيكىم ئول مەھى نا مېھربان،
مۇنتەزىردۇرمەنكى ئول ئەييار باقمايدۇر ماڭا.
مەقسىدى ئۇلدۇر مېنى ھەركۇندە قەتلى ئام ئېتىپ،
قاشى ياسىن ئاتقالى تەييار، باقمايدۇر ماڭا.
نەۋبەتىكىم يارنىڭ كويىدا بولدى بىنەۋا،
رەھمى ئەيلەپ بىرگىنە گۇلنار باقمايدۇر ماڭا.

× ×

ئاقىل ئېرسەڭ ھېچكىمگە بىر زەمان قىلمە ئىزا،
بىر يېتىمنىڭ كوڭلىنى ئال، دىمە ھەرگىز ناسەزا.
ئى بۇرادەرلەر مۇسۇلمانلىق بىناسى بەش دۇرۇر،
ئەۋۋەلا ئىمان ئېيىتىپ بەش نەمازنى قىل ئەدا.
فەرز بىلگىل كىم نەمازۇ رۇزەئى ھەججۇ زەكات،
سەن تىرىكلىكنى غەنىمەت بىل ئانى قىلمە قەزا.
بىر مۇسۇلماننى كورسەڭ لۇتپى ئېھسان ئەيلەگىل،
كورگۇزۇپ خۇش خۇيلۇق، قىلمە ئانىڭ بىرلە نىزا.
ھەر بەلايى كەلسە باشىڭغە تەھەممۇل پىشە قىل،
دەفئى بولغاي ئول بەلايى، سەندىن ئولغاي ھەق رىزا.
ھەقتەئالادىن ئۇمىد ئەتسەڭ بېھىشتۇ جاۋىدان،
قىل خۇدايىمنىڭ يولىغە مالۇ جانىڭنى پىدا.
ئى خۇدايا خۇابۇ غەفلەتدىن مېنى بىدار قىل،
رەھىم ئەيلەپ نەۋبەتى ئاجىز قۇلۇڭغە قىل نىدا.

× ×

رەھىم قىل يا مۇفەتتىھىل ئەبۋاب،
ئاخىرەت ئۇيىمىزنى قىل سىراب.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ناگىھان مۇسۇلماننى كورسەڭ،
دۇرۇد ئېيتىپ، قولنى قىل دەرياب.
قىلماغىل گىنە ۋە ئەداۋەتنى،
كىشىگە ياخشى خۇي دۇرۇر ناياب.
كىشى ھەققىدىن ئەيلەگىل پەرھىز،
ئاخىرەتدە ئىچ تەھۇر شەراب.
كېچە-كۈندۈز خۇداغە تائەت قىل،
بېھىشت ئىچرە يېگىل تەئامۇ كەباب.
ھەر سەھەر تەۋبەئى نەسۇھ ئەيلە،
يازۇقۇڭنى كەچۈرگەي ئول ۋەھھاب.
نەۋبەتى ھەر سەھەردە بىدار ئول،
تەۋبە قىلغىل، كوزوڭدىن توككىل ئاب.

× ×

ئاقىل ئەرسەڭ قوپ سەھەرلەردە خۇداغە يالبارىب،
بولماغىل غاپىل خۇدادىن، قالماغىل يولدا ھارىب.
كېچە-كۈندۈز سىدقى بىرلە قىل خۇداغە بەندەلىك،
ئەيلەگىل ئەيشى فەراغەت تاڭلا جەننەتكە بارىب.
سەن غەنىمەت بىل تىرىكلىكنىكى ئولمەسدىن بۇرۇن،
دەمبەدەم كەلگەي ئولۇم، گوردا ياتارسەن سارغارىب.
ھەر زەمان قىلغىل كىشىگە ياخشىلىقنى پىشەئى،
ياخشىلىق كوز توتماغىل توخمى يامانلىقنى تېرىب.
ئادەمىگە ياخشىلىق ئىككى جەھان سەرمايەسى،
ئاقىبەت قىلغاي ئوزىگە ھەقتەئالا ئەنقەرىب.
كېچەمۇ-كۈندۈز خۇداغە بەندەلىكنى قىل مۇدام،
ئاخىرى گوردا بولۇرسەن ھەم مۇساپىر ھەم غېرىب.

بۈگۈندە ئۆمرۈڭ ئۆتتۈبدۇر، غەپلەت ئىچرە تۈيمادىڭ،
تەۋبە قىلغىل نەۋبەتى قىلغان گۇناھىڭغە يانىپ.

× ×

خۇداۋەندا تۈمەن-تۈرلۈك بەلادىن ئاسىراغىل يارەب،
جەمئى بەندەلەرنى ھەم خەتادىن ئاسراغىل يارەب.
پەناھ بەرگىل كى مەن بىچارەنى ۋەسۋەسى شەيتاندىن،
بىرىپ تەۋفىق تائەتكىم رىيادىن ئاسراغىل يارەب.
بارى ئاجىز قۇلۇڭنى پىتنەئى ئاخىر زەمانىدىن،
بەلانى دەفئى ئەيلەپ ھەم خەتادىن ئاسراغىل يارەب.
مۈرەككەپ ئەيلەدى ھەرس ھەۋا ۋە نەفسى شەيتاننى،
تەرەھھۇم ئەيلەگىل نەفس ھەۋادىن ئاسراغىل يارەب.
ئىلاھا بەندەگە رىزقى مۇتەھھەر ئەيلەگىل رۇزى،
كى مەن بىچارەگە رىزقى زىيادىن ئاسراغىل يارەب.
جەمئى بەندەلەرنى ئافىيەت تۇت مۇبتەدىئلەردىن،
كى نامەھرەم زەنى شۇم بىھەيادىن ئاسراغىل يارەب.
ئىلاھا مەغفىرەت قىل نەۋبەتى ئاجىز گۇناھىنى،
ئىجابەت قىل دۇئاسىنى گۇناھدىن ئاسراغىل يارەب.

× ×

ۋەھ نە خۇشتۇركىمكى يارى بىر تۇرسە ياندا شىب،
مېھرىبانلىق ئەيلەبان تاۋۇس مەستىدەك ئويناشىب.
ئىلكىنى ساڭسە گىرە ئەيلەپ ئانىڭكى بويىنغە،
ئىشق پىچاندەك بولۇپ تالدەك بويىغە چىرماشىب.
بادەئى ئىشق مۇھەببەت نۇش ئەيلەپ كەيپىدە،

غۇنچەئى خەندان لەبىنى بۇسە ئەيلەپ يىلداشىب.
ئاشىقى مەئشۇق بىرلە ۋەسلى بولسە ھەر زەمان،
ئىنسۇ ئۇلفەت ئەيلەبان سوھبەت قىلۇرغە مۇڭداشىب.
بولماغاي ھەرگىز جۇدالىق دەردىدىن دىشۋاررا ق،
سائەتى بىر ـ بىردىن ئايرىلسە يۇرۇرلەر يىغلاشىب.
خۇش ھوزۇردۇر كىشىگە ئىشرەت ئەيلەپ ھەر كېچە،
ئىككى ئاشىق بىر بولۇپ بەستە گىرەلەرنى شىشىب.
سىدقى ئىخلاسى بىلە تائەت ـ ئىبادەت ئەيلەسە،
رۇزى مەھشەردە يۇرۇرلەركىم بىلىقدەك سويلاشىب.
ئاشىغى سادىق ئېرۇرسەن قىل خۇداغە بەندەلىك،
تاڭلا جەننەت ئىچرە ھور بىرلە يۇرۇرسەن تويلاشىب.
جەھد ئەيلەپ، بولما غاپىل، تەۋبە قىل ئى نەۋبەتى،
جۇرمى ئىسيان تەقسىراتىڭ ئوتتى ھەددىدىن ئېشىپ.

× ×

ئى سەبا، مەندىن دۇئا ئۇلشوخى يارىمغە ئېيت،
شەمسى تەلئەت، ئاھۇ كوز نازۇك نىھالىمغە ئېيت.
بىر كىنە ھالىڭ نىچۇك دەپ سورمادى ئول سەڭگىدىل،
فۇرقەتىڭدە كويدى دەپ زالىم نىگارىمغە ئېيت.
پەرھىز ئەيلەپ لەبلەرى شاپتالۇسىنى ئۇزمەدىم،
سوزلەرى قەندىن لەزىز، شىرىن زەبانىمغە ئېيت.
جىلۋە ئەيلەپ كوڭلۇم ئالدى ئول پەرى نا مېھرىبان،
ھەسرەتىدە قان يۇتارمەن بويى تالىمغە ئېيت.
ئەۋۋەلدە كورمەگەي ئېردىم سېنى ئى ماھرويە
رەھمى ئەيلەپ مەن يىتىم ھالىنى يارىمغە ئېيت.
شۇم رەقىپلەر جەھتىدىن كورمەك مۇيەسسەر بولمادى،

ئەرزى ھالىم ئۇل شەھى ساھىب قىرانىمغە ئېيىت.
تەشنە لەبدۇر يارىنىڭ كويىدا دايىم نەۋبەتى،
بادەئى لەئلى لەبى ئارامى جانىمغە ئېيىت.

× ×

زىيارەت ئەيلەمەك بولدى ماڭا ئۇل دىلرەبا ھاجەت،
كېچە ـ كۈندۈز ئانىڭ كويىدا بولدۇم مۇبتەلا، ھاجەت.
فىراقىنىڭ ئوتىدا ئورتەنۇر بۇ ناتەۋان جانىم،
تەرەھھۇم ئەيلەبان قىلسە نىگاھى بىر قىيا ھاجەت.
ئانىڭ ئىشقى ـ مۇھەببەت بادەسىنى نۇش ئەيلەرگە،
كەتۇر جىسمىم "ئەلىف"، "مىم"نى كى ئى ساقىيا ھاجەت.
بارىڭلار زارى يىغلاپ ئى يارانلار ئاستانىغە،
يېتىشساك دەرگەھىغە، باش قويۇپ قىلساق دۇئا ھاجەت.
بىجانۇ ـ دىل بىلە ھەركىم ئۇلارغە ئەيلەسە ئىخلاس،
بۇلۇرلەر ئىككى ئالەمدە رەفىقى رەھنەما ھاجەت.
بەھەم يەتسەكى بىزگە چەشمەئى كەۋسەر شەرابىدىن،
بولۇر كوڭۇل مۇنەۋۋەر نۇش قىلسە بىر قانا ھاجەت.
ئىماملەر ماتەمىنى تۇتسە ئۇل دەرگاھىدا ھەركىم،
قىيامەت كۈن شەپائەت ئەيلەگەيلەر مۇستەپا ھاجەت.
قىلىپ تەۋبە نىدامەتلەر بىلە قىلغان گۇناھىغە،
مەئاف ئەيلەپ گۇناھىنى بىھىشت بەرگەي خۇدا ھاجەت.
ئانىڭ دەرگاھىدىن نەۋمىد بولمە نەۋبەتى ئاجىز،
مۇرادۇ ـ مەقسەدىڭ دەرگاھىدا بولغاي رەۋا، ھاجەت.

× ×

ئى نىگارىم ئەرزى ھالىم ئىشىت،
سائەتى ئولتۇرۇپ جانىم ئىشىت.

هۇسن گۈلشەنىنىڭ گۈلى بولساڭ،
بۇلبۇلى مەندۇرمەن نىگارىم ئىشىت.
مەن ئېرۇرمەن باشىڭدا پەرۋانە،
سەن ـ سەنۇ شەمئى جاھەنىم ئىشىت.
رەھمى قىل پادىشاھى كىشۋەرى ھۇسن،
مەن پەقىر كويۇڭدا گەدايىڭ ئىشىت.
سۇبھىدىن تا شام ئورتەنۇر جانىم،
بولدى بۇ جىسمىم خاكسارىم ئىشىت.
قاشى ياسى كىرپىك ئوقى بىلە،
سەبزىنى قىلدى زەخمى كارىم ئىشىت.
كوز ياشىنى سىيراب ئەيلەرمەن،
جىگىرىم بولدى كەبابىم ئىشىت.
ھەسرەتىڭدە زەئىپ ئولدى خەراب،
ئەلىپ قامەتىم بولدى ۋايىم ئىشىت.
تەۋبە قىلغىل نەۋبەتى ھەردەم،
ھەددىدىن ئاشتى گۇناھىم ئىشىت.

× ×

يارنىڭ كويىدا مەن دىۋانە بولدۇم ئاقىبەت،
خەلق ئاراسىدىن چىقىپ بىگانە بولدۇم ئاقىبەت.
كەلمەگەي ئالەمدە سەندەك مەھۋەشى ئى نازەنىن،
ئىشتىياقىڭ كەيپىدە مەستانە بولدۇم ئاقىبەت.
ئەلگە ئىشرەت باغىدا خۇررەملىق ھەم دىلشادلىق،
مەن غەرىبىڭ غەم بىلە ھەمخانە بولدۇم ئاقىبەت.
ھەر زەمان يوقتۇر ماڭا ئارام ئىلە سەبرى قەرار،
ئاي يۈزۈڭنىڭ شەمئىغە پەرۋانە بولدۇم ئاقىبەت.

ئىككى شەھلا كوزلەرىڭ كوڭلۈم قۇشىنى قىلدى سەيد،
چۈغز يەڭلىغ مەسكەنى ۋەيرانە بولدۇم ئاقىبەت.
ئى يارانلار يارىنىڭ ۋەسلى مېنى قىلدى خۇمار،
مۇتتەسىل ئاستانەسى مەيخانە بولدۇم ئاقىبەت.
ساقىيا مەي تۇت ماڭا جامى مۇھەببەت تولدۇرۇپ،
نەۋبەتىكىم تەشنە لەب رىندانە بولدۇم ئاقىبەت.

× ×

ئىنايەت بولسە ھەقدىن بەندەگە ئول شاھدىن بائىس،
بارۇرمەنكىم ئىمامىلار ماتەمىغە پاتدىن، بائىس.
ئۇلارنىڭ يادى بىرلە مەن ئوزۇمنى ئەيلەدىم مەشغۇل،
بىھەمدۇلىللا مېنى بىچارە دەرگاھىدىن بائىس.
بارى قىلغان گۇناھىمنى خۇدايا سەن كەچۈر، تەۋبە،
نىدامەت بىرلە قورقماقلىق قاراڭغۇ چاھدىن بائىس.
خۇدايا بەندەلەرنى ئابى رەھمەتدىن سىراب ئەتكىل،
ھەمىشە ئافىيەت تۇت مۇبتەدىئ ھەمراھىدىن بائىس.
شەھىدلەر ھورمەتىدىن يا زۇقۇم ئەفۇ ئەيلەگىل يارەب،
خەتالىق ئۇتسە مەن بىچارەئى گۇمراھىدىن بائىس.
رەۋا قىل ھاجەتىمنى پادىشاھىم قىلماغىل نەۋمىد،
ئۇمىد بىرلە كېلىبدۇرمەن قۇلى كوتاھىدىن بائىس.
تىلايدۇر نەۋبەتى ئاجىز، نەسىپ ئەت گەۋھەرى ئىمان،
ئۇمىدىم بار مېنى بىچارەكى ئاللاھىدىن بائىس.

× ×

ئاقىل ئەرسەڭ ئى بىرادەر قىلمە نادان بىرلە بەھس،
خاتىرىڭنى جەمئى ئەيلەپ قىلمە نادان بىرلە بەھس.

www.uyghurkitap.com

جەھد ئەيلەپ ئەھلى دانا بىرلە بولغىل ھەمنىشىن،
ئەھلى ناداندىن يىراق بول، قىلمە نادان بىرلە بەھس.
ھەر نەچچە مۇشكۇل سۇئاللىك بولسە دانادىن سورا،
بىھۇدە زېھنىڭ كېتۇرمە، قىلمە نادان بىرلە بەھس.
ئەقىل-پەھمۇ دانىشىڭنى ئالىمى دانا بىلۇر،
بىلمەگەي قەدرىڭنى ھەرگىز، قىلمە نادان بىرلە بەھس.
چۈنكى زەرنىڭ قىممىتىن زاھىر قىلۇر سەڭگى، مەھەك،-
جاھىلى مىسلى قارا تاش، قىلمە نادان بىرلە بەھس.
ئەھلى دانالارغە ياخشى سوز دۇرى نايابدۇر،
مۇختەسەر قىلغىل سوزۇڭنى، قىلمە نادان بىرلە بەھس.
بۇ نەسىھەتنى ئۇزۇڭگە ئەيلەگىل ئى نەۋبەتى،
ئۆزگە بىرلە نە ئىشىڭ بار، قىلمە نادان بىرلە بەھس.

× ×

ئۇمرۇڭ ئىچرە ياخشى ئىش كىم بى رىيا قىلدىڭمۇ ھىچ،
ھەقتەئالا قاتىدا ھەمدۇ-سەنا قىلدىڭمۇ ھىچ.
باھۇزۇرى دىل بىلە تائەت-ئىبادەت قىلمادىڭ،
مۇئىسسىيەتكە بۇلغانىپ ھەقنى رىزا قىلدىڭمۇ ھىچ.
سەن گۇناھىڭغە يانىپ تەۋبە تەزەررۇئ قىلمادىڭ،
باشتا دەستارىڭ بىلە شەرمى ھەيا قىلدىڭمۇ ھىچ.
سەن ئەزىزلەرنىڭ مەزارىنى تەۋاف ئەيلەبان،
ئاستانە تۇپراقىنى تۇتىيا قىلدىڭمۇ ھىچ.
سەن خۇدانى، ئەنبىيانىڭ روھىنى خۇشنۇد ئىتىپ،
ئاچقە ئاشۇ تەشنەگە سۇنى قانا بەردىڭمۇ ھىچ.
قايسى ئەھۋاللىك بىلە دەئۋا قىلۇرسەن بەندەلىك،
شەرت ئۇلدۇر فەرز-سۇننەتنى ئەدا قىلدىڭمۇ ھىچ.

بىھۇدە ئۆمرۈڭ ئۆتتۈبدۇر ۋادارىغە نەۋبەتى،
بىر غېرىبى ناتەۋانىغە دۇئا قىلدىڭمۇ ھېچ.

× ×

چىقتى ناگاھ مەھۋەشى رەڭگىنى گۇلنار ئەيلەگەچ،
ھەلقە-ھەلقە زۇلفىنى باشىغە زۇننار ئەيلەگەچ.
ئىككى جادۇ كوزلەرىگە ئەھلى ئالەم بەندەدۇر،
ئىسمى ئەئزەم قاشلارى باشىدا تۇمار ئەيلەگەچ.
مەن يېتىمگە بىر نەزەر قىلمادى ئول مەھ پەيكەرى،
خەلقىنىڭ بەدنامىدىن مەندىن يامان ئار ئەيلەگەچ.
پىستە ئاغزىنىڭ ئىچىدە تىشلارى دۇردانەدۇر،
سوزلەرى قەندىن لەزىز شىرىن گۇپتار ئەيلەگەچ.
ئاتتى مىژگان ئوقلارىن ئىككى قاراقچى كوزلارى،
بولدى بۇ جىسمىم زەئىپ، باغرىمنى ئەفگار ئەيلەگەچ.
ناگىھان كوردۇم تۇشۇمدە ئاي يۈزىنىڭ شەۋقىنى،
ئول زامان يانىمدا يوق، ئۇيقۇمنى بىدار ئەيلەگەچ.
نەۋبەتىكىم يار كويىدا كىم مۇجاۋىر بولدى كىم،
مالىنى ھەم باشىنى، جانىنى ئىسار ئەيلەگەچ.

× ×

كوڭۇللەر خاھىشى رەئنا جەمالىڭ ناگىھان كورگەچ،
قەدى شەمشات توبىدەك نىھالىڭ سايەبان كورگەچ.
فىراقىڭدا قىلىب شامۇ-سەباھ بۇلبۇل كەبى پەريات،
لەئلىدەك غۇنچەئى خەندان لەبىڭنى گۇلىستان كورگەچ.
مۇرادىم ئول جەمالىڭ خىرمەنىدە ئەيلەسەڭ ۋاسىل


AltunOq

کوڭۇل مۇرغى ئاتلىۇر نۇقتەئى خالىڭنى دان كورگەچ.
كى ئول مىھراب يەگلىغ سەبزەئى پەيۋەستە قاشىڭغە،
ھەمىشە سەجدە ئەيلەپ ئاستانەڭنى ئامان كورگەچ.
ھەمىشە ئافيەت تۇت پىتنەئى ئاخىر زەمانىدىن،
تىلايدۇرمەن پەناھى شۇم رەقىبلەردىن زىيان كورگەچ.
ئۈمىد بىرلە كېلىپمەن پادىشاھىم ئاستانەڭغە،
بۇ ئاجىز نەۋبەتى ئەلدىن سېنى ساھىب قىران كورگەچ.

× ×

ساقىيا بەرگىل شەرابى بىر قەدەھ،
جامى ئىشرەتدىن گۇلابى بىر قەدەھ.
يارنىڭ كويىدا بولدۇم تەشنەئى،
لۇتپى رەھمەتدىن بەر ئابى بىر قەدەھ.
ساقىيا جامى مۇھەببەت تولدۇرۇپ،
ئىلتىپات ئەتكىل كى ئابى بىر قەدەھ.
سەن ئەگەر لۇتپى ئىنايەت ئەيلەسەڭ،
بىنەھايەتدۇر سەۋابى، بىرقەدەھ.
كاشكى يارىم بەھەم بولسە بۇ كۈن،
قۇلدىن ئىچسەم شەرابى بىرقەدەھ.
ئىشتىياقىدا جىگەر بولدى كەباب،
بادە ئىچسەم مۇشكىنابى بىر قەدەھ.
بىر زەمانى سۇھبەتى مەردى خۇدا،
دىدە توكسە شەبى ئابى بىر قەدەھ.
بى رىيا يۈز يىلقى تائەتدىن ئانى،
ياخشى بىل ئىچسە خۇن ئابى بىر قەدەھ
سوھبەتى مەردى خۇدا ئىيتىپ بەھەم،
نەۋبەتى ئىچكىل شارابى بىر قەدەھ.

× ×

خۇدانىڭ دوستى دۇرلەر كىم مەشايىخ،
خەلايىق زۇبدەسى دۇرلەر مەشايىخ.
مۇھەممەد ئۇممەتىگە راھبەردۇر،
بارى مۇشكىلنى ھەل ئەيلەر مەشايىخ.
مەشايىخلەرگە ھەركىم بولسە مۇنكىر،
ئاتارلەر باتەن ئوقىنى مەشايىخ.
ئەقىدە بىرلە ھەركىم قىلسە خىزمەت،
مۇرادىنى بىرۇر ئاخىر مەشايىخ.
مۇرىد بولسە مەشەيىخلەرغە ھەركىم،
بەلا كەلگەندە قولدارلەر مەشايىخ.
تەۋاپ ئەيلەڭ مەزاراتىنى ئى دوست،
قىيامەت كۈن مەدەت ئەيلەر مەشايىخ.
جانىڭ بارىچە تەندە نەۋبەتى كىم،
تەلەۋەت ئەيلەگىل روھى مەشايىخ.

× ×

مەن قۇلۇڭغە رەھم قىلغىل يا ۋۇدۇد،
مەغپىرەت قىلغىل گۇناھىم يا ۋۇدۇد.
تاغۇ-تاشلاردىن گۇناھىم كوپ دۇرۇر،
ھەر نە قىلساڭ پادىشاھىم يا ۋۇدۇد.
تائەتىم يوق، كۇفرى ئىسيانىم تولا،
رەھمەتىڭدىن كوپ ئۇمىدىم يا ۋۇدۇد.
رەھمەتىڭدىن ھىچكىم نەۋمىد ئەمەس،
دەرگەھىڭغە مەن سىغىندىم يا ۋۇدۇد.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھەم خەتا بەخشى ئەيىپ پوش ئى كەرىم،
بەندەلەرغە مېھرىبانسەن يا ۋۇدۇد.
يازۇقۇمنى ئەفۋى قىلغىل ئى ئىلاھ،
مۇستەفانىڭ ھورمەتىدىن يا ۋۇدۇد.
كۇفرى ئىسيان جەھتىدىن شەرمەندەمەن،
ئاخىرەتدە نە قىلۇرمەن يا ۋۇدۇد.
مەن قۇلۇڭغە سەن ئەگەر رەھىم ئەتمەسەڭ،
كىمگە ئېيتاي "مەن قۇلۇڭ" دەپ ياۋدۇد.
نەۋبەتىكىم بەندەئى بىچارەدۇر،
ئىئتىقادىم بار، رەھىمسەن يا ۋۇدۇد.

× ×

پەيغەمبەرلەر سەرۋەرى يا مۇستەفا مۇھەممەت،
ئۇممەتلەرنىڭ رەھبەرى يا مۇستەفا مۇھەممەت.
شۇكرى ئېيتالىك خۇداغە ئۇممەتى مۇستەفاگە،
دوست قىلدى چەھار يارگە يامۇستەفا مۇھەممەت.
جەمئى پەيغەمبەرلەر بارچە ئۇزىن تىلەرلەر،
رۇزى مەھشەر بولغاندا يا مۇستەفا مۇھەممەت.
ئاتا-ئانا دىمەسلەر، ئەيشى-ئىشرەت قىلماسلەر،
ئۇممەتلەرىن تىلەرلەر يا مۇستەفا مۇھەممەت.
لەزىز تەئام يىمادى، كىچەلەرى ئۇيىمادى،
قىيامنى تەرك قىلمادى يا مۇستەفا مۇھەممەت.
ئۇممەتىدىن ئىلگەرى بىھىشت ئىچرە كىرمەسلەر،
تەمام ئۇممەت كىرمە يۇ يا مۇستەفا مۇھەممەت.
يۈزمىڭ ئاتا-ئانادىن ئۇممەتىگە مېھرىبان،
ئىككى جاھان غەمخارى يا مۇستەفا مۇھەممەت.

جەھدقىلىڭ يارانلار، سەھەرلەردە قوپۇڭلار،
فەرز، سۈننەت ئوقۇڭلار يا مۇستەفا مۇھەممەت.
ئاجىز ئۈممەتلەرىڭدىن بارسۇن دۇرۇد بىھەد،
شەفائەتى بىئەدەد، يا مۇستەفا مۇھەممەت.
ئۈمەتىنىڭ غەمىدە بىردەم ئارام ئالماسلەر،
كېچە-كۈندۈز قۇللۇقدا يا مۇستەفا مۇھەممەت.
نەۋبەتىدۇركى ئامى نەئىت رەسۇل كەلامى،
ۋەسفىدە سۇبھى شامى يا مۇستەفا مۇھەممەت.

× ×

ئۈمىد بىرلە كېلىپمەن دەرگاھىڭغە پادىشاھىم داد،
گۇناھىم بىناھايەتدۇر، قىلۇرمەن نالەئى پەرياد.
قىلۇر، قىلماس گۇناھىمغە خۇدايا بىلمەدىم تەۋبە،
گۇناھىم جەھىتىدىن ھەردەم مۇناجات ئەيلەدىم بۇنياد.
قوپۇپ شامۇ-سەھەرلەردە ئوقۇرمەن «سۇرە ۋەلفەجرى»
كەچۇرگىل يازۇقۇمنى بۇ كەلام ھەققى «لەبىل مىرساد».
ھەمىشە نەپسى شەيتانىنىڭ كويىدا يۈگۈرۈپ ھەردەم،
ئىبىسىز ئومرۇم ئوتۇپدۇر ۋادەرىخا تۇيمادىم بىر باد.
بارى ئاجىز قۇلۇڭ ھاجەت تىلەيدۇر كوڭلىدە يارەب،
رەۋا قىلغىل ئۇلار ھاجەتلەرىنى ئەيلەگىل دىلشاد.
خۇداۋەندا بىھەققى ھورمەتى پەيغەمبەرى مۇرسەل،
جەمىئى ئاسى بەندەڭنى تۇمۇغ ئوتىدىن قىل ئازاد.
ئوتۇبدۇر نەۋبەتىكىم ئى يارانلار ئىلتىماس ئەيلەپ،
كى رەھم ئەيلەپ دۇئادا بۇ پەقىرنى گاھى ئەيلەڭ ياد.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

× ×

چىقسە ناگاھ ئاتلانىپ ئول شەھرىيارى سەرۇ قەد،
نەۋ باھار ئەييامىدەك بىر گۇلئۇزارى سەرۋى قەد.
باشىدا تاجى مەرەسسە ئەگلىدە زەررىن قەبا،
ئول مۇبارەك ئىلكىدە بىر زۇلپىقارى سەرۋى قەد.
قۇۋۋەتى ئىسلامدۇرلەر قاتىلى كۇپپاردىن،
ئاچسە ئىسلامى شەرئىت نامدارى سەرۋى قەد.
بولسە ئەۋلادى نەبى يا بولسە شاھى پاكدىن،
رەھىم ئەيلەپ كەلسەلەركىم بۇ دىيارى سەرۋى قەد.
كۇفر ئىلىدىن قىلسەلەر جۇملە ئۇلۇس ئەھلى نىجات،
چۇن ئىمامى مەھدى يەگلىغ شەھسۇۋارى سەرۋى قەد.
كاشكى ئۇشبۇ مەھەلدە چىقسەلەر ساھىب قىران،
قىلسەلەر كاپىر بىلە بىر كارى زارى سەرۋى قەد.
نەۋبەتى دائىم تەلەب قىل بولماغىل نەۋمىدسەن،
كەلگۇسىدۇر پادىشاھى تاجدارى سەرۋى قەد.

× ×

ئىلاھا قىل مېنى بۇ غەمدىن ئازاد،
كېرەم ئەيلەپ ھەزىن كوڭلۇمنى قىل شاد.
تەرەھھۇم ئەيلەگىل مەن بىنەۋاغە،
كەچۇرگىل يازۇقۇمنى ئەيلە دىلشاد.
كەرىما، قادىرا، پەرۋەردىگارا،
گۇناھىم جەھىتىدىن ئەيلەرمە پەرياد.
ندامەت ئەيلە ئىستىغپار قىلغىل،
سەھەر ۋەقتىدە يۈز ئەسرىدە ھەفتاد.

ھۇزۇرى دىل بىلە قىلغىل ئىبادەت،
خۇدايىم ھەم قۇلۇم دەپ ئەيلەگەي ياد.
يېتىم، بىچارەلەرگە قىلغىل ئېھسان،
خۇدا خۇشنۇد بولۇر ھەم پىرى ئۇستاد.
تىلاۋەت قىل ھەمىشە نەۋبەتى سەن،
مەدەت ئەيلەر ساڭا ئەرۋاھى ئەجداد.

× ×

يارىنىڭ كويىدا ئۆلمەك قەندۇ شەككەردىن لەزىز،
پۇرقەتى ئىشقىدا كۆيمەك قەندۇ شەكەردىن لەزىز.
ناگىھان بىر قەترەئى دەريايى ئىشق مەۋج ئەيلەسە،
ئىشق ئوتىنىڭ ئۇچقۇنى مىڭ قەندۇ شەكەردىن لەزىز.
مەن يېتىم بىچارەگە بىر ئۇچقۇنى يەتسە بەھەم،
سائەتى ئىشقىدا كۆيسەم قەندۇ شەككەردىن لەزىز.
ئى خۇدايا بەندەنى ئۆزۈڭدىن غاپىل ئەيلەمە،
مۇتتەسىل يادىڭدا ئولسام قەندۇ شەككەردىن لەزىز.
ئورتەنىپ ئىشق ئوتىدا جانۇ دىلىم بولسۇن كەباب،
بەلكى سىزسە ئۇستىخانىم قەندۇ شەككەردىن لەزىز.
بەندەگە لۇتپى ئىنايەت بولسە ھەقدىن زەرەئى،
ئىسمى زاتىڭ زىكرى قىلسام قەندۇ شەككەردىن لەزىز.
نەۋبەتىكىم يارىنىڭ كويىدا دايىم يىغلاغىل،
قەترەئى ئەشكى نىدامەت قەندۇ شەككەردىن لەزىز.

× ×

ھەمد بىھەد ئول خۇداۋەندىگە سۇبھانىم كېلۇر،
زاتى پاككى ھەزرەتى ئالللاھ رەھمانىم كېلۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

ئاسى جافىيۇ گۇناھكارلارنى ئازاد ئەتكەلى،
ساھىبى گەنجى شەپائەت خۋاجە سۇلتانىم كېلۇر.
بىر گۇناھكار ئۇممەتىدىن يۈز دۇرۇدۇ يۈز سەلام،
ئول شەپىئى رۇزى مەھشەر ماھى تابانىم كېلۇر.
بەئدە ھەمدى خالىقى نەئتى رەسۇلى مۇجتەبا،
جانىشىنى زاتى پەيغەمبەر چەھار ياردىم كېلۇر.
يار ئەۋۋەل، يار دۇۋەم ئول ئەبۇبەكرى، ئۇمەر،
يار سەيىيۇم جامىئىل قۇرئان ئۇسمانىم كېلۇر.
ئول جۇۋانمەردى شىجائەتلىك ئىرۇر شىرى خۇدا،
چۇن ئەمىرى يار چەھارۇم شاھى مەردانىم كېلۇر.
چۇنكى ئەۋلادى نەبى دۇرلەر ھەسەن بىرلە ھۇسەين،
ئەھلى جەننەتلەرنى ھەيدەپ ئىككى شەھبانىم كېلۇر.
ئاتلانىپ چىقسە غەزاتغە مەھدىئى ئاخىر زەمان،
كۇفرى زىننارىن كوتارىپ نۇرى ئىمانىم كېلۇر.
روھى پاكى مۇستەفاۋۇ ئەۋلىيا قىلغاي مەدەت،
زۇبدەئى ئەۋلادى خاتەم خۋاجە سۇلتانىم كېلۇر.
نا ئۇمىد بولمە خۇدانىڭ رەھمەتىدىن ئى كوڭۇل،
گەر نەسىپ ئەتسە خۇدايىم شاھى ئىرپانىم كېلۇر.
جەھد ئەيلەپ نەۋبەتى سەن ئىئتىقادىڭ راست قىل،
چىھرەئى تابان يەڭلىغ خۇلجە جانانىم كېلۇر.

× ×

نائۇمىد بولمە كوڭۇل بىر نامە جانانىدىن كېلۇر،
بەندەگە ھەقدىن ئىنايەت بولسە ئىمانىدىن كېلۇر.
بەندەگە لۇتپى ئىنايەت بولسە ھەقدىن زەررەئى،
ھەر مۇرادى ـ مەقسەدى رۇمى، خۇراساندىن كېلۇر.

ياخشىلىق ئەيلە كىشىگە ھەم سەخاۋەت قىل مۇدام،
ئانىھەمە قۇۋۋەت، بەرىكەت خەيرى ئېھساندىن كېلۇر.
كېچە كۈندۈز جەھد ئەيلەپ گور ياراغى قىل مۇدام،
تا لەھەت ئىچرە چىراغى خەتمى قۇرئاندىن كېلۇر.
سىدقى ئىخلاسى بىلە تائەت ئىبادەت ئەيلەسە،
تاڭلادۇر رۇزى قىيامەت نامە ئوڭ ياندىن كېلۇر.
زىكرى تەسبىھ ئاخىرەتدە مەرزەئى نىلڭ تۇخمىدۇر،
ئاخرەتدە ھەر ھۇسۇلى كىم تېرىغاندىن كېلۇر.
تەۋبە قىل ئى نەۋبەتى قىلغان گۇناھىڭدىن يانىب،
بەندەلەرگە گور ئازابى كىبرى ئىسياندىن كېلۇر.

× ×

كورۇپمەن ئولتۇرۇپدۇر ھۇسنى باغى ئىچرە بىر دىلدار،
يۇزى ئايۇ كوزى چولپان فەرىشتە خۇي گۇلى رۇخسار.
قاشى مىھراب يا مۇنبەر، كوزىدۇر چەشمەئى كەۋسەر،
قەدى چۇن سەرۋى يا ئەرئەر، يۇرۇشى كەبك خۇش رەپتار.
يۇزىدۇر بىر مەھى تابان، لەبىدۇر لەئلى يا مەرجان،
بولۇپمەن ۋالەئى ھەيران، سوزى شىرىن خۇش گۇفتار.
تولۇن ئايدەك جامالىغە كوڭۇل قەيد بولدى ھالىغە،
قاچان يەتكۇم ۋىسالىغە، كوڭۇلنى ئالدى ئول مەككار.
قاشىغە باردىم ئول سائەت، قىلىپ تەئزىم ئول پۇرسەت،
ئېتىپ ئول تىيرى مىژگانىن بىغىر زەخم ئەيلەدى ئەييار.
ئانىڭ ئىشقى خەراب ئەتتى، يۇرەكلەرنى كەباب ئەتتى،
كوزۇمنى غەرق ئاب ئەتتى، كى بولدى پاش بۇ ئەسرار.
بۇ ئاجىز ئىلتىماسى ئى ئەزىزلەر روھى پاكىڭدىن،
مەدەت قىل خۇاجە ھاپىز بىرلە يا شاھ قاسمى ئەنۋار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

مەلامەت قىلماڭىز ياران، ئەگەر بولسام خەراباتى،
گەھى ھەم يار كويىدا ئىچىپمەن بادەئى كوكنار.
ھەمىشە يار ۋەسلىنى تىلەيدۇر نەۋبەتى يارەب،
ئانىڭ كويىدا ئۆلمەكلىك بېھىشتى تەھتىھەل ـ ئەنھار.

× ×

بىرادەرلەر، خۇدانىڭ بەندەگە ئىمان ئەتاسىدۇر،
بويۇرغان ئەمرىنى بەرپا تۇتماقلىق رىزاسىدۇر.
نەمازۇ رۇزەئى، ھەججۇ زەكات، ئىمان ئېيتماقلىق،
كىشىكىم سورسە ئاتىن ـ بەش مۇسۇلمانلىق بىناسىدۇر.
نەمازۇ رۇزەنى تەرك ئەيلەمەي قىلغان مۇسۇلمانلار،
بېھىشتى جاۋىدان ئىچرە كىيەر ھۇللە لىباسىدۇر.
بويۇرغان ئەمرىنى بەرپا تۇتماي كىم بولۇر مۇنكىر،
قىيامەت كۈن تۇمۇغ ئوتىدا كويمەكلىك قەزاسىدۇر.
كېچە ـ كۈندۈز رىيا بىرلە ئىبادەت قىلسە بى تەرتىب،
نەمازىنى ئۇرارلەر يۈزىگە ئانىڭ جەزاسىدۇر.
ئىشىتىڭ ئى مۇسۇلمانلار، قىلىڭلار بى رىيا تائەت،
ئانىڭ ئەجرىنى كورگەيكىم بېھىشت ئىچرە لىقاسىدۇر.
ئەگەر ئاقىل ئىسەڭ، بىر پىرۇ كامىلغە ئىرادەت قىل،
پىرىڭ بولغاي قىيامەتنىڭ يولىدا رەھنەماسىدۇر.
ئاتىڭدۇر نەۋبەتى يارى، ئىشىڭ دايىم تەبەھكارى،
پىرىڭ بولغاي مەدەتكارى ئوقۇ قۇرئان غىزاسىدۇر.

× ×

ھەر كىشىگە بىر يېتىمنىڭ دىلىنى شاد ئېتەر،
ھەقتەئالا سەككىز ئۇچماق ئويىنى ئاباد ئېتەر.

ھەركىشى بىر مۇئمىنى كوڭلىنى رەنجۇر ئەيلەسە،
جەزم بىلگىل ئۇزىنى گويا تۇمۇغدا ياد ئېتەر.
ھەركىشىكىم ھەقتەئالانىڭ رىزاسىن ئىستەسە،
رازى ئەيلەپ ھەركۇنى ھەمسايەسىنى ياد ئېتەر.
خەيرى ـ ئىھسانلار بىلە تائەت ئىبادەت ئەيلەسە،
ھەقتەئالا ئىككى دۇنيا غېمىدىن ئازاد ئېتەر.
ھەركىشى بەش ۋەقت نەمازۇ رۇزەنى تەرك ئەيلەسە،
جەبر ئەيلەپ ئۇزىگە دەۋزەخ ئوتىن بۇنياد ئېتەر،
كوپ ندامەتلەر قىلىپ تەۋبە ـ تەزەررۇئ ئەيلەسە،
ھەقتەئالا يەتتە دەۋزەخ ئوتىدىن ئازاد ئېتەر.
ھەركىشى كىبرى تەكەببۇر بىلە تائەت ئەيلەسە،
ھەقتەئالا قەھرى ئەيلەپ تائەتىن بەرباد ئېتەر.
ھەركىشى تائەت ـ ئىبادەتىم قەبۇل بولسۇن دىسە،
كېچىلەردە زار يىغلاپ ئول خۇداغە داد ئېتەر.
جەھد ئەيلەپ نەۋبەتى قىلغىل خۇداغە بەندەلىك،
كوپ ئۇمىدىم بار خۇدايىمدىن قۇلۇم دەپ ياد ئېتەر.

× ×

ھەر كىشىنىڭ ئەۋلىياغە ئىئتىقادى باردۇر،
ئول كىشىگە ئەۋلىيا ئىككى جەھاندا ياردۇر.
ھەر بەلايى پىش كەلسە ئەۋلىيالەر ياندۇرۇر،
ئاگا ھەم ھەقدىن ئىنايەت بولسە قۇدرەت باردۇر.
ھەر كىشىنىڭ ئەۋلىياغە ئەقىدە ـ ئىخلاسى يوق،
جەزم بىلگىل ئول كىشى ئىككى جەھاندا خاردۇر.
ئەۋلىياغە ھەركىشى كوڭلىدە ئىنكار ئەيلەسە،
كوڭلىدە ئىمانى يوق، بىلگىلكى ئول مۇرداردۇر.


AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئى يارانلار، ئەۋلىيا خامان ھەقدۇرلەر بىلىڭ،
كەشف ئىھسانۇ كەرامەت ئەۋلىيادا باردۇر.
ئەۋلىياغە جان-دىلى بىرلە مۇرىد بولسە كىشى،
ئىكى ئالەمدە ئانىڭ ئورنى گۇلى گۇلزاردۇر.
ھەركىشى كىم پىرى كامىلغە ئىرادەت ئەيلەمەس،
رۇزى مەھشەردە ئانىڭ ھالى بەسى دىشۋاردۇر.
ئەۋلىيالەر ھەققىدە خەيرى-سەخاۋەت قىلمەسە،
بىل، يېقىن دەۋزەخ ئوتى، گورى قاراڭغۇ، تاردۇر.
ئەۋلىيالەر ھەققىدە قۇرئان تەلاۋەت قىل مۇدام،
نەۋبەتى ئاسى، پىرىڭ بولغاي ساڭا ھەمراھ دۇر.

× ×

شىۋەئى نازۇ كەرەشمە جىلۋە بىرلە چىقتى يار،
قاشى ياسى بىرلە مەن بىچارەنى قىلدى شىكار.
ئى يارانلار مۇرغى روھىمنى زەئىف ئەتتى نېتەي،
نى ئۇچۇن مىژگان ئوقى قىلدى يۈرەگىم زەخمىكار.
ماھى تابان چېھرەسىن زۇلفى بىلە پىنھان ئېتىپ،
مەن يېتىمگە ئىلتىپات مەرھەم ئېتەرگە قىلدى ئار.
كويىدۇرۇپ فۇرقەت ئوتىدا ئول مەھى نامىھرىبان،
نە ئىلاجىم بار، نە ئارامىم ۋە نە سەبرى-قەرار.
ھاجەتىمنى ئەيلەسەڭ يارەب مۇناجاتىم قەبۇل،
بىر لىكىڭ ھەققى مۇيەسسەر قىل ئانى فەرۋەردىگار.
كويىدۇرۇپ شامۇ سەبا ھىجران ئوتى قىلدى كەباب،
نەيلەيىن كىم ئىشق ئوتى سىررىمنى قىلدى ئاشكار.
نەۋبەتى كىم بۇ جەھاندا سەبرى قىلغىل نەچچە كۈن،
رەھمى ئەيلەپ مەقسەدىڭغە يەتكۈرۈر ئول بىرۇ بار.

× ×

نىمچەئى زەيتۇن تۈۋار كىيگەن ئەمرنىڭ ياسى بار،
بىلىدا بۇلغارى ساغداق، باشتا دۇبۇلغاسى بار.
باشىدا تاجى مەرەسسە شانۇ ـ شەۋكەت ئۇزرە كور،
لەشكەرى كۇففارنى ئىسلام ئاچار دەئۋاسى بار.
مەهدىئى ئاخىر زەمان ئۇشبۇ مەهەلدە چىقسەلەر،
ئەهلى كۇففارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلە غەۋغاسى بار.
سىدقى بىرلە ناگىهان بولسە مۇسۇلمان كاپىرى،
كىم ئاڭا قىلسە ئىتائەت كوڭلىدە ئىخلاسى بار.
هەر زەمان كىم رەهمەتى دەريايى هەق مەۋج ئەيلەسە،
كۇفرى زۇننارىغە ئىمان گەۋهەرى كىمياسى بار.
نەۋبەتى ئاسىيغە ئىمان گەۋهەرىدىن قىل نىسىب،
نا ئۇمىد بولمە خۇدانىڭ رەهمەتى ئىماسى بار.

× ×

خۇدانىڭ دوستلارى دۇرلەر ئەزىزلەر،
مۇسۇلمانلارغە رەهبەردۇر ئەزىزلەر.
ئەزىزلەرغە كىشى كىم قىلسە خىزمەت،
ئانى مەقسەدغە يەتكۇرگەي ئەزىزلەر.
ئەزىزلەرغە ئىرادەت قىلسە هەركىم،
ئىكى ئالەمدە قولدارلەر ئەزىزلەر.
تەۋاف ئەتسە گۇنەهكارلەر بىيەك بار،
گۇنەه دەردىغە دەرماندۇر ئەزىزلەر.
ئەزىزلەر روهىغە قىلسە تىلاۋەت،
مەدەت قىلغايكى ئەرۋاهى ئەزىزلەر.

ئەزىزلەر دەرگاھىدىن بولمە نەۋمىد،
ئەمەس دەرگاھى نەۋمىدى ئەزىزلەر.
تىلاۋەت قىل ھەمىشە نەۋبەتى سەن،
مەدەت ئەيلەرگە خۇش شاھى ئەزىزلەر.

× ×

بىھۇدە غەم يىمەگىل، جان بولسە جەھان تاپىلۇر،
ھەيات بولسە كىشى تۇرلۇك ئاش - نان تاپىلۇر.
خۇدايىم رەھمى قىلىپ دەۋلەتى ئەتا قىلسە،
باشىغە تاج قويۇپ، جامەئى ئەرغۇۋان تاپىلۇر.
ھۇزۇرى دىل بىلە تائەت، سەخاۋەت ئەيلەسەكىم،
باشىغە نۇر ياغىپ، رەھمەتى ئوغان تاپىلۇر.
كىشىگە يەتسە قەزا، يەنچىلۇر چۇ كوزە كەبى،
باھانە بىرلە كوزە تاشقە ناگىھان چاقىلۇر.
ئوزۇڭگە نەفئى كورۇپ، خاھلاما كىشىگە زەرەر،
چۇقۇرنى كىم قازسە ئول چۇقۇرغە شول تىقىلۇر.
ھۇزۇرى دىل بىلە تائەت قىل تەلاۋەتى قۇرئان،
قاراڭغۇ گوردا رەپىق كى مىھرىبان تاپىلۇر.
خۇدانىڭ رەھمەتىدىن نەۋبەتى ئۇمىد ئەتسەڭ،
سەخاۋەت ئەيلە يولىدا دۇرى جىنان ئېچىلۇر.

× ×

پەسلى نەۋباھارىدا گۇل كەبى ئاچىلغان قىز،
مىسلى كاكۇلى سۇنبۇل ھەر تەرەپ ساچىلغان قىز.
بادە ئىچتىم زەۋقىدا، مەيدە ئەكسىنى كوردۇم،
ھۇسنى باغىدا تەنھا ئولتۇرۇر خىرامان قىز.

شۇم رەقىپلەر جەھىتىدىن بولمادى يۈزىن كورمەك،
بولۇت ئىچرە ئاي مۇزمەر، زۇلپى ئىچرە پىنھان قىز.
كوز ئۇچى بىلە باقتى، تەگدى تىرى مىژگانى،
سىنەم ئۇزرە پەيكانى رەھنە قىلدى ۋەيران، قىز.
مەن ئەيتتىمكى: ئى دىلبەر، لەبلەرىڭ گۇلى ئەھمەر،
سەد قەئى جەمالىڭدىن غۇنچە ئەيلە ئىھسان، قىز.
غۇنچەئى نىھالىدا ئىككى مىۋەئى كوردۇم،
ياكى ساڭگۇلاچ ئالما، ياكى ئىككى رۇممان، قىز.
قىلسە ھىر قاچان سوھبەت، بەكرى چىقسە ئول سائەت،
پىرلىق مەھەللىدە ئالسە خۇش نە ئەرمان، قىز.
نافەئى بەدەندۇر، خوپ قىز ئىرۇر بەسى مەرغۇپ،
بولسە قىز بىلە ۋاسىل، دەردلەرغە دەرمان قىز.
رەھم ئەيلە ئى مەھۋەش، تۇشتى جانىمە ئاتەش،
نەۋبەتى نىھالىڭغە بولدى ئىشق پىچان قىز.
كوھنە بىۋەپا دۇنيا كورۇنۇر جۇۋانان قىز،
كىم ئانىڭغە دوست بولسە، ئول قىلۇر غۇلامان قىز.
زاھىرى چىرايلىقدۇر نەستەرىن گۇلى يەڭلىغ،
بادىئى خەزان تەگسە ئول مەھەل قۇرۇغان قىز.
دوست تۇتمە ئى نادان، ئىستەبان يۈرۈپ ھەريان،
ئول ساڭا ۋەپا قىلماس، كەلتۇرۇر پۇشايمان قىز.
خەندەئى قىلۇر ھەردەم، كىم ئاڭا بولۇر ھەمدەم،
كوڭلىنى ئۇرار بەرھەم، بىۋەپا ئۇيالغان قىز.
مىكرى بىرلە ئول ئەئجاز نەچچە كۇن بولۇر ھەمراز،
بولماڭىز ئاڭا دەمساز، ئولتۇرۇر ئەلامان قىز.
ئەقلى بولسە ئى ياران بولماڭىز ئاڭا مەغرۇر،
كورسەتۇر جۇۋان ئوزىنى، زىشت رو قەرىغان قىز.
دوست تۇتتى شەيدۇللا، بولدى ھەققى غەيروللا،

مەن ـ مەن دىگەن ئەرلەرنى باغرى بىرلە چالغان قىز.
كىمكى ھەرسى دۇنيادۇر، بولغۇسى خۇدا بىزار،
شاد بولغۇسى شەيتان غارەتگەرى ئىمان قىز.
نەۋبەتى كوڭۇل بەرمە، تائەتى خۇدا ئەيلە،
ئاخىرى نەسپ ئەتكەي جەننەت ئىچرە چەندان قىز.

× ×

كوڭلۇم ئالدى ناگىھان ئول دىلبەرى ئەييار قىز،
ئارەزى چۇن شەمسى تەلئەت، قەددى خۇش رەفتار قىز.
ساچلارى مانەند سۇنبۇل، لەبلەرى مانەندى گۇل،
سوزلەرى قەندىن لەزىز، خۇش خۇي، خۇش گۇفتار قىز.
مەن كەبى يۈزمىڭ گەدانى ھەسرەتىدە كويدۇرۇپ،
تىيرى باران ئەيلەبان مىژگانلارى خۇنخار قىز.
ھىجر ئوتىدا كويدۇرۇپ جىسمىمنى خاشاك ئەيلەدى،
مەرھەمەت ئەتمەي يىتىمگە تۇرپە خۇش مەككار قىز.
ئىتىقاد ئەتمەي ئاگا، ئىستەپ يۈرۈرمە ھەر تەرەپ،
بولماغاي ئەيلەپ ۋەپا ئالدىڭدا خىزمەتكار قىز.
بەرمەگىل كوڭلۇڭنى بۇ دۇنيايى پانى قىز كورۇپ،
ئاربىيەتدۇر ئاخىرى قىلماغاي سىڭنى بىمار قىز.
جەھد ئەيلەپ نەۋبەتى، قىلغىل جەھاندا تائەتى،
تا نەسب ئەتكەي ساڭا، جەننەتدە ھور بىسيار قىز.

× ×

جىلۋە ئەيلەپ دوستلۇق مىھرىنى بۇنياد ئەتتىڭىز،
مەرھەمەت ئەيلەپ ھەزىن دوكلۇمنى ئاباد ئەتتىڭىز.

ۋەئدە بىرلە كورسەتىپ مېھرۇ ۋەپالىق رەسمىنى،
ئىلتىپات ئەيلەپكى مەن بىچارەنى شاد ئەتتىڭىز.
كوپ ئۈمىدىم بار ئىدىكى، ۋەئدەگە قىلغاي ۋەپا،
بىۋەپالىق ئەيلەبان، كوڭلۇمنى ناشاد ئەتتىڭىز.
يۈرەكىمنى غۇنچە يەڭلىغ تەھ- بىتەھ قان ئەيلەبان،
مەن يېتىمگە رەھمى قىلماي زۇلمى بىداد ئەتتىڭىز.
بۇ جەھاندا بىۋەپا مەئشۇق رەسمى ئۇشبۇدۇر،
سەبرى ئەيلەڭ نەۋبەتى كىم، تۇرپە پەرياد ئەتتىڭىز.

× ×

بىرادەرى ئەزىزىم، جەھان غەمى يېمەڭىز،
ئەزىز ئۆمۈر ئۆتەر، بۇ جەھان قالۇر پۇلىڭىز.
بۇ ئۆمۈر گۈلشەنى ئاخىر خەزان بولغۇسىدۇر،
خۇدادىن ئۆزگەسىگە ئىئتىماد ئەيلەمەڭىز.
ھەيات ئۆمرىنى كىم غەنىمەت بىلىڭ دوستلار،
نەماز، رۇزەنى قەزا قىلماي ئۆتەڭىز.
جەھان فانى ئېرۇر، ھېچكىمگە ۋەپا قىلماس،
خۇدا رىزاسىنى ئىستەپ غەمى ئاخىرەت قىلىڭىز.
قاماچ تائەتى يۈكلەپ كارۋان ئۆتتىلەر،
بۇدۇن مېھرىنى تاشلاپ كارى ئاخىرەت قىلىڭىز.
كى بۇ ھەۋايى ھەۋەسدىن كوڭۈلنى قىل پارىغ،
بىر ئانچە ياش ياشانىپ گۇمان ئەيلەمەڭىز.
ئۆلۈمنىڭ شەربەتىدىن نەۋبەتى ساڭا يەتتى،
ئاتا- ئاناۋۇ كېتىپ، مەن قالۇرمە، سىز دىمەڭىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

× ×

كوڭلۈمنى ئالدى ناگىھان ئول يار ئالمەگىز،
جىسمى زەئىپنى ئورتەدى ئول نار ئالمەگىز.
ۋەقتى سەبا كەلدى شەمسى بۇيى ئالمەئى،
بىچارەلەرنى كەيپى خۇمار قىلدى ئالمەگىز.
ئول ھوسىنىدىن ئالمە تەسەددۇق ئەيلەسەڭ.
بىر زەررە ئوكسۇمەس بولۇر بىسيار ئالمەگىز.
رەھمى ئىنايەت ئەيلەگىل ئى پادىشاھى ھۆسىن،
ھىجران كىشىلەرگە گەھى نار ئالمەگىز.
ئول ۋەززۇھا ئوزرە ۋەل ـ لەيلى ساچلارىڭ،
پىنھان قىلۇر بولۇت كەبى دىدار، ئالمەگىز.
مەئشۇق باقى ئەيلەسە، قىل تائەتى مەدام،
ئول مەھۋەشكى فاندۇر زىنھار ئالمەگىز.
كويىدىكى پىراق ئوتىدا بىچارە نەۋبەتى،
ھەر كۈندە يۈزمىڭ ئولتۇرۇر خۇنخار ئالمەگىز.

× ×

ئى خۇدايا قۇللۇغۇڭغە گەرچە مەن لايىق ئەمەس،
بۇ گۇنەھكارى قۇلۇڭغە سەن ـ سەنۇ فەريادرەس.
ئومرۇم ئىچرە زەررەئى تائەت ـ ئىبادەت قىلمادىم،
كېچەيۇ كۈندۈز خەرابات يولىغە قىلدىم ھەۋەس.
جۇملە ئاسىلارغە غەففارۇر ـ زۇنۇپ سىن ئى كەرىم،
رەھمەتىڭدىن مەن گۇنەھكارى قۇلۇڭ نەۋمىد ئەمەس.
گىردىگارا نە ئىلاج ئەيلەي مەكىن گاھىمدادۇر،
ئەيلەدىڭ توققۇز ئىشىك، يۈزمىڭ قاراقچى دۇر ئەبەس.

رەھمى ئەيلەپ بەندەڭى ئۇزۇڭدىن غاپىل ئەيلەمە،
گەردىڭارا بۇ جەھان سەنسىز ماڭا بولدى قەپەس.
مۇستەفا ھەققى، گۇناھىمنى كەچۈرگىل ئى ئىلاھ،
رەھمى قىلغىل، سەندىن ئۆزگە يوق ماڭا فەريادرەس.
پادىشاھا، جۇملە ئاسى قۇللارىڭغە قىل دەۋا،
ئەفۋى قىلغىل نەۋبەتى ئاجىز قۇلۇڭدۇر تەڭ نەپەس.

× ×

دىلبەرىم سەندەك جەھاندا ھېچكىم رەئنا ئەمەس،
پۇرقەتىڭدا ھېچكىم مەندەك ساڭا شەيدا ئەمەس.
ھۆسنى باغىدا سېنىڭدەك كورمەدىم ئى نازەنىن،
غۇنچەئى خەندان لەبىڭدىن ھېچ گۇل رەئنا ئەمەس.
بۇلبۇلى بىچارە كوڭلۈم گۇل يۈزۈڭنىڭ شەۋقىدىن،
زار يىغلاپ ئىستايۇرمەن بىرگۇلى پەيدا ئەمەس.
لەبلەرىڭدىن غۇنچەئى بەرسەڭ جەمالىڭ سەدقەسى،
ئۆكسۈمەس كىم ھۆسنى باغىدا گۇلى لالە ئەمەس.
بىھۇدە ئومرۇم ئۆتۈبدۇر، كورمەدىم ياردىن ۋەفا،
نەۋبەتىدەك بۇ جەھاندا ھېچكىم رەسۋا ئەمەس.

× ×

زىكرى ئېيتماي ھەر كىشىكىم ھەق بىلە ھەمدەم ئەمەس،
يادى ھەقدىن بولسە غاپىل، ھەق ئاڭا مەھرەم ئەمەس.
موئىسيەتكە بۇلغانىپ، ياتتىم سەھەردە چولغانىپ،
كوپ گۇناھىم جەھىتىدىن كوڭلۈم مېنىڭ خۇررەم ئەمەس.
ئومرۇم ئىچرە بىرگىنە تەۋبە ـ تەزەررۇئ قىلمادىم،

دىيدەدىن ئەشكى نىدامەت ئاقىزىپ شەبنەم ئەمەس.
نە ئىلاج ئەيلەي خۇدايا، سەن ئەگەر رەھم ئەتمەسەڭ،
بۇ مېنىڭ بىچارە كۆڭلۈم ھەر زەمان بىغەم ئەمەس.
ئەفۋى قىل يارەب گۇناھىمنى نەبىلەر ھۆرمەتى،
ھىچكىم ئالەمدە مەندەك بىر ئەسىرى غەم ئەمەس.
بىھۇدە ئۆمرۈم ئۆتۈبدۇر، ۋادەرىخا! تۇيمادىم،
ئى خۇدا مەن ھۆنۈز تائەتغە قەددىم خەم ئەمەس.
گىردىگارا نەۋبەتى ئاجىزغە ئىمان قىل نەسىب،
تا سەلامەت ئۆتمەگۈنچە مەن قۇلۇڭ دىلجەم ئەمەس.

× ×

سۇبھىدەم دىلبەر مېنىڭ كوزۇمنى بىدار ئەيلەمىش،
مەرھەمەت ئەيلەپكى مەن بىچارەنى يار ئەيلەمىش.
مەنمۇ ھەم قوپتۇم تەھارەت ئەيلەبان قىلدىم نەماز،
بەندەگە راھى شەرىئەتنى نەمۇدار ئەيلەمىش.
ھەر كىشى بەش ۋەقت نەمازۇ رۇزەنى تەرك ئەتمەسە،
ئاخىرەتدە بەندەنىڭ ئورنىنى گۈلزار ئەيلەمىش.
ھەقتەئالا يولىغە خەيرى ـ سەخاۋەت ئەيلەسە،
جەننەت ئىچرە بەندەسىگە ۋەئدە دىدار ئەيلەمىش.
كىم نەمازىن تەرك ئېتىپ ئەيلەركى ئۇل فىسقى ـ فۇجۇر،
دوزەخ ئىچرە ئورنىنى ئوتتىن چايان ـ مار ئەيلەمىش.
نە ئەجەپدۇركىم رىيا بىرلە ئىبادەت ئەيلەسە،
جۇملەئى قىلغان ئىبادەتنى بەرباد ئەيلەمىش.
جەھد ئەيلەپ نەۋبەتى سەن بى رىيا قىل تائەتى،
مەقبۇل ئەيلەپ تاڭلا مەھشەردە نىكوكار ئەيلەمىش.

× ×

ھەر كىشىكىم ھەقتە ئالانىڭ يولىدا بەرسە ئاش،
دوست تۇتقاي جۇملە دۇشمەنلەر ئاڭا بولغاي قاياش.

ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيا خۇشنۇد بولغاي ھەم خۇدا،
ھەم ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇستادى قېرىنداشۇ ئاداش.
دەۋزەخ ئىچرە كىرمەگەي دائىم سەخاۋەت ئەيلەسە،
ھەقتەئالا بىرگە ئون بەرگەي بىھىشت ئىچرە مەئاش.
جەننەت ئىچرە كىرمەگەي ھەرچەند بولسە زاھىدى،
تاڭلا قىلغايلەر بېخىللەرنى تۇمۇغ ئىچرە تالاش.
بىر يېتىمى ناتەۋانىغە تەرەھھۇم قىلماغان،
ئەھلى دەۋزەختۇر، بېخىلى كوڭلى قاتىغ، باغرى تاش.
ھەركىشى تائەت ـ ئىبادەت ۋە سەخاۋەت ئەيلەسە،
تاڭلا ھور قىزلار بىھىشت ئىچرە ئانى قىلغاي ئاداش.
نەۋبەتى ئۇشبۇ جاھاندا خەيرى، تائەت قىل مەدام،
يازۇقۇڭنى ئەفۋى ئەيلەرگە قويۇپ ئاللاغا باش.

× ×

ئى خۇدايا رەھمى ئەيلەپ يازۇقۇمدىن قىل خەلاس،
جۇملە موئمىنلەرنى دەۋزەخ ئوتىدىن قىلغىل خەلاس.
جەننەتىڭغە تائەتىم يوق، دەۋزەخىڭغە تاقەتىم،
بىرلىكىڭغە تەھىييە قىلدىم، رەھم ئەيلەپ قىل خەلاس.
ئى خۇدايا بۇ جەھاندا بىگۇنەھ كىمدۇر يەنە،
رەھمەتىڭ بىرلە گۇنەھلەرنى كەچۇرۇپ قىل خەلاس.
رەھمەتىڭ دەريايى توفان دۇر ئانىڭ پايانى يوق،
رەھمى قىلساڭ رەھمەتىڭ كەم بولماغاي، كىم قىل خەلاس.
ئاسى ـ جافىيلارغە رەھمانىررەھىم سەن ئى كەرىم،
نەۋبەتى ئاسى قۇلۇڭغە رەھمى ئەيلەپ قىل خەلاس.


AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرىسى

× ×

رەھم ئەيلەپ بەندەڭنى يارەب بەلادىن قىل خەلاس،
مىھنەتى ئەندۇھى غەم كۈللى خەتادىن قىل خەلاس.
بىرلىكىڭ ھەققى بەلانى دەفئى ئەيلە ئى كەرىم،
ئاسرابان ھەفزى ئامانىڭدا قەزادىن قىل خەلاس.
كۇفر ئىلى تۇتتى جەھاننى ئەيلەدى زۇلمى سىتەم،
ئەنبىيالار ھورمەتى زالىم، جاپادىن قىل خەلاس.
ئاجىزى بىچارەلەرغە رەھمى قىلغىل ئى ئىلاھ
بارچە مۇئمىنلەرنى ئول قىزىل جۇلادىن قىل خەلاس.
رەھمەتىڭ بىرلە گۇنەھلەرنى كەچۇرگىل ئى رەھىم،
ھەم خەتا ۋە غەپلەتى ئەجىب رىيادىن قىل خەلاس.
ئاسراغىل يارەبكى ئول شەيتانى مەلئۇن شەررىدىن،
بارچە مۇئمىن بەندەنى نەپسى ھەۋادىن قىل خەلاس.
يىغلابان ھەر سائەتى تەۋبە قىلىڭلار نەۋبەتى،
بەندەلەرنى كافىرى شۇم بىھەيادىن خەلاس.

× ×

نەمازۇ رۇزە بولدى بەندەگە پەرز،
ئانى بى ئۇزرە تەرك ئەتسە بولۇر قەرز.
مۇسۇلمانلار ئانى بەرپا تۇتۇڭلار،
كى بىر نەچچە كەلىمە ئەيلەيىن ئەرز:
بىلىڭلاركىم، نەماز تىلىنىڭ ئۇزۇنى،
قىيامەت كۈن خۇداغە ئەيلەگەي ئەرز.
نەماز دىنىڭ سىتۇنى، بىلگىل ئى يار،
كى تەرك ئەتمەي ئوقۇڭلار سۇننەتى پەرز.

خۇدا خۇشنۇد بولغاي ھەم پەيغەمبەر،
قىيامەت بولارغە رەھنەمۇن پەرز.
پەيغەمبەر ھەم شەپائەت ئەيلەگەيلەر،
كىشىكىم ئۇمرىدە تەرك ئەتمەسە پەرز.
تەرازۇنىڭ كىرانى ھەم نەمازدۇر،
سەۋابى ئاخىرەت ئاسان دۇر پەرز.
ئىنچىكە قىلدىن، قىلىچتىن ئىتتىك،
ئۆتەر قىلدىن سەلامەت، ئۆتەگەن پەرز.
بولۇر ئىززەت بىلە جەننەتكە داخىل،
قۇچارلەر ھورىلەر ئەيلەپ ئۆزدىن ئەرز.
سوزۇڭنى مۇختەسەر قىل نەۋبەتى كىم،
كى سەن ھەم ۋەقتىدە قىلغىل ئەدا پەرز.

× ×

ۋەھ نە ياخشىدۇركى ئالىم سوھبەتىدە بولسە پەيز،
شۇكرى قىلغىل كىم خۇدانىڭ رەھمەتىدۇر بولسە پەيز.
ۋاجىبى ئىمان بىرىسى سوھبەتى ئالىم ئېرۇر،
ھەر زامان ئولتۇركى ئالىم سوھبەتىدە بولسە پەيز.
ھەر كىشى ئولتۇرسا ئالىم سوھبەتىدە بىر زەمان،
مەغپىرەت قىلغاي گۇناھىنى بىناگاھ بولسە پەيز.
بى رىيا تائەت تۇرۇر، بىلگىلكى ئالىم سوھبەتى،
جۇملەئى قىلغان گۇناھىغە كەفارەت بولسە پەيز.
ھەر كىشى ئولتۇرسە ئالىمنىڭ يۈزىگە تەلمۇرۇپ،
بىشەك ئۇ تائەت سەۋابىنى تاپاركىم بولسە پەيز.
رەھمەتى ھەقدىن ئۇمىد ئەتسەڭ كېچە بىدار بول،
نە ھەلاۋەتدۇر كىشىگە ھەر سەھەردە بولسە پەيز.

نەۋبەتى ئاجىز، جەھاندا دوست تۇتقىل ئالىمى،
تا تىرىكدۇرسەن گۇناھىڭنى پىتماس بولسە پەيز.

× ×

كاشكى بىر رۇقئەئى نامە ئىبەرسە يار خەت،
ئىلتىپات ئەيلەپ كى مەن بىچارەگە دىلدار خەت.
ھىچ گۇل سوز گولشىنىنىڭ گۇلىدىن مەرغۇب ئەمەس،
يارنىڭ شىرىن سوزى بىر دەستە گۇل، گۇلزار خەت.
كىرپىكىم ئەيلەپ قەلەم، ياشىم سىياھى ئەيلەبان،
چىھرەئى زەردىمگە مەن نامە پۇتۇرمەن زار خەت.
ئى سەبا بۇ نامەئى زەردىمنى يەتكۇر يارغە،
بىر گۇلى بەرگەيمىكىن شىرىن سوزىدىن يار خەت.
كەلسە ناگاھ بىر خەتى ئەھدى ۋەپاسىدىن ئانىڭ،
ھىچ ئارمان يوق، كورۇپ ئۇلسەم كى مەن دىدار خەت.
ئى خۇدايا رەھمى ئەيلەپ يارنىڭ كوڭلىگە سال،
بۇ مىنىڭ شورىدە ئەھۋالىمنى بىلگەي يار، خەت.
نەۋبەتى سەن ھەم تىلىگدىن يارغە بىر خەت ئىبەر،
كىم سىرىڭنى يار بىلسۇن، بىلمەسۇن ئەغيار، خەت.

× ×

پادىشاھىم سۇپاتى بىر لەھزە ئەيلە ۋائىز،
شاھى مەردان دۇر ئاتى بىر لەھزە ئەيلەپ ۋائىز.
ئەۋلىيالار سەرۋەرى، ئىرانلارنىڭ جەۋھەرى،
مۇسۇلمانلار رەھبەرى، بىرلەھزە ئەيلە ۋائىز.
ئەۋلىيالار شەھبازى، مۇئمىنلەرنىڭ ھەمرازى،

بولدى شەھىدى غازى، بىر لەھزە ئەيلە ۋائىز.
ئاشىقغە مەۋسىمى گۈل، گۈل زەۋقىدە ئىچەر مۇل،
شەۋقىدە زار بۇلبۇل، بىر لەھزە ئەيلە ۋائىز.
كەلسە ئايى مۇھەررەم، بارچە تۇتۇشلار ماتەم،
مەھشەر كۈنى يەمەس غەم، بىر لەھزە ئەيلە ۋائىز.
دەرگاھىغە بارىڭلار، پادىشاھ تەۋاپ قىلىڭلار،
يامان ئىشدىن يانىڭلار، بىر لەھزە ئەيلە ۋائىز
كەلسە ھەمە گۇنەھكار دەرگاھىڭە بەيەكبار،
مۇرىدلارغە بولۇڭ يار، بىر لەھزە ئەيلە ۋائىز.
رەھىم ئەيلە پادىشاھىم، سەن-سەن مىنىڭ پەناھىم،
مەھشەر كۈنى گۇۋاھىم، بىر لەھزە ئەيلە ۋائىز.
رەھىم ئەيلە ئارسلانخان، مەدەت قىلغىل مۇرىدان،
مۇشكىلنى قىلغىل ئاسان، بىر لەھزە ئەيلە ۋائىز.
تاپسالىڭ زەمانى پۇرسەت كىرگىل بۇ يول غەنىمەت،
ئىچكىل تەھۇرى شەربەت، بىر لەھزە ئەيلە ۋائىز.
نەۋبەتىدۇر گۇنەھكار، رەھمەتىڭدىن ئۇمىدۋار،
مەھشەر كۈنى بولۇڭ يار، بىر لەھزە ئەيلە ۋائىز.

× ×

رەھمى ئەيلە مۇستەفانىڭ ھورمەتىدىن يارەپىم،
ئۇممەتىدىن بۇ بەلالارنى كوتەرگىل يارەپىم.
گىردىكارا جۇملە موئمىنلەرغە ئىمان قىل نەسىب،
رەھمەتىڭ بىرلە گۇناھىمنى كوتەرگىل يارەپىم.
ئى خۇدايا نەقد ئىمانىم سەلامەت ساقلاغىل،
مەن قۇلۇڭنى كۇفرى ئىسيانىدىن كوتەرگىل يارەپىم.
گىردىكارا جۇملە موئمىن قۇللارىڭنى قىل خەلاس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جۇملە كاپىردىن مۇسۇلمانىنى كۆتەرگىل يارەببى.
بارچە مۇئمىنلەرگە تەۋپىقى ھىدايەت ئەيلەگىل،
بەندەنى راھى زەلالەتدىن كۆتەرگىل يارەببى.
مۇستەفا ھەققى گۇناھىمنى كەچۈرگىل يا ئىلاھ،
بەندەلەردىن گور ئەزابىنى كۆتەرگىل يارەببى.
رەھمى قىلغىل نەۋبەتى ئاجىزغە ئى پەرۋەردىگار،
مىھنەتى ئەندۇھى دۇنيانى كۆتەرگىل يارەببى.

× ×

دوستلار، بىھىل بولۇڭلار بىز بارۇرمىز ئەلۋىدا،
شەھرى ئۇقبىغە سەپەر ئەيلە بارۇرمىز ئەلۋىدا.
نەچچە كۈن بولدۇق مۇساپىر بۇ غېرىپلىق شەھرىدە،
بۇ ۋەپاسىز دۇنيادىن ئاخىر بارۇرمىز ئەلۋىدا.
ھېچ تائەت قىلغانىم يوق، زەررەئى خەيرى-سەخا،
توشەئى راھىڭ قەنى دەپ سورسەلەركىم ئەلۋىدا.
سورسەلەر مۇنكىر، نەكىر رەببىڭ سېنىڭ كىم تۇرۇر،
بەرگەلى مەقبۇل جەۋابىم يوق بارۇرمەن ئەلۋىدا.
كېچە-كۈندۈز مەئسىيەت يولىنى قىلدىم ئىختىيار،
قىلمادىم ھەق قۇللۇغىن نېتكۈم يارانلار ئەلۋىدا.
قايسى تىل بىرلە سېنىڭ ھەمدىڭ دىگەيمەن ئى رەھىم،
مەئسىيەتتىن ئۆزگە يوقتۇر ھېچ تۇھپەم ئەلۋىدا.
نەۋبەتى يەتتى ئەجەل ئىلكى ياقاڭنى تۇتتى كىم،
ئى يارانلار ھېچ ئىلاجىم يوق، كېتەرمىز ئەلۋىدا.

× ×

• قۇدرەتىم يوق مەككەنىڭ تەۋاپىغە قويسام ئاياغ،
ئى يارانلار ئات، ئۇيۇم يوق مىنگەلى، قالدىم ياياغ.

نە ئىلاج ئېيلەي، ماڭا كەلدى نە ھۇسات يۈزلىنىپ،
ئى خۇدايا رەھمى ئەيلەپ، مەن قۇلۇڭغە قىل ياراغ.
تەۋبە قىلدىم*** ئى خۇدايا، يازۇقۇمنى سەن كەچۈر،
بىۋەپا غەددار دۇنيا سىنەم ئۈزرە قويدى داغ.
غەپلەت ئىچرە بىۋەپا دۇنيا ئىكانىن بىلمەدىم،
بىۋەپالىق ئەيلەدى، كوڭلۇمنى قىلدى بىدىماغ.
ئاقىل ئىرسەڭ بىۋەپا دۇنياغە كوڭلۈڭ باغلامە،
شۈكرى قىلغىل، تاڭلا مەھشەردە ئاسان بولغاي سوراغ.
ھەقتەئالا يولىغە خەيرى-ساخاۋەت ئەيلەكىم،
تاڭلا مەھشەردە بىراق بەرگەي ساڭا جەننەتدە باغ.
جەھد ئەيلەپ نەۋبەتى تائەت-ئىبادەت قىل مەدام،
يازۇقۇڭ ئۆتكەي خۇدا، گورۇڭغە ياندۇرغاي چىراغ.

× ×

قىلمادىم ياخشى ئەمەل، بىھۇدە ئۆمرى ئۆتتى دەرىخ،
ھەقتەئالا نەزدىدە بىھۇدە ئۆمرى ئۆتتى دەرىخ.
ئۆمرۈم ئەللىك يەتتەگە يەتتى ھۇنۇز مەن ئەل ئەمەس،
ئەمرى ھەقنى تۇتمايۇ بىھۇدە ئۆمرى ئۆتتى دەرىخ.
ھىچكىم مەندەك يەنە رەسۋايى ئالەم بولماغاي،
زۇلمى ئەيلەپ ئۆزۈمە، بىھۇدە ئۆمرى ئۆتتى دەرىخ.
زۇھد تەقۋا قىلمادىم، ياخىزمەتى پىرى مۇغان،
ھىچ كار يەڭلىغ نەھىس بىھۇدە ئۆمرى ئۆتتى دەرىخ.
ئاقىل ئىرسەڭ گۇلبە يەڭلىغ چىغەنى قىلمە تەلەب،
ھىچ ۋەپا قىلماس ساڭا بىھۇدە ئۆمرى ئۆتتى دەرىخ.
ئارىغى رىندانەلەر جامى مۇھەببەت قىلدى نۇش،
جۇستىجۇ قىلغىل كى، سەن، بىھۇدە ئۆمرى ئۆتتى دەرىخ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نەۋبەتى قىلغىل قەنائەت، كىم تاپىلسە دەرەمى،
نۇش ئەيلە بىر دەمى، بىھۇدە ئۆمىر ئۆتتى دەرىخ.

× ×

گەر مۇسۇلمانسەن پەيغەمبەر شەرئىگە قىلما خىلاف،
پاس تۇتقىل شەرئىدۇر ئىمانۇ-دىنىڭغە غىلاف.
ھەر كىشى شەرئى نەبىنىڭ تاشىدا قىلسە ئەمەل،
ئانى تائەت بىلسە ئول كىم، دىنغە بولغاي ئىختىلاف.
ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيا خۇشنۇد بولغاي ھەم خۇدا،
ھەم ئاتا-ئانا ئەزىزلەر مەرقەدىنى قىل تەۋاف.
كىم يامانلىق ئەيلەسە، قىلغىل ئاڭا سەن ياخشىلىق،
قىلماغىل گىينە-ئەداۋەت، ئەيلەگىل سىينەڭنى ساف.
نە ئىلاج ئەيلەي خۇدايا سەن ئەگەر رەھىم ئەتمەسەڭ،
تائەتىم يوقدۇر مېنىڭ، قىلغان گۇناھىم كۆھى قاف.
ئەرشى، كۈرسىيۇ، قەلەم، جۈملە مەلائىك ھۆرمەتى،
ئى خۇدا جۈملە بەندەڭنىڭ گۇناھىن قىل مەئاف.
نەۋبەتى سەن بۇ نەسىھەتنى ئۆزۈڭگە ئەيلەگىل،
ئاقىل ئېرسەڭ مۇختەسەر قىلغىل سۆزۈڭنى، ئۇرمە لاف.

× ×

نە خەتالىق مەندىن ئۆتتى، ياردىن تۈشتۈم يىراق،
كېچە-كۈندۈز يار كويىدا تارتادۇرمەن ئىشتىياق.
ئى يارانلار، بۇ يىراقلىق دەردى ئۆلتۈردى مېنى،
سائەتى ھازىر بولۇپ قاشىدا ئولسام ياخشىراق.
مەقسەدىم ئولدۇر مېنىڭ: قاشىدا قىلسام خىزمەتىن،
نە ئىلاج ئەيلەي، مېنى ئول دۇنيادىن سالدى يىراق.

كوزده غايىپ بولسه ئول، كوڭلۈمده هازىردۇر مىنىڭ،
كەيىپ قىلدى بۇ مۇھەببەت بادەئى ئىچتىم ئەراق.
تا جەمالىن كورمەگۈنچە چىقماغاي ھەرگىز خۇمار،
دەردمەندلەرگە قىيامەت دەشتىدە بەندۇ فىراق.
تاپمادىم يارىمغە قان ياشىمدىن ئۆزگە توھپەئى.
كېچە ـ كۈندۈز يادىدا كوزدىن مەگەر ئاقتى بۇلاق.
سەبرى قىلغىل، بۇ يىراغلىق دەردىگە ئى نەۋبەتى،
تا ئۈمىد بولمە، خۇدا رەھمەت قىلىپ، بەرگەي بىراق.

× ×

ناگىهان چىقتى ھەرەمدىن بىر پەرى رۇخسارلىق،
جىلۋە ئەيلەپ كوڭلۈم ئالدى كاپىرى زۇننارلىق.
سىينەم ئۆزرە تەگدىكىم نەززارەسىدىن تىيرى ئىشق،
ناۋەكى پەيكانىدىن بولدۇم جەراھەتدارلىق.
نەچە كۈن بولدى جەراھەت دەردىدىن جىسمىم زەئىپ،
ئەيلەبان يار كويىدا شاھۇ ـ سەبا بىدارلىق.
تا رىيازەت چەكمەيىن تاپماسكى ۋەسلى يارىنى،
تا تىرىكمەن ئەيلەسەم ئالدىدا خىزمەتكارلىق.
قۇللۇقى يەتسە بەھەم بىچارە، ئاجىز بەندەگە،
ئىستەبان يار كويىدا ھەجرىدە گىريە زارلىق.
شۇكرى لىللاھ يارنىڭ كويىدا ئاجىز نەۋبەتى،
باشىغە تاجى شەرئەتدىن قويۇپ دەستارلىق.

× ×

مۇغۇلىستاندا كاپىرى زالىمى خانلىق،
پۇقرالار غەمۇ ھەسرەتدە بولۇپ ھەيرانلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قادىرا، بەندەلەرنىڭ دەردىگە دەرمان ئەيلە،
سەندىن ئۆزگە يەنە يوق دەردىگە ھېچ دەرمانلىق.
بۇ مەھەلدە ھەمە زالىملار يۈرۈر راھەتدە،
موئمىن ئەل زۇلمى ستەم بىرلە بولۇر دەربانلىق.
كەرەمىڭ بىرلە مۇسۇلمانلارغە بەرگىل ئامان،
ۋەرنە كۇفر ئەھلى ۋىلايەتنى قىلۇر ۋەيرانلىق.
گىردىگارا دوستۇڭ ھورمەتىدىن ئەيلە خەلاس،
بۇ مۇسۇلمانلارغە مۇشكۇل، ساڭادۇر ئاسانلىق.
بىھۇدە ئۆمرۈم ئۆتۈبدۇركى يۈرۈپ غەپلەتدە،
قىلمادىم ياخشى ئەمەل، قىلغان ئىشىم نادانلىق.
رەھىم ئەيلە مىنى ئاسىغە بەرگىل تەۋپىق،
سىدقى ئىخلاس بىلە تائەتكە ئەرمانلىق.
رەھمەتىڭ بىرلە دۇئايىمىزنى ئىجابەت ئەيلە،
مالۇ-جانىمنى يولۇڭدا قىلايىن قۇربانلىق.
ئىلتىماس قىلادۇر نەۋبەتى ئاجىز قۇلۇڭ،
ئەيلەگىل بەندەلەرىڭ كوڭلىدە پۈر ئىمانلىق.

× ×

ئۇشبۇ كۈندە بولماغاي مەندەك يەنە كوڭلى سۇنۇق،
ھېچ توھپەم يوق، گۇناھىمدىن بولەك، بارسام قۇرۇق.
ۋەئدەئۇ لاتەقنەتۇ مىن رەھمەتۇللاھ ھورمەتى،
مەغپىرەت قىلغىل، گۇناھىم جەھتىدىن بولدۇم ئۇرۇق.
يا ئىلاھىل ئالەمىن بارچە نەبىلەر ھورمەتى،
رەھمى ئەيلەپ تەڭى تاردىكى كوزۇمنى قىل يورۇق.
ئى خۇدايا بەندەگە تەۋپىق تائەت ئەيلەگىل،
رەھمى ئەيلەپ تاڭلا مەھشەردە ئاسان بولغاي سوراق.

نە ۋبەتى كىم ئاخىرەت سەرمايەسىنى ئالمادىڭ،
نە قىلۇرسەن، يۇك ئاغىر، مەنزىل يىراق، مەركەب ئورۇق.

× ×

بىۋەپا دۇنيانى ئىزدەپ يۈرگەن ئەلنىڭ سانى يوق،
بەرمەگىل كوڭلۈڭنى ھەرگىز دۇنيانىڭ پايانى يوق.
ئاقىل ئېرسەڭ ئاخىرەت يولىنى سەن ئەندىشە قىل،
كەچمەگۈنچە دۇنيادىن، پۇلدىن، ئۆتەر ئىمكانى يوق.
كېچەيىۇ كۈندۈز ئىبادەت، خەيرى ـ ئېھسان قىل مەدام،
بەندەلىك قىلماي خۇدايىمغە بېھىشت ئەرزانى يوق.
ھەركىشىكىم سىدقى بىرلە ھەق يولىنى ئىستەمەس،
دوست تۇتماڭلار ئانىكىم، كوڭلىدە ئىمانى يوق.
موئمىن ئەرمەس، ھەركىشى بى ئۆزرى يالغان سوزلەسە،
ئول خۇدانىڭ دۇشمەنى دۇركىم، يۈزىدە قانى يوق.
كىرمەگەي جەننەت ئىچىگە زاھىدى بولسە بېخىل،
بىئەقىل ئەل دۇرۇر ئول، ساماندىن ئۆزگە دانى يوق.
پاسىقى كىرمەس تۇمۇغ ئىچرە سەخاۋەت ئەيلەسە،
ھەقتەئالا رەھمەتى قىلغاي، ئانىڭ ئارمانى يوق.
ھەركىشى ئالىم بولۇپ، ئىلمىغە چۈن قىلماس ئەمەل،
ئاسى دەڭلاركىم ئانى سۇرەتدىن ئۆزگە جانى يوق.
نەۋبەتى سەن بىھۇدە ئۆمرۈڭنى زايىئ ئەيلەمە،
بۇ ئەمەللەر دەردىگە مەھشەر كۈنى دەرمانى يوق.

× ×

جانۇ دىل بىرلە خۇداغە بەندەلىك قىلماق كېرەك،
ھەقتەئالانىڭ بۇيۇرغان ئەمرىنى تۇتماق كېرەك.


Altun0q

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەقتەئالا بۇيۇرغان بەش نەماز، رۇزە دۇرۇر،
ھەج تەۋافى ئەيلەبان، مالغە زەكات بەرمەك كېرەك.
بەندە ئازاد مەردى زەن سىزگە خۇدانىڭ بۇيرۇغى،
جەھد ئەيلەپ پەرزى، ۋاجىپىنى ئەدا قىلماق كېرەك.
كىم نەسۇھادەك گۇناھىڭغە ندامەت ئەيلەبان،
تەۋبە ئەيلەپ ھەر سەھەر زىكرۇ سەنا قىلماق كېرەك.
ئاقىل ئېرسەڭ پىرى كاملغە ئىرادەت ئەيلەگىل،
پىر نەچۇك بولسە مۇرىدلەرغەمۇ ھەم شۇنداق كېرەك.
سىدقى ئىخلاسىڭ بىلە قىلغىل پىرىڭغە خىزمەتى،
ئاتا ـ ئانا، پىرى ئۇستادنى رىزا قىلماق كېرەك.
ھەر قاچان ئالىم كىشى كەم خەرج قالسە دەر مەھەل،
خەيرى ـ ئېھسان ۋەسپىدىن سەۋتى ـ سەدا قىلماق كېرەك.
نەۋبەتى كىم پىرى ئۇستادىڭنى سەن خۇشنۇد قىل،
پىرى ئۇستاد روھىغە خەتمى دۇئا قىلماق كېرەك.

× ×

ئى مۇسۇلمانلار مىنى ئول دىلرەبا ئۇلتۇرگۇدەك،
كويدۇرۇپ پۇرقەت ئوتىدا بىگۇنا ئۇلتۇرگۇدەك.
كوز ئۇچى بىرلە باقىپ، كوڭلۇمنى غارەت ئەيلەدى،
ئوقى تەگدى باغرىمە، قىلدى يارا ئۇلتۇرگۇدەك.
ئى يارانلار ئوقى دەردى باغرىمە كار ئەيلەدى.
زۇلمى ئەيلەپ، دەردىمە قىلماي داۋا ئۇلتۇرگۇدەك.
مەن كەبى يۇزمىڭ گەدانى پۇرقەتىدە كويدۇرۇپ،
بارچەنى ئىشقىدا قىلدى مۇپتەلا، ئۇلتۇرگۇدەك.
ھەلقە ـ ھەلقە زۇلپىنى بويىنۇمغە ئول ئەيلەپ كەمەند،
ئاقىبەت بىخانىمان ئەيلەپ گەدا، ئۇلتۇرگۇدەك.

خاھىشىڭ گۈلدۇر، تىكەن دەردىغە جەزمى پىشە قىل،
ھەقتەئالا ھاجەتىڭ ئەيلەپ رەۋا، ئولتۇرگۇدەك.
نەۋبەتىكىم ھەر بەلا كەلسە خۇدادىن بول رىزا،
ھەر نېچۈك كىم بولسە تەقدىرى خۇدا، ئولتۇرگۇدەك.

× ×

رەسىم ئولۇبدۇر كىم ئۆلۈس ئەھلىغە دايىم غەم يېمەك،
گەر تىرىك بولساڭ خۇدا بەرگەي ساڭا نانۇ نەمەك.
ئاخىرەت شىددەتلەرىدىن بىخەبەردۇر ئەھلى دون،
كېچە-كۈندۈز ئىشى ئولدۇر دۇنيا، پۇل بىرلە ھەلەك.
ھەزرەتى ئەيسانى سەن يادىڭغە كەلتۇر ھەر زەمان،
بى دەرەملىكتىن مەقامى بولدى تورتىنچى پەلەك.
كېچە-كۈندۈز پىكرى ئاشىق، مەئشۇقىنىڭ يادىدا،
مۇقتەسىل ئولدۇر ئىشى دىيدار مەئشۇقدۇر تىلەك.
بولھەۋەسلەرنى مۇھەببەت ئەھلىغە مەڭز ئەتمەگىل،
بولھەۋەسلەر بىر سەرى، ئەھلى مۇھەببەتلەر بۆلەك.
دانىشىڭ باردۇر مۇھەببەت ئەھلىنىڭ جۇيانى بول،
خىزمەتىن ئەيلەپ ئاياغى ئاستىدا بولغىل پەتەك.
نەۋبەتىكىم ئۇشبۇ ئەھۋالىڭغە سەن شۈكر ئەيلەگىل،
ئىلىم بېرىبدۇر كىم ساڭا، مۇندىن زىيادە نە كېرەك؟

× ×

دىلبەرىم سەندەك يەنە ئارامى جانىم يوق مېنىڭ،
تال بويۇڭدەك يەنە بىر سەرۋى رەۋانىم يوق مېنىڭ.
بولماغاي ئالەمدە سەندەك مەھۋەشى ئى نازەنىن،

سوزلەرى قەندىن لەزىز، شىرىن زەبانىم يوق مېنىڭ.
رەھمى قىلغىل مەن يېتىم، بىچارەگە ئى نازەنىن،
سەندىن ئۆزگە ھېچ يەردە مېھرىبانىم يوق مېنىڭ.
ئورۇلۇپ پەرۋانەدەك شەمئى جەمالىڭ شەۋقىدە،
كويدى بۇ جىسمى زەئىپىم، پەرۇ بالىم يوق مېنىڭ.
ئىشكىڭدە ياستانىپ ئۆلسەم نە ئەرماندۇر ماڭا،
يادى-پىكرىم سەندەدۇر، ئۆزگە خىيالىم يوق مېنىڭ.
دادىخاھلىق ئەيلەدىمەن، ئەرزى ئەھۋالىمغە يەت،
تاپمادىم، سەندىن بۇلەك بىر شەھسۇۋارىم يوق مېنىڭ.
نەۋبەتى سەن يارنىڭ ئاستانەسىدا بول مەدام،
تا تىرىكمەن، ياردىن ئۆزگە خىيالىم يوق مېنىڭ.

× ×

ۋەھيى كەلتۈردى نەبىگە ئەيدى ئۇلدەم جىبرائىل،
چۈن پەرىشتەلەر دۇرۇد، ئەيدى سەلام رەببى جەلىل.
ھەقتەئالا پەرز قىلدى ئۇممەتىڭغە ئى رەسۇل،
بەش نەمازۇ رۇزەئى، ھەج ۋە زەكاتىدۇركى، بىل.
ئەمرى ھەقنى ھەركىشى بەرپا تۇتۇپ، تەرك ئەتمەسە،
جەننەتى فىردەۋس ئىچىدە نۇش ئەيلەر سەلسەبىل.
قەسد ئىلە ھەركىم نەمازۇ رۇزەنى تەرك ئەيلەسە،
قەبز ئەيلەر مىڭ ئۇقۇبەت بىرلە جانىن ئەزرائىل.
سەكسەن ئۇقبە بولغۇسىدۇركىم گىرىپتارى جەھىم،
يېمى زۇقغۇمى بولۇرلەر ئىچكۈچى زەھرى قەتىل.
تەگرىدىن قورقۇپ مەگەركىم ئىچمەسە شەرپەت، شەراب،
ھەق غەمىدىن پەرھىز ئەيلەپ قىلسە تائەت مۇتتەسىل.
ھەقتەئالا رازى بولغاي بەندەسىدىن، ھەم رەسۇل،

داخىلى جەننەت بولۇرغە باردۇرۇر ئايەت دەلىل.
رەڭ ـــ بەرەڭ ھۇللە كىيىپ، تاجى مەرەسسەئ باشىغە،
خىزمەتىدە ھورىلەر ئالدىدا تۇرغاي خەيل ـ خەيل.

ئىلتىپات ئەيلەپ خۇدا ھەر بەندەگە تۇرلۇك تەئام،
ھەر نەچە قىلسە تەنەۋۇل، كەلمەگەي ھەرگىز سەقىل.
نۇر بولغاي ئول تەئامى بەۋلى ـ غايەت بولماغاي،
يوقتۇر ئولمەك، قېرىماق ھەم بولماغاي ھەرگىز كېسەل.
لۇقمەئى داۋۇر ئەيلەپ مېھمان قىلغاي خۇدا،
بەندەلەرگە ئاخىرى دىدار بەرگەي ئەل ـ ۋەكىل.
پاسىقى كىرمەس تۇمۇغقە، ئول سەخاۋەت ئەيلەسە،
ئەفۋى ئەيلەر ھەق، گۇناھىنى ئالۇر، رىزۋان كەفىل.
ئاقىل ئېرسەڭ تائەت ئەيلەپ ھەم سەخاۋەت پىشە قىل،
بولماغاي جەننەتكە داخىل، ئابىدى بولسە بېخىل.
مىڭ نىدامەتلەر بىلە قىلغان گۇناھىڭ ياد ئېتىپ،
ھەر سەھەرلەر زار يىغلاپ، تەۋبە ـ ئىستىغپار قىل.
روزى مەھشەر نېتكاسەن بىچارە ـ ئاجىز نەۋبەتى،
جۇرمى ئىسيانىڭ تۇلادۇر، خەيرى ـ ئېھسانىڭنى قىل.

× ×

ياتمە بەندەئى موئمىن، قوپ سەھەر تەھارەت قىل،
قۇللۇقۇڭنى سابىت ئەت، تەڭرىگە ئىبادەت قىل.
لائىلاھە ئىللەللاھ، ھەقدىن ئۆزگە يوق ئاللاھ،
غاپىل ئولمە بىر سائەت زىكرى ئېيىت، ئىبادەت قىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېچە ـ كۈندۈز جەھد ئەيلەپ، ئىچ مەيى مۇھەببەتنى،
دۇنياغا كوڭۇل بەرمە، زوق بىرلە تائەت قىل.
ھەر سەھەر گۇناھىڭغە تەۋبەئى نەسۇھ ئەيلە،
يازۇقۇڭ بېغىشلانسۇن، ئاخىرەتدە راھەت قىل.
كېچەلەر بولۇپ قايىم، كۈندۈزى بولۇپ سايىم،
باھوزۇرى دىل بىرلە بولمە تەڭرىدىن غاپىل.
مۇندا مالۇ ـ جانىڭنى ھەق يولىدا سەرپ ئەيلە،
بولما دۇنياغە مەغرۇر بېھىشتدە ئىمارەت قىل.
تالىبى خۇدا بولساڭ دۇنيانى تەلاق ئەيلە،
دوست تۇتمە دۇنيانى، غەم يىمە، مۇراد ھاسىل.
جەھد ئەيلەپ تالىپ بول، ھەق يولغە راغىب بول،
تاڭلا رەھنەما بولغاي پىرىغە ئىرادەت قىل.
ئۆمرۈڭ ئۆتتى غەپلەتتە پىسىق ئىلە كەساپەتتە،
نەۋبەتى نىدامەتتە، كەل ئۆزۈڭ نەسىھەت قىل.
كەل ئى مۇئمىن، سەھەر ۋەقتىدە ئويغانىپ تەھارەت قىل.
خۇداغە بەندە بولساڭ ۋەقتىن ئۆتكەرمەي ئىبادەت قىل.
ئەجەل يەتمەستە ئى غاپىل، غەنىمەت بىل تىرىكلىكنى،
كېچە ـ كۈندۈز خۇداغە جانۇ ـ كوڭلۇڭ بىرلە تائەت قىل،
يامان ئىشدىن قىلىپ پەرھىز، تەكەببۇر بولماغىز ھەرگىز،
سەھەرلەر زار ـ زار يىغلاپ، گۇناھىڭغە نىدامەت قىل.
تىلەر بولسەڭ قاراڭغۇ گور ئازابىدىن نىجاتلىقنى،
پەيغەمبەر، ئەۋلىيالەر روھىغە قۇرئان تىلاۋەت قىل.
خۇدا ۋە ئەۋلىيا ۋە ئەنبىيالار ھەم بولۇر خۇشنۇد،
قىيامەت كۈن شەفائەت ئەيلەگەيلەر، ئاندا راھەت قىل.
بېھىشتى جاۋىدانىغە كىرەرنى خاھلەسە ھەركىم،
ئەمىرسەن خاھى شاھ بولساڭ بۇ ئالەمدە ئەدالەت قىل.
گۇناھلەر باشى ئولدۇركى، كىشى دۇنيا تەلەپ قىلسە،

خۇدانىڭ بەرگەنىگە شۈكرى ئەيلەپ، سەن قەنائەت قىل.
نەسىب ئەتسە خۇدايىم بەندەسىگە ھور ئىلە جەننەت،
شەرابى ئەنتەھۇرنى نۇش ئەيلەرسەن، ھەلاۋەت قىل.
بىھىشتىي جاۋىدانى ھورى-غۇلماندىن ئۇمىد ئەتسەڭ،
قولۇڭدىن كەلگەنىچە نەۋبەتى سەنھەم سەخاۋەت قىل.

× ×

غەم بىلە تاكى يۇرۇرسەن ئى كوڭۇل، مەردانە بول،
بىۋەفا دۇنيا ئۇچۇن ئومرۇڭ ئوتەر، مەردانە بول.
گۇلھەمەچدەك جانۇ-دىل بىرلە يىغارسەن جىغەنى،
كىم ئۇلەرسەن، بارچە ئەھۋالىڭ قالۇر، نەردامە بول.
مۇندا ھەق يولىغە سەن خەيرى-سەخاۋەت پىشە قىل،
ئاخىرەتتە بىرگە ئون بەرگەي خۇدا، مەردانە بول.
ئاقىل ئىرسەڭ ئى بىرادەر، سۇبھىدەم بىدار بول،
زوق بىلە ھەق قۇللۇقىن قىلماق ئۇچۇن مەردانە بول.
جەھد ئەيلەپ ھەر سەھەر تەۋبە-تەزەررۇئ ئەيلەگىل،
مەغپىرەت قىلغاي گۇناھىڭنى خۇدا، مەردانە بول.
بىل تىرىكلىكنى غەنىمەت، ئەيلەگىل ياخشى ئەمەل،
تاكى پەيغەمبەر شەفائەت ئەيلەگەي، مەردانە بول.
تائەتى قىل نەۋبەتى ھەرچەند بولساڭ پۇر گۇناھ،
نا ئۇمىد بولمە، خۇدا رەھمەت قىلۇر، مەردانە بول.

× ×

مۇنتەزىر دۇرمەن ساقى، ئى ئاشىقى پەرۋانە كەل،
بۇ ھەزىن كوڭلۇمنى غارەت ئەيلەگىل، مەيخانە كەل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئال قولۇڭغە ئول مۇھەببەت بادەسىدىن كاسەئى،
جۇرئەئى جامى مۇھەببەتدىن ئىچىپ، مەستانە كەل.
يارنىڭ زەۋقى ھەرارەتدىن بولۇپمەن تەشنەئى،
لۇتىپ ئېتىپ كەلتۇر ماڭا بىر جۇرئەئى پەيمانە، كەل.
بۇ ئارادا يار بولسۇن، بولماسۇن ئەغيارلەر،
جامى ۋەھدەتتىن ئىچالى ھەردەمى رىندانە، كەل.
تا قىيامەت چىقماغاي كەيپى مۇھەببەت بادەسى،
يارنىڭ شەۋقى جەمالى شەمئىغە پەرۋانە، كەل.
ئاشىقى سادىق ئېرۇرسەن، دەھرىدىن تەجرىد بول،
شۇم رەقىپلەر ۋەھشەتىدىن قورقماغىل بۇ يانە كەل.
نەۋبەتى كىم مەقسەدىڭ ۋەسلى جەمەلى ياردۇر،
ئەۋلىيالەر مەرقەدىن تەۋف ئەتكەلى ئاستانە كەل.

× ×

گۇل چاغىدۇر ئى ساقى ۋەقتىنى غەنىمەت بىل،
شول ئاياغدىن باشىغە بىزگە جامى ئىشرەت قىل.
يا بىلىڭلەر، بىلمەڭلەر، ئاڭلاماس مۇنى ئاڭلا،
تاڭلا بولغۇسى تاڭلا، بۇ كۈننى غەنىمەت بىل.
خۇش كېلۇر ۋىسالى يار، باغ ئارا گۈلى گۈلزار،
بولسە، بولماسۇن ئەغيار، يار بىرلە سوھبەت قىل.
ياردىن جۇدا بولما، غەمگە مۇپتەلا بولما،
شاھ بولۇپ، گەدا بولما، گوشەئى قەنائەت قىل،
نەۋبەتى ۋىسال ئۆتتى، يار پۇرقەتى يەتتى،
يار ئۇيان ئۆتۈپ كەتتى، تىز يىتىپ، بۇگۈن يانغىل.

× ×

چىقىپ شەھرى ۋۇجۇددىن، تاماشايى جەھان كەلدىم،
بىفەرمانى ئىلاھا، قەترەئى سۇدىن نىھان كەلدىم.

ئىناياتى ئىلاھا بولغان ئەلگە رۇزى ئەۋۋەلدە،
بىھەمدۇلىللا كى مەن ئاجىز مۇھەببەت خانەدان كەلدىم.
ئۇلەر ۋەقتىمدە ئىمانىم سەلامەت ئاسراغىل يارەب،
بىھەققى ھورمەتى پەيغەمبەرى ئاخىر زەمان كەلدىم.
چىقىپ ياركەند دىيارىدىن مەنازىللارنى قەتئ ئەيلەپ،
زىيارەت قىلغالى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان كەلدىم.
مىنى ئاجىز قۇلغە پادىشاھىم رەھىم ئەتكەي دەپ،
ئىماملار ماتەمىنى تۇتقالى مەن باغرى قان كەلدىم.
كىچە-كۈندۈز پىراقىدا يۈرۈرلەر دەر-بەدەر ھەيران،
شەھىدلەردىن مەدەد بولغايمۇ دەپ، بىخانىمان كەلدىم.
مىنى بىچارە ئاجىز ھالىغە رەھم ئەيلەگىل يارەب،
مۇرادىمنى تاپارمەن دەپ، شەھى ساھىب قىران كەلدىم.
نەمازىمنى قەزا قىلدىم كى شەيتاننى رىزا قىلدىم،
گۇناھىم شۇملۇقىدىن سارغىرىپ بەرگى خەزان كەلدىم.
ياتىبدۇر نەۋبەتى كىم جەھد ئەيلەپ مەستۇ-لايەئقۇل،
ئۇزۇمدىن بىخەبەردۇرمەن، بۇ دەرگاھغە قاچان كەلدىم؟

× ×

ئاخىرەت شىددەتلەردىن تۇرپە غەم كەلتۇرمىشەم،
ھەر سەھەرلەردە كوزۇمدىن قەترەنەم كەلتۇرمىشەم.
بۇ "ئەلىپ" تەك قامەتىم دەۋزەخ غەمىدا بولدى "نۇن"،
يازۇقۇمنىڭ جەھتىدىن قەددىمنى خەم كەلتۇرمىشەم.
ھەر زەمان قىلغان گۇناھىمغە نىدامەت ئەيلەبان،
نەفسىمەكىم، بىر قەنائەتدە ئەلەم كەلتۇرمىشەم.
رەھمەتىڭ بىرلە گۇناھىمنى كەچۈرگىل، ئى ئىلاھ،
دەرگاھىڭغە ئىلتىجا، ئەفۋى، كەرەم كەلتۇرمىشەم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گىردىگارا، بەندەگە تەۋپىق، تائەت قىل ئەتا،
قۇللۇق ئەيلەپ سەجدەگە باشىمنى كىم كەلتۈرمىشەم.
پادىشاھا، تورت نىمەرسەدۇر، سىنىڭ گەنجىڭدا يوق،
يوقلۇق ئاجىزگىنە ھاجەت بەھەم كەلتۈرمىشەم.
ئى خۇدايا، رەھمەتىڭدىن نەۋبەتى ئۈمىدۋار،
تەۋھىدىڭغە مەن گۇنەھكارى قەلەم كەلتۈرمىشەم.

× ×

بۇ ئالەم فانىيغە مەن كىلىپ گۆزەر ئەتتىم،
تورت ياشىمدا ئىلىم ئىستەگەلى مەن سەپەر ئەتتىم.
بۇ ئىلمى شەرئەت يولدا قالدىمۇ ھەيران،
بىر راھبەرى تاپماي ئۆزۈم دەر-بەدەر ئەتتىم.
تەۋپىق بولۇپ كەلدىمۇ ئۇستاد قاشىغە،
بىر نەچچە مەھەل تەھسىل ئىلىم ئىختىيار ئەتتىم.
يۈز شۈكرى ئىلاھىمغە، ماڭا قىلدى بۇ ئىنئام،
بىر زەررە ئىلىم تەھسىل ئىتىپ، بەھرەۋەر ئەتتىم.
ھەر بارىكى قەسد ئەتسە ماڭا لەشكەرى ئەئدا،
ئاياتۇ ھەدىسلەرنى ئۆزۈمگە سۇپەر ئەتتىم.
ھەر يەردىكى بىر ئالىمى خۇش فەھمىنى تاپسام،
بىر لەھزە ئانىڭ مەجلىسىدە مەن مۇقەر ئەتتىم.
كىم ئىلمى شەرئەتنى ماڭا بەرسەلەر تەئلىم،
گوياكى ئانى پىر تۇتۇپ مەن پەدەر ئەتتىم.
سھۆدە كوپ سوزلە ئى نەۋبەتى ئاجىز،
شەرئى نەبى دىن ئۆزگەنى مەن مۇختەسەر ئەتتىم.

× ×

يارىنىڭ چارباغىدىن بىر دەستە گۈل كەلتۈرمىشەم،
بادەئى ئىشقى-مۇھەببەت كاسە مۇل كەلتۈرمىشەم.

ناگهان جامى مۇھەببەت بادەسىدىن نۇش ئېتىپ،
كوزلەرىمدىن قەترە-قەترە ئەشكى هول كەلتۈرمىشەم.
جەزبە ئەيلەپ بادەئى ئىشقى-مۇھەببەت كەيپىدە،
سەجدەئى شۈكرانەگە باشىمنى قۇل كەلتۈرمىشەم.
خانەمانىم يارنىڭ هەققىدە ئىيسار ئەيلەسەم،
شۈكرى لىللاھ نەۋبەتى، بولدۇڭ نەبىغە ئۇممەتى،
بىل غەنىمەت پۇرسەتى، خەتمى رەسۇل كەلتۈرمىشەم.

× ×

كىلەي دەپ ۋەئدە ئەيلەپ، كەلمەدى ئول يار يالغانىم،
ۋەفاغە ۋەئدە ئەيلەپ، تۇرمادى سەرۋى خىرامانىم.
گىرىپتارى بولۇپمەن يارنىڭ هىجران بەلاسىغە،
كويۇپ ئىشقى-پىراقىنىڭ ئوتىدا ئورتەنۇر جانىم.
بىلەلمەم هىچ ئىلاجىنى، نىچۇك ئەيلەي، نەدۇر تەدبىر،
قاچان يەتكەي قۇلاغىڭغە مىنىڭ بۇ ئاھۇ ئەپغانىم.
دەرىغا كاشكى بىلسەم ئىدى، تۇرغان مەكانىڭنى،
سىنى مەن ئىزدىسەم قايدىن تاپارمەن شاھى خوبانىم.
نە بولغاي رەھمى ئەيلەپ، مەن قۇلۇڭغە بىر نەزەر سالساڭ،
مىنىڭدەك قۇل كىبرەكمەسمۇ ساڭا ئى ماھى تابانىم.
تۇرۇپمەن مۇنتەزىر يولىدا هەر كۈن، يارى كەلگەي دەپ،
بىناگاھ كەلسە ئىسار ئەيلەسەم جانىمنى مىھمانىم.
هەبىبىڭ هورمەتىدىن بەندەنى ئوزۇڭگە ۋاسىل قىل،
خۇداۋەندا، ئولەر ۋەقتىمدە هەمراھ ئەيلە ئىمانىم.
ئەگەر ئاشىق سەن، مەئشۇق جەپاسىغە تەھەممۇل قىل،
هەزىن كوڭلۇمنى مەئمۇر ئەيلەگەي شايەدكى يەزدانىم.
كەل، ئەمدى نەۋبەتى يارى مەجازىغە كوڭۇل بەرمە،

دەرىخ، ئۆمرۈم ئۆتۈپدۇر يارى فانىغە، ئىسسىز جانىم!

× ×

ئىستەدىم، ئالەمدە سەندەك شەھسۇۋارى تاپمادىم،
دەھر ئارا بىر مۇشپىقى ھەم دەرد يارى تاپمادىم.
بولماغاي ئالەمدە سەندەك مەھۋەشى ئى نازەنىن،
غۇنچەئى خەندان لەبىڭدىن گۈلئۇزارى تاپمادىم.
نە ئىلاج ئەيلەي، مېنىڭ كوڭلۈم ساڭا ۋالەئى دۇر،
چېھرەئى تابان يەڭلىغ لالە زارى تاپمادىم.
رەھمى ئەيلەپ سائەتى ئۈزۈڭگە ۋاسىل قىل مېنى،
دىلبەرىم كويۇڭدا ئارتۇق دەردى يارى تاپمادىم.
كېچە-كۈندۈز نەۋبەتى، كويۇڭدا بولدى مۇپتەلا،
بۇ جەھاندا سەندىن ئۆزگە غەمگۇزارى تاپمادىم.

× ×

كوزۈم ياشىنى توكۈپ، سۇبھىدەم دۇئا قىلايىن،
نىيازۇ نالە بىلە تائەتى خۇدا قىلايىن.
خۇدايىم رەھمى قىلىپ، بەرسە بەندەگە تەۋپىق،
ھوزۇرى دىل بىلە زىكرى رەببەنا قىلايىن.
تەمامى ئايلار ئۆتۈپ، مۇھەررەم ئايى تۇغسە،
تەۋاف ئەتكەلى مەن ئەزم پادىشاھ قىلايىن.
مەنۇ شىكەستە مەزارىغە ناگىھان يەتسەم،
سەمائى دەۋرى قىلىپ، ماتەمى شەھىد قىلايىن.
كەمىنە بەندەگە بولسە ئەۋلىيا مەدەدى،
تەمامى ئىككى جەھان ھاجەتىم رەۋا قىلايىن.

سەھەردە تەۋبەئى زارى ھەمىشە مەقبۇلدۇر،
نەسۇھ تەۋبە قىلىپ، رەۋزە باسەفا قىلايىن.
پەيغەمبەر ئۇممەتى سەن، تۇت ئىمام ئۇچۇن ماتەم،
ئانىڭ يولىدا باشىم نەۋبەتى پىدا قىلايىن.

× ×

بېخىل بىر پۇل ئۇچۇن كەچكەي ئېزىز جان بىرلە ئىماندىن،
بېخىلنىڭ نەئشى باردۇر دىيانەت بىرلە قۇرئاندىن.
سەخىيلەر بولماسە نادان بېخىلنى يەر يۇتار ئەردى،
سەخىيلەرنىڭ تۇپەيلىدىن بەلالەر رەد بولۇر ئاندىن.
سەخىيلەر ھەر كۈنى نېئمەتلەرىن يەپ، شۈكرى ئەيتۇرلەر،
يەمەي-ئىچمەي يىغار ئەھمەق بېخىل دۇنيايى ناداندىن.
بېرىپدۇرلەر بۇ ئالەمدە بېخىلغە سىيىم-زەر بىسيار،
سەخىيلەرغە بېرۇرلەر ئاخىرەتتە ھورى-غۇلماندىن.
سەخاۋەت ئەيلەسە ھەركىم خەلايىقلەر ئۇقۇر رەھمەت،
بېھىشتى جاۋىدانىغە كىرەرلەر خەيرى-ئېھساندىن.
بېخىللەر كىرمەگەي جەننەت ئىچىگە، بولسە ھەم ئابىد،
قىيامەتكە قۇتۇلماسلەر قاراڭغۇ گور ئەزابىدىن.
قولۇڭدىن كەلگەنىچە نەۋبەتى سەن خەيرى-ئېھسان قىل،
قۇتۇلغايسەن ئەزابىدىن، ئۈمىدىم باركى رەھماندىن.

× ×

خۇدايا رەھمى قىل، مەن بەندەئى روي سىيادۇرمەن،
يۈرۈپ غەپلەت بىلە نەپسىم كويىدا مۇپتەلادۇرمەن.
كي تائەتنى قويۇپ، شەيتان كويىدا يۈگۈرۈپ ھەردەم،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھەممىشە بۇت پەرەستلەردەك قىلىپ غەرقى گۇنادۇرمەن.
سەھەرلەردە قوپۇپ، تەۋبە ـ تەزەررۇئ قىلمادىم، يارەب،
قىيامەت كۈن نەچۈك قىلغايمەن بىر كوڭلى قارادۇرمەن.
قىلىپ يۈزمىڭ گۇنەھلەرنى، ئىشىم دائىم رىيا بىرلە،
جەھالەت شۇملۇغىدىن ئۆتكەرىپ ئۆمرى تەباھ دۇرمەن.
دىدىڭ: «لاتەقنەتۇ مىن رەھمەتۇللاھ» ئايەتىڭ ۋەئدە،
خۇدايا، ئىئتماد ئەيلەپ، بۇ ھوكمۇڭغە رىزادۇرمەن.
ئەمەللىغلەر ئامان تاپسە، ئاخىر دەمدە ئىمان تاپسە،
قاراڭغۇ گوردا مەن ئاجىز، ئەسىرۇ مۇپتەلا دۇرمەن.
بۇ كۆنلەرنى قىل ئەندىشە، سەخاۋەت ئەيلەگىل پىشە،
خۇدا رەھمەتىڭغە ئىئتماد ئەيلەپ تۇرادۇرمەن.
نەمازۇ رۇزەنى قىلماي، مۇسۇلمان مەن، دىسە ھەركىم،
ئەيتسۇنكىم گىرىپتارى ئەزابى جاۋىدان دۇرمەن.
بۇ سوزلەرگە گۇمان ئەتمەي، قىلىڭلار تەۋبەئى تەقسىر،
ئانىڭ شەئنىگە كەلگەن ئايەتىگە مەن گۇۋادۇرمەن.
كىشى ئايەت، ھەدىسىنىڭ مەئنىسىن ئىشتىپ، ئەمەل قىلسە،
ندامەتلەر قىلىپ يىغلاپ، دىگەي: «شۇم بىبەيادۇرمەن».
نەمازۇ رۇزەنى تەرك ئەيلەمە ئى نەۋبەتى ئاجىز،
كى شائىرلار قاتىدا خۇش ھەببى بىر گەدادۇرمەن.

× ×

خۇدايا، ئۇشبۇ كۈندە رەھمى ئەيلەپ يار كەلگەيمۇ،
ھەزىن كوڭلۈمنى شاد ئەيلەپ كى ئول دىلدار كەلگەيمۇ.
نەچە يىلدۇر ئۇشۇل ئەھدىڭغە باغلاپ ئىئتمادىمنى،
ژەپا ئەيلەپكى ئول ئەھدىغە كىم غەمخار كەلگەيمۇ.

تۇتۇپ كوز، مۇنتەزىردۇرمەن جەمالىڭ كورگەلى مۇشتاق،
نە بولغاي لۇتپى ئەيلەپ، كورگەلى دىيدار كەلگەيمۇ.
كېچە ـ كۇندۇز پىراقىدا بولۇپمەن ۋالەئى شەيدا،
مېنىڭ ھالىمنى پەرىش قىلغالى ئەييار كەلگەيمۇ.
بىناگاھ ئۇشبۇ كۇندە مۇژدەئى ئول مىھرىبان يەتسە،
ھەزىن كوڭلۇمنى مىھمان قىلغالى تەييار كەلگەيمۇ.
جەھانغە كەلمەگەي ھەرگىز ئانىڭدەك بىر پەرى پەيكەر،
ئانىڭ ھۇسنى جەمالىدەك گۇلى ـ گۇلزار كەلگەيمۇ.
مېنىڭ شورىدەئى ھالىمنى كىم ئول مىھرىبان بىلسە،
كەمىنە نەۋبەتىدەك مۇپتەلايى زارى كەلگەيمۇ.

× ×

ئى سەبا، بەرگىل خەبەر، ئول شەھسۇۋارىم كەلدىمۇ،
لۇتپ ئېتىپ، ھالىم سورارغە ھەمدىيارىم كەلدىمۇ.
كەلسە يارىم ھەر زەمان غەمكىن كوڭۇل تاپقاي ئارام،
خەستە كوڭلۇم شاد ئېتىپ ئول نەۋباھارىم كەلدىمۇ.
كەلسە ناگاھ بولغۇسى گويا ماڭا پەسلى باھار،
ئاچىلىپ چۇن لالە ئەھمەر گۇلئۇزارىم كەلدىمۇ.
پۇرقەتىدە ئورتەنىپ، جىسمىم زەئىپ ئولدى نېتەي،
بولغۇسىدۇر دەردىمە دەرمان يارىم كەلدىمۇ.
ۋاسىل ئولسام، ھەر زەمان شىرىن لەبىدىن نۇش ئېتىپ،
كامى دىل ھاسىل ئېتىبان رۇزگارىم كەلدىمۇ.
كەيپ قىلدىكىم مېنى ئىشقى ـ مۇھەببەت بادەسى،
تۇتىئى شىرىن زەبان كوزى خۇمارىم كەلدىمۇ.
سىدقى بىرلە جۇستىجو قىل يارنى ئى نەۋبەتى،
قالمادى سەبرۇ تەھەممۇل، ئول نىگارىم كەلدىمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

× ×

كىشى ئىلمى شەرىئەتكە ھەمىشە يار بولماسمۇ،
خۇدانىڭ قۇللۇقىن قىلماق ئۈچۈن بىدار بولماسمۇ.
كېچە ـ كۈندۈز خۇداغە بەندەلىكنى ئەيلەگىل ھەردەم،
تىلاۋەت ئەيلەسە ھەر كىم سەۋاب بىسيار بولماسمۇ.
ئەزىز ئەتكەن قۇلۇكنى بۇ جەھاندا خار ئېتەلمەس كىم،
ئەگەر خار ئەيلەسەك، ھەر يەرگە بارسا خار بولماسمۇ.
ئەگەر سەن بەندەلەرگە رەھمەتىڭ بىرلە نەزەر قىلساڭ،
زىمىنۇ تاغۇ تاش ئول بەندەگە گۈلزار بولماسمۇ.
كىشىكىم كوڭلىنى ھەق يادى بىرلە ئەيلەسە مەشغۇل،
خۇدا ۋە ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيالار يار بولماسمۇ.
ئىبادەتى سەخاۋەت ئەيلەسە، بولغاي خۇدا خۇشنۇد،
بېھىشتى جاۋىدان، ئەجرى ئانىڭ دىدار بولماسمۇ.
كىشىكىم بىنەمازلىق پىسق ئەيلەپ ھەم بېخىل بولسە،
خۇدا ۋە ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيا بىزار بولماسمۇ.
جەھاندا نەۋبەتى، ئىلمى شەرىئەتكە ئەمەل قىلغىل،
خۇدا رەھمەت قىلىپ ئىلمى شەرىپ قولدار بولماسمۇ.

× ×

ئەزىزلەرنىڭ مەزارىدا ئەزىزلەر بار بولماسمۇ،
بارى ئەھلى ئۇلۇسقە بۇ ئەزىزلەر يار بولماسمۇ.
ئۇلارغە چىن كوڭۇل بىرلە ئەقىدە ئەيلەسە ئىخلاس،
قىيامەت كۈن ئانىڭ ئورنى گۈلى گۈلزار بولماسمۇ.
مەزارنى تەۋاپ ئەيلەپ تەلاۋەت ئەيلەسە ھەركىم،
رەۋا ئەيلەپ ئانىڭ ھاجەتلەرىن غەمخار بولماسمۇ.

ئەگەر ھەركىم مۆرىد بولسە، ئەزىزلەر خىزمەتىن قىلسە،
ئەزىزلەر تاڭلا مەھشەردە ئانى قولدار بولماسمۇ.
كىشىكىم ئەۋلىياغە كەم ئەقىدە، بولادۇر مۇنكىر،
جەمىئى ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيا بىزار بولماسمۇ.
ئەگەر بەئزى ئەداۋەت ئەيلەسە مۆرتەد، مۇناپىق بىل،
خۇدا لەئنەت قىلىپ، ئورنى تۇمۇغدا نار بولماسمۇ.
ھەمىشە ئەۋلىيالار روھىغە قۇرئان تىلاۋەت قىل،
خۇدايىم رەھمەتى قىلسە، سەۋاب بىسيار بولماسمۇ.
كىشىكىم ئەۋلىيالار ھەققىدە نەزرى - نىياز بەرسە،
بارى مۇشكۇللەرى ئاسان بولۇپ، زەردار بولماسمۇ.
ئەزىزلەر روھىغە ئى نەۋبەتى خەتم ئەيلەگىل قۇرئان،
مەدەت ئەيلەپ ساڭا ئىككى جەھاندا يار بولماسمۇ.

× ×

خۇدايا، دوستلارنى مۇددە ئىيلەردىن جۇدا ئەيلە،
ئوزۇڭنىڭ يادى بىرلە كۆڭلىمىزنى مۇپتەلا ئەيلە.
ئوزۇڭنىڭ ياددىن، بىز ئاسىلارنى ئەيلەمە غاپىل،
بېرىپ جانى مۇھەببەتتىن، ئوزۇڭگە ئاشنا ئەيلە.
تىلىمىزنى ھەمىشە زىكرى بىرلە ئەيلەگىل مەشغۇل،
بېرىپ تەۋپىق تائەت، كوڭلىمىزنى پۇر زىيا ئەيلە.
بارى ئاجىز قۇلۇڭنى ئاسراغىل راھى زىلالەتدىن،
خۇدايىم رەھمى ئەيلەپ، بەش نەمازنى رەھنەما ئەيلە.
گۇناھىم ئەفۋى قىل يارەب، بىھەققى ھورمەتى "تاھا"،
ئەتا قىل بەندەگە قۇربى «ئەلىل - ئەرىشى - تەۋا» ئەيلە.
خۇداۋەندا جەمىئى مۇسۇلمانغە بېرىپ تەۋپىق،
قىلىپ شايەستەئى جەننەت، مۇرىدى ئەۋلىيا ئەيلە.

www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمانلار دۇئاسىنى ئىجابەت ئەيلەگىل يارەب،
كى دىنىنىڭ دۈشمەنى شەيتان قەدىمىدىن جۇدا ئەيلە.
خۇدا، دوستلارنى ئاسراغىل سەن ئۆز پەناھىڭدا،
ئىلاھا، رەھمەتىڭ بىرلە غېرىبلەرغە ئىندا ئەيلە.
سەبا يەتكۈركى مەن بىچارەدىن پەيكۇ ـ پەيامىمنى،
ساغىنىپ ـ ساغىنىپ ھەم كوپ سەلام بىرلە دۇئا ئەيلە.
جەھاننى سەير ئېتىبدۇرمەن، دىلىمغە تاپمادىم دەرمان،
كېلىپمەن دەرگەھىڭغە پادىشاھىم بىر دەۋا ئەيلە.
كەل ئەمدى نەۋبەتىڭىم پادىشاھىمغە مۇرىد بولغىل،
كوزۇڭگە ئاستانە تۇپراغىنى تۇتىيا ئەيلە.

× ×

ئى بەندەئى ئاقىلسەن، جانىڭ بىلە ئاللاھ دە،
ھەق يادىغە كامىلسەن، جانىڭ بىلە ئاللاھ دە.
تىنماي خۇدانى ياد قىل، دىن ئۆيىنى ئاباد قىل،
غەمكىن كوڭۇلنى شاد قىل، جانىڭ بىلە ئاللاھ دە.
قۇللۇققە بېلىڭ باغلاغىل، ئۆزۈڭنى مۆئمىن چاغلاغىل،
خەستە كوڭولنى ئۇلاغىل، جانىڭ بىلە ئاللاھ دە.
ئومرۇڭ ئوتتى قىشۇ ـ ياز، دائىم ئوقى بەش ۋەقت نەماز،
بولغىل خۇداغە ئەھلى راز، جانىڭ بىلە ئاللاھ دە.
زاكىر بولۇپ، زىكر ئەيلە گىل، شاكىر بولۇپ، شۇكر ئەيلە گىل،
ئاخىرەتنى فىكر ئەيلەگىل، جانىڭ بىلە ئاللاھ دە.
ئاخىرەتنى ئەندىشە قىل، دائىم سەخاۋەت پېشە قىل،
كوڭلۇڭنى گويا شىشە قىل، جانىڭ بىلە ئاللاھ دە.
قىلغان گۇناھىڭغە يانىپ، تەۋبە ـ تەزەررۇئلار قىلىپ،
قوپقىل سەھەردە يالبارىپ، جانىڭ بىلە ئاللاھ دە.

سەندىن بۇرۇنقىلار قەنى، يەر قوينىغە كىردى بارى،
قىلمە داغى مائى مەنى، جانىڭ بىلە ئاللاھ دە.
زىكرى ئەيتغىل دەم ـ بەدەم، گورنىڭ ياراغىن ئەيلە غەم،
ھەق يولىغە قويغىل قەدەم، جانىڭ بىلە ئاللاھ دە.
تائەتلەرىڭ بولسە قەبۇل، خۇشتۇد بولغاي ھەم رەسۇل،
پىل سىراتتىن كەچكەي ئول، جانىڭ بىلە ئاللاھ دە.
ئى نەۋبەتى مەردانە بول، ئىشق ئوتىدا پەرۋانە بول،
ھەق يولىدا مەستانە بول، جانىڭ بىلە ئاللاھ دە.

× ×

ئالدى كوڭلۇمنى بۇگۇن بىر دىلبەرى جانانەئى،
ئاي يۈزىنىڭ شەمئىغە بولدۇمكى مەن پەرۋانەئى.
بولدى بۇ جىسمىم زەئىپ، ئىشقى ئوتىنىڭ تابىغە،
دوستلار ئەيىب ئەتمەگىز بولسامكى مەن پەرۋانەئى.
پەرۇ ـ بالىم جور كىلىبدۇر، بەھرىدە ئولسەم نىتاڭ،
كاشكى بولسا بەھەم ئول مەھۋەشى ھەمخانەئى.
ئى يارانلار ئىشق سەۋداسى تۈشۈبدۈر باشىمە،
ۋەسلىنىڭ مەھرۇمىدىن كوڭلۇم ئويى ۋەيرانەئى.
ئى يارانلار بۇ ھەزىن كوڭلۇم ئىمارەت ئەيلەگىل،
سەدقەئى قىلغىل جەمالىڭ خىرمەنىدىن دانەئى.
ۋەھ، نە خۇشتۇر، كىمكى بولسە يارى بىرلە ھەمنىشىن،
جەننەت ئىچرە يارسىز ئولتۇرسە مىھنەت خانەئى.
يارنىڭ ۋەسلى جەمالىنى تىلەيدۇر نەۋبەتى،
دوست، سادىق ئىرۇرمەن كىم ئەمەس بىگانەئى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

× ×

ئەجەپ ئەرمەس كوڭۇلنى ئۇلاماققە مېھمان كەلسە،
خۇدانىڭ رەھمەتىدۇر، بەندەسىگە ناگىھان كەلسە.
كى مېھمان ئالدىغە خۇشۋەقت بولۇپ قويسە مۇھازىرنى،
مۇھازىر يەپ، ئىلاھا شۇكرى دەر شاھى جەھان كەلسە.
خۇدا ۋە ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيالار ھەم بولۇر خۇشنۇد،
تەئامنىڭ قۇۋۋەتىندىن بەندەگە زىكرى زەبان كەلسە.
بۇ مېھمان خاتىرى خۇشنۇد بولۇپ ناگاھ دۇئا قىلسە،
بېرۇرمەن دەپ خۇدا ۋەئدە قىلىبدۇر بىرگە ئون كەلسە.
يەنە ھەم باردۇرۇر خاسيەتى بىسيار مېھماننىڭ،
خۇدايىم رەت قىلۇر ئاندىن بەلايى ناگىھان كەلسە.
پەرىشتەلەر خۇدايىمدىن تىلەر ئانىڭ گۇناھىنى،
قىيامەت دەشتىدە باشىغە نۇرى سايەبان كەلسە.
ئۆيۈڭگە كەلسە مېھمان، نەۋبەتى سەن ھەم ئەزىز تۇتقىل،
خۇدا رەھىم ئەيلەگەي مىزاندا ئەئماللىڭ گىران كەلسە.

× ×

چىقتى ناگاھ مەھۋەشى، تۇرپە نىگارى ئۆزگەچە،
ئاچىلىپ چۇن لالە ئەھمەر گۇلئۇزارى ئۆزگەچە.
ئىككى شەھلا كوزلەرى كوڭلۇم قۇشىنى قىلدى سەيد،
مۇپتەلا ئەيلەپ مېنى يادى نىگارى ئۆزگەچە.
ئاتتى مىژگان ئوقلارىن، پەيۋەستە قاشىن يا قۇرۇپ،
تەگدى ناۋەك ئوقلارى، قىلدى قەرارى، ئۆزگەچە.
نە ئىلاج ئەيلەي يارانلار دەردى ئولتۇردى مېنى،
پارچە دەرتلەر بىر سىرى، ئوق زەخمىكارى ئۆزگەچە.

ياستانىپدۇر ماھى تابان چېھرەسىن پىنھان ئېتىپ،
ئەژدىھا يەڭلىغ ئىككى زۇلپى نىگارى ئۆزگەچە.
مۇددەئى قويماس ئانىڭ ھۆسنىن تاماشا قىلغالى،
ئىككى سەپ لەشكەر تۇرۇپدۇر، سەد ھەزارى ئۆزگەچە.
مۇددەئىدۇر مۇنتەزىردۇرمەن جەمالىغە ئانىڭ،
رەھمى ئەتكەي دەپ قىلۇرمەن نالە ـ زارى ئۆزگەچە.
كەلمەگەي ئالەمگە ئانداغ بىر پەرى مەككارەئى،
بى تەرەھھۇم زالىمى ھەردەم شىكارى ئۆزگەچە.
كېچەيۇ كۈندۈز جەمالى شەۋقىدە بولدۇم خەراب،
كاشكى بۇ نەۋبەتى يا بولسە يارى ئۆزگەچە.

× ×

ۋەھكى، بولدۇم مەن يەنە بىر دىلرەباغە مۇپتەلا،
ئاي يۈزلۈك، ئاھۇ كۆز، قاشى قاراغە مۇپتەلا.
نە بەلالىغ يار ئىدى ئوتىدا كۆيدۈردى مېنى،
بولماغاي ھېچكىم مېنىڭدەك كىم بەلاغە مۇپتەلا.
ئى خۇدايا ئىشق ئوتىنى بەندەنىڭ كۆڭلىگە سال،
مۇتتەسىل بولغاي تىلىم ھەمدۇ ـ سەناغە، مۇپتەلا.
ئى يارانلار كۆرسەتۇر ئۆزىن بۇ دۇنياچۇن ئەرۇس،
بولماغايمەن جەھمىرىش كۆڭلى ئالاغە مۇپتەلا.
گىردىگارا دەھرى رون مېھرىنى كۆڭلۈمدىن چىقار،
يادى ـ پىكرىم ئەيلەگىل دارىل ـ بەقاغە مۇپتەلا.
رەھمى ئەيلەپ ئاسراغىل ھەفزى ئامانىڭدا مېنى،
قىلماغىل بىچارەنى ئول بىۋەپاغە مۇپتەلا.
ئاقىل ئەرسەڭ نەۋبەتى، كۆڭلۈڭنى ھەرگىز بەرمەگىل،
بولماغىل مەغرۇر سەن كانى جەپاغە مۇپتەلا.


Altunoq

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

× ×

ۋەھكى بولدۇم خادەمى ئۇل ئەسپىياغە مۇپتەلا،
شۇكرى لىللاھ ئۇممەتى ئۇل ئەنبىياغە مۇپتەلا.
چۈن بىلۈرلەر كىم جەمىئى ئەنبىيا، بەرھەق ئېرۈر.
ئۇل شەپىئى رۈزى مەھشەر رەھنەماغە مۇپتەلا.
ئىتىقاد ئەيلەپ يەنە ئەۋلادۇ ئەسھابىغە ھەم،
دوستدۇرمەن چەھار يارى باسەفاغە، مۇپتەلا.
ئاسىلارنى كويدۇرۇپ قىلغان گۇناھى ئىللەتى،
چۈن بولۇپدۇرمىز شەپائاتى دەۋاغە مۇپتەلا.
رەھمى ئەيلەپ يارەسۇلىللاھ شەپائەت قىلماساڭ،
موئىسىيەتلەر جەھتىدىن قالدۇق بەلاغە مۇپتەلا.
دەستىگىر ئەيلە بەلادىن ئى ھەبىبى زۇلجەلال،
جاۋىدانى بولغۇمىز، كانى جەپاغە مۇپتەلا.
نائۇمىد بولمە شەپائەت بەھرى بى پايان ئېرۈر،
سىدقى بىرلە نەۋبەتى بول ئەنبىياغە مۇپتەلا.

× ×

ئىسمى ئەئزەمنى ئوقۇپ قىلدى يارىم مىكرى ھىلا،
ئىشق ئوتى شۇئلە ئۇرۇپ كىم، قىلدى كوڭلۇمنى جىلا.
نە بەلالىغ ئوتىدۇر ھىچ سۇبىلە ئۇل ئۆچمەدى،
ئابى دىدەمنى توكۇپ ئەۋجلەنۇر ئوتى بەلا.
نە قىلاي، ئاھ نەيلەيىن قالدىمۇ غەرق ئاب ئىچىدە،
خەستەئى دىلنى شىكەستە ئەيلەدى توپان بەلا.
قەتل ئەيلەرگە مېنى ھەركۈنى ئۇل كاپىرى ئىشق،
رەھمنى قىلمايدۇر مەگەركىيدى باشىغە ئۇل جىلا.

چاپادۇر ھەركۈنى شەمشەر قاشى بىرلە ئۇل مېنى،
زەخمىدە مىسلى قاغۇندەككى باشىم بولدى تالا.
يوقتۇرۇر نە سەبرى ـ تاقەت ياكى نە ئارام ماڭا،
رەخنى ئەيلەپ ئېيتىڭىز مەسلىھەتى ئەھلى ۋەلا.
سىدقى ئىخلاسىڭ بىلە قىلغىلكى تائەت نەۋبەتى،
تەڭرىنى بىر بىلىبان، كىم بولماغىل كوڭلى ئالا.

× ×

دۇنيادا ھېچ بولماغايكىم داغى ھىجراندەك بەلا،
قىلماغىل يارەب مېنى مۇنداغ بەلاغە مۇپتەلا.
فانى دۇنيا نەچچە كۈن، مىزرە ئىدۇر ئاخىرەت،
ئەيلەگىل تائەت ـ ئىبادەت خەيرى ـ ئېھسان ئەۋۋەلا.
ھەقتەئالا ئاخىرەتدە رەھمەتى قىلغاي ساڭا،
مۇئسىيەت كەم ئەيلەگىل، تائەت ـ ئىبادەت قىل تولا.
سەن غەنىمەت بىل تىرىكلىكنى، يېتىپ كەلگەي ئۆلۈم،
قالماغاي ئۇشبۇ جەھاندا ئاتا ـ ئانا ھەم خەلا.
باغ ھەم ئايۋان سارايىڭدىن ساڭا بولغاي نە سۇد،
ئاقىبەت ۋەيران بولۇر سەھنى رىگىستاندەك بەلا.
جۇرمى ئىسيانىڭغە دائىم تەۋبە ـ ئىستىغپار قىل،
بەرمەگىل كوڭلۇڭنى بۇ دۇنيايى فانىدۇر ۋەلا.
نەۋبەتى، دائىم خۇدانىڭ زىكرىغە مەشغۇل بول،
يارنىڭ پەرتەۋ جەمالى كوڭلىگە تۇشكەي جۇلا.

× ×

ناگەھان چىقتى ھەرەمدىن جىلۋە ئەيلەپ دىلبەرى،
شۇئلەئى تۇشتى جەھانغە شەمسى دۇر يا مۇشتەرى.

www.uyghurkitap.com

يۈگۈرۈپ باردىم بىناگاھ، مەن ئاڭا قىلدىم نەزەر،
ماھى تاباندەك كۆرۈندى ھۆرە يەڭلىغ دۇختەرى.
مەن ئەيتتىم: — "ئولگۈچە بەندەڭ بولاي ئى نازەنىن،
رەھمى ئەيلەپ سەن ماڭا بولغىل كى يارى يا ۋەرى،"
شىۋەئى نازۇ - كەرەشمە بىرلە ئەيدى ئول سەنەم:
— "بولماغاي ھەرگىز مۇناسىپ، سەن بەشەرسەن، مەن پەرى"
— "ئەۋەلدە كورمەگەي ئەردىم سېنى ئى ماھ رۇي،
سائەتى ھەمدەم بۇلالى، رەھمى ئەيلەپ كەل بېرى".
خەندە ئەيلەپ ئەيتتىدۇر: — "پەرزەندى ئادەم بىۋەفا،
بىھۇدە كوپ سوزلەمە، ئەمدى كوزۇمدىن كەت نېرى!"
جەھد ئەيلەپ نەۋبەتى تائەت - ئىبادەت قىل مەدام،
تاڭلا مەھشەردە شەفائەت ئەيلەگەي پەيغەمبەرى.

× ×

كىزەرمەن ھەرتەرەپ، ئى دىلرەبا كورسەم جەمالىڭنى،
ھەمىشە جۇستىجۇ يۇم تەگرىدىن تاپسام ۋىسالىڭنى.
نەچە يىلدۇر، سېنى مەن دوستۇم دەپ ئەيلەدىم ئىخلاس،
رەقىپلەر جەختىدىن سەن قىلماغىل ئوزگە خىيالىڭنى.
تىلەيدۇرمەن خۇدايىم ئاسراغاي بادى خەزاندىن،
ھەمىشە ئافىيەت بول باغدا نازۇك نىھالىڭنى.
رەقىپلەر تەئنىدىن مەردانە بولغىل ئاشقى سادىق،
غېرىپلەر كوڭلىنى ئوۋلاپ، چېلىپ يۇرگىل سەتارىڭنى.
كىچە - كۈندۈز سېنىڭ يادىڭ، ھەزىن كوڭلۈمگە نەقش ئەيلەپ،
نەچۇككىم، ياد ئېتەي بۇلبۇل كەبى شىرىن زەبانىڭنى
خۇدا قاشىدا ئىش قىلسە ۋەئىندەللاھ، ئەمەس زايە،
سەھەرلەردە دۇئادا ياد قىلغىل بۇ غۇلامىڭنى.

تىلەيدۇر نەۋبەتى كىم، ئەۋلىيالاردىن مەدەت بولغاي،
ئەۋۋەل بەرگەي خۇدا، ئىككىنچى پەيغەمبەر مۇرادىڭنى.

× ×

جۇستىجۇي ئەيلەپكى پىرى بەركەمالى ئىستالى،
ئى كوڭۇل ئالەم كېزىپ، بىر ئەھلى ھالى ئىستالى.
گەر مۇيەسسەر بولسە ئانداغ يار قابىل ھەر زەمان،
پىرى مۇرشىد ئەيلەبان سوھبەت خىيالى ئىستالى.
نالەئى زارى بىلە قىلغان گۇناھىڭ ياد ئېتىپ،
چۇن نەسۇھادەك يانىپ تەۋبە قىلالى ئىستالى.
ھەقتەئالا رەھمى ئەيلەپ تۇتسە بىزنى ئافىيەت،
زۇھىد تەقۋا ئەيلەبان قۇۋۋەت ھىلالى ئىستالى.
نۇش ئەيلەپ بادەئى ئىشقى ـ مۇھەببەت زەۋقىدە،
تاكى مەھبۇبى ھەقىقىينىڭ جەمالى ئىستالى.
نالە ئەيلەر بۇلبۇلى گۇل مەۋسىمىدا ھەر باھار،
بىزمۇ ھەم پەرھادۇ ـ مەجنۇندەك ۋىسالى ئىستالى.
مۇستەئىد بولغىل خۇدانىڭ يولىغە ئى نەۋبەتى،
بىزمۇ ھەم بىركارى خەيرى زۇلجەلالى ئىستالى.

× ×

كىمكى سەھەردە ئويغانىپ قىلدىكى ئول تەھارەتى،
تەۋبە ـ تەزەررۇئ ئەيلەبان قىلسە نەمازۇ تائەتى.
ھەركىشى قوپسە سۇبھىدەم، يەتيەس ئاڭا كۇلپەت ـ ئەلەم،
بولغاي ئاڭا بىھىشت بەھەم، قىلسە دۇئا ئىجابەتى.
ئول كىشىدىن خۇدا رىزا، روھى تەمامى ئەنبىيا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاتا ـ ئانا ۋە ئەۋلىيا ھەركۈنى قىل تىلاۋەتى.
تاپسە ئەگەر ھەلالدىن، بەرسە زەكاتى مالىدىن،
ھەشرى كۈنى پەيغەمبەرى قىلغاي ئاڭا شەپائەتى.
ۋەقتى سەھەردە قوپ رەۋان، نالە ۋەزارى ئەيلەبان
دەۋزەخ ئوتىدىن بول ئامان، ئەيلە بىھىشتدە راھەتى.
كەمەرى ھىممەت باغلاغىل، نەپسى ھەۋانى قوغلاغىل،
خەستە كوڭۈلنى ئوۋلاغىل، ھەركۈنى قىل سەخاۋەتى.
خاھى شەھى، ئەمىربول، خاھى غەنى پەقىر بول،
مۇئىنىسىيەتىڭنى ياد ئېتىپ، نەۋبەتى قىل نىدامەتى.

× ×

بىناگاھ ئۇچرادى بىر دىلرەبا تۇردىكى قاش ئاتتى،
ھەزىن كوڭلۇمنى غارەت ئەيلەدى، سىردىمنى پاش ئەتتى.
جەھانغە كەلمەگەي ھەرگىز ئانىڭدەك بىر پەرى پەيكەر،
كېچە ـ كۈندۈز پىراقىدا كوزۇمنى غەرق ياش ئەتتى.
پىراقىدا ئەگەر قان يىغلاسام ئەيىب ئەتمەڭىز زىنھار،
مۇسۇلمانلار، نېتەي بىچارە كوڭلۇمنى تالاش ئەتتى.
ھەرەمدىن چىقتى ئولدەم جىلۋە ئەيلەپ ماھى تاباندەك،
كەرەشمە بىرلە مەندەك بىناۋالارنى ئاداش ئەتتى.
كى سىلسىل زۇلفىنى دام ئەيلەبان چۈن دىلبەرى سەييياد،
جەمالى خىرمەنى ئوزرە قارا خالىنى ماش ئەتتى.
ئەجەپ مۇشكۇل ئېرۇركىم يارنىڭ كويىدا جان بەرمەك،
غەمىنى توئمە ئەيلەپ، خاكپايىنى فەراش ئەتتى.
نە ئەرمان نەۋبەتى، كىم، يارنىڭ كويىدا جان بەرسەم،
پىدا ئەيلەپ ئوزىنى يولىدا ئىسار باش ئەتتى.

× ×

هەرەمدىن چىقتى بىر مەھۋەش گەزەر گاھىمدا جا قىلدى،
ھەزىم كوڭلۇمنى غارەت ئەيلەدى ئول مۇپتەلا قىلدى.
بۇ ئالەمدە ئانىڭدەك بولماغاي بىر دىلبەرى ئەييار،
قارا زۇلفىنى رۇخسارىدا دام ئەيلەپ جىلا قىلدى.
ئانىڭ ھوسنى جەمالىغە بولۇپمەن ۋالەئى شەيدا،
تۇتۇنسىز خىرمەنى ئاتەش قۇرۇغ جىسمىمنى يا قىلدى.
كويۇپ شامۇ - سەبا پۇرقەت ئوتىدا ئورتەنۇر جانىم،
تۇشۇپ پەرتەۋ جەمالى يار كوڭلۇمدە جۇلا قىلدى.
ئاتىپ مىژگان ئوقىنى قاشى ياسى بىرلە ئول مەھبۇب،
كىلىپ سىينەم ئوزە تەگدى، يۇرەك - باغرىم يارا قىلدى.
مۇھەببەت ئوقىغە بولدى نىشانە سىنەئى ئاشىق
جەراھەت دەردىگە قان ياشىنى مەرھەم - داۋا قىلدى.
دىماغلار ئى يارانلار ياردىن بۇ نەۋبەتى ناگاھ،
تاپىپدۇر خاكسارىنى، كوزىگە تۇتىيا قىلدى.

× ×

ئالما، دەيدۇرلەر ئالۇرلەر ئالمەنى،
قوينىغە يىلداپ سالۇرلەر ئالمەنى.
ئالمەغە مەيەل ئەتسە ھەركىم ناگىھان،
شاخىدىن ئىگىپ ئالۇرلەر ئالمەنى.
ھىچ مىۋە ئالمەدەك مەرغوپ ئەمەس ە
زەۋق ئىلە جانىم شۇرارلەر ئالمەنى.
نازەنىن رۇخسارى يەڭلىغ رەڭ - بەرەڭ،
تاختەغە تىزىپ قويارلەر ئالمەنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۆرپە خۇشبۇيلۇق ئۈلار ئۈي زىننەتى،
پۇل بىرىپ، ساتىپ ئالۇرلەر ئالمەنى.
كەلسە نورۇز پەسلى، ئەييامى باھار،
چۆگىلەغە توھپە قىلۇرلەر ئالمەنى.
ئۆمرۈڭ ئۆتتى نەۋبەتى ھەسرەت بىلە،
جۇستىجۇ قىلسە تاپارلەر ئالمەنى.

## مۇخەممەسلەر

### ئاھىستە ـ ئاھىستە

ئەزەلدىن بەندەگە بولدى قەدەر ئاھىستە ـ ئاھىستە،
كۆڭۈلدە ئىشق ئوتى قىلدى شەرەر ئاھىستە ـ ئاھىستە،
ئۆرۈپ پەرۋاز، يەڭلىغ بالۇ ـ پەر ئاھىستە ـ ئاھىستە،
بارۇرمەن يار قاشىغە تاڭ سەھەر ئاھىستە ـ ئاھىستە،
شورارمەن لەبلەرىن شىرىن ـ شەكەر ئاھىستە ـ ئاھىستە.

پىراقىدا يورۇرمەن ئاستانىغە قەدەم يەتسە،
نەسىب ئەتكىل ئىلاھا يارنىڭ ۋەسلى بەھەم يەتسە،
قىلىپ ئەيشى ـ پەراغەت مېنەتۇ ئەندۇھى غەم كەتسە،
بىناگاھ مەن يېتىمگە بولسە بىرلۇتپى كەرەم يەتسە،
ئانىڭ ھوسنىغە كىم بولماس زەرەر، ئاھىستە ـ ئاھىستە.

سالۇرلەر قۇرئەئى ھەركۈن، ماڭا ئول ياخشى پال ئولغاي،
نەسىب ئەتكىل ئىلاھا بۇ رەپىقى ئەھلى ھال ئولغاي،
جەمىئى بەندەگە دىدار ئەجرى زۇلجەلال ئولغاي،
ئانىڭ ھۆسنى زەكاتىدىن نىھالى بەركەمال ئولغاي،
ئوزار ئۆمرى ئانىڭ مىسلى شەجەر ئاھىستە ـ ئاھىستە.

مۇرىد ئەتكەي كىشى بىر پىرى كامىل ئۇلپەتى بىرلە،
كوڭۇل رەڭگىنى روشەن ئەيلەگەيلەر سوھبەتى بىرلە،
يۇرۇركىم بىخەبەر ئەھلى شەقاۋەت غەپلەتى بىرلە،
ئۇتەر بىر ـ بىر باسىپ شۇم بىھەيالەر ۋەھشەتى بىرلە،
كورەلمەيكىم قالۇرلەر شۇرۇ ـ شەر ئاھىستە ـ ئاھىستە.

دەرىغا، ئاھ كىم، ئول يار باقماس بىۋەپالىقدىن،
ماڭا سەبرى تەھەممۇل يوق ئىرۇر ئەمدى جۇدالىقدىن.
مېنىڭ ئەرزىمگە يەتكىل ئى نىگارا ئاشنالىقدىن،
تىلەكىم ئول دۇرۇر مەھشەر كۈنى دىدار خالىقدىن؛
كى رەھىم ئەتكەي ماڭا كىم ئۇمر ئۇتەر ئاھىستە ـ ئاھىستە.

ئىچىپمەن بادەئى ئىشقى مۇھەببەت قىلدى مەستانە،
يۇرۇرمەن دەر ـ بەدەر ھەيران كويۇڭدا كەئبەئى خانە،
توكەرمەن دىيدەئى ئەشكى نىدامەت، مىسلى دۇردانە،
جەمالىڭ شەمئىغە بىچارە ئاشىق بولدى پەرۋانە،
كى مەئشۇقۇم يورۇركىم بىخەبەر ئاھىستە ـ ئاھىستە.

خۇداغە بەندەلىك قىلغان كىشىكىم دوست سادىقتۇر،
ئانىڭ قىلغان ئىشى كۇللى شەرىئەتكە مۇۋاپىقدۇر،
ئىبادەتى سەخاۋەت ئەيلەسە دەرگاھىغە لايىقدۇر،
ھەمىشە مەقسەدى ۋەسلى جەمالى يار ئاشىقدۇر،
كەل ئەمدى نەۋبەتى قىلغىل مەقەر ئاھىستە ـ ئاھىستە.

× ×

تاپمادىم ھەرگىز جەھاندا يارنى ئەغيارسىز،
دۇنيادا ھىچ بولماغايكىم مەن كەبى غەمخارسىز،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غەمزە ئەيلەپ جان ئالۇرغە نە ئەجەپ تەييارسىز،
ئى شەھى خوبان ئالەمدە نە ياخشى يارسىز،
بولماغاي ھېچكىم مېنىڭدەك يارسىز، دىلدارسىز.

جانۇ دىل بىرلە تىلەيدۇرمەن سىنىڭ ۋەسلىڭنى مەن،
كاشكى بىلگەي ئىدىم ئەۋۋەل سىنىڭ ئەسلىڭنى مەن،
سىينەلەرنى رەخنە ئەيلەپ بىلمەدىم قەسدىڭنى مەن،
قايسى بىر ئەلپاز ئىلە ئەيتاي سىنىڭ ۋەسپىڭنى مەن،
چۇن لەتاپەت بابىدا ھەرنە دىگەنچە بارسىز.

يارنىڭ كويىدا ھەم ئەجەپ ئەمەستۇر بولسە قۇل،
ئىشتىياقىدا ھەمىشە كوزلەرىمدىن ئاقتى مۇل،
گەر مۇيەسسەر بولسە ئىچسەم لەبلەرىدىن تازە مۇل،
قەددىڭىز سەرۋى خىرامان ئاي يۇزىڭىز تازە گۇل،
باغدا گۇل كوبدۇر ۋەلى، ئەمما ئەجەپ گۇلزارسىز.

× ×

مۇھەببەت بادەسىدىن كاسەئى ئۇل دىلرەبا يەتكۇر،
كېچە-كۇندۇز سىنىڭ يادىڭدا بولدى مۇتتەكا يەتكۇر،
سىنىڭ كويىڭدا ئىسار ئەيلەدى جانىن پىدا، يەتكۇر،
مەنۇ دىلخەستەنىڭ ئەرزىنى ئى پەيكى سەبا يەتكۇر،
كى يۇز مېھرى مۇھەببەت بىرلە ئەلبەتتە دۇئا يەتكۇر.

ئانىڭ ئىشقى پىراقىدا پەلەككە يەتتى بۇ نالىم،
جەمالىڭ شەمئىغە پەرۋانە يەڭلىغ ئورتەنۇر ھالىم،

يورۇرمەن دەر-بەدەر ھەيران كويىدا زار ئەھۋالىم،
جەمالىڭ شەمئىغە دۇركىم قاراڭغۇ بۇ يارۇق ئالەم،
كوزۇڭ ئاستانەسىغە تۇپراغىنى تۇتىيا يەتكۇر.

ئانىڭ ھالى نەچۇكدۇر دەپ كى مەن ۋابەستەنى سورسە،
غەرىبى ھالىغە رەھىم ئەيلەبان شىكەستەنى سورسە،
ئىنايەت ئەيلەبان ياكى مەنۇ دىلخەستەنى سورسە،
كوڭۇلنىڭ قۇۋۋەتى، جانىم ھوزۇرى دىل بىلە سورسە،
مەنۇ بىچارە ھالىنى ئۇشۇل جانانەگە يەتكۇر.

پىراقىدا مېنىڭ بىچارە كوڭلۇم ۋەھىمناك ئولدى،
غېرىبلارنى كورەلمەي شۇم رەقىبلەر خەشىمناك ئولدى،
كېچە-كۇندۇز غەمدە نەۋبەتى چۇن دەردناك ئولدى،
جۇدالىق دەردىدىن كوڭلى ۋەفاھىنىڭ ھەلاك ئولدى،
نە ئۇچۇن ئەنبەرى پەژمۇردەسىدىن بىر داۋا يەتكۇر.

## رۇبائىلار

خۇش دەۋلەت ئېرۇر يار بىلە سوھبەت قىلسە،
بىر يەردە بەھەم بولۇپ مۇھەببەت قىلسە.
شىرىن لەبىنىڭ بادەسىدىن نۇش ئېتىپ،
مەستانە بولۇپ ئەيش-پەرەغەت قىلسە.

لۇتپۇڭ بىلە ئاسىلەرغە رەھىم ئەيلە خۇدا،
دىن دۇشمەنىدىن قەدەمنى ئەيلە جۇدا.
بىر تەندە ئەگەر ھەزار جانىم بولسە،
قۇربان قىلاي جانىمنى يولۇڭدا پىدا.


AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇل كۈنكى يارىم جەمالدىن ئالسە نىقاپ،
خۇش راھەتىدۇر ئارادە بولماسە ھىجاپ.
ئاشىق جەمال، زاھىد تىلەكى بېھىشت،
دىدار كورەركىم بى رىيا قىلسە سەۋاپ.

دىلبەرىم تۇردۇم يولۇڭغە تەلمۇرۇپ،
كەلسە سۇنبۇل ساچىنى توققۇز ئورۇپ.
مۇنتەزىر دۇرمەن جەمالىغە ئانىڭ،
جاننى بەرسەم ئاي جەمالىنى كورۇپ.

ئى قادىرىم، قۇدرەتىڭدىن بىر زەكات،
زەيجانىغە رىزق بەرگۇچى سەندىن بەرەكات،
ھەركىمنى ئەزىز ئەتسە ئەجەپ قۇدرەتلىغ،
ئەيسا پەلەك ئوزرە چىقتى، قارۇن دەركات.

مالىغە كىشى ھەق يولىدا بەرسە زەكات،
بىر بەرسە ئاڭا بىرۇركى ھەق ئون بەرەكات.
دەۋزەخ ئوتىدىن ئامان بولۇر، ئومرى دەراز،
مەھشەر كۇنىدە تاپقۇسىدۇر كوپ دەرەجات.

ئۇچماق ئېلىگە تائەت ئىمان بائىس،
دەۋزەخ ئىلىگە كۇفر ئىلە ئىسيان بائىس.
دەۋزەخدىن ئامان بولۇر، ئومرى دەراز،
قىل تائەتى خەيرى بىرلە ئىھسان بائىس.

شاھ نەرەبى ئەرش ئوزرە چىقتىڭ مىراج،
قىلغان ئەجرە دىنىڭ تاپتى رەۋاج.

پەيغەمبەر، ئەۋلىيائى، شاھ، پۇقرا،
مەھشەر كۈندە شەپائەتكە مۇھتاج.

يار بىرلە ئولتۇرسە، كوڭۇل تاپسە فەرەھ،
لۇتف ئەتسە مۇھەببەت مەيىدىن ئىچسە قەدەھ.
لەئلى لەبىدىن كامى دىل ھاسىل ئېتىپ،
مەجرۇھ كوڭۇل شاد بولۇپ تاپسە سەھەد.

مۇئمىن سەن، ھەق تائەتكە بولمە گەرەخ،
مالا يەئنى سوزىگە تەبرەتمە زەرنەخ.
ھەق قۇللۇقىنى قىلمەيۇ تەرك ئەيلەسە ئول،
مەھرۇم بىھىشت بولۇر، مەكانى دەۋزەخ.

ئى ياخشى سۇپاتلىغ قۇل - ھۇۋەللاھۇ ئەھەد،
رەھىم ئەيلە ماڭا بىھەققى ئەللاھۇس - سەمەد.
تائەتنى قويۇپ قىلدىم گۇناھى بىھەت،
قادىرسەن، بەندەڭدە نە ئىمكان، نەھەد.

بىلگىلكى، غەنىمەت نەپەس جان لەزىز،
تەۋپىق بولۇپ ئەيتسە ئىمان لەزىز.
خۇشنۇد بولۇر خۇدا ۋە ھەم پەيغەمبەر،
تائەت قىلىپ ئوقۇسە قۇرئان لەزىز.

ئاسماندا، يەردە خۇدا سەن ھازىر،
ياخشى، يامان گىردىگاردىم سەن نازىر،
ھەر تەۋرى جەزا بەرسەڭ قۇدرەت سەندە،
كەم تائەتى، پۇرگۇناھ بەندەڭ قاسىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

هەق يادى بىلە يۈرسە كىشى ئۆمرى دەراز،
تائەت بىلە ئۆمر ئۆزار، مىلك ياشى ئاز.
غاپىل بولسە نەفسى هەم تولادۇر،
ئاشىق بولسە دوست هەقىقى نە مەجاز.

مەهبۇب يۈزىن كۆرگەلى قىلدىمكى هەۋەس،
هەر شامۇ سەبا كويىدا بولدۇم بى خەس.
دەردى - پىراقىدا مېنى شەمئى شامال،
بۇ ئەزىز ئۆمر ئۆتتى، ئاز قالدى نەپەس.

ئەرزىمنى ئېيتايكى دەمى تۇتقىل گۇش،
هەجرىڭ غەمىدە ياشىمنى مەي قىلدى نۇش.
رەهىم ئەيلە يېتىمگە ئى شەهى كىشۋەرى هۇسن،
مۇشتاق جەمالىڭغەكى ئۇلدۇم مەدهۇش.

ئىخلاس بىلە ئوقۇسە مىلك بىر ئىخلاس،
هەق قاتىدا بولغۇسىدۇر خاس - ئەلخاس.
مەقسۇدىغە ئول يەتكۇسىدۇر ئىككى جەهان،
دەۋزەخ ئوتىدىن ئامان بولغايكى خەلاس.

ياردىم قاشىدا قىلاي ئەهۋالىم ئەرز،
هالىمغە يېتىپ سورسە، ماڭا بولمەسە قەرز.
كى مۇندا ئەگەر سورمەسە ياردىم ئەهۋالىم،
مەهشەر كۈنىدە خۇدايىمغە ئەيلەي ئەرز.

هەقدىن نۇزۇل ئۇلدى بىر نامەئى خەت،
نەماز ئۆتەمەي ئېيتسە ئىمان غەلەت.

ھەركىمكى ئۇشۇل نامەگە مۇنكىر ئولسە،
قالغايكى ئازاپ جاۋىدانىدا پەقەت.

قۇرئان ئوقۇسە شامۇ ـ سەبا ھەر ھاپىز،
ساقلاغۇچىدۇر گۇناھىدىن ئول ھاپىز.
ئىخلاس بىلە ئوقۇسە قۇرئان لەزىز نەماز،
جەننەت ئىچرە جەمال بەرگەي ھاپىز.

گۇل زەۋقىدە بۇلبۇللەر چەرخى سەمائ،
ئاشىقلار بىلۇر ئىشق ئوتىدا نەرخى سەمائ.
ئاشىق بولسە دار ئوزرە مەنسۇر يەگلىغ،
ھەق يادى بىلە ھەركۇنى ئەيلەرگە سەمائ.

قۇلىنى سالىپ كىلەدۇر خۇاجە بەرالىغ،
مىژگانى بىلە سىينەنى قىلدى يەرالىغ.
مۇشتاق ھوسنى جەمالىغە ئانىڭ،
يۇزىنى كورۇپ جانىمنى بەرسەم ئارالىغ.

ئاشىقلارنىڭ قەدرىنى بىلۇر ئەھلى سەلەف،
قەدرىن نە بىلۇر ئىچىدەكى زەرنى سەدەپ.
جاھىل نە بىلۇر پەزىلەتى ئالىمنىڭ،
ئەر قەدرىنى ئەر بىلۇر يەنە ئەھلى سەلەف.

خۇش دەۋلەت ئىرۇر كىشىگە ئالىم بولماق،
نى شەئنىدە ئىرۇركى زالىم بولماق.
ئالىم بولۇپ ئىلمىغە ئول قىلسە ئەمەل،
مەھشەر كۇنىدە بىغەمۇ سالىم بولماق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ئاشىق كىشىگە جەمالى جانانە كېرەك،
زاھىدلەرغە باغۇ ـ بوستانە كېرەك،
باغ بىرلە ماڭا ئى زاھىد بەرمە فەرىب،
باغى ساڭا بولسە، ماڭا باغبانە كېرەك.

لۇتپۇڭ ئەگەر بەندە ئىززۇ جەلال،
يەتكۈرگۈسىدۇر ھەركۈنى ئاڭا قۇۋۋەتى ھەلاك.
تائەتى قۇبۇل بولۇر، دەۋزەخدىن ئامان،
ئول بەندەگە ھەق بېرۇر بېھىشت ئىچرە جەمال.

كەلدىم پەناھىڭغە تەلاۋەتى ئىززۇ ۋەجەل،
مۇشكۇلنى خۇدايا كەرەمىڭ ئەيلەسە ھەل.
پەزلى كەرەمىڭ بىرلە نەسىب ئېتىپ ئىمان،
گىردابى غەمى تۇتتى ياقام دەست ئەجەل.

دىۋانچە نەۋبەتى كىم كىتابى پۇرغەم،
ھەركىم ئوقۇسە، باردۇر دۇئادىن تەمەئىم.
روھۇمغە دۇئا قىلسە، مېنى ياد ئەتسە،
جەننەتدە خۇدا بەرگەي ئاڭا نازۇ نەئىم.

مەن بەندەئى ئاسى پەرىشاندۇرمەن،
يارەب غەزەبىڭ غەمىدە ھەيراندۇرمەن.
بەھرى كەرەمىڭ قەترەسىدىن ئەيلە نەسىب،
رەھىم ئەيلە ماڭا تەشنەئى بەرياندۇرمەن.

جانانە ئۇچۇن بىر، ئىككى مالىمنى گەراۋ،
گەر قىلسە قەبۇل خانە ـ مانىمنى گەراۋ.

دىيدار ئەگەر بىزگە مۇيەسسەر بولسە،
يولىدا بىرەي ئەزىز جانىمنى گەراۋ.

شۇل كۆنكى سىنى كوردۇم، بولدۇم بەندە،
نە سەبرى - قەرار يوق، نە ئارام مەندە.
بىر يەردە بەھەم بولۇپ قىلالى سوھبەت،
سەن مۇندە كىلەمسە، مەن بارايمۇ ئۇندە؟

باشىمغە ئەگەر دوستلارىم كەلسە بەلا،
ھەقىنىڭ يولىدا ئولتۇرەي قوي ۋە كالا.
باشىڭدىن ئۈشۈل بەلانى رەد ئەيلەر ھەق،
ھەم ئومرى ئۇزۇن بولۇر ھەم مالى تولا.

ئى بەندەئى ۋۇجۇدۇڭ سىنىڭ قەترە مەنى،
ئالىمغە سەنۇ قىلما غۇلۇ كىبرى مەنى.
ئېيتىبدۇر ھەدىس ئول رەسۇلى مەدەنى:
"مەن ئەكرەمە - ئالىيمەن - فەقەد - ئەكرەمەنى".

ئى يارانلار بىز ئولۇرمىز يادىكار قالدى كەلام،
كىشىدىن قالغاي جاھاندا بىر نىشانە ياخشى نام.
مىڭ يۈز ئاتمىشدا ئەردىكىم پەيغەمبەر ھىجرەتى،
بۇ كىتابى نەۋبەتى تەسنىف بولدى ۋەسسەلام.

www.uyghurkitap.com



# «دىۋان قارى»دىن تاللانما

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئېزىز ساۋۇت**

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

مەن قارى تەخەللۇسلۇق بۇ ئۇيغۇر شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى ئۇنىڭ ھىجرى 1330 - يىلى تاشكەنت غۇلام ئەل ھوسنى مەتبەسىدە چاپ قىلىنغان «دىۋان قارى» ناملىق كىتاۋىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلىدىم. مەن ئاساسلانغان بۇ نۇسخا ھازىر ئاقسۇ بازار ئىچى ئىسلاھات ئاھالە كومىتېتىدا ئولتۇرۇشلۇق ساۋۇت موللام دېگەن كىشىنىڭ قولىدا ساقلانماقتا. كىتاپتىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا، دىۋان موللا مىرمەخدۇم شاھ يۇنۇس ئوغلى دېگەن كىشىنىڭ خىراجىتى بىلەن چاپ قىلدۇرۇلغان. كىتاپنىڭ ئېگىزلىگى 210 مىللىمېتىر، كەڭلىگى 130 مىللىمېتىر، قېلىنلىغى 12 مىللىمېتىر كېلىدۇ. كىتاپ قاتتىق قەغەز بىلەن مۇقاۋىلانغان ۋە ياخشى شىرازلانغان، شېئىرلار قېنىق رەڭلىك ھەسەلى قەغەزگە بېسىلغان، مۇھىم مۇخەممەسلەرگە ماۋزۇ قويۇلغان. دىۋاندىكى شېئىرلار رادىفلار بېشىدىكى ھەرپلەرگە ئاساسەن، ئەرەپ يېزىغىنىڭ ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە گۇرۇپپىلاشتۇرۇلغان. دىۋاندا 7600 مىسرا شېئىر بار. شېئىرلار ئاساسەن غەزەل، مۇخەممەس ۋە مەسنەۋى شەكىللىرىدە يېزىلغان. شېئىر شەكىللىرى بويىچە ئېيتقاندا، دىۋان 4 پارچە

هەمدۇ سەنا ۋە نەئت، 59 مۇخەممەس، 208 پارچە غەزەلدىن تەركىپ تاپقان. شائىرنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى دىگۈدەك ئەركىن ۋە ساپ مۇھەببەت، ياخشى ئەخلاق، ۋاپادارلىق، كىشىلەرگە خەيرىخاھلىق قاتارلىق تەربىيەۋى تېمىلاردا يېزىلغان. شائىرنىڭ قالغان شېئىرلىرىدا، زامان ۋە مۇھىت ھەم ئىدىيەۋى ئەنئەنىلەرگە كورە، دىنىي ئەقىدىچىلىك تەرغىپ قىلىنىدۇ.

دىۋاندىكى شېئىرلارنىڭ بەدىي سەۋىيىسىدىن قارىغاندا، شائىرنىڭ تىلى سەل ئېغىرراق، لېكىن ئىپادىلەش كۈچى زور، پىكىرلىرى ناھايىتى مەنتىقى، ھىسسىياتى تەسىرلىك ۋە گۈزەل. شائىر ئۇيغۇر-تۈرك شېئىرىيىتىنىڭ بۈيۈك ئۇستىلىرى بولغان ناۋايى، فۇزۇلىلارنىڭ، شۇنىڭدەك زەلىلى، مەشرەپ قاتارلىق شائىرلارنىڭ غەزەللىرىگە، پارس تىلىدا يازىدىغان تۈركى شائىرلاردىن ئابدۇراخمان جامى ۋە مىرزا ئابدۇقادىر بىدىللارنىڭ غەزەللىرىگە، پارس شائىرلىرىدىن ئاسپى، ساھىپ، ھاپىز قاتارلىقلارنىڭ غەزەللىرىگە مۇخەممەسلەر يازغان، ئۇنىڭ مۇخەممەسلىرى غەزەللەر قايسى تىلدا يېزىلغان بولسا، شۇ تىلدا ۋە قايسى شائىر يازغان بولسا، شۇ شائىرنىڭ بەدىي سەۋىيىسىگە تەڭ تۇرۇپ يېزىلغان. بۇلاردىن، شائىر قارىنىڭ زامانىسىغا يارىشا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىنىڭ كوزگە كورۇنگەن ۋەكىللىرى ھەم ئۇلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرىدىن خەۋەردار، ئەرەپ ۋە پارس تىللىرىنى پىششىق ئىگەللىگەن يۇقۇرى مەلۇماتلىق كىشى ۋە تالانتلىق شائىر ئىكەنلىكىنى كورۇۋالغىلى بولىدۇ.

شائىرنىڭ ياشاپ ئۆتكەن دەۋرى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى كەچۈرمىشلىرى توغرىلىق ئاقسۇ بازار گۈڭشې كوكتات بازىرى ئىش باشقۇرۇش ئورنى ئىسلاھات ئاھالى كومىتېتىدا ئولتۇرۇشلۇق 76 ياشقا كىرگەن باقى مەخسۇم ۋە شۇ گۈڭشېنىڭ لەنگەر ئىش باشقۇرۇش ئورنىدىكى مەتنۇرا خەلىپىتىملەر ماڭا قىممەتلىك مەلۇمات

بەردى. باقى مەخسۇم مۇنداق دەيدۇ: "شائىر مەھمۇد قارى تونۇغىلى بىزنىڭ ئائىلىمىزدە ئۈچ ئەۋلاتتىن بېرى ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتۈپ ساقلىنىپ كېلىۋاتقان نەسەپنامە بار. مەھمۇد قارى بەدولەت(ياقۇپ-بەگ) دەۋرىدە ئۆتكەن، تاكى 1910 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينى-گە قەدەر ھايات كەچۈرگەن كىشىدۇر. مەھمۇد قارى خوتەنلىك. بەدولەت دەۋرى ئاياقلاشقاندىن كېيىنكى چاغلاردا، يەكەننىڭ ئىرەك-باغ دېگەن يېرىدە موللا نىياز ئىشانىم دېگەن بىر كىشى چوڭ بىر خانىقا بىنا قىلدۇرۇپ، خانىقادا زىكرى - سۆلۈكلەر ئۆيۈشتۇرۇپ، ئەھلى تەسەۋۋۇپچىلىق يولى بويىچە چوڭ شوھرەت قازانغان. موللا نىياز ئىشان يەكەنلىك غوجامنىياز سوپىنىڭ ئوغلى ئىدى. غوجامنىياز سوپىنىڭ بوۋا ئەۋلاتلىرى خوجا ئاپپاقنىڭ مۇرىت سوپىلىرىدىن بولغان. غوجامنىياز سوپى ئۆز زامانىسىدا نەمەنگان، قوقان ۋە تۈركىيىلەرگە قەدەر بارغان، ياقۇپبەگ ۋە تۈركىيە خەلپىسى ئابدۇل ئەزىزدىن ئىرشاتنامە ئالغان كىشى ئىدى. موللانىياز ئىشانىم ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ سوپىلىق ئورنىغا تايىنىپ ۋە ئۆز ئىرىشچانلىقى بىلەن تەسەۋۋۇپچىلىقنى كۈچەپ يولغا قويۇپ، ئەتراپىغا ھەددەپ مۇرىت توپلايدۇ. دەل شۇنداق كۈنلەردە، خوتەندىن بىر قارى كىشى تىجارەت ئۈچۈن يەكەنگە كېلىدۇ ۋە موللا نىياز ئىشانىمغا يولۇقۇپ قالىدۇ. موللا نىياز ئىشانىمنىڭ تەسىرى ۋە تەرغىباتى بىلەن، ئۇ-كىشى سودىگەرچىلىك دەسمايىسىنى خالايىققا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىۋې-تىپ، ئۆزى بۇ ئىشانغا مۇرىت بولىدۇ. ئۇ موللا نىياز ئىشانىمنىڭ ھوزۇرىدا قېلىپ، ئىشانچىلىق ئەھكاملىرىدىن تەلىم ئالىدۇ، خانىقا-دا، گۆرلىخان يانلىرىدا تۈنەپ، بىر زامان سوپىلارچە ھايات كەچۈ-رىدۇ. بۇ كىشى ئەينى چاغدىكى ياش سودىگەر مەھمۇت قارى ئىدى. ئۇ خوتەنلىك چوڭ سودىگەر موللا شەمسىدىن دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى ئىدى. موللا شەمسىدىن ناھايىتى باي كىشى بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەممە چوڭ شەھەرلەرگە ۋە سىر دەريا، ئامۇ دەريا بويلىرىغا قەدەر



www.uyghurkitap.com

بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلاتتى.

مەھمۇد قارى موللا نىياز ئىشانىمنىڭ ھوزۇرىدا شۇ يەردە ئىستىقامەتتە بولۇۋاتقان ئاقسۇلۇق مەخسۇت خەلپەم دىگەن مۇرىت بىلەن تونۇشىدۇ. ئۇلار خانىقادا بىر قانچە يىل بىللە بولىدۇ. كېيىن، ئۇلار مەخسۇت خەلپەمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن موللا نىياز ئىشانىمدىن رۇخسەت ئېلىپ، ئىككىسى بىللە ئاقسۇغا كېلىدۇ. ئۇلار ئاقسۇدا "ئايكول مەۋلانەم" قاتارلىق ئاتاقلىق مازارلاردا زىكرى-سۇلۇكلەر ئۇيۇشتۇرىدۇ.

مەخسۇت خەلپەم ئاقسۇلۇق ھاجى ئەلىماخۇنۇم دىگەن كىشىنىڭ ئوغلى بولىدۇ. ھاجى ئەلىماخۇنۇمنىڭ ئىككى ئوغلى بولغان، بىرسى مەخسۇت خەلپەم، يەنە بىرسى مەھەممەت ئىلاخۇن. مەھەممەت ئىلاخۇن مېنىڭ بوۋام بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى نىزامىدىن قاراخۇنۇم مېنىڭ پەدەر بۇزرۇكۋارىم (ئاتام) بولىدۇ. چوڭ بوۋىمىز مەخسۇت خەلپەم بىلەن يەكەندىن بىللە كەلگەن شائىر مەھمۇد قارى توغرىسىدىكى مەلۇمات بىزدە ئاتىدىن ئوغۇلغا قېلىپ، ماناشۇنداق ساقلىنىپ قالغان. مەھمۇد قارى ئاقسۇدا تۆت يىل تۇرغاندىن كېيىن، نەمەنگان ئارقىلىق قوقانغا كەتكەن ئىكەن." باقى مەخسۇمنىڭ ئېيتقانلىرىدىن مەتنۇرا خەلپىتىمنىڭمۇ خەۋىرى بولۇپ، ئۇمۇ يۇقۇرقى ماتىرىياللارنى دەلىللەپ بەردى.

دىۋاننىڭ ئۇزىدىمۇ شائىر قارىنىڭ خوتەنلىك ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان ئالامەتلەر كوپ ئۇچرايدۇ. شائىر شېئىرلىرىدا خوتەننى كوپ جايدا ياخشى ھىسسىيات بىلەن تىلغا ئالىدۇ. مەسىلەن، "خوتەن گۇلرۇخلىرى" (9 - غەزەل)، "مىشك خوتەن خۇشبۇيى تو" (15 - مۇخەممەس)، "بولۇپ دىۋانە ئاھۇ ئول خوتەن دەشتىدە سەرساندۇر" (73 - غەزەل)، "توقىپ ئەيلەگىز تاسىماسۇن بۇچىنى پەغپور" (81 - غەزەل)، "ئىككى نەخچىرى خوتەندەك بىر-بىرىگە مېھرىۋان" (160 - غەزەل)، "ئەي خوتەن نەخچىرى تەن


AltunOq

www.uyghurkitap.com

تاغىنى ئەيلەپ مىشىك غام" (161 ـ مۇخەممەس)، "كى ئاگاھلىق بىلە چىققان ئەرق مىشىك خوتەن ئەيلەك" (193 ـ مۇخەممەس) قاتارلىقلار. ئۇندىن تاشقىرى، شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا خوتەنگە خاس يەر ـ جاي ئىسىملىرى ۋە تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ يىرىك تەرغىباتچىسى خوجا ئاپپاقنىڭمۇ نامى ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، "زەبىھۇللا كورۇپ نۇرىن..." (73 ـ غەزەل)، بۇ مىسرادا خوتەندىكى ئىمام زەبىھۇللا مازىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ؛ "يېتىپمەن دام ئاپپاق ئالەم ياخشى رەھبەرگە"، بۇ مىسرادا خوجا ئاپپاق كوزدە تۇتۇلىدۇ.

شائىر قارى ئۆز شېئىرلىرىدا خوتەنلىك مەشھۇر نەققاش مانىنىڭ نامىنىمۇ تىلغا ئالغان. مەسىلەن، ئۇ 89 ـ غەزىلىدە:

"ئەزەل نەققاش سۇرەت باغلاغان مانى ئىرۇر ئاجىز،
تەجەللى پىرتوۋىدىن جەزىپ ئىتەر ساھىپ جامالىدۇر.

دەپ يازىدۇ. نەققاش مانى توغرىسىدا «ئىسكەندەرنامە» دىگەن كىتاپتا قىزىقارلىق خاتىرىلەر بار. نەققاش مانى خوتەنگە بېرىپ كەلگەن يۇنان ـ ماكىدۇنىيىلىكلەر بىلەن ھۇنەر ـ سەنئەت ئۈستىلىگىدا بەسلىشىپ، رىم شەھرىدىن كەلگەن بىر رەسسامنى مات قىلىپ قويغان ئىكەن.

«دىۋان قارى» ناملىق كىتاپنىڭ مەن نەشرىدە ئاساسلانغان چاپى نۇسخىسىدا: "بۇ نۇسخا شائىر موللا مەھمۇد قارى بىننى موللا مۇھەممەت شەمسىدىن خوقەندىنىڭ ئىجات قىلغان ئەڭ ياخشى شېئىر ـ غەزەللىرىدىن تۈپلىنىپ، «دىۋان قارى» نامى بىلەن ئاتىلىپ چاپى قىلىندى" دىگەن چۈشەندۈرۈشلەر ئۇچرايدۇ. شائىرنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا "قوقەندى" نىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى قوقاندا ئۆتكۈزگەنلىگى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. تارىختا، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدە ئۆز ـ ئارا بېرىش ـ كېلىشنىڭ قويۇق بولۇشى ئەنئەنىلىك ھادىسە بولۇپ، ئۇ بويەرگە، بۇ ئۇيەرگە بېرىپ، بالا ـ چاقىلىق بولۇپ ئولتۇراق-

لىشىپ قالىدىغان ئەھۋاللار كوپ ئۇچرايدۇ. بۇخىل مۇناسىۋەتلەر شارائىتىدا، يۇقۇرقىدەك ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ يۇز بېرىشى ئانچە ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

مېنىڭ بۇ قېتىم نەشرگە تەييارلىغانلىرىم شائىرنىڭ دىۋانىدىن تاللانىما بولۇپ، ئۇ تەخمىنەن پۈتۈن دىۋاندىكى شېئىرلارنىڭ بەشتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگەللەيدۇ.

ئول گۈل تەكەللۇمغە بۇ تەن ئىچرە جان پەيدا،
نە بولغۇسى بۇ جان ئاڭا ھەم خانىمان پەيدا.
كوكۈل قۇشىنى دانە خالىغە سەيد ئىتاي،
باسقان ئىزىنىڭ سەدىقەسى روھى - راۋان پەيدا.
شەلەرنىڭ باش يولىدە بىقەدەر تاشدەك،
ياپىت دىگەي قەدىمىغە جان - جاھان پەيدا.
ھەر كۈن تەۋاپ ئىتەرغە بىر - بىرىغە رەشكىدىن،
كۈندۈز بىرسى كىچەدە ئەيلە راۋان پەيدا.
گەر باقسە كوز ئۈچىدە توكۈپ خاك كويىگە،
بۇ ئىككى رود ئاستىدىن دۈررى - گىران پەيدا.
باغ جاھان شىكوفەسى ئول گۈلنىڭ ئەكسىدۈر،
نىلار ئۈزىنى قىلما سەھەر بوستان پەيدا.
دىل زار جان فىكار كورارغا كوز ئىنتىزار،
ھەر كۈن ئۈنىڭ سىپاتىغە يۈز داستان پەيدا.
توبى قەددىنىڭ ئالدىدە بىر خەشەك شاخدۈر،
نىگە ئۈزىن ئەيلەمەگەي ئول گۈلستان پەيدا.
ئەشىك ئابىدىن كاباب ۋۇجۇدى بولۇپ خاراب،
قارى ئۈزىنى ئەيلەگەي ئەلدىن نىھان پەيدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

× ×

ئەي جامالىڭگا بولۇپ دىدە شەيدا ـ شەيدا،
تۇشتى ھەر زەررىنىڭ باشىغا بۇ سەۋدا ـ سەۋدا.
ھېچكىم فىكىر ـ خىيال ئىلە بىلالماس قىرىدىڭ،
ئەنجەر ئۇزگە دىسە بولغۇسى رەسۋا ـ رەسۋا.
باشىغا تاج ئەتمەك ئۇچۈن دۇررى ـ تىم ئەتكاندۇر،
سويۇدى ھەركىمنى بىرىپ بىرتىبە ئەئلا ـ ئەئلا.
كىردى بازار جۇنۇن ئىچرە سىينى سويگەنلەر،
ھەر كىمگە ئاتەش ئىشقىڭ سالدىڭ غەۋغا ـ غەۋغا.
سەنسىز مەن باغ جاھان كوزىمە بىر خارىستان،
ئاستانەڭ ماڭا يۈز جەننەت مەئۋا ـ مەئۋا.
كور باتىن نە بىلۈر گوھرى يەكتا قەدرىن،
ئەسلى بى دولەت ئىرۇر دىللىرى خارا ـ خارا.
مەستە ـ مۇستەغرەت ئولۇر بۇيى مۇھەببەت ئالغان،
قىلماغاي سود زىيان ئوزرە چۇ خەردا ـ خەردا.
كىمگە ئەئلا تەلەپ ئاستانە گاداسى بولسۇن،
دەما ـ دەم ئەنىڭ كارىن قىلار بالا ـ بالا.
بۇ گاداي خەيرىغە كوز ئۇچىدە ئىھسان ئەيلەڭ،
ئەي كىرەم بەخش شەھىم قارىغە ھالا ـ ھالا.
ھەق يادى بىرلە ئاشق ئىچكىن ھەيى ھۇسەيپا،
كوز ياش بىرلە سالغىن ئالەم ئىلىگە غەۋغا.
جانىڭ فىدا قىلۇرغە كوپ جوستجوي قىلغىن،
ھەقنىڭ جامالىن ئىزلەپ سىردىڭنى قىما ئەپشا.
بار گىنەنى تاشلا ئەي رەگىزەر مۇساپىر،
يوللار ئۇزاق، خەتەرناك بولغاي خىتۇر پەيدا.
ھەقنىڭ يولىدا بەربات جان ـ جاھاننى قىلماي،

مەقسۇد ئەسىل تاپماس مەرد خەسىس ئەسلا.
جام جاھاننەمە قىل سەيقىل بىرىپ كوڭۇلنى،
سەدىقىڭنى ئاشكارئەت دىلنى قىلىپ مۇسەففا.
ئەيىپ ئەتمە ھەر كىشىنى نۇقسان ئۆزۈڭدە كۆپتۇر،
كوز ئاچمە بىر كىشىگە بولغىن ئۆزۈڭگە پەنا.
ئەھلى ساپاغە قۇل بولما تەرىقەت ئوشلاپ،
ھىممەت بەلەند بولماي تاپماس چۇ قەزەپ ئەسلا.
نەفسىنى خار قىلماي بولماس غىرىز ھىچكىم،
ھىرس - ھاۋانى ئۆزمەي كىرسە بۇ يولغە رەسۋا.
ھۇشيارى بول ئاتادىن مىراس يىغلاماغلىق،
كوزياشى بىرلە بولسۇن سەككىز بىھىشت سوۋدا.
ئەلھام ھەق سۇخەن دۇر قالسۇن بۇ يادنامە،
سەندىن بۇ رەمزە غەيبى خەلق ئىچىدە قارى ئىنشا.

× ×

بىرىپ باران بالادىن ھەردەم ئىھساندۇر ماڭا،
دەمبەدەم مىژگان ئوقىدىن زەخىم يەتكەندۇر ماڭا.
شادلىك ئىستەپ نىتەي ھەرگىز مۇيەسسەر بولمىسا،
بىر مۇسىبەت بىرلە غەم مىھنەت فاراۋاندۇر ماڭا.
ھالى - زاردىنى بايان ئەتسەم ئىرىپ سۇ بۇلغۇسى،
تاغ - تۈزلەر، باغۇ - بوستان بارچە ۋەيراندۇر ماڭا.
خانە زەپنۇ گۇيا ھەر زامان بەرگەي سەدا،
نالە قىلغانلار كەبى بىر تەرخە ئەپغاندۇر ماڭا.
ساقىئى مەجلىس بۇلۇپ سۇنسە مۇھەببەت كاسەسىن،
قەترەئى كامىمغە يەتسە گويىيا جاندۇر ماڭا.
شادلىك بابى ئاچىلغاي قىلسا ئول ھەر سائىتى،

لوتىپ قەھرى جانىبىدىن كەلسە مېھماندۇر ماڭا.
كوزلەرىمغە خاك لايىن تۇتىيا قىلسەم نە ئەيىب،
بىر قەدىن چالاك دىل سەھنىدە جۇلاندۇر ماڭا.
ئاتەش ـ ئىشقى گۇلىستان ئارامىدەك خوش ناما،
ئەندەلەپ بىناۋامەن زىكرى بوستاندۇر ماڭا.
رىشتەئى ئۇمىدى مەھكەمدۇر ئەگەرچە يول ئۇزاق،
ئاقىبەت يوقلاب دىگەي قارىنى قىراندۇر ماڭا.

× ×

مەردانە بەلنى باغلاپ، دۇنيانى قىلمە پەرۋا،
فەرزەندى شىرىدۇرسەن قىلغىل شىرلىكنى دەئۋا.
لەبرىز ئەگەرچە ئىشقىڭ بول غۇنچەۋار خامۇش،
بولمە چۇ لالە خەندان داغ دىل ئەتمە ئەفشا.
ئەبر كىرەمىگە باقىپ قىل قەترەگە قانائەت،
لەپ ـ لىبەستە كوزە بولغىن ئاغزىڭنى ئەيلە مەئۋا.
ناز ئۈيقۇسىدا ئەردىڭ باشىڭغا تۇشتى سەۋدا،
دۇنيادىڭ كۇلپەتىدىن كىرگۇزدى تۇرپە غەۋغا.
دەردى زەبانىڭ ئەي پىرھەقنىڭ كالامى دايىم،
بەرمە قولۇڭدىن دولەت ھەيرەت بولۇپ سەراپا.
دوزئەزىلنىڭ كارى تەيغىر بولماس ئەسلا،
كورگۇزدى قودرىتىنى ئالەمگە ئاشكارا.
لال ئولدى ئەقىل ۋە ئىدراك كەجرۇ فەلەك ئىشىن،
قىلدى گۇل ئوزرە كوردۇم بىرلەنجە خارۇ ـ مەۋا.
دەرماندەلەرغا يارەب فەرياد رەس ئېرۇرسەن،
مەن بەئىدە بۇ كوزۇمنى قىلمە بۇ ئەلگە بىنا.

ئازغان قۇلۇڭنى يارەپ قىلغىن ئوزەڭ ھىدايەت،
سىتار ئەيىپ بۇ پىشەم مەھشەردە قىلمەن رەسۋا.
نەھىن قىسىم ئىشىنى كورمەي بولۇرمۇ قارى،
شىرىن زابانى قىلدى فەرھاد ۋە ئەرشىدا.

× ×

سەدەپ كامىدە پۇتكەندەك گەھىر بارىڭغە سەللەمنا،
تەكەللۇم باغىدە تۇتى شەكەر خۋارىڭگە سەللەمنا.
ئەلفتەك قامىتىڭنى ھەقى بالادىن ئاسراسۇن دايىم،
جاھان رەئنالىرى تەسلىم ئەسارىڭگە سەللەمنا.
لىبىڭ لەب لىبتە بولغان پىستەلەرنى ئەيلىدى خەندان،
سالىپ ئەيغانە بۇلبۇللارنى روخسارىڭگە سەللەمنا.
ھايات خىزىرى تاپقاي قەترە تامسە لەئىل جامىدىن،
كۆزۆك ئولدۇر سەلەبجان بەخش ئەسرارىڭگە سەللەمنا.
خوتەن گولرۇخلىرى ھىندۇ سۇپەت ئالدىڭدا ساقلىسۇن،
بىرىپ جان نەقدىنى ئىشق ئەھلى بازارىڭگا سەللەمنا.
ئەگەرچە ئادىمى ھوسىن ۋە مىلاھەقتە پەرىدىن خوپ،
نە جانسەن نازىنىن باشتىن ئاياغ بارىڭگە سەللەمنا.
نىھالىڭ سەرۋىلەرنى سەرەنگۇن ئەيلەپ خىجالەتتىن،
قىلىپ بابوسلىكلەر قەدرى رەپتارىڭگە سەللەمنا.
كىتەرسەن بىۋاپا دۇنيادىن ئەمدى نەئىت ئىنشا قىل،
دىگايلار ئەھلى ـ ئالەم قارى ئەشئارىڭگە سەللەمنا.

× ×

مەن نىچۇك قىلماي پىغان ئول ئىتىبارىمدىن جۇدا،
ئەيلەدى زالىم پەلەك كەلكۇن ئازارىمدىن جۇدا.

هەسسپ ھالىمنى سۇرارغا مېھرىبانىم قالمىدى،
خۇررەمانۇ ھەرزامان بۇ جىسمى زارىمدىن جۇدا.
سىندىم گوي مەلامەت ئىستىقامەت، غەم بىلە،
لەختە ـ لەختە ئاھ سەردىم بولدى جانىمدىن جۇدا.
دەردى بى دەرمانغە ئۇچرابمەن قارارىم قالمادى،
دوستلاردىن ئايرىلىپ دەرگىرانىمدىن جۇدا.
نى كەبى سوراخ ـ سوراخ ئۇلدى ئاھىمدىن جىگەر،
ئاتەشى ھەسرەت بۇلۇر شور فىغانىمدىن جۇدا.
يانىمدى ئۇمرۇم چىراغى غەم بىلەن بابەند ئۇلۇپ،
بىر نەپەس بولماي يىراق بەخت سىياھىمدىن جۇدا.
لالە گىريان يىغلايىن بۇ ئارىنىڭ ئۇمرۇم گۇلى،
بۇلبۇلى بى بالۇ پەرمەن نەۋباھارىمدىن جۇدا.
ھىجرى تارىخىدە قارى فىكرى ئىلە تاپتى غەرىق،
رەھمىتى ھەق بولمىسۇن قەبرى قارارىمدىن جۇدا.

## مۇخەممەس قارى بىر غەزەل مەشرەپ

قىلغىل تەرەھھۇم سوزانىلەرگە،
باغرى ئىزىلگەن گەريانىلەرگە،
شاھى جاھانىم ھەيرانىلەرگە،
كورسات جامالىڭ مەستانىلەرگە،
ئىشقىڭدا كويگەن دىۋانىلەرگە.

زىكرىڭدە جانىم تاپتى ھالاۋەت،
مۇخلىس گاداغە قىلغىل ساخاۋەت،



www.uyghurkitap.com

مۇھتاج ئىبرۇرمەن ئەتگىل كارامەت،
مەندىن دۇئايى سەندىن ئىجابەت،
جانىم تەسەددۇق جانانىلەرگە.

ئاشىققە جەۋرىڭ تەرك ئەيلەمەيسەن،
قەھرى ئىتابىڭ كەم ئەيلەمەيسەن،
زۇلپى سىياھىڭ جەم ئەيلەمەيسەن،
ئەل باغرى قاتتىق رەھىم ئەيلەمەيسەن،
قىلغىل نەزارە بىچارىلەرگە.

ھەر تۈندە ئاھىم ئالەمغە تولغاي،
نالە ـ پىغانىم يەتسە نە بولغاي،
بۇ تەشنە بولغان قانسە نە بولغاي،
شەمئى جامالىڭ يانسە نە بولغاي،
تۈن كېچە بولسا پەرۋانىلەرگە.

دەريالار ئاقتى ئەشكى راۋاندىن،
ساخلە قۇلۇڭنى بادى خازاندىن.
قارىگە كورسەت لىللا ئاماندىن،
مەشرەپ سىينىڭدەك ئوتتى جاھاندىن،
باشىنى قويدى ئاستانىلەرگە.

## مۇخەممەس مەرسىيە

گۇل ـ گۇل ئېچىلغان گۇلى رەئنا نىھالىمدىن جۇدا،
ئەيلادى بۇ چەرىخ قەددى با كامالىمدىن جۇدا،
ئەيپ قىلماڭ دوستلار شىرىن ماقالىمدىن جۇدا،
قىلدى ئاخىر رىشتە پەيۋەندۇ سالىمدىن جۇدا،
ئەلۋىدا ھازەل فىراق ئول يارى جانىمدىن جۇدا.

تەن ئەلەم كوز نەم غەم بىرلە پەرىشاندۇر كوڭۇل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇزدى ھىجران لەشكىرى جىسمىمنى ۋەيراندۇر كوڭۈل،
ئەفتىراق ۋەسلىدىن ئاشفتە ھەيراندۇر كوڭۈل،
سەبر قىل بۇ تەندە جانىم ساڭا مېھماندۇر كوڭۈل،
بولدۇم ئاخىر دەردىدىن بۇ خەستە جانىمدىن جۇدا.

ھەجرى شامى بىرلە ئەمدى قاپقارا كۇندۇر ماڭا،
راھەت ئورنىدە بۇ غەم كوڭلىدە جۇلاندۇر ماڭا،
دەمبەدەم كوز چەشمەسىدە سەلى جەيخۇندۇر ماڭا،
چېھرى زەردەم سىرشىكىم بىرلە كەلكۇندۇر ماڭا،
مەسەل مەجنۇن بولدۇم ئاخىر خانىمانىمدىن جۇدا.

خانە ۋەيرانلىكتىن ئەمدى راھەت قالمىدى،
ئورتەنىپ كويدى ۋۇجۇدۇم تەندە پەراغەت قالمىدى،
بۇ جۇدالىق دەردىدىن زەررىچە تاقەت قالمىدى،
داغ دەردىڭدىن ماڭا غىراز نادامەت قالمىدى،
بۇلبۇلى بى بال ۋە پەرمەن ئاشيانىمدىن جۇدا.

دودى ئاھىمدىن قارا كەيگەن بۇ ئاسمان،
قۇچتى قولدىن بازىر ئاسار ھىچ تاپالمايمەن نىشان،
بۇ ئىلىفتەك راست قامەت بولدى غەم بىرلە كامان،
ھەسرىتىڭ دەپتەر قىلىپ دايىم ئوقۇرمەن داستان،
قىلدى ئاخىر بۇ ئەلەملەر ئىختىيارىمدىن جۇدا.

نالەدىن نى دەك ۋۇجۇدۇمدە سەدايى ناللەر،
توكتى ئاخىر ئەبىر نىساندەك كوزۇمدىن ژالەلەر،
دىدەدىن ئەنجىم توكۇلدى سايە سالدى ھالالەر،
نائۇمىدلىك تاشىدىن سىندى بۇگۇن پەيمانىلەر،
تەشنە لەپ قالدىم بۇگۇن ئاب زىلالىڭدىن جۇدا.

ياتمە غەپلەت بىرلە ھالىڭگە ئىزا بۇنياد قىل،
دۇرى جامىدىن ئىچار بولساڭ ئولۇمنى ياد قىل،
خوبلار كەتتى دۇنيا بىرلە ئۇلارنى شاد قىل،

ئاخىرەت ئۈيىگە بارغايسەن تىلاۋەت زار قىل،
بولماسۇن قارى كالام ھەق زەبانىمدىن جۇدا.

× ×

ئەي ئارزۇي رويىڭگە دىۋانە ئاپتاپ،
ھەم شوئلە جامالىڭگە پەرۋانە ئاپتاپ.
خان نەۋالىڭ ئىلە تاپار تەربىيەت مۇدام،
ئول خىرمەن جامالىڭدىن بىر دانە ئاپتاپ.
ھوسنۇڭ كاماليىتى تۇشۇپ زەررەلەرغە تاپ،
تابتى ھىدايەت ئىلە چۇ سىيان ئاپتاپ.
زۇلپۇڭ مەسلىسىگە كوڭۇل جان ئىلە ئەسىر،
تا سۇنبۇلۇڭنىڭ مويىگە مەستانە ئاپتاپ.
ھەم سىنە چاك ئەيلەدى ئاغۇشتە خۇن بالا،
لەئلى ئاستىدە كۇرۇپ نىچە دۇردانە ئاپتاپ.
ئەھمەر يۇزۇڭنى كوردى خىجالەت بىرلە قاچىپ،
كوھ ئۇزرە لالە قان ئىلە پەيمانە ئاپتاپ.
قىدوسلار فەلەكتە كۇرۇپ ئەكسى ئارىزىڭ،
دىۋانەۋار كوزلارى ھەيرانە ئاپتاپ.
سالدى خىجالەت ئىچرە ئۇزىنى لاف ھوسنىگە،
مەغروپ كانارىسىدە گرىزانە ئاپتاب.
قارى يولۇڭدە توكسە يۇزىگە ئەجەپ ئەمەس،
قان ـ ياشنى فىدا قىلىپ گىريانە ئاپتاپ.

× ×

مىنى مەھۋا ئەيلەدى ئەقلىم ئالىب جىسمىم فىكار ئەيلاب،
كەماندەك خەم كوڭۇل غەم كوزلارىمنى ئىنتىزار ئەيلاب.
تىلىمدە زىكرى لەيلى ئىشقى دىلدە بەرقارار ئولدى،
كىزىپ كوھى باياباان كوز ياشىمنى ئابشار ئەيلاب.



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋىسال ئىستەي دىسەڭ شەمئى ئوتىغە پەرۋانە ئەسباب بول،
كۆيۈپ چۈن دۇر مۇجەممە ئاھ ئاتەشىن شەرا ئەيلاب.
مەققۇس قاشلارى تىر ـ بەلا مىژگان شىرۇدۇرلار،
قادالمىش پەر چىقارغاندەك ۋۇجۇدۇمدە قەرار ئەيلاب.
دىمە تەنها ئېرۇرمەن ئىشق مەيدانىدە مەرگەبىنلىك،
يۇرۇتكەن نەچچە ئاشقلار ئۇزلارىنى خاكسار ئەيلاب.
ئەگەر مەجنۇن رەسۋا بولماساڭ دەئۋايى ئىشق ئەتمە،
مەگەر قىلساڭ بولۇرسەڭ مالامەتدىن ھىسار ئەيلاب.
ماڭا قەھر ئەيلەگەندەك ئەل كۆزىگە لۇتفىدۇر بىلدىم،
قىلۇرمەن دۇرەفشانلىغ شۇكرىغە كوزدىن نىسار ئەيلاب.
شاھادەت ئارزۇ مەندىن ئىچەر شىرىن گۇلابىدىن،
تارتىپ پەرھاد، مەھزۇن ئىشق دەشتىدىن لالەزار ئەيلاب.
يۈكۈرگەن بىرلە يەتمەسمەن دار ۋەسلىغە ئەي قارى،
يىتەر گەر ئەيلىسە باشىن ھەركىم تاجدار ئەيلاب.

× ×

جامالى شەمئىگە پەرۋانە كوپ، سوزانە ئاندىن كوب،
بىرولار فەراۋان ئاقىل ۋە دىۋانە ئاندىن كوب.
ئېچىلغان گۇل ئەمەس كوز ياشى بىرلە جامى كەلكۈنلەر،
ئېرۇر كۆندە بۇلبۇللار بولۇپ گىريانە ئاندىن كوب.
ۋۇجۇد ئەشجارىنى ئىشقى گىياھى بىھىتاب ئەيلاب،
شەدىردەك كويدۇرۇر ئاھىم بىلە سۇزانە ئاندىن كوپ.
ئالەم ئېرۇر تىنىمدىن ھەر تەرەپ روزنلەر ئاچىلغان،
سەپ مىژگانى كوپ، تىر بەلا مۇشاتە ئاندىن كوب.
ئوقۇر يۇزداستانى مەجنۇن لەيلىدىن ئەگەر ۋاھىز،
توگىمەس قىسسە كوب ئىشق ئەھلىدە ئەفسانە ئاندىن كوب.

نىيىستان ئىچرە ئوت تۇشكەن كەبى دۇدى چىقار ھەريان،
دىمە جان كويدۇرۇر ئوشىاق ئىلى جانانە ئاندىن كوب.
مۇساپىر كوب ۋەتەندە، جەئىدلەر كوب ۋەيرانىلەر ئىچرە،
ئۇرۇپ رەققاس سەما شەبلى سۇپەت مەستانە ئاندىن كوب.
كوزۇم دەرياسىدىن غەۋۋاسلەر ئىسەر ئىتەر ھەردەم،
يولىدە دەرەفشانلىغ مەرسىرى دۇردانە ئاندىن كوب.
لەب ـ لەئلى خىيالى لالىدەك باغرىمنى قان ئەتكەن،
ۋۇجۇدۇم زەرفى تولغان كاسەلەر پەيمانە ئاندىن كوب.
مىنىپ رەخشى مۇھەببەت گۇي مەيدانى ئەيلەدى جەۋلان،
قىلىپ كوپ مەردىلەر جانبازلىك مەردانە ئاندىن كوب.
قولىدە نەقدە جان مەنزۇر جانانە بولسا دەپ قارى،
توكار كوز كاسەسىدىن سەيىللەر بارانە ئاندىن كوب.

× ×

تار مۇھەببەتنى قىلىپ پىچتاب،
سالدى كەمەند ئورنىدە مىشكىن تەناب.
ئاتەش ئىشقىغە سالىب ياندۇرۇپ،
دۇد چىقاردى جىگرىم چۇن كەباب.
لەشكىرى غەم شەھرى ۋۇجۇدۇم ئالىب،
ھىندۇ قىلىپ كەئبەنى گۇيا خاراب.
پەردە كوتەرسە يۇزىدىن ئول پەرى،
غەرق خىجالەت بۇلادۇر ئابتاب.
ژالە بولۇپ، كوھىدە مەجنۇن سۇپەت،
لەيلى ۋەشىم يۇلىدە باشىم تاراب.
لالە كەبى كوكسۇم ئىتىب داغ ـ داغ،
خەنجەر مىژگانى ئىلە ئەيلاب ئەزاب.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاي كەبى ئۇن تۇرت كەمال ئۈستىندە،
مەست خۇرام ئەيلەمە ئالى جاناب.
دادىمە گەر يەتمىسەڭ ئەي تازە گۈل،
روزى قىيامەت نە بىرۈرسەن جاۋاب.
قارى دۇئاگۇي قەدىمىڭ ئېرۇر،
لۇتىف كېرەم قىل ئۈنىڭ ھالىن سوراب.

× ×

ئەدەق دىمە تىزىلىپ دانە ـ دانە مۇشكى گۇلاب،
سەھەر گۈل ئۈزرە توكۇلغان فەلەك سارىدىن ئاب.
مەلاھەت ئىلە فاساھەت ئەسىرى دام قىلىۇر،
كىمكى سەد مۇھەببەت دىلى مۇدام خاراب.
بۇ غەمدە لا سۇپەت داغ داغىدۇر كوڭلۇم،
يولىنىڭ خاكىغە يەتمەي جىگەرلەر ئولدى كەباب.
فىراق يار تۇتاشتۇردى جىسمىم جانىم مېنىڭ،
كۆزىغە بەھىر كېرەم تەشنە كام كورسە سىراب.
گەدانىڭ ئادىتى ئىبرامدىن يۈز ئۇرمەيدۇر،
كوز ئاچمە رەد قوبۇلە مۇدام توك شوراب.
شەرەر توشۇب تەن خاشاك بەرق سۈزاندۇر،
پىخۇنكى شوخۇەشىم بولدى مەست كەلگۈن ناب.
بۇ ئارزۇ بىلە يالتىنى ئوقۇب قارى،
يولىغا باش قويۇپ ئېتۈر مۇدام كەنت توراب.

## مۇخەممەس قارى بىر غەزەل مەشرەب

دىلىم غەم، تەن ئەلەم، كوز نەم، ئەجەب ئەبگارەمەن يارەب،
چۇ بۇلبۇل نالە ئەيلەب سەيىر ھەر گۈلزارىمەن يارەب،

گىرىپتارى كەمەند زولپى بىر ئەيياردىمەن يارەب،
تىگى دىۋارە قالغان بىر غېرىپ بىچارەمەن يارەب،
ساڭا قىلماي ئىبادەت نەفسى ئىلە ئاۋارىمەن يارەب.

كىرەم خانىمدىن ئۈمىدىمنى مەھكەم قىلغانىم ـ قىلغان،
توكۈپ كوز ياشىمنى مانەند شەبنەم قىلغانىم ـ قىلغان،
گىنە ـ رەنجىگە زىكرىڭ بىرلە مەرھەم قىلغانىم ـ قىلغان،
سىنىڭ بىرلىكىڭگا ئىقرار سەددىق قىلغانىم ـ قىلغان،
ھەممە قىلغان ئىشىمنىڭ بارچىسى بىكارەمەن يارەب.

نە تائەت، نە ئىبادەت بەندىلىكتە تەرخە ھەيرانىمەن،
قولۇمدا بەرگى سەبزىم يوق ئەجەب شەرمەندە گەريانىمەن،
كېتەرمەن بۇ مۇساپىرخانەدىن مانەند مېھمانىمەن،
ئەزىلى قالۇ بەلادە ساڭا يارەب ئەھدى قىلغانىمەن،
ۋاپا قىلماي بۇ ئەھدىمغە نىچۇك دىن پارەمەن يارەب.

يۈرۈپمەن پۇر خاتا بوينۇم قىسىپ پەزىلىڭ سارى باردىم،
خىجالەت ھىجرىغە غەرقاب مەن لوتپۇڭ سارى باردىم،
كرەم بابى ئۇچۇق دەپ خاھى ئىھسانىڭ سارى باردىم،
سېنىڭ ئەمرىڭنى قىلغايمەن ھەممە نىھىڭ سارى باردىم،
بۇ نەفسى جەھلىمدىن قۇتۇلماي بارەمەن يارەب.

ئاداشقان ئاسى قۇلمەن راست يولغە جوستىجۇ بەرغىل،
كوڭۇل كىبرۇ نىجوتنى كوتارىب ياخشى خۇ بەرغىل،
جىرىمە ئەيىپ ۋە نوقسانىمغە سەترەڭدىن ئەفۇ بەرغىل،
گىنە دەشتىدە قالدىم مەن ئۆزەڭ سەن ئابرۇي بەرغىل،
ۋەگەر نە سەندىن ئۆزگە كىمگە مەن يالۋۇرارمەن يارەب.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىلاھا نۇر نىسبەتىدىن قۇلۇڭنى ئەيلە مۇستەغنى،
توكۇپ گەنجىنى كوڭۇلغە بىر ئەسراردىن مەئنى،
مالامەت تىشەسى ھەريان تىگىپ قارىغە ئەل تەئنى،
بۇ مەشرەب لوھ قەلبىدە نە قالۇ ھالى بار يەئنى،
سېنىڭ دەرگاھىڭغە ئەمدى قورۇق قول بارمەن يارەب.

× ×

ئىشققە قويدۇڭ قەدەم سود زىيانىڭنى ئۇنۇت،
كوھى ـ سەھرادە ۋەتەن ئەيلاپ ماكانىڭنى ئۇنۇت.
نارسالار سوھبەتى ئايىنەنى زەنگار ئېتەر،
پىرى كامىل دامىنىن تۇت بارچە كارىڭنى ئۇنۇت.
ئىشق مەيدانىدا چۇ كابنازلارگە كويى بول،
تەركى باش ئەيلەب روھى رەۋانىڭنى ئۇنۇت.
ئىشق ئوتى زەڭ دىلىڭنى كويدۇرۇپ جوھەر بىرۇر،
تىغ لا بىرلە ئۇرۇپ بۇ جىسم جانىڭنى ئۇنۇت.
دولەت ـ دۇنيا مۇيەسسەر بولسا كوزگە ئىلماغىل،
سەلتەنەت مۈلكىنى قوي، تەخت راۋانىڭنى ئۇنۇت.
جاھ ھەشمەتنى تەلەپ قىلغان بولۇر پوشمىنە پوش،
ئىشق بوستانىڭگە كىردىڭ خەشكسارىڭنى ئۇنۇت.
ئەزىم دىدار ئەيلەگەنلەرگە فەنا مۈلكى ۋەتەن،
چۇغىزدەك ۋەيرانە تۇتقىل بوستانىڭنى ئۇنۇت.
ئىشق دەربانى ئەگەر قىستىسە ھەرگىز يانماغىل،
خاكىدۇر ئەكسەر قارى ئېھتىياجىڭنى ئۇنۇت.

× ×

قان توككالى خونرىز كۆزى ئەيلەدى ئادەت،
جان بەرمەك ئىلە ئىشقى ئىلى تابتى قىرابەت.

ياندۇردى ۋۇجۇدۇمنى مۇھەببەت تۇنۇرى،
دۇدى بىلە ئالەم ئىلىدە قالمىدى راھەت.
ۋەبىستتە غەم ـ غۇسسە بىلە جىيىم ـ نىزارىم،
پەژمۇردە بۇلۇپ تىغ سەتەم بىلە جەراھەت.
مانەندە بولۇپ تىنىم كەرەم بالادىن،
چۇن خانە زەنبور تىگىپ تىر مالامەت.
خەنجەر سالادۇر شوخۋەشىم رەھىم ئىلە باقماي،
جەللاد سەتەمكار ماڭا ئەيىن ـ ئىنايەت.
ئەلۋاج بىرىپ زولپى سىياھ تابىنى ھەريان،
جان مەرغىنى بويىنگا يىتىپ تاپتى قىرابەت.
نازىك بەدەن غۇنچە دىھىن سويۇم زوقىدىن،
ھەر كۇندە تۇشۇپ قارىنىڭ جانىغە بىر ئاپەت.

× ×

نىقاپ ئىچىپ كەل رۇخسارىڭگە گىرىپتار ئەت،
تاناپ شوقىنى بوينۇمغا سال زۇننار ئەت.
ئەسىر غەمزەدە مەن باغ ۋەسلىڭگە يەتكۇر،
تەرەھھۇم ئەيلەگىل ئەغيار ئۇرنىگە يار ئەت.
قارا كوزىنىڭ پىراغىدە داغىدۇر كوڭلۇم،
كىرەم كوزىدە باقىب تەشنەلەرنى سەرشا ئەت.
لىبىڭ خىيالىدە كوڭلۇمنىڭ كاسەسى قاندۇر،
نىگاھ كەرىم بىلە كوز ياشىمنى خۇنبار ئەت.
بۇ خاكدانىغە مەن نىھال مىھرىڭنى،
بىرىپ ھايات سۇيىدىن تىنىمنى گۇلزار ئەت.
جاھانىنىڭ لوھىگە نەقش ئەيلەدى ئۇزىن مەجنۇن،
بۇ دەۋىر ئىلىگە مۇھەببەت ئۇتىنى ئىزھار ئەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

فەلەك يۈزىنى قارا قىلدى ئاھ ئىلە ۋاھۇق،
جىگەر كاۋابىدە سىنەم چۇ مىشك تاتار ئەت.
جاھان غورۇسىنى نەرگىسلىرى خىرمەندىن،
ھەزەر قىل ئۆزمە گۈلىن تەرىك زەخمەت خار ئەت.
مۇھەببەت ئايەتىنى ئەيلەدىڭ ساۋاق قارى،
كۆزىڭدە ئەشك، تىلىڭدە بۇ دەرس تەكرار ئەت.

× ×

جاھان سىرىگە خوش رەپتار سەۋرى ـ ياسمەن بائىس،
پۇغان بۇلبۇل شورىدە گاھى باغ چىمەن بائىس.
شاراب تەلخىنى خاھلاغىل راھەتىنىڭ تەخمىنىدۇر،
لەب شىرىنلىككە تولار بولدى ھالاك كوھكەن بائىس.
كىرىپ جانبازلار مەيدان ئارا باشنى كوي ئەيلار،
پۇشۇرىشگە بولغان سەرۋى قامەت سەپ شىكەن بائىس.
مۇغبەر كاكۇلى بوينىغا زەنجىدۇ مۇھەببەتتۇر،
سالىپ ئاۋارە قىلغان يۈسىپ گۈل پىرەن بائىس.
بايابانگەرد مەجنۇن باشغە قۇش ئەشيان ئەتتى،
بۇ سوداگەرگە سالغان تۇتى شەكەر شىكەن بائىس.
بۇلەرغە دولەت ئىقبال، بەزىلەرگە رەنجى ۋە غەم،
بالا مەيدانىدە سەرگەشتە بولغان خۇن كىپەن بائىس.
ر ە ئەشئارىنىڭ رەمزىگە قارى كىرمىغان ئەردى،
بۇ مۇشكۇل ئىشقە بولغان ۋائىز ساھىب سۇخەن بائىس.

× ×

كوز يۇمۇپ ئىككى جاھاندىن بىر گۈلى رەئنايە ئاچ،
ھوسنى بازارىدىن قىزىتقان يوسۇپ بەرنايە ئاچ.

قەمرۇ بىر سەرۋى بولغىل توتىئى بىر بوستان،
بۇلبۇلى گويا بولۇپ كولبىن زىبايە ئاچ.،
تا كەمەندى لوتپىدە ئاسودىن خاتىرەدۇر دىلى،
خاكىراھىدىن بولۇپ فىردەۋس ئەنبەر سايە ئاچ.
ئەۋج ئىقبالىن كۇرۇب ئىدى مەلەكلەر مەرھابا،
ئاپتاپ ئىككى ئالەم ئەيلىگەن سودايە ئاچ.
پايە بوسە ئولماق ئۇچۇن توققۇز پەلەك مۇنبەر كەبى،
پايە - پايە موقەد مەيدىن ئايەتى ئەسرارى ئاچ.
بارى ئىسيان بىرلە خەم شەرمەندە ئى روزى جەزا،
لوتپىدىن ئۇمىد ئىتەر كوز قارەئى رەسۋايى ئاچ.

## مۇخەممەس قارى بىر غەزەل نەۋايى

سەن ئول تىبىكە بولمىش شاپائىتىڭدە ئىلاج،
شەرىتىڭ قىلىپ ئالەمدە زۇلۇمنى ئىخراج.
باش ئۇردى قەيسەر، پەغپۇر ساڭا بەردى خىراج،
زىھى باشىڭ ئۇزرە ۋە ئەشمىر زىبىوردىن تاج،
ساچىڭ سوۋارىدە تەفسىر لەيلەتول مىئراج.

سويۇپ سىنى ھەممەدىن مەنزىلىڭنى قىلدى رەپى،
مىئاسلارغا قىلىپ ھادى رەھنىمۇن شەپى،
بۇ سەلتەنەت بىرلە بولدۇڭ ئالۇرغا مەبى،
نىجوم جوھرىدىن تاج جامىڭگە تەرجى،
سىراتەلىسىدىن تەخت رەئىيتىڭگە رەۋۋاج.

نىياز نارئىلە ئالدىڭ بىر ئات ئۇچۇن رەقىئى،
تىدارەك ئولدى بۇ ئىھسان بارچە يازوقى،
بوراقىڭ ئىزىدە توققۇز راۋاق بىر ھەققى،
سەھەر يىشل ئەلەمدىن ئەيۋان ئۇزرە شەققەئى،
فەلەك قالىن ھەسرىدىن سىپاھىڭگە ئەخۋاج.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىلسىم سىنەسىنى تىغلا بىرلە يارماي،
فىنانى سابۇنىندە ئۇزدىر بىرلە ئاقارماي،
تەلەپ يولىدە بولۇپ ئىنتىزار ساغارماي،
بىھىشت سار كىشى تىرە كوردىن بارماي،
شاپائىتىڭ ئەلفى تۇتمايىن يولىغە سىراج.

موزىلەت ئۇستىگە تەۋپىق پەردەسىن يايىبان،
ئادالىتىڭ يولىدىن كىچەلەر ناۋا تابىبان،
شەرىتىڭدىن كەرەمى بەھرىدىن سىپا تابىبان،
ھىدايىتىڭ قولىدىن شەربەت شىپاھ تابىبان،
ئۇنىڭكى غەلەت كۇفرۇ ئەيلابان زەئىب مىزاج.

گاداي دەرگاھىڭ ئولسەم يوق ئەردى غەمىم،
شاپائىتىڭ سۈيىدىن قەترە تامسە دەپ تىلىم،
ئەگەر باقىب دىسەڭ ئەي قارى قالماغاي ئەلەمىم،
ناۋايى ئولدى چۇ مۇھتاجىڭ ئەيلار ھەم ئاگا كىم،
غەنى كىرەم ئىسە ئىبرامغە ئىمەس مۇھتاج.

× ×

بىمار تىنىم كوزلارى بىمارىنى كورگەچ،
زىندان بەلا ئەيلەدى گۈلزارىنى كورگەچ.
ئاشىپتە ۋە ھەيران - سەراسىمە بۇ كوڭلۇم،
پابۇسىر ئولدى زۇلىپ سىيا تارىنى كورگەچ.
كوز چەشمەسى سەيلاب تولۇب كاسەسى قانغە،
خەندانە كەلگەن لەئىل گەھىر پارىنى كورگەچ.

سەيىد ئەتكەلى ئاھىم ئوقىغە قەددى كامانىم،
ۋەھشى سۈپەت ئاھۇ تاتارىنى كۆرگەچ.
غەم تىشەسى ئىلكىمدە قازىب كوھى ـ بالانى،
شىرىن لىبىدىن سوز شىكەر بارىنى كۆرگەچ.
ياندۇردى نىيىستان ۋۇجۇدۇمنى شىرارى،
ئول سەرۋى راۋانە ئالددە ئەغيارىنى كۆرگەچ.
ناگاھ چىقىپ سالدى نەزەر ئىشقى زارىن،
لوتپ ئىلە سوراب دىدە خۇنبارىنى كۆرگەچ.
ئىدىم سەنما ھوسۇن زاكاتى نى ئارا قىل،
خەت لەشكىرى بەند ئەتكۈسى ئەسارىنى كۆرگەچ.
شىكەر ـ شىكىن ئولدى مەنۇرستە نىھالىم،
شاھ ئالدىدا ئەرىز ئەيلەدى قارىنى كۆرگەچ.

× ×

گەنج پەقىر ئىستار كىشىگە دىدە گىريان قەدەھ،
نۇش ئىتەر ھەر سائىتى خۇنى جىگەر سوزان قەدەھ.
ئىنتىزار دام خالى بولدۇم ئاما بولمىدى،
تەشنە لەب كامغە بەرمەس شەھىدلىك دەۋران قەدەھ.
بەخت كەجرەفتار ئۇچۇن كام دىنى مەۋجۇد ئىمەس،
تا كۆيۈپ پەرۋانەسا بولماي تىنى سوزان قەددە.
باغ ۋەسلىغە داۋامەت زولفىدەك سەرگەشتە مەن،
ھەر تەرەپ ئەبرى باھار ئەندەك بولۇپ گىريان قەدەھ.
لەئىل نابىدىن شەكەررىز ئولماغۇنچە بولمىدى،
غەم بىلە لەب بەستە بولغان غۇنچەلەر خەندان قەدەھ.
قارى يا نۇش ئەتمەك ئىستەرسەن مۇھەببەت جامىنى،
تەشنەلەب بولغان كىشىگە ئەيلاسۇن قىران قەدەھ.



Altunoq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

× ×

قەمەرگە نۇر بېرۇر يۈزىنىڭ زىياسىدىن باغ،
قىلۇر جاھاننى مۇئەتتەر سىياھ زۇلفىدىن باغ.
چۇ لەئلى دۇرىدە خەت رەمزىدىن يازىمىش،
كۆكارگان ئەردى رىبيا ھېن مىشكبارىدىن باغ.
خەزىنەدار بولۇپ تىشلارى، قارا خالى،
مەگەر بىلال ئىشىك ئاستىدە غۇلامىدىن باغ.
كۆرۈپ خىجالەتتە قالمىش بىھىش سەرۋىلىرى،
قويۇپ چۇ ئۇزرە ئىلە تەقسىر باش-ئاياغىدىن باغ.
ئەزەلنىڭ كارگىرى بىلە ياخشى سۈرەت ئىتىپ،
ئىبەردى رەھمەت ئۈچۈن مەرد رەھنىماسىدىن باغ.
ئۈزىن مۇۋاپىق تەبئى ۋەزىر بەردى كەرىم،
چۇ سىدىق ئەدىل ھەياشىرى مۇرتىزاسىدىن باغ.
سەئىد-سەئىد زىبىر ئاستانىسىدە ياتمىش،
ھەسەن-ھۈسەن ئىككى شاھزادە كۆزى چىراغىدىن باغ.
قولىغە سالسە قاتار ئىستىدىن بەند ئەتسە،
سائادەت ئەبەدى قارىنىڭ كامالىدىن باغ.

× ×

بىر شىۋە نازىدىن بولۇپ شاد،
ۋەيرانە كۆڭۈلنى قىلغۇم ئاباد.
مىئمار بولۇپ ئىمارەت ئەتسە،
مانەند جىلىل چۇ كەبە بۇنياد.
باغ ئىچىدە كىرىم خورام قىلسە،
باشىنى قويار يولىغا شەمشاد.

گۈل يۈزلىرى ئىشتىياقى بىرلە،
بۇلبۇل قىلادۇر پىغان - پەرياد.
شىرىن لىبى زوقىدە بولۇرمەن،
تەن تاغىنى تەشكىلى چۇ پەرھاد.
مەقسەد گۈلى يەتمىسە قولىغە،
گەجىر ۋە فەلەك ئىلكىدىن قىلۇر داد.
غەم بىلە جاھاندا شاد بولماي،
ئومىر گۈلىگە قازا بولۇپ باد.
سىيادا جىل سالىب تانابىن،
باشىمنى كىسەر مىسالى جاللاد.
غەرق ئولدى خىجالەت ئىچىدە قارى،
مەششەر كۈنى ئەيلاگىز شاھاياد.

× ×

گۈلستان ئەزەلدىن سەرۋى ئازاد،
كوروپ خەم ئەيلەدى باشىنى شەمشاد.
قىلىپ دۇشمەنلەر تۈرپە ئاداۋەت،
يىقىلدى بارچەسى دوستلار بولۇپ شاد.
بولۇپ ناسىخ ھەممە ئەديان مەنسوخ،
بۇ تەرىز بىلە قىلىپ دۇنيانى ئاباد.
فىدا ئەيلەب نەچچە ئەھبابلار جان،
كى بەزىلەر قىلىپ مالىنى بەرباد.
ئىغىز ئاچسام تىلىم ۋەسپىگە ئاجىز،
تىلىپ تەس تاھا بىرلە ھەق ياد.
مۇھەببەت جامىدىن بىر قەترە بەردى،
ئىچىپ مەست ئولدىلەر مەجنۇنى پەرھاد.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باروۇر ئاجىز نىيازىنى توھپە ئەيلەپ،
كوز ئۇچى بىرلە قارىنى قىلىلىڭ شاد.

## مۇخەممەس

(پارسچە)

بەزگەرش تەلىككامىم ھەمچۇ شەكەرناك مىگەردىد،
پىياد لەئىل مىكۇن دىدىھا نەمناك مىگەردىد،
بەھىر داناكى كويىم رازبى ئىدىراك مىگەردىد،
ئەگەر باگول نىشەنىم لەفىت غەمناك مىگەردىد،
ۋەگەر باغۇنچە ئەمىزىم گىرىبان چاك مىگەردىد.

زى مەيدان مۇھەببەت رەخش ھىممەت ھەر زامان تازىم،
بىگەرد قان تاقاق جاھاندا نەئرە ئاۋازىم،
دۇچەشىم دەرەفشانى مىكەنند گوياكى غۇممازىم،
سىراپا داغىم ۋە ئىزھار ھال خوي نەمىسارىم،
كى تەخىم لالە ئەز سەھرايى ئالەم پاك مىگەردىد.

قەدەم دەر ئىنتىزارى مىيز نەم تاردە گىريانىم،
زەر ئاتەش دەرىستانىم چىنان سوزەندە شەدجانىم،
چۇ تۇتى تەۋق بىتىم ھەم چىنان بۇلبۇل دەر ئەپغانىم،
دەر ئەقلىم مۇھەببەت تالىئى دارەم كى ھەيرانىم،
بەھىر شوخى كى ئاشىق مەئشۇم بىباك مىگەردىد.

چىنان سەرگەشتە ئام دەر ئۇمىدۇ ۋەيرانىم،
ئەگەرچە بىۋاپايى ئوكەند مەن جايى ھەميانىم،

سىراندازان پاكۇبان دەرمەيدان جۇلانىم،
بى بازار مۇھەببەت تالئى دادىم كى ھەيرانىم،
بەھىر گەرخاك زەرگەدىد زەخاك مىگەردىد.

ئەلەم ئەمىز غەم ئەندوز ۋەيران مەنزىل مائۋا،
دۇ چەشىم خۇن فىشانىم مەيكەندرۇ خابىھا پىدا،
بى ھال زار قارى شوخ شەھەر ئاشوب بى پەرۋا،
چۇ سازىم شكۋە ئەزناگاھى خۇددى جاھان شىدا،
شكەر ئەندەر دىھانىم تەلىخ چۇن تەرياك مىگەردىد.

× ×

پەقىر ئەسبابىن تۇزەرگە بولدى بىر ۋەيران لەزىز،
بولدىلەر تەبىر تەھمىل نچە مەردان لەزىز.
باغ ۋەسلىدىن ئۇمىد ئەتكەن سەھەر نالان بولۇر،
غۇنچەۋار قىلماق ئۇچۇن بۇلبۇل قىلۇر ئەپغان لەزىز.
تەلىخ شور ئەگىز ئىشلاردىن قىلىپ ئوزىنى يىراق،
غەيرى ھەقدىن بولسا ئانداق مەردرۇ گەردان لەزىز.
لەئلى نابىدىن تەكەللۇم بىرلە بولسا دورەفشان،
شەكەرستان بەرمەغەي بۇ تەرىزدە ئىھسان لەزىز.
ھەر ئىتاپ قەھرى گۇيا دۇرەفشانلىغ ئەيلەگەن،
دەئىدىن لۇتپى فاراۋاندۇر مەگەر جانان لەزىز.
كام بەخش ئولماق ئۇچۇن سەرگەشتلىق رەنجىن چىكىپ،
ۋەسىل باغىدىن ئۇزۇپ گۇل يۇسۇپ كەنئانى لەزىز.
ئەبر توكماي غۇنچەلەر خەندان ئولۇپ بۇي بەرمەدى،
باغرىنى چاك ئەيلەدى بەرمەك ئۇچۇن بوستان لەزىز.
ۋەسىل قەدرىن بىلمەگەي تا ئىچمىسە زەھراپ ئىشق،
رەنجى مىھنەت سەبرى كامىل ئەيلەدى دىھقان لەزىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئارزۇمەند ۋىسالى ئولغان مەزاقى تەلخ ئۈچۈن،
بەرمىگەي كىرگەن بىلە فىردەۋسىدە غۇلمان لەزىز.
شۈكرى قىلغىل نىئمەت ئەزىما مۇيەسسەردۇر ساڭا،
قارىيا تەكرار قۇران ئەيلە ئەل رەھمان لەزىز.

× ×

زەھى قامەتكى توبى راستلىك بابىدە ھەيراندۇر،
زەھى روخسارە جەننەت گۈللارى ئەكسىلە خەنداندۇر.
كورۇڭ خەت زومورەد لەبلەرى دورىدە جاي تۇتمىش،
خىجالەتتىن قىزارىب لەئىللەر كوھ ئىچرە پىنھاندۇر.
مۇقامى مونەللادەئو ئوتماي ئاسى ئۇممەتنى،
خالاس ئەتمەك ئۈچۈن بىزلارنى دائىم دىدە گىرياندۇر.
مۇنىڭدەك پاك تەنىيەت خوب سورەت كەلمىدى ھەرگىز،
كورۇپ مۇشرەك ئىلى رەشك ئەيلابان باغرى تولا قاندۇر.
ئىنىڭ بىر تارە مويى مىشك ئاسا قىلدى ئالەمنى،
بولۇپ دىۋانە ئاھۇ ئول خوتەن دەشتىدە سەرساندۇر.
زەبىھوللا كورۇپ نۇرى مۇھەممەت ئوز جىنىبىدە،
ئىنىڭ شوكرانىسىگە ھەق يولىدە جانى قۇرباندۇر.
قولىدىن ئالدۇرۇپتۇر گوھەرىنى ئىزتىراپ ئەيلەپ،
ئۆزىنى ھەريان ئۇرار زەنجىر دەر گۇياكى لەرزاندۇر.
نىجات ئىستەر كىشى دامان شەرئىن ئۇشلاغاي مەھكەم،
ۋەگەر نە يول ئاداشقاي روزى مەھشەر ئاڭا ئارماندۇر.
تۇتۇپ دامان ھىممەت يولىغا كىرگەنلەر تاپىپ قۇربەت،
ھىدايەت رەتبەسىدە ئولتۇرۇپ شاد خەنداندۇر.
تۇتۇپ ھىممەتنى بالا قويىمە تىلىدىن نەئتنى ئەسلا،
كىلىپ ئايات رەھمەت شەنىگە قارى بۇ ئىھساندۇر.

× ×

جان ئىلە فىدا ئىشقى كى ئول راھەت جاندۇر،
ئول راھەت جان ئولماغى ئاشىققە ئەئيىاندۇر.
كىم سالمىدى بوينىغە مۇھەببەتنىڭ تانابىن،
زەڭگار باسقان كوڭلىنىڭ زاھىرىدە نىھاندۇر.
ئەئمەر ئىلى راھەت بىلە بىنيا ئەلەمۇ-دەرد،
بۇلبۇل قەپەز ئىچرە، زاغ راھەتتە ئاماندۇر.
كوز ياشىدىن ئالەمنى قىلىپ غەرق توپان،
دەرد ئەلەم نوھ نەبىدىن بۇ نىشاندۇر.
دىۋانە سۇپەت يىغلادى ياقۇپ ۋاپادار،
يۇسۇپ غېمىدىن ئورتەدى باغرى تولا قاندۇر.
مۇسا كەلىم ئىشق ئىلە باپەند ئەيدىلەر،
كورمەكنى تىلەپ كوزلارى دايىم نىگراندۇر.
كوز ياشى بىلە قىلدى تاھارەت نىچە ئاشىق،
يەھيا سۇپەت ئوتكەن كىشىنىڭ ئەشكى راۋاندۇر.
ئىشق سىرىگە مەرھەم بولۇبان سەيد ئەبرار،
دەريايى ھەقىقەت ئىچرە دۇررى گىراندۇر.
ئاشىق كىشىلەر جەۋرۇ جاپاسىگە گىرىپتار،
شەب تا سەھەر قىلمىش ئىشى ئاھ-ئەپغاندۇر.
ئىشق ئىلمىگە ھەرگىز دىمەدى دەرس ھەنىپە،
ھەم شافىئى، مالىك ئاگا لال زاباندۇر.
دوزاخ بولادۇر ئىشق ئوتى ۋەھىمىدە گىرىنىران،
قارى كويەدۇر ۋەسلى ئۈچۈن رەڭگى خازاندۇر.

× ×

ئاي يۈزۈڭ شوقى بىلە جانىم قۇشى پەرۋازى بار،
نىچە مەندەك كوچەلەردە ئاشىقىڭنىڭ زارى بار.

مەرھەمەت بولغايمۇ بۇ ئەپتارىلەرنىڭ ھالىگە،
ئول شەلولاكدىن ئىشق ئەھلىنىڭ خۇمارى بار.
ھەر كىمى ئاۋارە قىلدى بىر پەرى پوش ئىشقىدە،
بەزىلەرنىڭ شوقى بىرلە بويىندە زۇننارى بار.
قويما غەپلەت چاھىدە ئەي سەئد خەيرۇل بەشەر،
مۇڭا ھىچكىم باقماغاي تۇرپە فەرشان كارى بار.
كوپ گىنە شەرمەندىسى لىكىن ئۇممىدى كوپ ئىرۇر،
قارىنىڭ ئەيىبىن ياپۇرغا لوتپىلىك ستارى بار.

× ×

جۇنۇن سەھراسىدە سەرگەشتە بىر ۋەرنى ئەرەبدىندۇر،
كىلىپ مەن بىر نەپەس ئەي ھوشمەندىم ئەيلەگىز مەئزۇر.
دىلىم ئازاردە دۇرسەك مالامەتدىن ھىسارىم يوق،
توقىنى ئەيلەگىز تا سىنماسۇن بۇ چىنى پەغپۇر.
تىپىپ ئۆز ھالىمغە قوي بى ئىلاج خوش ئىرۇر كوڭلۇم،
دۇئادىن يوز ئۇگۇردۇم تاكى دەردىم بولماسۇن ناسۇر.
بايابان گەرد بولما ئىستىقامەت بىرلە ئولتۇرغىل،
سائادەت ئابتابى چىقسە ناگا ساڭا بەرگەي نۇر.
كوڭۇلدە ئىشق بولسا ئاتەش ئاھىڭنى ئىزھار ئەت،
بەلەند پەرۋازلىكتە توھمەتىڭگە يەتمىسۇن مەنسۇر.
تىگىپ پەيكانلىدى ھەريان گويا روزىن ئىچىلدى،
تەن مەجرۇ ھەم ئەرەممىش بىلمەگەيسىز خانەئى زەپنۇر.
نەدامەت بىرلە يىغلا كوزدە ياشىڭ جويلار بولسۇن،
ئىزىزلار خىزمىتىگە قارى ھەرگىز بولمىدىڭ مەنزۇر.

× ×

نىھالىڭنى كورەلمەي قامىتىم مانەندەئى "نۇن" دۇر،
ئۈمىد ئەيلەر ۋىسالىڭ كوزلارىمنىڭ ياسى جەيخۇندۇر.
كوزۇڭ دامىغە چۈشكەن بىر ئەسىر دەردىسـەندىـگمەن،
ياغار بارانى غەم ـ ھەسرەت ئۇتى كونگۇلدىن ئەپزۇندۇر.
مېنىڭ بەختىم سەمەندى دايىما رەفتارى كەج بولغان،
كى رەخدەك راست يورماي بەخت نافىرجام ۋاژۇندۇر.
لەب لەئلى خىيالى دىلغە چۈشتى بىقارار ئولدى،
كىزەرمەن دەشتى ـ سەھرا كوزلىرىم گوياكى پىرخۇندۇر.
كىشىنىڭ ئىشقى يوق، ئىمانى يوق، ئەقلى ئېرۇر ناقىس،
مۇھەببەت باغىنىڭ گۈلچىسى بولغان مىسالى مەجنۇندۇر.
تەلەپ مەيدانىدا رەخش ئويناتىپ جولان قىلىپ ھەردەم،
يېتەلمەي ۋەسلى دامەنىغە يىغلار زار مەھزۇندۇر.
نىگاھى بولمىسا مەئشەر كۈنى ئاسى ۋە جافىغە،
قىيامەت دەپ ئېبنى ئىيتۇركى باشىدە قارا كۈندۇر.
خىيالى دىلدە ساكىن چۈن ئەلىق جان ئىچىدە جان گويا،
بولۇپ رەڭگىن قابا كوز ياشى بىرلە جامى كەلكۇندۇر.
غىـزام غەم، تەن ئەلەم، كوز نەم بولۇپ قامەت كاماندەك خەم،
مېنىڭ دەردىمغە دەرمان بارچىسى بىر تۈرپە مەئجۇندۇر.
تىلىدە نەئت ئەھمەت، دىلىدە ھەب ئال ئېرۇر قارى،
گەھىر ئاسا تىرىپ جان رىشتەسىغە ياخشى مەزمۇندۇر.

× ×

غېمىڭدىن دۇرى ئاھىم چىقسا ناگاھ ئاشىيان ئورتەر،
ۋەگەر سەبىر ئەيلەسەم نىھان تۇتۇپ بۇ جىسمىم جان ئورتەر.

نچۇك جان سىنىڭ دامادىم داغ دىلنى تازا ئەيلەرسەن،
خىيالىڭ ئاتەشىغە ھەر زامانى ئۇستخۋان ئورتەر.
دامادەم تازا ئەيلەر لەززەت ۋەسلىڭ خىيالىمنى،
ۋەگەر ئەپشان زار ئەيلەر دىسەم كام زابان ئورتەر.
تەئەللۇق تۇرپە بىجاسىل كى مەقسۇدنىڭ ھىجابىدۇر،
مۇقام مەنزىلىن سوزلەر زامانى كارۋان ئورتەر.
ئەگەر مەشۇق بى مېھر بولسا ئاشىقتىن ۋە پالازغا،
كورۇڭ پەرھات ـ شىرىن قىسسەسىدىن داستان ئورتەر.
مەنەن مەجنۇن كەبى ئورتەنىب ئەخگىر بولاي دەرمەن،
كورۇپ لەيلىۋەشىمنى ئاشكارا ۋە نىھان ئورتەر.
پىرىشان بولما ئەي قارى زۇلفىدىن ھەريانە سەرگەردان،
باشىڭ ئاستانىگە فىرش ئەيلىگىل ھەرچەند جان ئورتەر.

× ×

نچۇك دەي خوپلىقنى جەننەت ئىچرە بىر نىھالىدۇر،
ھەسەد ئەندىشىسى بولماڭ ھەق ئاڭا بەرگەن كامالىدۇر.
تىل ئىتاپىڭكى ئەي شوخ بى پەرۋا دەرىخ ئەتمە،
توكەر شىرىن لىبىدىن تۇتىلار شىرىن ماقالىدۇر.
ئەلفتەك جان ئارا قامەتلارى ئوشاق كوكۇللەردە،
بۇ ھەم ئول شوخۋەشىنىڭ ھوسۇن بابىدە كامالىدۇر.
مۇسەففادۇر يۈزى ئاينەئى كەتتى ناما بىلدىم،
پەرى پوشلار ئوزىن كورمەك ئۇچۇن مىرات ئالىدۇر.
خىيال ئەتتىم فەلەك خورشىد مەغرۇپىدىن تولۇئ ئەتمىش،
قىيامەت ماجراسى خەلق ئاغزىدە سوئالىدۇر.
ئەزەل نەققاش سورەت باغلاغان مانى ئىبرۇر ئاجىز،
تەجەللى پىر تويىدىن جەزىپ ئىتەر ساھىب جامالىدۇر.

مسال ئابىتاب خاۋىرى ھەر يانە سەيىر ئەيلەر،
كۆرۈپ قارى خىيال ئەتتى كى بىر جەننەت نىھالىدۇر.

× ×

مالامەت تاشى بىرلە سەربەسەر جىسمىم جاراھەتدۇر،
ۋەگەر سەبىر ئەيلەسەم بۇ زەخمىلەر جانىمغە ئاپەتدۇر.
مالامەت موستاپانى رەتبەئى ئەللاغا يەتكۈزدى،
تەھەممۇل باغىدە سەرسەبىز بول ياخشى كارامەتتۇر.
مالامەت تىشەسى بەرباد بەردى جانى شىرىننى،
ئوقۇبەت بىلمىگەي ئوشاق گويا خۇش فاراغەتتۇر.
فەلەك باشىڭگە ياغدۇرسا مالامەت تاشىنى ھەردەم،
خىجالەت تىرىگە غەرقاب بولغانغا تاھارەتتۇر.
جاھان ئايىۋانىدە بى داغ كۆلپەت بولمىدىم ھەرگىز،
مالامەت خەنجىرى ھەر يەردە بولسا جانغا ئاپەتتۇر.
غەمۇشاد جاھاندىن رەنجى كوردۇك بولما ئازىردە،
مالامەت قايدا بولسا ئاخىرى ئاڭا سالامەتتۇر.
مۇھەببەت بارى بىرلە قامىتىڭ خەم بولدى ئەي قارى،
ھازاران شۈكىر قىلغىل بەندىگە ھەقتىن ئىنايەتتۇر.

× ×

## مۇخەممەس قارىيە بىر غەزەل مەشرەب

كىلىپ مەن بىر قەلەندەر ئەنجىمىن ئاراغە سىغمىمدۇر،
يىتىپ دەستىمگە دولەت ـ مۈلكەت داراغە سىغمىمدۇر،
نەسىھەت قىلمە زاھىد مەست مەن ئىبراغە سىغمىمدۇر،

www.uyghurkitap.com

ئەجەب مەجنۇندۇرمەن ھەر دەشت ۋە ھەر سەھراغە سىغمەمدۇر،
دىلىم دەريايى نۇردۇر مەۋج ئۇرۇب دۇنياغە سىغمەمدۇر.

فەنا مۇلكىدە ئاتەشخانە بولدۇم چىقتى تەندىن دۇد،
بەقاسى مەنزىلىدە ھادى راھىم بولۇپ مەئبۇد،
چىقاردىم غەيرىنى ھەق بەردى ماڭا جۇملەئى مەقسۇد،
شەرىئەت ھەم تەرىقەت ھەم ھەقىقەت مەندەدۇر مەۋجۇد،
چىنان سۇلتان ئەزىمدۇرمەن ئەرشى ئەلاغە سىغمەمدۇر.

بىرىپ شاھ مىگەر باشىم ئۇزرە ئىشقىدىن تاجىم،
كوزۇم ئۇممانى ئىچرە جۇش ئۇرارمەن كورگىل مۇۋاجىم،
تالاق ئەيلەب جاھان مالىنى گەرچەند ئەتتى ئەزۋاجىم،
خىلىل ئاسا بۇ يولدە ئاتەش نەمرۇدۇ مىئراجىم،
ھاماندۇر ھەقىقەتدۇركى ھەر دەرياغە سىغمەمدۇر.

يېتىپ مەن دام ئاپپاق ئالەم ياخشى رەھبەرگە،
قەلەم يازدى شاھادەت نامەسىن روزى مەقدەرگە،
ئىچىپ جام ئەجەلدىن تا قوشولدۇم ئالى ھەيدەرگە،
رىزا مۇلكىدە مەن ھەلقىمنى تۇتتۇم تىغى ئەكبەرگە،
تەرىقەت ھاجىسىدۇرمەنكى بەيتۇللاغە سىغمەمدۇر.

ئىچىپ دەريايى غەمدىن جۇملە دەردىگە ئاشنادۇرمەن،
فانا سەھراسىدە باش ئويناغان ئەھلى رىزادۇرمەن،
قىلىپ تەسلىم ئۇزىنى ھەقنى ئىزلاغان بىناۋادۇرمەن،
گاھى بولسا پىقىرمەن، گاھى شاھمەن، گاھى گادايدۇرمەن،
ئەجەپ دىۋانەمەن ئۇشۇل مەئشەرگاغە سىغمەمدۇر.

خىيال خوپتەك دۇنيادە يۇردۇم تۇرفە مەۋجۇدمەن،
كويۇپ ئاھ جىگەر بولۇپ سۇرەت ئارا مانەندەئى دۇرسەن.
تەلەپ يولدە ئازغان قولغا ئالماي ھىچ مەقسۇدمەن،
مەقام ھەيرەت ئىچىدە گاھى خۇد مەن گاھى بىخۇدمەن،
جۇنۇن بازارىدە مەسمەن كى ئىستىغناغە سىغمىمدۇر.

ئۆزىدىن بىخەبەر سەرمەست مەجنۇنلار ئارا شاھى،
چىكەرمەن لەيلىنىڭ داغى بىلە يۈز نالەئى ئاھى،
بولۇپ مۇستەغرەق ئىشق ئۆزىمە ھىچ بولمىدىم ئاگاھى،
گاھى ئۆرۈس، گاھى چىركاس، گاھى مومىندۇرمەن گاھى،
نىگە "ۋەلا" يەنى مىيان "لاۋەلا ئىلاھ" غە سىغمىمدۇر.

ھىدايەت مەخزۇنىدىن تەلەپكان زەررىگىدۇرمەن،
ئەزىلىنىڭ مۇخلىسى بىچارەئى خاك دەرىگىدۇرمەن،
خىجالەت ئىچرە قارى يولدە قالغان ئەتبىرىگىدۇرمەن،
مۇدام مىسكىندۇرمەن لېكىن غۇلام مەشرىبىگىدۇرمەن،
مېنى بىچارە بۇ دۇنيا بىلەن ئۇقباغە سىغمىمدۇر.

× ×

تۈن ئاخشام نالە قىلسام بۇلبۇل پەرۋانىنى ئۆرتەر،
ئۆزەمدەك مۇپتىلائى ئىشق كوپ سوزانىنى ئۆرتەر.
مالامەت تىشەسى بىر سارى، تەككەن تاشى بىر سارى،
نەيىستاندىن چىقىپ ئوت مەجنۇن فەرزانىنى ئۆرتەر.
سەراسەر غەم بىلەن ئاغۇشتە بولغان سورما ئەھۋالىم،
ئەگەر ئىزھار قىلسام ئاقىل ۋە دىۋانىنى ئۆرتەر.
خۇمارىم ھەددىدىن ئاشتى ئىلتىپاتىڭ يارى قىل ساقى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

جۇنۇنۇم زوردىن ئوت تۇشسە بۇ مەيخانىنى ئورتەر.
مېنىڭ ھالىمغە رەھىم ئەتسەڭ نە بولغاي خوبلار شاھى،
پۇغانىم كويدۇرۇر ھۇشيار ھەم مەستانىنى ئورتەر.
تارتىپ مەي قەترەسىن سالدى تاناپ ئىشق بوينىغە،
"ئەلەلھەق" شىشەسىنى سىندۇرۇپ پەيمانىنى ئورتەر.
كىرەم بابىغە كەلگەن بولماسۇن نائۇمىت سۇلتانىم،
غېرىپلەر ئاھىدىن ئالەم كويۇپ كاشانەنى ئورتەر.
تۇگەمەس قىسسەلەردۇر ئىشقىدىن ماتەمسىرى قارى،
كويۇپ باشىدىن ئاياغىنىڭ دەفتەر ئەپسانىنى ئورتەر.

× ×

سىپا لاپىن ئورۇپ ئاينە روخسارىغە ھەيراندۇر،
مۇئەتتەر ئەيلەگەن ئالەمنىڭ زۇلپى سۇنبۇلىستاندۇر.
ئەزەل نەققاشى سۇرەت باغلاغان بىلمەدىم نىچۇك جانسەن،
پەرى، يا ھور، يا رىزۋان گۇلى دۇنياغا مىھماندۇر.
بى گوفتارە كەلگەچ گەرىم بولدى قەندى بازارى،
تەكەللۇم تاپتى تۇتى ئەندەلىب باغ خەنداندۇر.
ھايات جاۋداندۇر تاپسە بويى مىشك قامىدىن،
ئەگەرچەندى گەر ئوشاق ئىلى ئالىمغە سۇلتاندۇر.
خوشا خەنداندىن باشىمغە يۇز سودا تەمەنناسى،
تۇشۇپ شورىدە خەشاك ئۇستىگە گوياكى سوزاندۇر.
ئەلفتەك جان ئارا قامەت خىيالى دال ئارا ساكىن،
تومۇچ بەرمەسۇن كوزلەر نىسارىغە دەرەفشاندۇر.
نازاكەتلىك گۇلىستان خارىمىدىن خوشە چىن ئولدى،
يېتىپ نىشوئەنەما قارىگە خوبلاردىن بىر ئىھساندۇر.

## مۇخەممەس قارى بىر غەزەل مەشرەب

ناله قىلساڭ چۈن زىلەيخا تەن ئارا جان ئورتەنۇر،
شوق زور ئەتكەندە تەخت ئۈستىدە سۇلتان ئورتەنۇر.
ئىشانى ۋە هورمەت بىلە بۇ جىسمىم لەرزان ئورتەنۇر،
ئىشق چۈن هەر دىلغە تۈشسە ئەۋلى جان ئورتەنۇر،
ئاه مەجنۇندىن هەممە كوهى بايابان ئورتەنۇر.

ئاقىبەت مەهمۇدى قىلدى ئول مەهەممەتنى خۇدا،
دولەت ئىقبال تاجىن قويدى باشىگە خۇدا،
ساهب تەخت لەۋا قىلسام دىدى ئېنى خۇدا،
هەزرىتى ئادەمغە بەردى نۇرى ئەهمەدنى خۇدا،
رەشكىدىن تاقەت قىلالماس مۇندە شەيتان ئورتەنۇر.

مەردى هەق بولماغۇنچە ئالى هىممەت بولماغاي،
دىلدە سادىق بولماغۇنچە ئالى هىممەت بولماغاي،
تار پەندارىنى ئۇزمەي ئالى هىممەت بولماغاي،
..................................................
تەختى بىلقىسنى كوتەرغۇنچە سۇلايمان ئورتەنۇر.

بارچىدىن كام ماسىۋا ئەيلەر يېتىشكەن سوگرە ئىشق،
يار هىجرىدە نەۋا ئەيلەر يېتىشكەن سوگرە ئىشق،
دەردىگە زىكرىن دەۋا ئەيلەر يېتىشكەن سوگرە ئىشق،
كوهلەرنى سەرگىران ئەيلەر يېتىشكەن سوگرە ئىشق،
بۆيىنغە زۇننارى تاقىان شەيخ سەنئان ئورتەنۇر.

www.uyghurkitap.com

شام غەم ئىچرە كىرىب سۇبھىن ئۈمىد ئەتمەك كېرەك،
راھ ئۇقباغە فەنا مۇلكىن ئۈمىد ئەتمەك كېرەك،
مەقسىدىڭ قارى كالامدىن ئۈمىد ئەتمەك كېرەك،
نائۈمىدلىك كۇفرىدۇر مەشرەب ئۈمىد ئەتمەك كېرەك،
كى ئۈمىدىن ئۈزدى ھەقدىن جان ۋە ئىمان ئورتەنۇر.

## مۇخەممەس قارى بىر غەزەل نەۋايى

مۇھەببەتنىڭ تۈنۈرى جىسىم زارىمنى كاباب ئەيلەر،
كوزۇم قانى بايابان تاشلارنى لەئىل ناب ئەيلەر،
تىنىم ئەشجارىنى ئىشقىڭ گىياھى پىچتاب ئەيلەر،
كوكۇل كوزلەر يولىن تۇتماققا ھىجرىڭدە شىتاب ئەيلەر،
بىرىن تۇتقۇنچە بىرنى سىل ئالەمنى خاراپ ئەيلەر.

ئىچۇردۇڭ غەم شارابىدىن ماڭا ھىجران ئاياغىدا،
كۇزۇڭ خۇمار ئىتىپ ئالەمنى قويدۇڭ دەردى داغىدا،
ئىشتكەيمۇ كالامى روھ پەرۋەر جان قۇلاغىدا،
قازا تەشبىيە ئىتارغا ئارزۇڭنى چەرغ باغىدا،
ئەگەرچە ئوخشىماس بىر ئىككى گۇلنى ئىنتىخاب ئەيلەر.

قارا كوزلەر ئاقاردى چۇ رۇشنى زىبانىڭ يادىدىن،
جىگەر قانى توكۇلدى غەم بىلە كوزنىڭ دوۋاتىدىن،
ئىچىلماي ۋاژگۇن بەختىم كويۇپ فۇرقەتنىڭ تابىدىن،
ئۇل ئاي ھىجرى شىكەنجىدە تاناپ زۇلپى يادىدىن،
نەلەك ئۇزدۇردى ھەنجارى بىلە جىسمىمنى تاب ئەيلەر.

مورەتتەب ئەيلەگەن ئۇستادى ئشقى ئۇنسۇرى بىرلە،
ئېلىپ قولغا ئاسا باغلاپ كەمەر غەممەت قۇرى بىرلە،
فەنا سەھراسىغا قىلدىم زىرائەت كوز دۇرى بىرلە،
كوكارتۇرگەن مۇھەببەت دەشتىن ئەشكىم يامغۇرى بىرلە،
ھەر ئاھىم دۇددىن كوك بىر باھار ئاسا سىماب ئەيلەر.

ئشتكەن ئەردى روھىم جان قولاغىدە سۇئالىدىن،
تۇشۇپ يۇز شۇرى غوغا زوق ئىلە شىرىن ماقالىدىن،
يىتىپ سەرگەشتىلىكلەر باشىغا ئۇمىت ۋىسالىدىن،
كوتەر ئەي ھورۋەش ساقى مەي كەۋسەر زىلالىدىن،
كى دور زىخدەك خۇمارى ھىجرى جانىمغا ئازاب ئەيلەر.

شاراب سەبىر ئچەرمەن زەئىب ھىجرانىنىڭ داۋاسىدۇر،
قەيەردە دەرتكەشلەر دەردلىكلەر ئاشناسىدۇر،
مىنىڭدەك زارىلارغا ئشق ئاسارى غىزاسىدۇر،
مەي ئچرە غەرق بولدۇم تاباشىمدە مەي ھاۋاسىدۇر،
قىنى رەمىز كى مەي ئچرە تاماشايى ھىساب ئەيلەر.

تەلەبتە دىدەدىن دەريا توكۇب بۇلبۇل ناۋا ئەتسە،
رىزا گەنجىن تاپىپ ۋەيرانەئى كوڭلىدە جا ئەتسە،
كىرىپ مەيخانىغە بىر جام مەي بىرلە سەپا ئەتسە،
ئىدۇر كاسىب ھەبىب ئاللا ئەگەر كىسىپ پانا ئەتسە،
يوق ئولە كاسىب كى دۇنيا مال جاھىن ئەكساب ئەيلەر.

فەلەك رەفتارىدەك ئىقبال سەتەم بار بىر بەرمەس،
جاھان ئوتخانىسى ئاھ سەھەر يەڭلىغ شەرىر بەرمەس،
ئەگەرچە نالە قىلغان بىرلە قارىگە شەكەر بەرمەس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ناۋايى ئۇل كوز لەبىنىڭ خارابىدۇر ئەجەب ئەرمەس،
ئەگەر مەست ئۇلغالى ھەردەم ھاۋايى لەئلى ناب ئەيلەر.

× ×

## مۇخەممەس قارى بىر غەزەل زەلىلى

شەمئى جامالىن ئىزلەگان ئاشىق دىلپەكار ئۆتەر،
دىدەنى قانغە تولدۇرۇپ يولدە ئەبشار ئۆتەر،
جانۇ جاھانغا ئوت سالىب ناز ئىلە گۇلئۇزار ئۆتەر،
گۇل ئاچىلۇر چىمەن-چىمەن، باغ ئىچىدە باھار ئۆتەر،
ئۇيقۇنى كوزگە قىل ھارام ئەيىن سەھەردە يار ئۆتەر.

ئابرۇي ناز خەنجەرىن چەككىلى قىلمە ئىختىيار،
مەھزۇن دىلىدە ساخلاغان دۇرلارىم ئەيلەيىن نىسار،
تەگدى شەرار ئىشقىدىن جىسمى مەي ئەتتى خوشكۇار،
باردى كويۇڭ سارى بىر نەفەسدە بىقارار،
ياندى يۈزۈڭ كورەلمايىن تابىكى ئىنتىزار ئۆتەر.

گەرچە يولۇڭدە مەن كەبى ئاشىقى زار بىسەدىد،
بەرمىدى يىغلاغان بىلە تالئى ۋاژگۇن مەدىد،
زاھىد ئەھلى ئىشقى يولىغە كىرگەن ئەسلى بىخەرىد،
بى ئەدەپكە تەنە ئەيلەسە ئەگەر سوزۇم غەرىد،
تىغ زابان ئاگا كورۇڭ چۇن دەم زۇلپىقار ئۆتەر.

راھى پاناغە يوزلىنىب خاك ئۇل ئاستانە بول،
سەك مالامەت ئۇرغالى ئەل ئىچىدە نىشانە بول،

مەجنۇن خاكسارىدەك دەھردە بىر فىسانە بول،
دەيىر سارىغە قوي قەدەم مەست مەي مۇغانە بول،
خىزىر سۈيىنى ئىستەمە تاپقۇچە روزگار ئوتەر.

بەخت سىياھىم كورۈك، كۈن - كۈندىن بۇلۇپ زەبۇن،
كويدۈرۈپ ئوت شەرارىسى كۈندۈزى كىچەدىن فۇزۇن،
ھەر سۈپەتلەر ئىشقىدىن قارىنىڭ باغرى بولدى خۇن،
داغى قاناتماغىل يۈزىن تەلبە زەلىلى سەن بۇگۈن،
جام جۇنۇن تۇتار ئۇچۇن لالەئى كاسەدار ئوتەر.

## مۇخەممەس قارى بىر غەزەل زەلىلى

مەستى - مەجنۇنۋار لەيلۋەشكە دەريا جۇشلار،
چۇن ئەلى جان ئىچرە جا ئەبلاب بارۇر خامۇشلار،
باش كوتەرمەس پاك - رەھلەت دىن ئىشتىماي گوشتلار،
تا كۈزۈمگە جلۋەگەردۇر قامىتى بەردۇشلار،
ئافىرىن دەر تاقىتىمگە مەردەمى باھۇشلار.

لالەدەك سەھرادە ئاچىلغان كەبى كوكسۇمدە داغ،
نۇش قىلغانمەن مۇھەببەت شەربىتىدىن بىر ئاياغ،
تا ھاياتىم بارۇ ۋەسلى راھىدىن قىلغۇم سوراغ،
نالەدىن بۇلبۇل پەرىشان، جىلۋەرىدىن تاۋۇس باغ،
ئورتەنۇر سەھەر چىمەندە بەرقى كەلگۇن پوشلار.

خوپ غەپلەتتىن كوز ئاچماي گۈلئۈزارى سولمىدى،
ئەبرى ئىھساندىن توكۇلمەي باغ دىل سەبىز ئولمىدى،
بار مىھنەتتىن كوتەرمەي قامىتى خەم بولمىدى،

www.uyghurkitap.com

هايۇ-ھوي شول كىچە مەيخانىدىن كەم بولمىدى،
بىر تەرەپ پەرى مۇغان، بىر تەرەپ مەي نۇشلار.

سايە ئاسا ئەرگەشىپ خورشىدىگە لەيلى نىھار،
زۇلفۇدەك پابوسلىك قىلماق ئۈچۈن دىل بىقارار،
دىدەدىن دەريا توكۇلگەن نەقىل ئۇمىد ئابشار،
غۇنچەئى كوكلۇمنى كەلكۈن ئەيلەدى پەسلى باھار،
ھەرسەھەر پەيزى نەسىم سۇبھىدىن ئاغۇشلار.

ھېچ ۋەھىم ئەتمەي بۇ سەھراخارىغە قويغىل قەدەم،
خوبلار زۇلمى ئەيلەر ئول ئاخىرى لۇتپى كەرەم،
قارىيا باغ مۇھەببەت مىۋىسى بولماي ئەدەم،
ئەي زەلىلى پەردەئى جان ئىچرە پىنھان ئەردى غەم،
ئاشكار ئەيلەدى بىھۇدە ئاغزى بوشلار.

## مۇخەممەس قارى بىر غەزەل فۇزۇلى

كوزۇم خۇنابەسى ئول خەستە ھەيران ئەتكىنىمدىندۇر،
جىگەر چاك ئۇلماغى تىغىغا قوربان ئەتكىنىمدىندۇر،
دەمادەم چەشمە گەريان دۇد چىرمان ئەتكىنىمدىندۇر،
پىرىشان خەلقى ئالەم ئاھ ئەپغان ئەتكىنىمدىندۇر،
پىرىشان بولمۇغۇم خۇلقى پىرىشان ئەتكىنىمدىندۇر.

قوبۇل ئەتكەن بالا بارىن جازاسى قەددى "نۇن" ئۇلماق،
زىياد ئەيلەپ غەم ئەندىش ئەھۋالى زەبۇن ئۇلماق،
خەيان لالە رەغ ئەندىشە سەندىن باغرى خۇن ئۇلماق،
دىل زارىمدە دەردى ئىشق كۈنگۈندىن فۇزۇلى ئۇلماق،
تەن بى دەردە تەدبىر ئىلە دەرمان ئەتكىنىمدىندۇر.

مېنى سالدى پىرى پوش ئىشقى ھەردەم ئوزگە ئەھۋالە،
توكەرمەن دىدەدىن خۇنابەلەر مانەندەئى ژالە،
گۇل رۇخسارى ھەم بىماردىن دوشىدەم بۇ ئەھۋالە،
كوزۇم كىم باغرىم مېنىڭ قانىن توكەر پەركالە-پەركالە،
دەمادەم ئارزوي لەئىل جانان ئەتكىنىمدىندۇر.

قىزىل قان ئولدى لەئىل نابى ئەكسىدىن ياشلار،
قىلىچلەردىن دىمە خۇنرىز بۇلغاندۇر قارا قاشلار،
مالامەت تاشى كوپ مەجرۇھ قىلدى سەرگەردان باشلار،
دىگىل بىھۇدەكى ياغسە پەلەكتىن باشىمە تاشلار،
بىناسىن تىشەئى ئاھىم بىلە ۋەيران ئەتكىنىمدىندۇر.

ئەلەمدىن ئىختىيارىم ئالغىلى جەبىر ئىدى بىلسەمدىم،
پېرىشان بولمىغاندىم قۇش كەبى سەيد ئىدى بىلسەمدىم،
تەمەننا قىلماغايدىم مۇرغەدىل قەيد ئىدى بىلسەمدىم،
قاچان رەسۋا بولاردىم قان يۇتۇپ سەبىر ئىدى بىلسەمدىم،
مالامەت چەكتىمكى بىھۇدە ئەپغان ئەتكىنىمدىندۇر.

مىراد ئاشىق مىسكىن ئىرۇر ئى يار قىرىب ئولمەك،
بولۇپتۇر رەسمى مەشۇق ئارقەسىدىن بىر رەقىب بولماق،
تەمەننا ۋەسل ئەمما فىراقىندە غىرىب بولماق،
خاتاسىدىن دىگىل جىسمىم ئوقۇۋدىن بى نەسىب بولماق،
ھىساب ئەشك كەلكۇن ئىچىدە پىنھان ئەتكىنىمدىندۇر.

قارا بەختىم سەمەندى دەك يەتمەيدۇر مېنىڭ ئاھىم،
يولۇمنى ئاچمادى ئاھ سەھەردىن قىلىپ گۇمراھىم،
مېنى قارى كىتاپ ھوسنى ئىشقى ھادى راھىم،

فۇزۇلى ئىختىلات مەردەم ئالەمدىن ئىكراھىم،
پەرى پوشلەر خىيالىن مونس جان ئەتكىنىمدىندۇر.

× ×

قەسىق پايامى بىرلە كوڭلۇم قارا بولماس،
ھىجران غېمىدىن ئۆزگە ھىچ ماڭا يار بولماس.
مەن كىچەلەردە يىغلاپ گاھىدە سەير ـ سەھرا،
ئىشقى ئوتىغە يانغان ئاندا قارار بولماس.
روز ئەلىست ئەردى پەيمان ئەھدە بولغان،
لەيلىنىڭ يادى بىرلە مەجنۇندە ئار بولماس.
يادەك ئىگىلدى قامەت، "نۇن" دەك ئاياغىغە چۈشتۇم،
ھوسنۇڭ كورەرگە مەندەك بىر ئىنتىزار بولماس.
خەلق ئەيلەدى تاماشا ئايىنەئى جامالىڭ،
ئەغيارلارنى كوردۇم پەرۋانەۋار بولماس.
ئايدەك تولۇپ جامالىڭ، ھەق بەرمىسۇن زاۋالىڭ،
سىنەڭدەك مالامەت ئىچرە بۇ گۇلئۇزار بولماس.
ناز ئۇيقۇسىغە ئوخشاب دايىم خومار كوزى،
قارى كەبى كورەي دەپ دۇنيادە زار بولماس.

× ×

ئاپتاپ ھوسنى ئالەمنى گىرىپتار ئەيلەمىش،
يارنىڭ ئەغيارى ئۈچۈن سوزەندەئى نار ئەيلەمىش،
ئىشقى كامىل بولسە مەئشۇقنى سەرگەردان قىلۇر،

يوسۇب كەنئاندەك مىسرنى بازار ئەيلەمىش.
دايىما ۋەسلى خىيالىدە ناۋا سازەندەدۇر،
زۇلپى تارى بىلەن جان رىشتەسىن يار ئەيلەمىش.
كوھى دەشت ئاۋارىسى ۋەھشى يىتۇر ھەمىزەبان،
لەيلەئى بىچارىنى سەھرادە ئازار ئەيلەمىش.
دايىمى ئىستىغنا بىلەن سوزەندىسىغە باقماغاي،
سوھبىتى ئەغيارى ئىلە جانبازنى زار ئەيلەمىش.
كويماگۇنچە تا ماجازى دە ھەقىقەت تاپماغاي،
سۇبھىنى ئاۋەل چىقارىب شەمئى ئەنۋار ئەيلەمىش.
ھەق ئۇزى تا بەرمىسە تەۋپىق تاپماس ھىچكىشى،
گەر خۇدا خوشنۇدى بولسا ياخشى گەردار ئەيلەمىش.
فىقىر مولكىن خاددىمغە ئەرگىشىپ قەتمىردەك،
قارى ئۇلار ھورمەتى يوقكىم سىنى خار ئەيلەمىش.

× ×

رەنجى مىھنەت شەررىرى ئەيلادى سوزان رەقاس،
ھىجرى شامىدە بولۇپ دىدەئى گىريان رەقاس.
ئىختىيار ئالدى بولۇپ ئىقىل باشىمدىن زايىل،
قىلدى ئاينە كەبى ھوسنىگە ھەيران رەقاس.
گۇلى رۇخسارىنى ئاچىب بۇلبۇل شەيدا ئەيلەپ،
كويدۇرۇپ جانى-جاھانى ئەيلەدى ئەپغان رەقاس.
گاھى ناز ئىلە تەغاپىل، گاھى لوتپ ئىلە باقىب،
شىۋەئى چىنى-چىن ئابرۇ مىژگان رەقاس.
لەشكىرى غەم بىرلە ئەقلىم ۋۇجۇد ئالماق ئۇچۇن،
چىت-چالاك خەنجىرى سۇلتان رەقاس.
ھوسنى سۇلتانىغە پەرۋانەچى پەرۋانە بولۇپ،

شەمئى ئەتراپىدە سەرمەست پەرى ئەفشان رەقاس.
كامى جانغە يەتشمەي مەي ۋەسلىدىن ئىنى،
ئاتەشى ھىجرىدە سوزان سىپەندان رەقاس.
گۈلى روخسارىغە بىر گۈلخانى دىۋانە بولۇپ،
چەرخ ئۇرۇپ نالە قىلىپ گەردى گۈلىستان رەقاس.
ئۆمرى باغىغە يېتىپ بادى فەنادىن بىرى،
تەگدى ناگاھ بولۇپ قارشى قىران نەقاس.

× ×

ئەيلەيىن ھالى - دىلىمنى ماھى كەنئانىمغە ئەرز،
كوز ئۇچى بىرلە قىلۇر لوتپى پاراۋانىمغە ئەرز.
مەستى بى پەرۋا قويۇپ داغ ئۈستىغە يۈز داغىنى،
ئوت سېلىپ ياندۇردى گويا بەيتولئەھزانىمغە ئەرز.
سۆھەن دىلدا بەرق ئاسا ھەر تەرەپ جولان قىلىپ،
رەخشى مىنگەن، تىغ ئالغان كويىي چوكانىمغە ئەرز.
شەكەرىستان بولسە بازارى مۇھەببەت يوق ئەجەپ،
كى دۇئاگويلار سارى قىلغاندە ئىھسانىمغە ئەرز.
باغ قۇردى، سەرۋى سۈندى، پايىۋ-سەر ئىتماق ئۈچۈن،
بۇلبۇلى نالان بولۇپ بىر غۇنچە خەندانىمغە ئەرز.
بىر تەبەسسۇم بىرلە ئالەمنى مۇنەۋۋەر ئەيلەگەن،
زۇلمەت كوڭلۇمنى قىلغان دۇرى چىراغىمغە ئەرز.
كەمتەرىن بەندەپەرۋەرمەن دۇئاگۇيى قەدەم،
شاھى ئالەمگەر ئىھسان بەخش سۇلتانىمغە ئەرز.
ئاستانىنىڭ خاكى بولسام دىدىم ئۈستىغە قەدەم،
قويىسا شاھىد جان بېغشلار ئابى جۇۋانىمغە ئەرز.
بىر غۇلام بى دەردىم گويا ئاياز ئەيلەب ئۆزىن،
خىزمەت مەھمۇد قارى بولسا قىرانىمغە ئەرز.

× ×

كوزده ياشلىق بولماسا بۇ نالەئى زارلىق غەلەت،
جان ئىسارلىق بولماسا بۇ سوز ـ گۇپتارلىق غەلەت.
ئىشق بازاردده يۇسۇپتەك ئوزەڭنى ساتماساڭ،
دىلدە سادىق بولماغۇنچە تىلدە ئىقرارلىق غەلەت.
خىرقەئى سۇجادە تاشلاپ خوكبازلىغ قىلماساڭ،
شەيخ سەنئان سورىتى بويىنۇڭدە زۇننارلىق غەلەت.
ھەم كولا ۋە ژەندە ئەڭلىڭدە بۇ دۇنيا قويماساڭ،
باغلاغان سەڭگى قانائەت بەلدە چىلتارلىق غەلەت.
يەتمىسە جانىڭ مۇشامىغە تەرىقەت بابىدىن،
ھەلقە ئىچرە كورمىگەن ئۇيقۇدە ئەسرارلىق غەلەت.
مەرد ھەق يولدە يۇرمەي خودنەمالىق ئەيلەگەن،
ئوتكەزىب بەھۇدىلىكتە چەككەن ئازارلىق غەلەت.
شوھرەتىم ئالەمنى تۇتسۇن دەپ بىرۇرسەن نان ۋە ئاش،
ئەزبىرايى ھەق دىبان قىلغان ساخاۋاتلىق غەلەت.
خىرقەئى پوشمىنە ئوستۇڭدە ئىلىپ رەڭگىن ئاسا،
نىيەتىڭ سۇننەت ئەمەس باشڭدا دەستارلىق غەلەت.
دايىما قارى تىلاۋەت ئەيلەدىڭ دۇنيا ئۇچۇن،
گەر خۇدا لوتپ ئەتمىسە بۇ جۇملە گەدارلىق غەلەت.

× ×

مەست پىباكانە ئاتلانىب كوكسۇمغە داغ،
سالدى ئاما تەشنەلەب قالدىم ماڭا سۇنماس ئاياغ.
رەشكىدىن تىترەر تىنىم ھەر دەم كورۇپ رۇخسارىنى،
خال پىلمان ئولتۇرۇر گۇل ئۇستىدە مانەندە زاغ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەي سەنۇبەر سەبرى قىل گۇلدىن نەسىمى يەتكۈرۈر،
ھەرسەھەر بادى سابادىن چۇن مۇئەتتەردۇر دىماغ.
كامجان لەززەت قالۇر شىرىن لىبىدىن ھەر زامان،
تەشنەلەر كامىغە ئول، فەرھاد قازغاندۇر بەلاغ.
دۇرى دۇردانى ئوتۇپ مەجنۇنى سەھرا گەردىنى،
چەرخ بازار جۇنۇن ئىچرە سالىب كوكسۇمگە داغ.
خارىدەك گۇل ئاستانىدە داۋامەت باش قويۇپ،
ئىستىقامەت ئەيلەگىل شايىدكى يانسە بۇ چىراغ.
كارۋانلار كەتتى ئەمما يول خەتەر بارىلىك گىران،
چىست ـ چاك بول جوس ئاۋازى بولماسدىن ئۇزاغ.
گەريە بىرلە كوز ئاچىب ھەسرەت بىلە ئاخىر كىتىپ،
قايىسى بۇلبۇل سىنەسىن كورسەڭ بولۇپتۇر داغ ـ داغ.
دانەدەك تۇپراققا باش قوي سەبزە بولسۇن باغ ئىشق،
يىغلا ئوز ھالىڭگە قارى يىغلاماق چاغى بۇ چاغ.

× ×

ئىشقدىن تىرى بالا باشىمغا بوران ھەرتەرەب،
جويىلار سەڭگى مالامەت زەخمىدىن قان ھەرتەرەپ.
ئەقد شەبنەمدۇر ۋەيا كىم تىرىلمىش رۇخسارىسى،
سۇبھى ئوزرە دانە ـ دانە دۇررى غەلتان ھەرتەرەب.
كىردى بازار جۇنۇن ئىچرە مەگەر سوداسى بار،
باشىدە يۇز شۇرى غەۋغا خانە ۋەيران ھەرتەرەب.
دىدى ئومرىغە بارابەر زۇلمتى روشەن چىراغ،
دىل مۇسەپپا ئەيلەگەنگە يوپىستان ھەرتەرەب.
ئەختەر بەختى سائادەت مەندىلەرغە ئاپتاب،
بى مىزەر كوزلارىغە تا رىگىتان ھەرتەرەب.

١

يەتكۈزۈپ بادى سەبا بىرماھى تەلئەت مىژدەسىن،
زەررىلەر بولدى مەگەر خورشىدى تابان ھەرتەرەپ.
جان بېغىشلار مەردەلەرگە ھەرزامان چۈشكەن شەرىر،
ئۈستىغە گويا توكۇلدى ئابى ھەيۋان ھەر تەرەپ.
كىم قانائەت پىشە گەرچە بەيتىل ئەھزان خانەسى،
شۈكرىدىن سەبىز بولغۇسى گويا گۈلىستان ھەرتەرەپ.
غارەتى دۇنيا ئۈچۈن سۇرەت تۈزەپ مىسلى گادا،
خارىلىك بورانى گەر چۈن غەرق توپان ھەرتەرەپ.
ئاقلى دانا ئىلىب زاھىد ئىلى سەرگەشتىكىم،
بى ئىسايى ئىشقى ئەئمەر يولىدىن ئازغان ھەرتەرەپ.
قارى ئىستەغناغە بەند ئەتتى پەرىشان خاتىرىن،
گەنج بىپايان بولۇپ نىمەت پاراۋان ھەر تەرەپ.

× ×

كوزلارى چىراغان بىر تەرەپ،
نەقلى گۈلىستان بىر تەرەپ.
كىبىك خارامان بىر تەرەپ،
خىيلى غىزالان بىر تەرەپ.

كاكۇل پېرىشانلار ھەممە،
سەيرۇ - سەير باغ ئولۇب،
لەئىل شىكەر بارىن قىلىب،
چۈن غۇنچە خەندان بىر تەرەپ.

مەجنۇنى رەسۋا بىر تەرەپ،
پەرھادى شەيدا بىر تەرەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

لەيلى نازانى بىر تەرەب،
شىرىن سۇخەندان بىر تەرەب.

خۇنرىز خەندان قاشلارى،
سۇمبۇل پەرىشان ساچلارى،
بولسۇن سالامەت باشلارى،
بىر جەمئى خوبان بىر تەرەب.

نەقىل مالامەت ئۇزلارى،
دەرفاش ئەيلەر سوزلارى،
نەقش ئالماسىكىن يۈزلارى،
باغ ئىچرە جەۋلان بىر تەرەب.

تۇتى شەكەر ئەپشان بولۇپ،
شىرىن قىلىپ ئەل كايىنى.
چۇن بۇلبۇل خۇشخان بولۇپ،
بۇ نەچچە جانان بىر تەرەب.

ھورى - جىبىنلار بىر تەرەب،
شىكەر زابانلار بىر تەرەب،
غۇلمان سۇپەتلەر بىر تەرەب،
قارى غەزەلخان بىر تەرەب.

× ×

ئەجەپ دىۋانەمەن گۇلخاندىن ئۆزگە ئاشيانىم يوق،
بالا ھەمخانىسى غەمدىن ئۆزگە رازدانىم يوق.

گاھى مەجنۇن گاھى پەرھاد كوھى بىستون ئۇزرە،
يۈرەرمەن ۋالەئى شەيدا سورار شىرىن زابانىم يوق.
ئەسرار داغ ھىجرانىم قولۇمدە ئىختىيارىمنى،
ئېلىپ جىگەر قىلىپ ئىشق ئوتىغە جىسمىمدە قانىم يوق.
كېلىپ غەم لەشكىرى يىغىپ ئالدى يوقۇ - بارىمنى،
قىلىپ بەرباد ھالىم سورغالى بىر مېھرىبانىم يوق.
قەلەندەر مەشرەپ ئولدۇم گەرچە باشىمدە كۇلاھىمنى،
كورەرسەن ھىممىتىدىن ئۆزگە بىر بارگىرانىم يوق.
جاھان باغىدە سەبىز ئولماي فانا راھىگە يۈزلەندىم،
ئەجەلنىڭ خەنجىرى پەرمىردە قىلدى قەترە قانىم يوق.
دەرەخت بى سەمەردەك بار بىردىن خالى بولغايمەن،
ئەھباب موجىدەك باد فەنا تەگسە نىشانىم يوق.
نەدامەت بىرلە يىغلاب دىدە بىنا بولمىدى قارى،
تۈشۈپ چاھگىنە ھەسرەتتىن ئۆزگە داستانىم يوق.

× ×

ماكانىمنى مۇنەۋۋەر قىلغىلى يارى خوش كەلدىڭ،
ۋىسالىڭ شەربىتىگە ئەيلەدىڭ سەرشار خوش كەلدىڭ.
لەبا - لەب تولغان ئۇچۇن نۇش ئەتسەم جام مۇھەببەتنى،
سوراي دەپ مورى مالىمنى سۇلايمانۋار خوش كەلدىڭ.
ئەلىفتەك دوست جان ئىچرە جا قىلسام مۇناسىپتۇر،
كوڭۇل ۋەيرانىسىنى تۈزگالى مىمار خوش كەلدىڭ.
ئېزىزلەر سەنئەتى ئەپتارەلەرنىڭ ھالىنى سورماق،
مىنىپ شەبرىز ھىممەت مەردى مەيدانۋار خوش كەلدىڭ.
ئۇرۇپ كوس ئەنايەت ھەر تەرەپكە ئەيلەدىڭ جەۋلان،
رەخ - بەختىڭ سەمەندىن بولدى خوش رەفتار خوش كەلدىڭ.

لەب ئاچتىم مەدى ئۇچۇن بولغاي مۇناسىپ گەرچە ئەھۋالىم،
پەرىشان ھالۇ ـ كوڭلۇم بولدى پەيىز ئاسار خوش كەلدىلىڭ.
ياقىب شەمئى مۇھەببەت بولدى دىل كاشانىسى رۇشەن،
بولۇپ ئاچىلدى گويا غۇنچەلەر گۇلزارى خوش كەلدىلىڭ.
مۇھەببەت باغىنىڭ گۇلچىسى قارى دوست ياردە،
نىچە دەپتەر يازىب ئەشئار شىكەربار خوش كەلدىلىڭ.

× ×

ئەھدى پەيمانىڭ قىبنى ھەمرازىگە يار ئۇلمادىلىڭ،
نەچچە كۇنلەر قول تۇتۇشقانلارگە غەمخار ئۇلمادىلىڭ.
بارھاسىندىن ھىكايەت قىلغاي ئەردى دوستلار،
ئاررۇمەند ۋىسالىڭگە خېرىدار ئۇلمادىلىڭ.
دولەت ـ دۇنيا خىيال خوپ قىلما ئىتىقاد،
ھەمقىرىنلەر بىرلە دايىم پور ياتار ئۇلمادىلىڭ.
ئەھلى دۇنيالەرنى كورسەڭ ئارتىدۇ ھەسرىتى،
بۇلبۇلى شەيدا بولۇپ بىر سەيرى گۇلزار ئۇلمادىلىڭ.
لالەدەك سەھرادە يۇرسەڭ دىل سىيالىك روي بىرۇر،
ياخشىلارنىڭ خىزمىتىدە خاكدەك خار ئۇلمادىلىڭ.
كاسەئى دۇر ئەجەلنى كىمگە بولسا نۇش ئىتەر،
ئاخىرەت ۋەھمى بىلە بىدەردى بىمار ئۇلمادىلىڭ.
باغدەك ئاچىلدى ۋاختىڭنىڭ گۇلى بولماي خازان،
نى ئۇچۇن بۇلبۇل كەبى بىر غۇنچەگە زار ئۇلمادىلىڭ؟
ياندى ئۇمرۇڭنىڭ چىراغى ئۇچمەسىنىڭ فىكرىدە بول،
يەتتى باشىڭغا ئەجەل ھەرگىز خەۋەردار ئۇلمادىلىڭ.
راھەت ئىستەرسەن بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ جايى ئەمەس،
خوپ غەپلەتتىن كوز ئاچىب قارى بىدار ئۇلمادىلىڭ.

× ×

ماھۋەش شەمئى جامالىڭگە مېنى زار ئەيلەدىڭ،
ياندۇرۇپ پەرۋانەسا مەجنۇن بىلە يار ئەيلەدىڭ.
ھورى جەننەت سىنىڭ ۋە يا رىزۋان،گۇلنىڭ تازەسى،
كافىرى ئىشق ئەتكىلى زۇلفۇڭنى زۇننار ئەيلەدىڭ.
مۇژدە تەككۇردى سەبا سۇبھى ۋىسالىڭدىن ماڭا،
ئىنتىزار ئەيلەپ ئىكى دىيدەمنى خۇنبار ئەيلەدىڭ.
دەمبەدەم داغى دىلىم ئول خەستە خەندانىڭ ئاڭا،
تىغى ھىجرانىڭ بىلە ئەي شوخ بىمار ئەيلەدىڭ.
جورئەئى جامى ۋىسالىڭدىن نەسىب ئەتمەي ماڭا،
جانىستان ھەردەم كىشى كوزلارنى خۇمار ئەيلەدىڭ.
ئارزۇ كوز مۇنتەزىر ئوزرەسىنى جا ئەيلەسەم،
نا ئۇمىدلىك زەخمى بىرلە كوزلارىم خار ئەيلەدىڭ.
ناز ئىستىغنا ئەگەر يەتكۇزمەسە راھ ۋە ۋەپا،
نى ئۇچۇن قارىنى ئىشقىڭگە گىرىپتار ئەيلەدىڭ؟

## مۇۋەششەئ

نەخلى مىراد ئالەم ھوسنى راسا مۇبارەك،
ياندى چىراغ ئۇمىدىڭ نىشوئ نەما مۇبارەك.
بى پارە بولما دايىم ئەيشۇ فاراغەت ئىلە،
رىزۋان گۇلىنى ئۇزدىڭ ئەنقانەما مۇبارەك.
يارى مۇۋاپىق ئولدى شىرىن مىسالى مەھۋەش،
سۇبھىڭنىڭ ئاپتابى بەردى زىيا مۇبارەك.
جەننەت گۇلى ئېچىلدى خەندان ئولۇپ سەھەردە.
چۇن بۇلبۇل گۇلىستانى سەندىن نەۋا مۇبارەك.
ئابۇ ھايات ئىچەرسەن چۇن خىزىر چەشمەسىدىن،



Altunoq

لەئلى مازاقى بىرلە ئابۇ بەقا مۇبارەك.
ناز ۋە تەغاپۇلىدۇر بىر ـ بىرىگە زىب تۇرغان،
دىل مەنزىلىنىڭ شاھى بىر مەھلىقا مۇبارەك.
قارى بۇ تەزا مەزمۇن نەزىم ئىلە بولدى ئىنشا،
دۇنيادە بار خوبلار سەندىن دۇئا مۇبارەك.

× ×

ناگەھان بولدى نامايەن شوخ شەھلا كوزلارىڭ،
ئالەم ئەھلىنىڭ باشىگە سالدى غەۋغا كوزلارىڭ.
زەررەئىلار سەرگەشتەناك دەرگەھىڭدۇر ئاپتاپ،
رونەق ھۇسنۇڭنى ئەلگە قىلدى ئىنشا كوزلارىڭ.
يازمە دەپتەرى ۋامۇق، فەرھاد، مەجنۇن قىسسەسىن،
ئاشىقى سەرمەستىلەرنى قىلدى شەيدا كوزلارىڭ.
رەڭگى رۇخسارىڭ گۇل رەئنا ئاچىلغان باغ ئارا،
تازىلار تازە داغلارنى قىلدى ئەفشا كوزلارىڭ.
خۋانى ئىھسانىڭ نەۋالىدىن ئومىر ئەيلەر گەدا،
گاھ بولۇپ جاللاد، گاھ ئەيلەب ئەھيا كوزلارىڭ.
ئاي كەبى يەتتى كامالە كورمەسۇن ھەرگىز زاۋال،
ئىككى نەخجىر سەير ئەتتى سەھرا كوزلارىڭ.
نۇ نەھال باغۇ جەننەتسەن يا رىزۋاننىڭ گۇلى،
ئەل ئىچدە قىلىپ قارىنى رەسۋا كوزلارىڭ.

× ×

ناز ئىلە ھەريان باقىب ئەي شوخ شەيدا ئەيلەدىڭ،
يا مەگەر مەھشەرنى قوزغاپ شور ـ غەۋغا ئەيلەدىڭ.

زۇلمى قىلمە شاھىسەن ئۇششاقلارغا رەھمە قىل،
ھۆسنى بازاردىن تۈزۈپ كوزلەرنى شەھلا ئەيلەدىڭ.
ئاپتاب ئىلە مۇقابىل بۇرجەك مەغرىپدىن چىقىپ،
خوب لىبىكىن مەندىن جىنى ئوزرە بەرپا ئەيلەدىڭ.
مەزمۇھەل بولغاي كاۋاكىپ شەمسى قىلغاندەك تولۇئ.
پادىشا خوش مەلاھەت ئوزنى ئىنشا ئەيلەدىڭ.
ئاب كەۋسەر بىرلە لەئلىڭنى گىراز ئەتكەن مىكىن،
گۇل كەبى خەندان ئولۇپ، بۇلبۇلنى گويا ئەيلەدىڭ.
نىشائى ھوسنۇڭ مەيىگە مەست لايەقىل ئىدى،
كويدۇرۇپ ئاھى جىگەر قىپ قارىنى رەسۋا ئەيلەدىڭ.

× ×

شاد بول خانەئى ۋەيرانەدە مېھمان كورسەڭ.
دىمە ۋەيرانىمنى تەخت ئوزرە جانان كورسەڭ.
مەلەك دىل ئاتەشى ھىجران ئىلە تاراج بولغاي،
كورمە بىھۇدە ئىنى دىدەئى گىريان كورسەڭ.
لالەروخ نەرگىس بىمارەنىڭ بالا بورانىنى،
ئىشق بازارىدە بىر غۇنچەئى خەندان كورسەڭ.
ئىشق سەۋداسى ئۈزۈن ئومۇرنى بەرباد ئەيلەر،
مىسلى پەرۋانە كويەر شەمئىنى سوزان كورسەڭ.
سورمە دەپ قىلماغىل ئالودە كوزۇڭ دامىنى،
قىلغايسەن خاكدەرى رىيادەدىن ئىھسان كورسەڭ.
لەئل ناپىردىن ئىنىڭ ئابۇ ھايات ئىچكەندۇرۇر،
كوھى دەشت ئۈستىدە فەرھادنى ھەيران كورسەڭ.
خالى رۇخسارىغە ھىندۇ ۋەسفىت ئولمىشى پانەد،
قارىنى شامۇ-سەبا ھالى پەرىشان كورسەڭ.

× ×

ئەينى ھىكمەتدۇركى تەسخىر جاھان ئەيلەر كوزۇڭ،
تىرى-باران بالالەرغە نىشان ئەيلەر كوزۇڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرىسى

زار كوڭلۇم نىمەت ھوسنۇڭدىن ئالماي قەترە كام،
ئىشق سوداسىن سېلىپ ئەلگە ئەئيان كوزۇڭ.
يازما دەپتەر، لەيلىۋەشلەرگە خىجالەت يەتمەسۇن،
ئۇلارغا باپ بالالەرنى بايان ئەيلەر كوزۇڭ.
زەمزەم ـ كەۋسەر زىلالى لەبلىرىڭنىڭ شەربىتى،
تەشنالەر كامىغە قەترە ـ قەترە جان ئەيلەر كوزۇڭ.
جان بېغىشلايدۇر تەكەللۇمدە لىۋىڭنىڭ خەندىسى،
بۇلبۇل گويا ئۆمرىنى خازان ئەيلەر كوزۇڭ.
ئافتاب ئىلە قەمەر بولدى گىرىپتارىڭ سېنىڭ،
ئىككىسىنى كېچە ـ كۈندۈز سەرگىران ئەيلەر كوزۇڭ.
ناز ئەستەغنا ياراشقان كوزلارىڭ بىمارىگە،
قارىنى تۇتى كەبى خوش داستان ئەيلەر كوزۇڭ.

× ×

قاي كۈنى بولدۇڭ كوڭۇل ئۆيىگە مىھمان ئەيلەدىڭ،
گويىيا ئابى بولۇپ دەريادا جەۋلان ئەيلەدىڭ.
ئاشنالىق شىۋىسى بولدى موسەللىم ئېتكىگە،
بولما ئەستاغنا بىلە ئاخىر گىرىزان ئەيلەدىڭ.
بىر ـ بىرىدىن يۈز ئۆرگەن ئايو ـ كۈنگە ئوخشىماي،
جان دىل بىرلە مۇھەببەت ئەيلە ـــ مىھمان ئەيلەدىڭ.
تۇتئى بىر سىر ۋەيا چۈن قەمىرىنى باغ ئارام،
ئەندەلىب خوشى تەكەللۇپ گۈلىستان ئەيلەدىڭ.
ئۇزمەگىل تارى مۇھەببەتنى داۋامەت بىرگە بول،
ھەق بالادىن ئاسراسۇن بىر سەرۋى دەۋران ئەيلەدىڭ.
گۈل ـ گۈل ئاچىلغىل خازان پادىنى كورمەي ئاقىبەت،
ئوتكارىب ئۆمرۈڭنى دايىم شاد خەندان ئەيلەدىڭ.

رىشتەئى ۋەسلەتنى ئۈزمە دائىما ھوۋزە بول،
ھەركىشى كورسە دىگەيلەر بىر ئوغلان ئەيلەدىڭ.
بول ھىمشە خەلقى ئالەمنىڭ كوزىدىن پىرو نەزەر،
تەگمەسۈن دەپ ئوتقا سال دائىم سىپەندان ئەيلەدىڭ.
بىۋاپالىق رەسمىنى دۇنياغا قويغىل، ئالماغىل،
ئاشىقى - مەشۇقىقىل سەيرۇ گۇلىستان ئەيلەدىڭ.
دىلغە كەلگەن ئىھتىراس ئەفئالى ئادەمدىن ئەمەس،
مۇتتەفىق بول ئەيلەمە بۇ فەئىل شەيتان ئەيلەدىڭ.
كورمىگەن كوزاپ ئاتەش ئاشنالىق ئەتكەنىن،
بۇ تەرق شاز دەۋرى تەن ئىككى بىر جان ئەيلەدىڭ.
ئاشكارا ۋە نىھان ناز رەمۇزى سوزلارىڭ،
لەززىتى جان بەخش گويا شەكەرىستان ئەيلەدىڭ.
ماتەمى ئەھلى زامان بولغىل تەسەۋۋۇپ بابىدە،
جانىڭ ئۈچۈن قىل ھەمىشە خەيرۇ ئىھسان ئەيـلەدىڭ.
ئومرى كوپ، بارىڭ زامان تارەك، ئاياغ ئاستىدە چاھ،
بول خەتەرلىك يولدە يۈرمە ئەھدى - پەيمان ئەيلەدىڭ.
ياخشى بولغاي مىۋىسى پەيۋەندى قىلسا شاخىنى،
ئىتتىپاق بىلە ئىۋەرتىڭ خەت خاراۋان ئەيلەدىڭ.
غايىبانە بۇ دوئا گومى قەدىمىڭ موردەك،
قارى ئەھۋالىن سورارغا چۈن سۇلايمان ئەيلەدىڭ.

× ×

ھەنگامە نەۋجۇۋانلىق شوئىنامە مۇبارەك،
بولسۇن باشىڭغا سايە ھەقدى هوما مۇبارەك.
ئاھنەگاھىڭ بىلمىدىمكى زەڭ بەرگان،
دۇن تەبئ ناموۋاپىق ھەر ئاشنا مۇبارەك.

شام سەبا خىيالىڭ بىھۇدەلىك يولدە،
ئۇمرۈڭ چىراغى بەرمەي ياخشى زىيا مۇبارەك.
مەشھۇى ئالەم ئەردىڭ نىچۈن بۇ تەرىز دەپتار،
كى مەشھۇر، گاھ ھۇشيار ئەي بىۋاپا مۇبارەك.
خەت سەبزەسى بولۇردى ھەرئادىمغە زىننەت،
غەم لەشكىرىغە ئۇچراپ تۇتتىڭ ئازا مۇبارەك.
ئىلپەت يامانى بىرلە يۇرماق خەت ئىكاندۇر،
دۇر قەدرىنىڭ شىكەستى سەك سىيا مۇبارەك.
ناچارلىق ئىكاندۇر سۇرەت نەمالىڭ ئەمما،
تەبىئى رۇخسارىڭدۇر بەرماي سەپا مۇبارەك.
تىغ زەبانىڭ ئىلە قارى ھەمىشە بۇردا،
بولسۇن جاھاندا باقى روزى جەزا مۇبارەك.

× ×

ماھى كامال ساڭا ھوسنى رەسا مۇبارەك،
ئاھنە جامالىڭ تاپتى سەپا مۇبارەك.
قاي كۈن ئەسىر قىلدىڭ دام بەلاغە دىلنى.
زۇلپوڭ كەبى ئاسلغان بۇ مۇپتىلا مۇبارەك.
يۇردىڭ خىرام ئەيلەپ تاۋۇس باغ يەڭلىغ،
خورشد ماھلەرغە بەردىڭ جىلا مۇبارەك.
مەي نىشائەسى ئىكانمۇ، يا گۇل يۈزىدە شەبنەم،
ئوراق سۇبھە ئۇزدەدۇر دانەئى سا مۇبارەك.
جان ئىچرە جا قىلاي دەپ ئۇل سەرۋى قامەتىڭنى،
نۇندەك ئاياققە تۇشتۇم ئەيلەب دۇئا مۇبارەك.
ئۇل بوسە ئاھ ئەددى مەندەك ئەسىرلەرگە،

بەرمەي ئۇ چاھ ئىچىگە تۈشتى چەزا مۇبارەك.
نازىك نىھال جەننەت گۈلىدەك شىكوپە ئەيلاب،
چون ئەندەلىب قارى بولسون نەۋا مۇبارەك.

× ×

ئارزىنىڭ دەۋرىدە يورگان سەرگىران ندۇر كاكىلىڭ،
گەنجگا بىر ئەژدەرھادەك پاسىباندۇر كاكىلىڭ.
بىر باقىشى بىرلە كوڭۇل مۇلكىنى تاراج ئەيلاگان،
مەردۇ ـ مەيدان سەپ شىكەن ساھىپقىراندۇر كاكىلىڭ.
ھوسنى سۇلتان ئىبرۇرسەن ئالدىڭغا پەرۋانەچى،
شەمئى ئەتراپىدە گويا بىر ئەپشاندۇر كاكىلىڭ.
ئەي تەنابى ئىككى ياندە كوشوش بەرگان كەبى،
رەخش جولانىڭغا بىر ساھىپ ئەناندۇر كاكىلىڭ،
قامەتىڭ ئەتراپىدە ئەغيارلەرگە شەھنەۋەش،
تا كەمەندىن ھەلقە ـ ھەلقە تاشلاگاندۇر كاكىلىڭ.
روزە باغىدە يۈرۈپ، كەۋسەر لىبىدە ئولتۇرۇپ،
ئىككى مەھرەم بەچچە گۇيا تو ئاماندۇر كاكىلىڭ.
ئولدۇرۇب مىژگان گاھى جان بەخشدۇر لەئىل لىۋىڭ،
گاھ لەيلىۋەش گاھى شىرىن زەباندۇر كاكىلىڭ.
سەرۋى ـ سۇمبۇل پىھتاپ ئەيلاب كوكارگان باغ ئارا،
بىر ـ بىرىگە چىرماشىپ بىر جىسىم جاندۇر كاكىلىڭ.
كوزلارىڭ جەللاد، خال خەتلارىڭ دامى بەلا،
قارىنى سەيد ئەتكالى تىرى كەماندۇر كاكىلىڭ.

× ×

سەيرى ئىتىپ فىردەۋسىدىن بىر شوخ غولمان ئەيلەك،
ئەيلەدىڭ دۇنيا تەماشىغە جەۋلان ئەيلەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

ئاپتاب ئىلە قەمەر ھەركۈن تەماشاغا چىقار،
گوھەر ئاياپ سەن ساتىلى ئەرزان ئەيلەڭ.
ئۆمىر بارىچە ئۈزۈلمە پەيىتاپ رىشتەدەك،
ئەختەرى پەرخەندەلەر بىر ـ بىرگا جانان ئەيلەڭ.
ئىلمى ھال ـ قال مەۋج ئۇرغاي كوڭۇل دەرياسىدە،
بولماغىل مەغرۇرى دولەتگا پەرىشان ئەيلەڭ.
ئىككى نەخجىر خوتەندەك بىر ـ بىرىگە مېھرىبان،
بولمە ئاخىر تا قىيامەت روي گەردان ئەيلەڭ.
باغ ئارا بىر شاخ ئۈشتىدە ئاچىلغان گۈل كەبى،
گاھ ھەريان ناز ئەيلەب كى قوشۇلغان ئەيلەڭ.
ھەم مەلاھەت ھەم پەساھەتدىن شىكەر ئەپشان بولۇپ،
لەبلەرىگە ھەي تەبەسسۇم گاھى خەندان ئەيلەڭ.
باقىقە كىرگەندە قولنى گاھى خەندان ئەيلەڭ،
تۇرسۇن ئول ئالمە ئامانەت دەپ كۆلۈشكان ئەيلەڭ.
ھىممەتى بىر ـ بىردىن ئەفزۇن، دولىتى ئەندىن فۇزۇن،
ناز ـ رەمزى لەيلى ـ مەجنۇندەك يەراشقان ئەيلەڭ.
جورەنىدەك خوش نەۋا، تۇتى قۇمىرى ئاشنا،
قوللارى بويىندە گويا بىر توقۇلگان ئەيلەڭ.
ئۆمرى بارىچە سالامەت بول بەلادىن ئاسراسۇن،
غۇنچەسا بول، گۈل كەبى بولمە پەرىشان ئەيلەڭ.
ئاشىق ـ مەشۇق باغ ۋەسلىدىن مەئنۇر ئولۇپ،
قارىنىڭ ئەسراردىن ئاگاھ قىلغان ئەيلەڭ.

## مۇخەممەس

ئارزىڭنى ئەي پەرى رۇخسارى گۈلزار ئەيلەدىڭ،
سەرۋلەرنىڭ ئىز ـ رەمزدە گىرىپتار ئەيلەدىڭ،

نەرگىسىڭدەك مەستى ـ شەيدالارنى بىمار ئەيلەدىڭ،
نە ئۇچۇن باغۇ ـ ۋىسالىڭگا مېنى زار ئەيلەدىڭ،
رەھىمە قىل ئەي شوخ كوز ياشىمنى خۇنبار ئەيلەدىڭ.

بىۋاپا، بىلسەم سېنى جەۋرىڭ ئىنايەتدۇر ماڭا،
زولەي بولسە جانىمە گويا كى راھەتدۇر ماڭا،
ئاھ ـ ئەپغان سەھەر ياخشى پەراغەتدۇر ماڭا،
جان پىدا قىلماق سىرى گويا سائادەتتۇر ماڭا،
رەھىمە قىل ئەي شوخ كوز ياشىمنى خۇنبار ئەيلەدىڭ.

دامەن دىدىم گاچا ئەيلەي غۇبارىڭ سورمەسا،
تىغ ـ مىژگانىڭ تىنمگە ئەيلە دايىم ئاشنا،
لەشكىرى غەم كەلسە يىغلاماي دىگەيمەن مەرھەبا،
تەندە جانىم بار ئىشقىڭ ئەيلاگايمەن موتتەكا،
رەھىمە قىل ئەي شوخ كوز ياشىمنى خۇنبار ئەيلەدىڭ.

ئاپتاپ ئىلە قەمرۇ ۋەسلىدە بولغاندۇر بىشاھ،
ئادەم ئوغلىدىن بولۇرمۇ بۇ سوپەتلىك خوش نىگاھ،
بىر باقىشتە پىرشاپ ئەيلەب پەلەككە دودى ـ ئاھ،
كوزلارىم جارى قىلۇر سورخاپ دەرياسى گۇۋاھ،
رەھىمە قىل ئەي شوخ كوز ياشىمنى خۇنبار ئەيلەدىڭ.

لەئلىـى ـ ئابى تەشنەلەرنى كامىغە ئابى ھايات،
مىسىر بازارىدە يوقتۇر بۇ سوپەت شىرىن نابات،
كىمكى بۇ سەييادى دامىغە تۇشۇپتۇر يوق نىجات،
بىر غۇلام كەمتەرىندۇر خاھى ئولتۇر، خاھى سات،
رەھىمە قىل ئەي شوخى كوز ياشىمنى خۇنبار ئەيلەدىڭ.

لالەگـۈن قىلدى كوزۇم ياشىنى ئەكسى ئارىزىڭ،
سەرەنگۈن ئەيلەب گۈلىستان سەرۋىنى نەخلى بىرىڭ،
جان مۇشامىنى مۇئەتتەر قىلدى بويى ئەنبىرىڭ،
دەم ـ بەدەم، سائەت بىسائەت ئارتادۇر سودالارىڭ.
رەھىم قىل ئەي شوخ كوز ياشىمنى خۇنبار ئەيلەدىڭ.

ھالە تەك ئىمىان گاھى گاھى ئەيان دەرلەر سىنى،
گاھى لەيلىۋەش گاھى شىرىن زەبان دەرلەر سىنى،
خوبدۇلەر ئىچرە تەرز خوش ئىنسان دەرلەر سىنى،
تۇتى شىكەر شىكىن باغ جانان دەرلەر سىنى،
رەھمە قىل ئەي شوخ كوز ياشىمنى خۇنبار ئەيلەدىڭ.

ئەي خوتەن نەخچىرى تەن تاغىنى ئەيلەب مۇشكى غام،
قىلمادىڭ ۋەھشى غىزالاندىڭ كوزۇم ئوزرە مەقام،
سەير ئىتىپ باغى ـ كوڭۈلنى ناز ئىلە ئەيلەب خىرام،
ئاچىلىپ گۈل ـ گۈل يانىپسەن بەھرە ئالسۇن خاسۇ ـ ئام،
رەھمە قىل ئەي شوخ كوز ياشىمنى خۇنبار ئەيلەدىڭ.

چىن زۈلپۈڭ كورسە قىلغايلەر تەمەننا تۈركى چىن،
ئەھلى ئىسلام ئەيلەگەي ھەق قۇدرەتىغە ئاپەرىن،
ھىچ بەندىلەر كورۈپتۇرمۇ بۇ سۈپەتلىك نازەنىن،
قەيسەرۇ ـ خاقان ساڭا بولسۇن غۇلامۇ كەمتەرىن،
رەھمە قىل ئەي شوخ كوز ياشىمنى خۇنبار ئەيلەدىڭ.

ھەي ـ ھەي، ئەي نازۈك بەدەن كورسات كوزۈڭ بىمارىنى،
ئاپىر ئوغلى بولسەن تاشلا باغلاغان زۇننارىنى،
قىلسەلەر مەنزۇر قارى ئەيلەگەي ئەشئارىنى،

كورساتۇرلەر ۋەسلى باغىندە قىزارگان نارىنى،
رەھمە قىل ئەي شوخى كوز ياشىمنى خۇنبار ئەيلەدىڭ.

× ×

مىژگان ئوقىدە جان ئېلىپ سەن بۇسە بەرمادىڭ،
نەدۇر كوڭلۇڭدە ئوت سالىپ سەن بۇسە بەرمادىڭ.
ئاھىم پەلەكدىن ئاشتى ئاچىلغايمۇ غۇنچە دەپ،
دۇردانەلەرنى كورساتىپ سەن بۇسە بەرمادىڭ.
شۇكرانەئى جامالىڭگا جانلار پىدا ئىدى،
شىكەر مەقال سوز بىلە سەن بۇسە بەرمادىڭ.
خەت لەشكىرى ھۇجۇمى ئالىپ مۇلكى ھۇسۇننى،
ھۇشيار قىلدى ئەلچىسى سەن بۇسە بەرمادىڭ.
مۇھتاجلار نەسىبەسى بەرماي زاكاتىنى،
ۋاجىبنى تەرك قىلدىڭ سەن بۇ سە بەرمادىڭ.
بىلدىڭ جاھان ھوسنەنى، ھەرگىز ۋاپاسى يوق،
كىردىڭ تەغابىل ئويىڭا سەن بۇسە بەرمادىڭ.
شىردىن لىبىڭنىڭ ھەسرىتى دىۋانە ئەيلەبان،
شەيدا قىلدى كوھىدە سەن بۇسە بەرمادىڭ.
سەك مالامەت ئاستىدە قارى ئەسىرى دەپ،
بىمارنىڭ شىپاسىگە سەن بۇسە بەرمادىڭ.

× ×

ئەجەپ زىبا بولۇپدۇر قامىتىڭ ھەم چەشىم فىتانىڭ،
ئەسىر ئەتتى مېنى شىردىن كۇلۇپ چاھ زەنەخدانىڭ.
مېنى پايەندە قىلدى شەھنەۋەش زولىف پېرىشانلار،
كوزۇمنى تۇتتى ئانداغ پىرتويى خورشىد رەخشانىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىگە ئەيلەپ مېنى بۇ گەھنە زەخمىنى تەكەللۇمدىن،
تەھىر ئىچرە سالدى بۇ سۇيەت لەئىل نەمەكدانىڭ.
مۇھەببەت ئاتەشى سوزەندىسى مىراس ئادەمدىن،
كوزۇڭنى ساخلە ناگاھ تۇلتمىسۇن ئالەمنى توپانىڭ.
ئوتۇپ پەرھاد، ۋامۇق يەتتى ساڭا ئەمدى بۇ نوبەت،
پەلەككە تەككۇر ئەنداغ نالەئى ئەپغانۇ سوزانىڭ.
پەرى روخسارىلەردىن بىر تەرەھھۇم كورمادى كوزلار،
توكۇپ سەرخابلار مەجنۇن كەبى بول دەۋرى دەۋرانىڭ.
ئەسىر ئولدۇڭ ئىكى جەللاد خونرىزگا ئەي قارى،
جەزا شۇلكى توكۇلسۇن ئەستانەڭگا قىزىل قانىڭ.

× ×

غۇنچە خەندان ئەتكالى بۇلبۇلنى ئەيلەب زادى گۇل،
كويدۇرۇپ جانۇ ـ جەھان ئول كوزلارى بىمارى گۇل.
بىر باقىشىدە ئەقلى ـ ھۇشۇمنى پەرىشان ئەيلاگان،
كاكىلىدەك پىھتاپ ئەيلەر مىنى دىلدارى گۇل.
نەرگىسى جەللادى بىرلە جان ئالۇر ھەر سائىتى،
گاھى مەرھەم زەخمىم ئوزرە قويغالى غەمخارى گۇل.
لەئلى جامىدىن تۇكەر گوپتار ئىلە ئابى ھايات،
جان ئالۇر گاھى سىنانلار خەنجىرى تىرادى گۇل،
سەرۋى ئەتراپىدە سۇنبۇل پىھتاپ ئەيلەب يۇرەر،
شەھنەۋەش كىپىك خىراماندەك قىلۇر رەپتارە گۇل.
ئوينا تىپ رەخشىنى چوكانبازلىكلار ئەيلابان،
ھەرتەرەپ جولان ئۇرۇپ كورگۇزدى كوپ ئەسرارى گۇل.
ھالەتىڭگە كىرگۇزۇپ گاھى نىھان ئەيلەب ئوزىن،
قارىنى بىر كورگالى ھوسنگا ئەيلەب زارى گۇل.

× ×

ئەي بۇلبۇل گۇلىستان خوش نالەئى پىغان قىل،
جان باغىگا نەۋادىن بىر ياخشى داستان قىل.
ناگاھ گىزار قىلدىڭ ئەي بۇلبۇل خوش ئەلھان،
تۇتى كەبى سەخنۇر تىلنى شىكەر ئەپشان قىل.
ئەھدە ـ ۋاپادە راستلىق بولغىل مۇدامى بۇزمە،
چۈن ئاپتاپ روشەن ئەلگا ئۆزۈڭ ئەيان قىل.
ئۆزنى فىسانە قىلما كوپ ناز بىرلە دايىم،
ھەر ئەنجىمنى گۇلى سەن سوزنى شىكەر زەبان قىل.
ماھ مۇنەۋۋەر ئولغىل مەجلىسنى قىل چىراغان،
شىرىن تەكەللوم ئىلە سوھبەت دۇرەفشان قىل.
جانۇ ـ جاھان بولۇپسەن قىممەت باھا گوھەردەك،
ئەرزەن باھاغە ساتمە بىر دۇر بىگران قىل.
ئابۇ ۋاپ شادىمەنلىك دايىم كۆشادە بولسۇن،
دۇنيادە باردۇرسەن دىللارنى شادىمان قىل.

## مۇخەممەس قارى بىر غەزەل نەۋايى

نىقاب ئاچىب لى شىرىنگا كوھكەن قىلغىل،
مېنى ئەسىرى بەلا چاھ ئول زەقەن قىلغىل،
ساچىڭنى سۇنبۇل، سەرۋى ئۆستىگا سەمەن قىلغىل،
قارا كوزۇم گۇلۇ مەردەملىغىڭنى فەن قىلغىل،
كوزۇم قاراسىغە مەردەم كەبى ۋەتەن قىلغىل.

مەزاق لەئلىڭ ئىلە بولدى خوشى تەرەپ گولشەن،

www.uyghurkitap.com

كورۈپ خىجالەت ئىلە ئەيلەدى ئەدەپ گۈلشەن،
نىزاكىتىڭ سۈيىگا بولدى خەشەك ئېلىپ گۈلشەن،
يوزىڭ گۈلىغە كوكۈل روزەسىن يەساپ گۈلشەن،
قەدىڭ نىھالىغە جان گۈلشەن چىمەن قىلغىل.

كىرەم دورىنى ئاچىب ھىممەت ئىلە بەل بەغلا،
چىمەن - چىمەن ئاچىب لالەدىلىن داغلا،
پەساھىتىڭ بىلە تۈتى دىلىغە قان باغلا،
تەكاۋىرىڭغە بېغىر قاندىن خىنا باغلا،
ئېتىڭغە غەمزەرە جان رىشتەسىدىن رەسەن قىلغىل.

خىرام ئېتىپ قىلىپ كور مۈشك كام گۈللارنى،
ئەسىر ئېتاي دىساڭ ئاچ خەندەدىن كوكۈللارنى،
خىزىر كەبى قەدەم ئۇر سەبزە ئەيلە يوللارنى،
يۈزىڭ ۋىسالىغە يەتسۈن دىسەڭ كوكۈللارنى،
ساچىڭنى باشتىن - ئاياغ چىن ئىلەشكەن قىلغىل.

قەلەندارانە نەزەر ئەيلە بولماغىل تامەئ،
ساچىلمە ھەر سارى گۈل - غۇنچەۋار بول قانەئ،
ياراتتى بەندەلىك ئۈچۈن كىرەم بىلە سانەئ،
خازان سىپاھىغە ئەي باغبان ئىماس مانەئ،
بۇ باغ تامىغە گەر ئىگىنەدىن تىكەن قىلغىل.

پىراق ئوتىدە جىگەر چاك قىلدى گۈل بەدەننى،
مىنى ئەسىر قىلىپ موپتىلاي ئول زوقىنى،
مۇئەتتەر ئەيلەدى كەلكۈن قەباي پىرەھەنى،
يۈزىدە تەرنى كورۈپ ئولسام ئەي رەپىق بىنى،
گۈلاپ ئىلە يۇغىل گۈل بەرگىدىن كېپەن قىلغىل.

مۇناسىپ ئۇلمىدى ئۇشاق ئېلىغە نام ئىلەنىڭ،
كوزىغە خەسچە ئىمەس مۈلكى رۇم، شام، فەرەڭ،
خىيالى سىرىدە قارى ئاياغىڭ ئولدى چولەڭ،
نەۋايى ئەنجۇمەن شوقا جان ئارا توز ئاسەڭ،
ئېنىڭ باشاقلىق ئۇقىن شەمئى ئەنجۇمەن قىلغىل.

× ×

ئاي يۈزۈڭ كىرگۈزدى مەي كىم زارى ھەيرانىڭمەن،
ئىشتىياقىڭ ئوتىدە بەريان سوزانىڭمەن.
لەئىل نابىڭ ھەسرەتى كوڭلۈمنى قىلدى چاك ـ چاك،
مەن ئەسىر غەمزەئى خوش ناز خۇمارىڭمەن.
سۇنبۇلۇڭنىڭ تارىنى ۋاللىل ئوسا فەن قىلۇر،
خاكپاھىڭ كىردىكار جاندىن خېرىدارىڭمەن.
خازان لوۋ لوۋ بولۇپدۇر خالى ھىندۇيىڭ سىنىڭ،
ئول بىلالىڭ سەدقەسى بولغان دىل ئەفكارىڭمەن.
شەمئى رۇخسارىڭ مۇنەۋۋەر ئەيلەدى ئىككى جاھان،
جىسمۇ ـ جان كويدۇرگالى پەرۋانە جانبازىڭمەن.
سەدەف ئىلە سەيرگا ئولاندى ئەدلى ئەسرارگا،
خاكپاھى ھىلەم جود ئىلمى گىرارىڭ مەن.
دەر دەريايى ھەقىقەتدىن نەزەر بولغايمۇ دەپ،
كوپ ئۇمىد ئېتىگەن ئەگەرچە بىر گىنا قارىڭمەن.

× ×

كىرەم قىل كوز ئۇچى بىرلە قاراپ دولەتلىك سۇلتانىم،
گۈلى بەختىم ئاچىلسۇن تازە بولسۇن جىسىم ئىلە زارىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەرەھھۇم بىرلە دىل كاشانەسىنى ئەيلەگىل روشەن،
تەمەننا ھەددىدىن ئاشىب ئاقاردى چەشىم گىريانىم.
بولۇبدۇر كوزلارىك سەيياد قىلدى ئىقلىمى بەرباد،
كىمگە دەي داد ئىلە پەرياد مۇشكۇل بولدى ئاسانىم.
بۇ دۇر ژولدەلىكدىن تاج ئىبرۇر خاك دورى مىئراج،
ھەمە بارىم بولۇپ تاراج، باقماي جانۇ ـ جانانىم.
چۇ مەجنۇن دەربەدەر بولدۇم ئۆزۈمدىن بى خەبەر بولدۇم،
ئاچىلغان گۈل ئىدىم سولدۇم، تىنىمدىن كەتتى دەرمانىم.
مىنى ئولدۇرگالى كىڭەش ئىستەرلەر باش قويۇپ بىردەم،
ھىلالى قاشلارىك ھەريان چىقاردى دۇر خىرمانىم.
ئۆزۈمدىن بولدى غەمپەرۋەر تىنىمنى چاك ـ چاك ئەتماك،
پىدا قىلماي بولۇرمۇ دوست يولدە بۇ ئىھسانىم.
ئىشكىدىن قوغلاسە كىتەي، ھەددىن ئارتار باز ئىبرامىم،
نىچۇككىم زىكرى ـ فىكرى تازە قىلدى نۇرى ئىمانىم.
مەقام بەندەلىك ئاجىزلىك شىكەستەلىك كەلدى،
ۋەپا يولدە قارى توكتى كوزدىن ئەبرۇ نىسانىم.

× ×

ئول دوسلارىگا تاشب كوكۇلدە ئىشتىياقىم،
تاپتى يىقىنلىك ئاخىر چۇ بەندەلىك ياراقىم.
سۇ ـ سۇ بىلان قوشۇلغان بولماس دىدىم جۇدالىغ،
قولدىن كىتىپ بۇ دولەت يەتتى بۇ پىراقىم.
ۋەسلى مەيىگە ئەردىم لەب تەشنە زار ھەيران،
سىراپ قىلماي ئاخىر سىندۇردى كاسە ساقىم.
بەختىم سەمەندىن دايىم چەپ يولغە تىز رەپتار،
بولدى بۇ غەم ھوجۇمى خەم ئەيلادى بۇ تاقىم.

مەقسەد گۈلنى ئۈزماي ئوتتى يىگىتلىك ئەمما،
نا ئۈمىدلىكتە سىندى پىرانەلىك ئاياقىم.
پەسىل خەزانغە يەتتى ئومرۇمنىڭ لالەزارى،
ئىككى گۇۋاھ بولدى سولغان گۈلى سىياقىم.
كەزماي جاھاندە قارى بىرسەڭ ئاسىيادەك،
بىر خانە ئىچرە سىندى پىرانەلىك ئاياقىم.

## مۇخەممەس قارى بىر غەزەل مەشرەپ

ئىلايىن داد ئەيلەمەي تەندىن جۇدا قىلغان ئولۇم،
غەم بىلە ئاغۇشتە ئەيلەپ بى نەۋا قىلغان ئولۇم،
كوچەلەردە زار بى دەرد ـ دەۋا قىلغان ئولۇم،
ئۈشبۇ دۇنيا بى ۋەپاغە كوپ جەپا قىلغان ئولۇم،
ھەزرەتى ئالەمنى كورگىل يەرگە جا قىلغان ئولۇم.

ھەر كىشىگە ھەق تائالا نەچە كۈن بەردى ھايات،
بۇ ئولۇم ۋە ئەلبەتتە بولدى ئومرىدە يوقتۇر سىبات،
مەردۇ ـ مەيدان شىرى دىللار ئۈچقالى تاپماس قەنات،
ھىچكىم زالىم ئولۇمنىڭ دەستىدىن تاپماس نىجات،
بارچەگە جەبرۇ ـ سىتەمنى جا بىجا قىلغان ئولۇم.

نوھ پەيغەمبەر قېنى كوشتەنى مەئۋا ئەيلاگان،
ھود، سالىھ بارچە كاپىرگە نەسىھەت ئەيلاگان،
لوت قوۋمىنى دوئا بىرلە نگۇ نسار ئەيلاگان،
ئول خېلىلىللا قېنى ئاتەشنى گۈلزار ئەيلاگان،
بۇ ئەجەل سەييادىنى دامىغە جا قىلغان ئولۇم.

ھەزرىتى ئىدرىسكە جەننەتتىن قىلدى ئاشيان،
يىغلاتىپ ياقۇپنى يۈسۈپ غىمىدە ئانچىنان،
قىلدى يەھيانىڭ پىراقىدە كوزىدىن خۇن راۋان،
كىرەملەرنى ئەسىر ئىتىپ ئايۇپنى قىلدى ئىمتىھان،
ئاخىرى ئومرىن چىراغىن بىزىيا قىلغان ئۇلۇم.

تەخت تاجى مەملەكەت بەردى سولايمانغە نىكىن،
ئىنسى ـ جىن كوردى بۇ دولەتگە دىدىلەر ئاپەرىن،
دوست ـ دۇشمەن بىرلە ئاباد ئەيلەدى روھى زىمىن،
ئۇچيۇز ئاتمىش مىڭ پەيغەمبەرلەر بىلىڭ بىشەك يىقىن،
جۇملەسىن خاكى لەھەدكە مۇپتىلا قىلغان ئۇلۇم.

رەببۇئارنى دەۋا قىلغان ھەزرەت مۇسا قېنى،
نە كەبى نالەشكە كىرگەن داۋۇد بەرنا قېنى،
ھەق رىزاسىغە پىدا بولغان زەبىيوللا قېنى،
ئىككى ئالەم ئابرويى ئول رەسۇلللا قېنى،
ئۇممىتى ئاسى غىمىدە دادىخا قىلغان ئۇلۇم.

ئوتتىلەر جەمشىدى ئىسكەندەر شاھى دەۋران قېنى،
مىسىر بازارىغە ئوت سالغان ماھى تابان قېنى،
ھەمزەدەك شىرى دىلاۋەر ساھىبى مەيدان قېنى،
چاريارىمىز ئابوبەكرى، ئومەر، ئوسمان قېنى،
ھەيدىدى گىرارنى كور يەرگە جا قىلغان ئۇلۇم.

ئىنتىزار مۇقەددىمى سەككىز بەھىشتىنىڭ خازىنى،
تاجۇ ـ تەخت بولماي بۇ جاھان كوزىغە ئارزىنى،

نه خىل باغ پاتىمه پەرزەندى خاس ئول ئېلى،
ئەردىلەر شەھزادىلەر گويا ئىككى ئىن ئېلى،
شۇم يەزىد دەشتى شەھد كەربالا قىلغان ئولۇم.

كىمكى بۇ دۇنياغە كەلدى دۇرى جامىن نۇش ئىتار،
دار مەنسۇرگە ئېسىلغان قاندىن كەلپۇش ئىتار،
قارى نوبەتتور سىنىڭ خاكى لەھەد ئاغۇش ئىتار،
مەشرىبىڭ ھەم كاسەئى مەرگى شاھادەت نۇش ئىتار،
بەلىخ ئارا مەھمۇد قولىدە دادىخا قىلغان ئولۇم

× ×

ئىشىق دەشتىدىن كوردۇم ئانداغ ھىچ شەيدا كورماسۇن،
بىرىب باران بالالەر ھىچ سەھرا كورماسۇن.
زەپ ياخشى ئولدى بىناگاھى گۇل ئوزرە گۇل قونۇپ،
ھىچ ئاشىق خوبلىكدە مۇنچە زىبا كورماسۇن.
يازما دەپتەر ھالىمە سوزاندىلەرگە سوز ئولۇر،
باغ ئارا ئەيغان چىكىپ يوز شورى ـ غوغا كورماسۇن.
زۇلپى رۇخسارىلەر ئوينار تەپىل بىيەرۋا كەبى،
بۇ نەزاكەتلىغە جامالىن ھىچ لەيلا كورماسۇن.
جەننەت ئىچرە ھور يا رىزۋان گۇلنىڭ تازەسى،
بوستانىدە قامەتنى سەرۋى رەئنا كورماسۇن.
ئاھ نىلاي بەھىر ئالغىدەك جان ئارا جان قالمادى،
ناز ـ كۈلكۈلۈك سوزىن تۇتى شىكەر خا كورماسۇن.
نازىنىنلىك، خوپ سۇرەتلىك موسەللىمدۇر ساڭا،
قارى بىمارىڭ ئەسىرى غەيرى بىنا كورماسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشىقى ئادرېسى

× ×

بۇ دۇنيا لەززىتىدىن ماسىۋا بولغان قەلەندەرمەن،
تاپاي دەپ راھى ئەقبا بىنەۋا بولغان قەلەندەرمەن.
مەي ۋە ھودەت تەلەپ ئەيلەب كىزەرمەن ھەر تەرەپ سەرسان،
بەلا ۋە مىھنەت ئىچرە مۇپتىلا بولغان قەلەندەرمەن.
شەرىقو- پىقرىدىن بىر زەررە يەتمەي كامى جانىمغە،
ئۇتۇپ لەب تەشنەلىكدە بىرئادا بولغان قەلەندەرمەن.
قەلەندارۋار ئۇتكەن ئۇممەت خاس پەيغەمبەردۇر،
بۇ نىسبەت ئارزۇسىدە گەدا بولغان قەلەندەرمەن.
مىسال سايەئى ئاھۇ بۇ دۇنيادە قارارىم يوق،
ئۇتەرمەن بىر نىھال بىسەمەر بولغان قەلەندەرمەن.
داۋاسىز دەرتكە قالمىشمەن تىلىم يوق ئەيلەسەم ئىزھار،
تەلەپ ۋادەسىدە بى پاۋسەر بولغان قەلەندەرمەن.
غۇلام ھەيدەر كىرارىدۇرمەن موسەل ئول قەمبەر،
داۋامەت ئارىزى خۇن كىچەن بولغان قەلەندەرمەن.
تەرىقى شەيخى ئابدىلقادىر ئۇشلاپ تاج سەير قىلغان،
ئۇتۇپ كويىدە قارى دەربەدەر بولغان قەلەندەرمەن.

× ×

دىل ئۇيى مۇنەۋۋەردۇر ماھىۋەش خىيالىدىن،
سەرۋىلەر ئەگىلگاندۇر قامىتى كامالىدىن.
ئەقىد جانىنى سەرپ ئەتكىل كىرسە ئول تەكەللۇمغە،
بولدى لال تۇتىلەر تىللارى مەقالىدىن.
روبىروسىدە تۇرماس سارغىرىپ خىجالەتدىن،
نەچە لالەروخ بولسە ئىپىنىڭ رەڭ ئالىدىن.

ئول پەرىنىڭ ئىشقىدە چاك ـ چاكىدۇر باغرىم،
كورمادىم بۇ دەھىر ئىچرە ھىچ ئېنىڭ مىسالىدىن.
زوق ئىلە سەپا بەرگەي خوبرويىلار زىكرى،
گەرچە زەھەر ساچىلغان تىللارى سۈۋالىدىن.
مەي بىلە يۈزى تەرلەر سەبزە ئوزرە شەبنەمدەك،
باغلارى مۇئەتتەردۇر سۈبھىنىڭ شامالىدىن.
كويدى ئىشقىدە بۇلبۇل كىچەلەر پىغان ئەيلەر،
ئاھى ئەيلامەس تەسىر ھوسنىناڭ كامالىدىن.
ئىككى ئەژدەرھا تۇرمىش گەنج ھوسنىنىڭ ئۈستىدە،
ياكى ئاي تانابىدۇر تار ـ تار ئىككى بالىدىن.
ئىختىيارىن ئالدۇرگان سەيد بولدى دامىگە،
ھىچ ۋەھىم قىلمايدۇرۇر قارىنىڭ ۋابالىدىن.

× ×

ئەدەپ سەر چەشمەسىدىن دائىما سىراپ بولغايسەن،
سەدەپ كامىدىن ئالغان گوھەر ناياپ بولغايسەن.
تەرىقەت دەپتەرىگە سەر ـ بەسەر ئەدەپ بىتكاندۇر،
ئوقۇپ خۇشخۇي بولغىل خەلق ئارا كىمياپ بولغايسەن.
سائادەت پەخرىنى ئەدەپ گەنجى ئىچرە پىنھاندۇر،
چىنان سىئى ئەيلاگىل ئالەمدە دۇرناپ بولغايسەن.
ئەدەپ بىر تاجىدۇر ھەر كىمنى سويدى باشىگە قويدى،
تىۋازۇ پىشە بول زۇلمەت ئارا مۇھتاپ بولغايسەن.
ئەدەپ ئىككى جاھان سەرمايەسىدۇر ئەي جىگەر بەندىم،
بۇ دەريادىن ئىچىپ سۇ دايىمان شاراپ بولغايسەن.
ئېزىزلار خىزمىتىدە كىميادىن ياخشىدۇر ئەدەپ،
بۇ نىسبەت دامىنىنى تۇتماساڭ قۇللاپ بولغايسەن.


AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئەگەر تاجى كارامەت باشىڭغا ئەفسەر قىلاي دىسەڭ،
ئەدەپ دەرياسىگە قارى تۇشۇپ غەرقاپ بولغايسەن.

× ×

ئەي باد نەسىم يارايسەن،
ئول تەرەن مىشكبار ئىدۇرسەن.
زىنھار بەلەند ئۇزاتمە قولنى،
ئول ناز ئىلەدۇر نىگار ئىدۇرسەن.
ئول قايدە، سەن خاراپ قايدە،
بىر گۇلغە ئۇزەڭنى خار ئىدۇرسەن.
ئول سەرۋەكى سەير قىلسە ھەريان،
سەن سەدۋەرى ران گۇمان ئىدۇرسەن.
ئول كوزلارى فىتنەئى جاھانىكىم،
گەر باقسە ئۇزۇڭنى فىكار ئىدۇرسەن.
سەيد ئەتتى كوڭۇلنى زۇلپى خالى،
دامىغە توشۇپ قارار ئىدۇرسەن.
ئومرۇڭ ئوتۇبان چۇ باد سەر ـ سەر،
غەپلەت بىلە ئۇزنى يار ئىدۇرسەن.
بىر كورمەك بىلە بولۇپ ئەسىرى،
جان راھىتى تەن فىكار ئىدۇرسەن.
بەرمەي قولىغە گۇل مىرادىن،
قارىنىڭ يولىدە زار ئىدۇرسەن،

× ×

بىر كورساتىپ ئۇزنى قىلدى پىنھان،
روھىم قۇشى كورگەلى ئىچەر قان.

لۇتپىدىن ئۈمىد كوپ تۇتارمەن،
شايىدكى مۇيەسەر ئولسە دەۋران.
خال ۋە خىتتغە ئەسىر ئولدۇم،
ئازادىمە شايىد ئولسە ئىنۋان.
يادى بىلە شادىن كوراركە،
كوز ياشىنى ئەيلايىن فاراۋان.
ئەۋۋىلدە نەسىپ بولماگانلار،
ئاخىردە شارابىدۇر قارا قان.
تۇپراغىنى كوزگە سۇرمە قىلسام،
مەھشەردە بولۇر كوزۇم چىراغان.
ئولتۇرسام ئىشكدە بىر گەدادەك،
بولغاي ماڭا تەخت مۇلكى سۇلتان.
گۇل كوردى بىلال قىلدى ئوزنى،
بۇلبۇل كەبى ئەيلەدى خوش ئەلھان.
قارى ئېنىڭ ئىنتىزارى بولغىل،
شايىد نەزەر ئەتسە شاھ خۇبان.

× ×

ھازاران بۇلبۇل گوزار گولزارىڭدىن ئايلانسۇن،
خىرامان كىبىك رەپتار رەپتارىڭدىن ئايلانسۇن.
قاياندە گەنج زەردۇر ھالقا ئۇرغان ھەژدىھاسى بار،
جاھان گەنجىسى سىنىڭ زۇلپى سىيا تارىڭدىن ئايلانسۇن.
جاھان رەئنالىرى يۈز شور غوغا سالدى ئالەمگە،
سىنى نەئخۇاپ كوز لەئىل شىكەر بارىڭدىن ئايلانسۇن.
لىبىڭ گوپتار، يۈز مەسىھا جان تاپار شەكسىز،
ئەپلاتون بولسە ھەم كورسەتمە بىمارىڭدىن ئايلانسۇن.

گاھى ناز كەرەشمە خىرامان سەير باغ ئەيلان،
ھازاران سەرۋى قامەت تەرىز رەپتارىڭدىن ئايلانسۇن.
جاھان گولرۇخلىرى زۇلپۇڭ كەبى پابوسلىك ئىستار،
نەزەر سالغا ئۇلار سارىغە ئىسارىڭدىن ئايلانسۇن.
يۈزۈڭ كورسەتمە ھەر نامەھرەمە ئەفشاي راز ئەتمە،
بېشىن مېھرابىغە قويغان زاھىد ئەسرارىڭدىن ئايلانسۇن.
قىيا باقمە يۈزۈڭ كورسەتمە ئەي زىبا رەقىبلەرغە،
مېنىڭدەك جان پىدا قىلغان خېرىدارىڭدىن ئايلانسۇن.
سالىپ زەنجىرى زۇلپۇڭ تارىدىن ئەي شوخ بويىنىغە،
نىچە قارى كەبى ئۇششاق بازارىڭدىن ئايلانسۇن.

× ×

ئىنايەت بىرلە باق ئەي خوبلار شاھى جامالىڭدىن،
باھارىستان ئۇلۇر باغ كوڭۇل مايىل نىھالىڭدىن.
بۈگۈن ھوسنۇڭ كامالى سەير باغ ئەيلاپ تاماشا قىل،
ئىگىلسۇن سەرۋىلەر پابوسلىك ئەيلە كامالىڭدىن.
دەمادەم مەست لايەقىل بولۇپ دىۋانە بۇلبۇللار،
ئېلىپ بۇي مۇھەببەت ئەترە ئەپشانلىغ شامالىڭدىن.
ئەزەل نەقاشى سورەت باغلادى زىبا جامالىڭدىن،
كورۇپ يۈسۈپ سۈپەتلەر ئارزۇ ئەيلەر ۋىسالىڭدىن.
لىبىڭ ئابى ھاياتى جان بېغىشلار مەردىگە شەكسىز،
بولۇپ خەندان تەكەللۇم ئەيلەگەن ۋەقتى ماقالىڭدىن.
قارارى سەبرەدىن بىگانەدۇر پابوسلىك ئىستار،
داۋامەت شانە زەخمىدەك پېرىشان زۇلپى خالىڭدىن.
ئەدەپ بىرلە تۇرار ھىندۇ بەچچە لۇئ لويە خازىندۇر،
ۋە زەمزەم لىبىدە سۇ ئىچار دائىم زىلالىڭدىن.

دەما-دەم تازە-تازە زوق شوداگىز ئەپغانىم،
زىياد ئۇلغاي مۇھەببەت دەم-بەدەم مىشكىن ھىلالىگىدىن.
رىياھىن بويى سۇنبۇل موي ئاتەش خۇي كەلكۈن روي،
سىياتىن تازە قىل قارى توكۇپ شىكەر ماقالىگىدىن.

× ×

غۇنچەلەرنى قىلمە ۋە بۇلبۇل گىرپتار ئۇلماسۇن،
ھوسنى گۇلزارى تاماشاسىدە ئەغيار ئۇلماسۇن.
ئاي، كۇن سەركەشتە مەجنۇنۋار ئاشىقدۇر مەگەر،
لىك مەندىن ھوسۇنگا سوزەندەئى نار ئۇلماسۇن.
فەرزىھ ئەرمىش پال-ئىبالىك سىنك ئەي ھورۋەش،
سەيد ئىتارگا سەن كەبى بىر شوخ ئەييار ئۇلماسۇن.
روزە ئەتراپىدە ھىندۇبەتچەلەر پايەندەرەك،
گەرد روخسارىدە ئاندىن غەيرىلەر يار ئۇلماسۇن.
جان بىرۇرگە لەئىل ئەسرارىك مىساھىدىن بەلەند،
جان ئالۇرگە سەن كەبى جاللادى تەردار ئۇلماسۇن.
ئەي جەلەند ئەختەر جاھان رەئنالىرى قۇلدۇر ساڭا،
تۇتىلەر سەيرىگە سەندىن غەيرى گۇلزار ئۇلماسۇن.
ناز ئىستەغنا شىكەرىز ئۇلدى مشكىن خانە دەپ،
خۇش سۇخەن نازۇك بايان قارى كەبى زار ئۇلماسۇن.

× ×

مەست چىقمە ھەر سارى ئالەم گىرىپتار ئۇلماسۇن،
ئىشق ئىلىغە ئوت تۇشۇپ سوزەندەئى نار ئۇلماسۇن.
ھەددى ئوساف كامالدۇر قارار ئۇلسۇن مۇدام،
غەيرى زۇلپىدىن ماڭا بىر تارى زۇننار ئۇلماسۇن.

مەنزىلى جان ئىچرە ئۇل خورشىدى مانەند ئەلىن،
زەرەۋەش كويى سارى مەندەك گىرىپتار ئۇلماسۇن.
دەمبەدەم نەخلى مىرادىم ئابى ھاۋايىك تىلار،
مەن كەبى سوزەندە سەندەك شوخ تەردار ئۇلماسۇن.
چەرخى گەھجەر قاتارىدىن باران غەم سىل سەرشەك،
ھەر تەرەپ تۇغيان قىلىپ دەريايى خۇنخۋار ئەيلەسۇن.
ئەي ئەسىر ئەيلەپ جاھان رەئنالىرىن سەييارىدۇر،
جان ئالۇرغا سەن كەبى چالاك ئەييار ئۇلماسۇن.
نازىنىنلار ئىشقى بازارىگە سالسە قارىنى،
ئالغالى ئۇل شوخدىن غەيرى خىرىدار ئۇلماسۇن.

× ×

ئەي سەرۋى ناز سەن كەبى خونخار بولماسۇن،
خەنجەر گىزار جانىمە ئەييار بولماسۇن.
نازىك نىھال تازە تەر ئۇت ئەزار يوق،
ھېچكىمسەدە سىنىگدەك كەبى دىلدار بولماسۇن.
ئاشىق جامالى شەمئىغە پەرۋانەسا كويۇپ،
ھەر ئاشىقدە سەن كەبى تەردار بولماسۇن.
ئابى ھايات لەئلى تەبەسسۇم نىسار ئۇلۇپ،
چۇن تۇتىمى نەزاكەت گۇپتار بولماسۇن.
مانەند باغ سەبزەئى تەرخوش نەما بولۇپ،
نەخجىرۋاد شوخ ستەمكار بولماسۇن.
مەجنۇنۋار خىرمەن جانىدە ئۇت يانىپ،
قارى كەبى يولدە گىرىپتار بولماسۇن.

× ×

بۇي ئېلىپ جانلار مىشامى شوخۋەش گۇلزارىدىن،
بىر ماتائى دۇركى ئالدىم ئىشقىنىڭ بازارىدىن،

سەيد ئىتار ئاھۇ كوزى ھەردەم مىنىڭ سەييارىدۇر،
بۇ تىنىم مەجرۇھى ئانداغ نازلىك بىمارىدىن.
قان يۇتارمەن ھەر نەپەس كەلكۈن ئازارى ياردە،
ئاسمان بولدى شەپەقكۈن دىدەلەر خۇنبارىدىن.
سەيىر ئۇچۇن چابۇك سۇۋارىم غەرىم مەيدان ئەيلەدى،
دەشت ـ سەھرا بولدى ئەترە ئاسا پىيرىشان تارىدىن.
ئاپتاپ ئىلە قەمەر ھوسنىن كورۇپ بولدى خىجىل،
يۇز ياشۇردى شەرم ئىلە ئۇلار گۇل رۇخسارىدىن.
غۇنچەلەر خەندان ئولۇپ بۇلبۇل پىغانى ساز ئولۇپ،
خۇش تەكەللۇم بولدى تۇتى چىھرەئى گۇلنارىدىن.
ئۇسمۇلۇق قاشىن دىمە زىبا تۇشۇپ رۇخسارىغە،
ئەكسى تۇشكاندۇر ئۇگا غەملىك كوڭۇل زەنگارىدىن.
ھالقا سالغان ئىت دىمە ئارقاسىدە سەييارىنى،
بوينۇمغە تۇشكان پىرى پوش زۇننارىدىن.
خۇش تەبەسسۇم خەندەرولارنىڭ گىرىپتارى ئېرۇر،
نى ئۇچۇن دىۋانە بولدۇڭ دەپ سورارسەن قارىدىن.

× ×

ئەي پەرى رۇخسارى ۋەگگەل گىرىپتار ئولماسۇن،
مەن كەبى بىر كورگالى ئوششاقلار زار ئولماسۇن.
گاھ لەيلىۋەش گاھ شىرىن زىبا شىكەر ـ شىكىن،
سەن كەبى بىر شوخۋەش لەئلى شىكەر بار ئولماسۇن.
روزى ئەۋۋەل تەنيەت ھوسنۇڭنى جان بەخش ئەيلاگان،
تا قىيامەت باغ ئومرۇڭ نەخلى كىبار ئولماسۇن.
موسەند غوررەتىدە دايىم شاد خەندانلىك بىلە،
ئوتكارىپ بولغىل ئامان بىر پارە غەم يار ئولماسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

خازەنى گەنجى مالامەت سەن ۋەپا تاجى ساڭا،
زەپ بەخش ئولدى كورۇپ مەندەك خېرىدار ئولماسۇن.
ئابى ھەيۋان چەشمەسىدىن خىزرى سا سىرابى بول،
تا سەمەند ئۇمىر مېھمىزىگدە رەپتار ئولماسۇن.
ناگىھان قىلسە گەزەر خۇرشىدى ئەسا ئول پەرى،
سايەدەك گەردىدە قارى كورگالى زار ئولماسۇن.
مەندەك ھوسنى ئۇزرە كورگەن دىدە گىريان ئولماسۇن،
ۋاله ۋە شەيدا بولۇپ ياش ئورنىدە قان ئولماسۇن.
ھەدىھى ۋە سافى ئېزۇر ئون تورتكە تولغان ئاي كەبى،
باغ ئارا گۇل بولسۇن ئول سىنىگدەك گۇلىستان ئولماسۇن.
مەستى بىمارە كوزۇڭ ئالەمنى بىمار ئەيلەدى،
ئابى ھەيۋان سەن كەبى بىمارىگە جان ئولماسۇن.
دەم ـ بەدەم شوراپ دەرياسى كىلۇر تۇغيان ئىلە،
ھەددىدىن ئاشىپ ئىشتىياقى قاپقارا قان ئولماسۇن.
جان ئالەم سەن پىدا بولسۇن يۇقى ـ بارىم مېنىڭ،
كوزلارىڭ تىغىگە مەندىن غەيرى قۇربان ئولماسۇن.
ئاي، كون مەغرىب سارى بولدى خىجالەتدىن نىھان،
لىك ئول سەرگەشتەلەر ئاخىر پۇشايمان ئولماسۇن.
نازىنىن ـ نازىك بەدەن نە خىل مىرادىم مېۋەسى،
بىر دۇئاگۇيىن كەبى قارى قۇرئان ئولماسۇن.

× ×

مېنى ئاشىپتە كورسەڭ ھالىيا سەرمەست جانانمەن،
يىتالماي دامىن ۋەسلىگە دايىم دىدە گىريانمەن.
مەنمۇ مەجنۇن رەسۋا ئىشق سەۋداسىدە لەيلىنى،
سىيە زۇلپى كەبى بەختى قارا دايىم پېرىشانمەن.

هاياتىم بار جان بەرمەك تەمەنناسى ۋىسالىدىن،
مۇيەسسەر بولمىغۇنچە شەمئى گەردىدە پىر ئەپشانىمەن.
دەما ـ دەم جان بېغىشلار لەئىل سىرابى تەكەللۇمدىن،
گاھى خۇنرىز مىژگانلار ئىشىگە تورپە ھەيرانىمەن.
چىنان ئالان بولاي گۇل ياردىدە شەب تا سەھەر يىغلاپ،
ئېچىلماي غۇنچەئى ئۇمىد بۇ ھالىمغە لەرزانىمەن.
زۇلايخا داغى زولپىدەك پېرىشان ئەتتى ئەقلىمنى،
كويۇپ ياقۇپ ئاسا يوسۇپكە پىرى كەنئانىمەن.
كەمەند ئىشق سالدى بىر پىرى رۇخسارى سىيمەنبەر،
بولۇپ داغى جىگەر كوھى بالادە لالە خەندانىمەن.
سالىپ پەرھادى، ۋامۇق ئىشق بازارىگە ھەنگامە،
بولۇپ رەسۋايى ئالەم مىسال ئۇلار خانە ۋەيرانىمەن.
شىكەرلەپ ماھىۋەشلەرگە دوئاگويلىك مۇناسىپدۇر،
قىلاي جان بارىچە شەپ تا سەھەر قارىئى قۇرئانىمەن.

× ×

ئۇچالماس ھېچ قۇش پەريانە ئايرىلسە قاناتىدىن،
نىچۇك خاتىر پېرىشان بولمىسۇن غەمكىن نىجاتىدىن.
كىرەملىك پادشا سەن نەمەنگاھىڭنى دەرىغ ئەتمە،
ئۇمىد ئەيلەر سېنى مەردەم كىشىڭنىڭ ئىلتىپاتىدىن.
ئەگەرچە جان ئالۇرسەن ئارزۇ قىلماس مەسىھانى،
گىرىپتارلىق سېنى ئۇمىد قىلمايدۇر ھاياتىدىن.
قارا سۇلار ئاقار ھوسنۇڭگا ھەيران دىدە گىريانلار،
خىجالەت بىرلە دايىم پاي بەند ئولدى ئۇياتىدىن.
خىياللىڭ نەۋباھار ئەييامى گويا غۇنچەسى خەندان،
ۋەلى بۇ شادلىك كەلگەي پېرىشانلىقىنىڭ زاتىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەمەندىلىك مەقسۇد مەنزىلىگە يەتمەدى ھەرگىز،
تۇشار شۇرابىلار ماتەم بىلە كوزنىڭ دۇۋاتىدىن.
كىرەم خانىدىن ئۇمىد ئەيلەگەن نائۇمىد قالمايدۇر،
غۇلام پىرى قارى كوز تۇتار خەت بىراتىدىن.

× ×

مەن كەبى مەجنۇن بولۇپ دىلدارىدىن ئايرىلمىسۇن،
مۇنسى ھەمداز ھەم ئەسرارىدىن ئايرىلمىسۇن.
قىسسە قىلمە بۇ جۇدالىغە دەردىنىڭ پايانى يوق،
ھىچ بۇلبۇل سەيرى بىر گۈلزارىدىن ئايرىلمىسۇن.
يۈز ياشۇردى بەخت ناپەرجام ياجۇدى پەلەك،
بىر تەنۇ، بىر جان بىر غەمخۇرىدىن ئايرىلمىسۇن.
مەنمۇ ھوسنى ئۇزرە بىر خورشىدى ئالەم تاپ ئۇچۈن،
جان چىكىپ جانانە دەپ ئول يارىدىن ئايرىلمىسۇن.
جۇش ئۇرار سەرخابلار كوزا چەشمەسىدىن ھەر زامان،
كورماگىنچە دىدەرلەر خۇنبارىدىن ئايرىلمىسۇن.
ئاچىلغان گۈلدەك كورۇپ چۈن ئەندەلىب ئولدۇم ساڭا،
ھىچ بۇلبۇل بىر گۈلى بىخيارىدىن ئايرىلمىسۇن.
ئاز ئىستەغنانى تەرك ئەيلەپ خۇرام ئەتسەڭ نەدۇر،
قارى سەندەك كىك خوش رەپتارىدىن ئايرىلمىسۇن.

## مۇخەممەس

چاك ـ چاك ئولدى جىگەر شەھلا كوزنىڭ خارىدىن،
بىر تەرەپ مىژگانلارىدىن بىر تەرەپ ئەغيارىدىن،
ئەنبەرى ئەسا بولدى ئالەم كىبىك ۋەش رەپتارىدىن،

بۇي ئېلىپ جانلار مېشامى مىشكى سا گۈلزاردىن،
بىر ماتائى دۇركى ئالدىم ئىشقىنىڭ بازاردىن.

غۇنچەسىن خەندانە كەلتۈرگۈچ قىلىپ پەسلى باھار،
تەشنەلەر كامىنىڭ لەئلى بىرلە ئەيلەپ ئابشار،
زۇلپىدەك جانلار ھارارەت بىرلە بولدى بى قارار،
سەيد ئېتىپ ئاھۇ كوزى ھەردەم مېنى سەييادۋار،
بۇ تىنىم مەجرۇھى ئانداغ نازىلىك بىماردىن.

جان تاپار خىزرى مەسىھا لەئىل شىكەر باردە،
خۇش ياراشۇر نالەئى پەرىيادى بۇلبۇل زاردە،
قاسىد ئاگاھ ئولمادى مەشۇق ئارا ئەسراردە،
قان يۇتەرمەن ھەرزامان كەلكۇن ئازارى ياردە،
ئاسمان بولدى شەپەق كۈن دىدەلەر خۇنباردىن.

كوزدىن ئۇچتى باز ئاسا باغرىمنى قان ئەيلەدى،
بىر مەلەك گويا فەلەك سەيرىگە جۇلان ئەيلەدى،
نەم نىگاھى ئۇچ ئەستەغنا رەئىھسان ئەيلەدى،
سەير ئۇچۇن چابىك سۇۋارىم غەرىم مەيدان ئەيلەدى،
دەشت، سەھرا بولدى ئەترە ئاسا پېرىشان تاردىن.

خەنجەرى مىژگانلىرى جان نەخلىنى ئەيلەپ قەتتىل،
لەئىل نابى چەشمەئى ئەينائى تەسمىر سەلسەبىل،
پىرى تۇي رۇخسارى بولمىش باغ رىزۋاندىن جەمىل،
ئاپتاپ ئىلە قەمەر ھوسنىن كورۇپ بولدى خىجىل،
يۇز ياشۇردى شەرم ئىلە ئۇلار گۈل رۇخساردىن.

كۆن كەچۇردۇم شەمئى ۋەش رۇخسارىغە دەمساز ئولۇپ،
ئوت تۇتاشتى جىسمىمە پەرۋانىگە ھەمراز ئولۇپ،


AltunOq

www.uyghurkitap.com

نەي كەبى نالەشكە كىردىم ئانچە خوش ئاۋاز ئولۇپ،
غۇنچىلەر خەندان ئولۇپ بۇلبۇل ناۋاسى ساز ئولۇپ،
خۇش تەكەللۇم بولدى تۇتى چېھرەئى گۈلنارىدىن.

ئېقىل لال ئولدى كورۇپ ئول سەمەسا بىمارىگە،
شەھنەۋەش ئەتراپىدە پابوس بىلەن تارتارىگە،
ۋاژگون بەختىم يىتۇرماي ئىلكىمى ئول نارىگە،
ئوسمالىق قاشىن دىمە زىبا تۇشۇپ رۇخسارىگە،
ئەكسى تۇشكاندۇر ئاڭا غەملىك كوكۇل زەڭگارىدىن.

تەلىم ئىلە ۋەيران ئېتەرلەر كەئبەئى ئابادىنى،
شاھى زالىم بولسە سورمەس بىر دىلى ناشادىنى،
لەشكىرى غەم بىرلە يىغمايە سالور بۇنيادىنى،
ھالقا سالغان ئىت دىمە ئارقاسىدە سەييادىنى،
بوينۇمغا تۇشكان پىرى پوش زۇلپىنىڭ زۇننارىدىن.

بۇ جاھان مەجنۇن شەيدالەرنىڭ بازارى ئېرۇر،
لەيلىۋەش شىرىن زەبانلار زوقىن ئاسارى ئېرۇر،
بوينۇمغا تۇشكان قولادە ئىشق زۇننارى ئېرۇر،
خۇش تەبەسسۇم خەندەرۇلەرنىڭ گىرىپتارى ئېرۇر،
نى ئۇچۇن دىۋانە بولدۇڭ دەپ سورارسەن قارىدىن.

× ×

مىۋە خەنجەرلىرى ئادەت قىلىپتۇر جان يىنىستانلىقنى،
نىچۇككىم شوخىۋەشلەر ئەيلەگەي نامىھرىبانلىقنى.
ھايادىن يۈز ئۇگۇرگەندەك ئۇزىنى ھەريانە تاپ ئەيلار،

نىھالدۇركى بەرداش ئەيلاماس بارتكىرانلىقنى.
مۇنەۋۋەر چىھرە خەندان ئەتسە لەئلىن ئابىدار ئەيلەپ،
كىتۇرگاي لالە ئاسا داغ ئىشق باغرى قانلىقنى.
دىھانىڭ دۇرلارىنى ساخلاغاندۇر نەچە ھىندۇلار،
غۇلام پادىشالار ئورگانۇر بۇ پاسبانلىقنى.
جازاسى شول ئېرۇر ھەركىم مۇھەببەت لاپىنى ئۇرسە،
كودارمۇ خارخەس ئاتەشكە رو بەرسە ئامانلىقنى.
ئاھانەت بىلماگاي ئۇششاق مەشۇقى جاپا قىلسە،
ئېچىلغاي غۇنچە بۇلبۇل قىلسە شىرىن داستانلىقنى.
نازاكەت باغىدىن گۇلدەستە باغلاپ بولسە مەنزۇرى.
دىبان كىلك ئىلە قارى ئەيلەدى شىكەر ئەپشانلىقنى.

× ×

ناگىھان كەلدى مۇشامىمغە سەھەر رەيھان ئىسى،
دىمە رەيھان ئول مۇئەتتەر ئەيلاگان جانان ئىسى.
گۇل خىيالىدۇركى ئەپغان ئەيلەگەيلەر كىچەلەر،
ئەندەلىب خۇش نەۋا گويا ئالىب خەندان ئىسى.
كوزلارىم لەئلى خىيالىدە توكار سورخاپلار،
ئاتەشىم ئاھىم كەلتۇرگەي ھەر زامان سوزان ئىسى.
پاك جاروپ ئەيلە دىل تاپسۇن سىپا ئاينەۋار،
شايىد ئول بادى سەبا تەككۇزسە بىر مىھمان ئىسى.
بولدى ھەردەم گۇشلەرى چالاك جان ئالماغ ئۇچۇن،
رەھىم قىل ئەي شوخى ئالەمنى تۇتۇبدۇر قان ئىسى.
بىر بۇت نامىھرىبان سالدى دىلىمگا رەخنەلەر،
خەنجىرى مىژگانلىرىدىن جان ئالۇر قۇربان ئىسى.
لۇتپى ئىھسانىڭ دەرىغ ئەتمە كىرەملىك شاھسەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جان بېرۇر ۋەقتى مىشامىمغە كەلتۈر رەيھان ئىسى.
زىكرى ھەق بىرلە چىنان سەر سەبزە قىل باغى دىلىك.
گۈل ـ گۈل ئاچىلسۇن كوڭىل تاپسۇن قارار ئىمان ئىسى.
ئوتتى غەپلەتتىن كوز ئاچماي قىلمادى ئۇيقۇ ھارام،
ئاقىبەت رەنجورلىكدىن كەلدى قەبرىستان ئىسى.
ۋەقت رەخلەت دۆركى قارى شاھىدىن كەم بولماغايە
ئەبرى رەھمەتىدىن توكۈپ كەلتۈرسە ھەق قران ئىسى.

× ×

كوڭۈل دىل مۈلكىغە جانانە كەلدى،
بىلمىدىم سورغالى سەيرانە كەلدى.
بۇ سۇرەت نازىنىن كوز كورمىگەندۇر،
پىرىلەر ئەقلىدىن بىگانە كەلدى.
ئاچىلغان گۈللەرى گەردىدە خەندان،
تۇتۇپ ھەر قايسىغە ھەميانە كەلدى.
يامان كوزدە ئىپىغە بىر دانە خالى،
تۇرۇر پايەندە ئەسبەندانە كەلدى.
لىبى گۈل ـ غۇنچە ئەردى چال ئەۋۋەل،
كامالىغە يېتىپ خەندانە كەلدى.
مىكرىنى ئەيلەدى پابەند شەككەر،
كورۈك بىر قۇشكى سەيىيانە كەلدى.
مازاقى كويدۇرۇر جانۇ ـ جاھانىم،
مىگەركىم بەرق بىر ۋەيرانە كەلدى.
جامالى پىرتۆيدىن بولدى سەرمەست،
ئوزىنى ئالدۇرۇپ دىۋانە كەلدى.
ئۇزۇپ شەمئى ئوتىغە سوزان بولاي دەپ،
بۇ گۈلشەن بەزمىغە پەرۋانە كەلدى.

مسال كارۋان يۇك باغلادىلەر،
ھەم پىران كەتكەلى گىريانە كەلدى.
ئاسىلدى دارى مەنسۇرىغا قارى،
بولۇپ چۇن مەست سەرگەردانە كەلدى.

× ×

نەۋخەتىدىن سورىدىم ئانداق مېھرىبان يارىڭ قېنى؟
ئارقادىن داغى-جىگەر يۇرگان گىرىپتارىڭ قېنى؟
جانىستان ھەردەم كىشى خەنجەر سۇپەت مىژگانلارىڭ،
خۇش تەبەسسۇم دۇر ئەپشان لەئل-شىكەر بارىڭ قېنى؟
باغ-باغ ئاچىلغان ئەردىڭ گۇل كەبى خەندان ئولۇپ،
ناز ئىلە ھەريان خىرامان سەرۋى رەپتارىڭ قېنى؟
نەرگىسىڭ جەللادى جانلارغا جەزا سالغان ئىدى،
ئوت سالىپ جان خەرمەنىغە چەشمە خۇمارىڭ قېنى؟
سۇنبۇلستان ئەيلەگەندەك ھەلقە-ھەلقە كاكىلۇڭ،
رىشتەئى جان ئەردى گويا زۇلپى زۇننارىڭ قېنى؟
بەرگەي ئەردىڭ ياخشى سوزلەرگە جاۋابى تەلخەي،
گەرچە تەلخ ئەردى شىكەر ئورنىدە گۇپتارىڭ قېنى؟
دايىما كىيىك خىرامان نەچچە ياخشى جورىلەر،
سەپ توزاپ ئارقاڭدە يۇرگەن دوستى خەمخارىڭ قېنى؟
لالەئى ئەھمەركەبى ھوسنۇڭ سىينىڭ رەخشان ئىدى،
زەئپىراندەك سارغايىپسەن رەڭگى-رۇخسارىڭ قېنى؟
لەبلەرىڭنىڭ قەندىدىن جان كامى شىكەر نۇش ئىدى،
غۇنچە خارىستاندەك پىنھان باغ گۇلزارىڭ قېنى؟
سايەۋەش گەردىڭدە دايىم پاسبانلىك ئەيلەگەن،
بىر تەنۇ-بىرجان كىچە-كوندۇز ۋەپادارىڭ قېنى؟

مۇبسمۇ ئازەردە بولغان دەپتەرىمنى ئاچماغىل،
قارىيا سەندىن سوراي دىلدۇز ئەشئارىڭ قېنى؟

## مۇخەممەس قارى بىر غەزەل ناۋايى

بولۇپمەن ھوستىلار دىۋانەۋەش ئالەمنىڭ رەسۋاسى،
كورۇپ ئەيپ ئەيلەمەڭلەر شول ئىبرۇر نىجنىن قەسەمنامەسى،
قىزىل يۈزلۈك قارا كوز لەئىل خەندان تەمەنناسى،
مېنى دەھۋا ئەيلەگەن ئول دىلبىرىمنىڭ چەشمە شەھلاسى،
كوڭۇل مۇلكىنى تاراج ئەيلەگەن ئىشقىنىڭ يەغماسى.

مېنى ئىشق ئەھلى دولەت خانەسىگە ئەيلەدى مەنسۇپ،
كوزۇم نەم، قامىتىم خەم تەن ئەلەملىك زەخمىدىن مەئيوپ،
ئەگەرچە كويىسە-يانسە باقماغاي ئول شوخ سەھەر ئاشوب،
ئۆلۈمدىن زەررە ۋەھمىم يوق ۋەلى قورقۇنچىم ئاندىن كوپ،
قاچان ئۆلگايمەنۇ-كەتكەي باشىمدىن يارنىڭ سەۋداسى.

نەسىپ ئەتكەن ئەزەلدىن دەرەد بىلە تەۋاماندۇرمەن،
ياغار بادان غەم تىرى مالامەتكە نىشاندۇرمەن،
گۈل ئىزلەپ خارزەخمى بىرلە قالغان باغرى قاندۇرمەن،
زەئىپ ناتىۋان بىچارەئى بى خانىماندۇرمەن،
نىچە ھىجرىدە يىغلارمەن ئىېنىڭ يوق زەررە پەرۋاسى.

يۈكۈم بىر كوھى تەن دەجرۇھ بولغان ھالىتىم يوقتۇر،
كويۈپ پەرۋانەئى ئاسا يول يورارگا ھاجىتىم يوقتۇر،
مەنىۇ مەجنۇن شەيدا ھىچ يەردە راھىتىم يوقتۇر،
نىچە جەبرۇ جاپاسىگا چىدارغا تاقىتىم يوقتۇر،
قازەغە رازىلار بولدۇم توگانمەس ئىشقى سەۋراسى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەھالىم ئابشار لۇتپىدىن سۇ ئىچمادى سۇلدۇم،
بولۇپ لەب تەشنەلىكدىن چىغىزدەك ۋەيرانەدە بولدۇم،
فەنا دەشتىدە قالغان ناتىۋانلار سارى ئايرىلدىم،
پەلەك دادىل قازەغە ئىلتىبان قەتىل ئەيلەدى ئولدۇم،
جازاسى شول ئىرۇر ھەركىمكى قىلسە ئىشقنى دەۋاسى.

جاھان رەسۋاسى بولغاي ھەركىمشى پاش ئەيلەسە ئەسرار،
قۇتۇلماس ھىچ ئاشىق يەتمەگۇنچە باشىغە بىر دار،
بۇ دۇنيا ئىشقى بازارى ئىرۇركىم سويسە بىر دىلدار،
ماڭا دەرد-پىراق ئەندۇھ ماتەم چەرىخ گەجرەپتار،
كى قىجقىرتىپ مىنى بازارى ئىشقىڭ ئەيىۇ ھەنناسى.

كوزۇم سورخاپلار جارى قىلۇر ئول مەنى ياد ئەتكەچ،
تىنىمدىن دۇدى بەرگەي نازىنىن ئىشقىنى بەركەتكەچ،
بولۇر مەقسۇدى ھاسىل قارى ھەركىمنى زىكرى ياد ئەتكەچ،
نەۋايى دىلپكار ئولگاچ مالامەت ناۋىگە يەتكەچ،
قىلىنگان ئىشكا ئوخشايدۇر ئىنى كىم بەرچە ئەزاسى.

**مۇخەممەس**

بىر كۇن سەھەردە ئىقىل ماڭا رەھى راۋان دىدى،
سورىغىل زامانە ھالىدىن ئەيلەي بايان دىدى،
جان بىرلە ساقلە قىسسەنى دەرگىران دىدى،
بولدى زامانە ياخشىلارى ناتىۋان دىدى،
بەدپەئىل بەد سەرشەت چوشرى چايان دىدى.

مەردى خۇدالەر ئوز يىرىدە خار بولدىلەر،
تەقۋايى ئەشئار ياخشىلەر ناچار بولدىلەر،

زاھىد ئىلى يورالمايىن ئازار بولدىلەر،
ياش بەچچەلەر دۇكان تۇتۇپ تەردار بولدىلەر،
بۇ داستاننى ئەيلەيىن ساڭا ئايان دىدى.

ئىسلام ئىلىنىڭ بىر-بىرىگا كوپ ئىداۋىتى،
بولدى بىخىل جۇملە غىنى يوق ساخاۋىتى،
فىسىق فىجور بىرلە خالايىقنىڭ ئاداۋىتى،
ئىش بۇ تەرىقە ئاچ كىشى قىلماس نادامىتى،
بولدى بۇلەر نىشانەئى ئاخىر زەمان دىدى.

كوپ ياخشى شىخىيلارنى يامانلار قىلۇر يامان،
سوپى ھەق شۇناسىدىن ئەل بولدى بەدگۇمان،
يەر تىترادى ھەيا بىلە باغرىغە تولدى قان،
ئەشكىن راۋانە قىلدى نەدامەتتە ئاسمان،
تۇشماي ئۇلارنىڭ دامىدىن ئوتكىل راۋان دىدى.

كاپىرنى بىلدى شاھ گادا قىلمىدى ئوزلىرىن،
يىرتىپ شەقاۋەت ئىلكىدە بى شەرىم يۇزلارىن،
ئەيلەپ سالام كۇپپار ئىلىگە قىلدى سوزلارىن،
ئالدى ئەمەلنى رەشۋە بىرلە قىلغىل ئاپەرىن،
ئالەم ئەئىلىنىڭ بەئزىسى بولدى يامان دىدى.

شەرىم ھايانى تاشلادى ئەل نانو-ئاشىگە،
توڭغۇزنىڭ قىلماغان ئىشى تۇشتى تالاشىگە،
كوپ مويسەپىد قالدىلار، ئىش تەگدى ياشىگە،
بۇلبۇل قەپەزگە كىردى، مىكرى قوندى باشىگە،
نامۇسۇ ئار بىلمەدى پىرۇ جوۋان دىدى.

بول ئىھتىيات، قالمە ئازازۇلنىڭ دامىگە،
قىلغىل ئەمەل شەرىئەت ھەقنىڭ كالامىغە.
نەپسىڭ ئۇلۇغ لەھەڭ، ئۇنىڭ تۇشمە كامىغە،
ئولتۇرماغىل مۇدام ھالاكەت مۇقامىگە،
قارى بۇ ئىشنى ئاخىرى ساڭا زىيان دىدى.

## لۇغەت

### ئا

| | |
|---|---|
| ئاسا | — ھاسا |
| ئاغوشتە | — قۇچاقلىماق، ئىلەشمەك |
| ئاسودە | — بەھرىمەن بولۇش، مەنپەئەتدار |
| ئابشار | — جارى، راۋان |
| ئالودە | — بۇلغانماق، يۇقماق |
| ئاھىنە | — ئەينەك |
| ئابوۋاپ | — ئىشىك، دەرۋازا |
| ئابوبەكرى | — مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ توت دوستىنىڭ بىرى |
| ئابدولقادىر | — ئابدۇل قادىر جىلانى، غەۋسول ئەزەم ئىمام ھەم دىيىلىدۇ، تەرىقەتچىلەر ئېقىمىنىڭ پىشىۋاسى |
| ئاشوپتە | — ئالدىرىغان، ھولۇققان، چېچىلغان |
| ئايام | — كۈن، بايراملىق كۈنلەر، خوشاللىق كۈنلەر |
| ئاشام | — ئىچىش |

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ب

بابوسلىك — سويمەكلىك
بادى خازان — كۆز شامىلى
بىنياد — بەرپا، تىكلەش
بىستىتە — كوپىلگەن، تولا
بابوسەر — سويمەكلىك، سويگەن
بى دەرەم — پۇلسىز، يوقسۇز
بى سەمەرى — مۇۋسىز، نەتىجىسىز، كېرەكسىز
بارىھا — ھەمىشەم
بوردا — كەسكىن
بى ھەمدۇللا — قانائەت قىلماق
بى باۋسەر — كوزسىز، كوزى كورۇپ پەرق ئېتەلمەسلىك
باد نەسىم — مەيىن شامال، يۇمشاق شامال
بابەند — (باي بەند — پۇتى باغلانغان)
بەد پىشىل — ئوسال مىجەزلىك

## پ

پاي بوسىر — پۇتىنى سويگۈچى
پىياپى — كەينى ـ كەيندىن
پەرتوي — روشەن، چىرايلىق
پەركالە — توت (توپ ـ توپ، توپلانغان)
پايامى — ئەھدۇ، ۋەدە
پەيكانە — ئوق
پىلمان — پىل باققۇچى

پور ياتا — بىرلىكتە
پانەد — ئۇقۇدى، ئۇقۇغان
پىرو - ھەزەر — جىددى ساقلىنىش
پەرى ئەفشان — چاچقان، چېچىلغان
پايەند — ئاياق ئاستى
پىرتەۋى — روشەن، چىرايلىق
پىرىھەنى — خوشاللىغى
پاي بەند — پۇتى باغلانغان

ت

تەكەللۇم — سوز، گەپ، سوزلەش
توبى — بېھىشتىكى بىر دەرەخ
تۇتىيا — شىپالىق توپا، (دورىلىق توپا)
تەيغىر — ئۆزگىرىش، ئۆكۈش
تىشە — تاش
تەلىخ — ئاچچىق
تەفسىر — تەرجىمە، يېشىش، چۈشەندۈرۈش
تىدارەك — تاپتى، تاپقان
تاھا — پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى
تەھمىل — كوتىرىش
تىرى — ئوقيا
توموچ — كوز تېگىش، كوز تەككەن
قەغەپىل — غەپلەتتە قالغۇچى
تەكاۋۇر — ئۆزەڭگە
تاقىم — تاقىتىم
تەپىل — نادان، ئەخمەق



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈتكۈل ئادرېسى

تەغيان — تاشقىن
تەسمىر — بىنا قىلىش، ئاۋات قىلىش
تەقۋائى شئار — دىنى پروگرامما

ج

جەيھون — ئامۇ دەريا
جەئىد — ئاقىل كىشى
جەزىپ — تارتقان
جوي — ئېرىق
جە لا — جىلۋىلىنىش، يالتىراش
جورەنى — كېنىزەك، جۈپتەك، جورە
جەمشىد — مىلادىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىران شاھى
جامىن نوش — قاچىدىكىنى ئىچمەك

چ

چالاك — چاققان
چىقىز — چوغدەك قارغا
چىرمان — چىرماشقان، يېپىشقان
چىنى - جىبىن — چىن ئاياللىرىدەك
چوكانباز — كالتەكباز، گاگار ئويۇنغۇچى
چولەك — بىلىققا ئوخشاش
چاريار — توت يار (دوست)
چەرخى گەڭ جەر — پەلەكنىڭ ئايلىنىشى
چۆغىز — چوغىندەك، قارغا، ھوقۇش

خ

| | |
|---|---|
| خامۇش | — جىملىق، شۇك بولۇش |
| خىرمەن | — خوشاللىق |
| خەيرۇل بەشەر | — خۇش چىراي ياخشى كىشى |
| خاۋىرى | — شەرق، كۈن چىقىش تەرەپ |
| خودمەن | — ئۆزىنى بىلەلىگەن، هوشى بار |
| خونابە | — قان ئارىلاش زەرداپ سۇ |
| فىرقەئى | — جەندە تون |
| خوكبان | — چوشقا باققۇچى |
| خوبان | — چىرايلىق |
| خۇنبار | — قان تۆككۈچى |
| خىسارەت | — زىيان |
| خورشىد ـ ماھ | — كۈن ۋە ئاي |
| خال | — مەڭ |
| خوبرو | — يۈزى چىرايلىق |
| خوش ئىنان | — مىجەزى ياخشى |
| خاكپاھىڭ | — قەدەم ئاستىدىكى توپا |
| خىلىيوللا | — ئىبراھىم پەيغەمبەر |
| خوش ئەلهان | — چىرايلىق ئاۋاز |
| خەپپاش | — شەپەرەڭ |

ھ

| | |
|---|---|
| ھىسار | — قورغان، شەھەر |
| ھەنجارى | — ئۈنچە، مارجان |
| ھوۋەز | — كول (سۇ ساقلايدىغان كول) |

www.uyghurkitap.com

ھەترى ھوما — بەخت قۇشىنىڭ سايىسى
ھىلەم جود — ناھايىتى سەخى
ھەزرەتى ئىدرىس — ئىدرىس پەيغەمبەر
ھەمزە — مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ تاغىسى، باتۇر قوماندان، ھەجدىھانى يوقاتقۇچى (ھەزرىتى ئەلى)
ھودەت — يالغۇزلۇق، تەنھالىق، ئاللا

## د

دوررى گىران — ئېغىر، ۋەزنىلىك گوھەر
دەما ـ دەم — داۋاملىق، ئۈزلۈكسىز، ئارقا ـ ئارقىدىن
دودى — ئىس، ئىسى
دىۋارە — ئوي، ئىمارەت
دەربان — باققۇچى، پايلاقچى
دىھىن — ئېغىز
دەۋۋاج — ئايلانغان، يومىلاق، ئايلانما
دامادىم — ھەمىشە
دورپاش — گوھەر چاچقۇچى
دىدەم — كوز، كوزۇم
دەۋرى تەن — تەننى ئايلاندۇرۇش
دامى — توزاق، قاپقان
داۋۇت — داۋۇت پەيغەمبەر
دورناپ — باھاسىز گوھەر، قىممەتلىك تاش
دەرگىران — بەكمۇ ئېغىر
دىلاۋەر — باتۇر، پالۋان
دىلەر — كوڭلۈك، كوڭۇل بېرىش

## ر

| | |
|---|---|
| رود | — پاشا (چاقىدىغان)، قاپاق (كوزنىڭ قاپىغى) |
| رەگىزەر | — يول ئوتكۈچى |
| روز ئەزىلى | — روز - كۈن، ئەزەلدىكى قۇياش |
| رۇخسار | — چىراي، ھوسۇن، يۈز |
| رەققاس | — ئۇسۇلچى |
| رەپىئىد | — بەلەن، قامەتلىك |
| رەھنىمۇن | — يول كورسەتكۈچى |
| رەقىئى | — خەت، پۈتۈك. |
| رىيا | — يالغان، يالغاندىن ئوزىنى ئۇلۇغ كورسەتمەك |
| رەتبەئى | — مەرتىۋە |
| رىزۋان | — بىر جەننەتنىڭ ئىسمى |
| راھىم | — يول، يولۇم |
| رازدان | — سىر بىلگۈچى |
| رەموزى | — ئىشارەت |
| روي گەردان | — يۈز ئورىگەن |
| روزەسىن | — باغچىسى |
| رەتبار | — تېز ماڭغۇچى |
| رەپىئە | — بەلەن مەرتىۋە |
| رەببو ئاز | — خۇدانىڭ دىدارى |
| رەسولىللا | — مۇھەممەت پەيغەمبەر |
| دوخ | — يۈز |

رەخلەت — كوچۇش(دۇنيادىن ئاخىرەتكە كوچۇش)
رشۋە — پارا
راھمگە — يولۇمغا

## ز

زەنبۇر — قارا ھەرە (ھەسەل ھەرە)
زەردەم — سېرىقلىق، سېرىق چىراي
زۇلپى — چاچ
زىھى — ئەجەپ
زىيور — ئالتۇن ھەل بېرىلگەن
زەھراب — زەھەرلىك سۇ
زۇننار — خرىستىيانلار بويىنغا ئاسىدىغان كرست
زىقن — ئىڭەك
زەبىيۇللا — ئىسمائىل پەيغەمبەر
زەرەۋەش — ئالتۇنغا ئوخشاش

## ژ

ژالە — شەبنەم تامچىسى
ژولىدە — ۋەيرانە يىتىملىك

## س

سەيقىل — زىننەت

سەللەمنا — قايىل بولماق، ئاپىرىن ئېيتماق

سەرەنگۇن — يۈزى تۆۋەن، بېشى تۆۋەن بولۇش

سوراخ — تىشىلمەك

سوزانە — كويۇش، كويمەك

سىرىشكەم — قوساق توقلۇق

سەما شەبلى — باغداتلىق ئەۋلىيا شەيخ شەبلىنىڭ
زىكرى سۆلۈك قىلىپ چۆرۈلگىنى

سەد — يۈز (و ساناق) سىپىل، توساق

سىراب — چولدە هاۋا قىزىغاندا سۇ ئاققاندەك
كۆرۈنۈش

سەرشار — لىق، تولۇق، قانماق

سەپ شكەن — سەپنى بۇزۇش

سىبات — قاتتىقلىق، چىداملىق، ئىرادىلىك

سىراتەلسى — قىيامەتتىكى سىرات كۆۋرۈگى

سەمەندى — خۇشبۇي چىچەك

سىپەندانى — پەرۋاندەك

سوهەن — يۇلتۇز

سوجارە — جايناماز

سىپە — ئاق

سىياھ — قارا

سەرگىران — بېشى ئېغىر، باش ئېغىرلىق

سورخاب — ياش

سىنان — نەيزە

سەخنور — سوزلىگۈچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سانىئ — ئىككىنچى
سۇلايمان — سۇلايمان پەيغەمبەر
سىپاتىن — سۇپىتى
سەرشەك — لىق، تولا، كوپ
سافى — سۇپەت
سامائ — ئاسمان، پىقىرىغان
سەلسەبىل — تاشقىنلىغان سۇ، جەننەت بۇلىغى
سەرمەسا — خۇلۇق، ئادەت، خاراكتىر
سەرشەت — مالامان، ئىسراپچىلىق

## ش

شىكوپە — ئېچىلغان
شەمشاد — بىر خىل تۈز ئۇسىدىغان دەرەخ
شەلالۇك — شاھلارنىڭمۇ بۈيۈكى
شىۋەئى — ئاياللارنىڭ ناز قىلىشى
شەيداخ — ئاشىق بولۇش
شەبرىز — كېچىلىك
شەھنەۋەش — شاھلاردەك
شەبرەڭ — قارارەڭ (كېچىنىڭ رەڭگى)

## غ

غىرىز — غەرەز، مەقسەت
غوروس — غورۇ، چوشكۈن جاي، دالان
غەرقاپ — غەرق بولۇش
غىررەتى — غۇرۇرى، غۇرۇرلۇق

غولمان — غولام، چاكار، خىزمەتچى
غەرم — نىيەت قىلىش

ق

قېدوس — پەرىشتە (پاك)
قالو بەلا — ھەقىقى خۇدا
قەمرە — ئاي
قەسد — قەست
قەتمىر — ئەسابولكەبىنىڭ ئىستى (ئىت)
قەترە كام — مەقسەتنىڭ پارچىسى
قوللاب — ئالدامچى، ناتوغرا ئىش قىلغۇچى
قولادە — فوللىرى

ف

فەردا — تاڭلا، ئەتە، كېيىن
فىتور — نۇخسان، كاۋاك، بوشلۇق، ئىشنى خام قىلىش
فىكار — پىكىر، ئويلاش
فىرىبىن — ئالدامچىلىق
فىرىش — بىسات، پالاز
فىراك — دەرد، ئازاپ
فىسانە — ئەپسانە، رىۋايەت
فەرەھ — خوشاللىق
فىسىق ـ فىجور — يامان قىلىقلار، يامان ئىشلار

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

ك

كەمال — يېتىشكەن، توشقان
كوهىكەن — تاغلىق، تاغلىق يەرلەر
كوي — قەدىمقى ئىرانلىقلاردا ئات ئۈستىدە
تۇرۇپ ئويىنىلىدىغان چويۈن توپ
كەجرو — تەتۈر
كونگون — خىلمۇ - خىل، رەڭمۇ - رەڭ
كىبىك — كېيىك
كاۋاكىپ — يۇلتۇز
كوشوش — كۈشەندە، يولەك، كۈچ ئۇلاش
كەۋسەر — جەننەت سۈيى
كىردىكار — ئاللا تائالا
كاسە ساقىم — قاچا سۇنغۇچى
كىمياپ — خىمىيەگەر
كىميا — خىمىيە
كامى — مەقسەت، مەركەز

گ

گىرندانە — چاقماق، چاقماقتەك
گىھىر - بار — قەھرىۋا
گەرىم — قىزىق، قىزىقچىلىق
گەردار — قىلىق
گوھىن — ھەمنەپەس
گىرىبانىم — چاپان - كوينەكلەرنىڭ ياقىسى

| | |
|---|---|
| گەردەم | — قىلىغىم، قىلىقلىرىم، قىلىق |
| گوشىم | — قۇلىغىم |
| گوھەر ناياب | — ساپ، دانە، روشەن گوھەر |
| گىران | — ئېغىر |
| گەجرەپتار | — مايماق مېڭىش، تەتۈرىسىچە يۈرمەك |

## ئ

| | |
|---|---|
| ئىنشا | — پەيدا قىلماق، تەجرىبە قىلماق، تەربىيەت قىلماق |
| ئىبرام | — قوغلاش، هايداش |
| ئىستەغنا | — باي، غېنى |
| ئىكراھىم | — مەجبۇرلاش |
| ئىنايەت | — ئىتبار بەرمەك، ياخشىلىق قىلماق |
| ئىسكەندەر | — ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالىكساندىر ماكىدونىسكى) |

## ي

| | |
|---|---|
| يەھيا | — يەھيا پەيغەمبەر |
| يەزىد | — بىنى ئۇمىيە ئەرەپ خەلىپىلىگىدىكى مائاۋىيەنىڭ ئوغلى |

## ل

| | |
|---|---|
| لوھ | — ۋېۋىسكا، ئىسىملىك تاختىسى |
| لوئىلۇئ | — مەرۋايىت |
| لالە ئەھمەر | — قىزىل گۈل |



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

م

موسەپپا — تازىلانغان، ساپلانغان
مالاھەت — چىرايلىق، گۈزەل
مەھۋا — ئورۇن، تۇرالغۇ جاي، پانا جاي
موجەممەر — چوغ
مەققۇس — يېڭى ئاي، يېڭى ئاينىڭ ئەگمىسىدەك
موشات — خوشاللىق
مەرھەم — مەلھەم، سىقماق ياغ دورا
موستەغ — چاپلاشقان، يېپىشتۇرۇلغان
موغبەر — ھىلىگەر، تۈلكىلىك
مەلەك — شاھ، سۇلتان
مىئاسى — گۇناكار، ئاسى، تانغۇچى
مەبىئ — خىرىدار
مەنۇر — روشەن
مىدئەتتەر — ئەترە، خۇشپۇراق
مەنسوخ — بىكار قىلىنغان، كۈچىدىن قالغان
موشرەك — شىرىك، ياندىش
موسەپپا — تازا، پاكىز
مەئبۇد بۇت، ھەيكەل
مىشك فام — ئىپاردەك
ماسىۋا — خۇدادىن غەيرىلەر
مورەككەب — تولۇق، توشقان
موجەئئىد — ئۇرۇشقۇچىلار
موغانە — شەيخ (موڭغۇل ـ قالماقلارنىڭ شەيخى بۇتخانىسىدا بۇتقا موئەككەلدۇر، ھاراق-شاراپ ئىچمەيدۇ)

| | |
|---|---|
| مورغه | — ئۇچار قۇش |
| مەردەم | — خەلق، خىزمەتكار، پۇقرا |
| ماجازى | — يالغان، ساختا |
| موشام | — دىماغ |
| موسەففا | — پاكلانغان، تازىلانغان |
| موج | — قايىنىغان، تاشقان |
| مىژدە | — خۇش خەۋەر |
| مونتەزىر | — قارىغۇچى، كۈتكۈچى |
| مەھۋەش | — ئاي چىراي |
| مۇقابىل | — ئۇدۇل، روبىرو |
| مۇسەللىم | — تەسلىم بولغۇچى، قايىل بولغۇچى |
| مۇتتەپىق | — ئىتتىپاقلىشىش |
| موتتەكا | — يۆلەنگۈچى |
| مۇھتاب | — تولۇق چىققان ئاي |
| مىشكبار | — ئىپار پۇراقلىق |
| مەسىها | — ئەيسادەك چىرايلىق |
| موسەند | — ئۇلتۇرۇق جاي |
| مىھمىز | — دىۋىتىش (ئاتنى) |
| مەردەم | — كىشى، خىزمەتچى، ئادەتتىكى كىشى |
| مەئيۇب | — مىيىپ، زەخمىدار |
| مۇشكاپ | — شكاپ، ساندۇق |
| مەنزۇمە | — نىشان، مەنزىل |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ن

ئەما — پەيدا، كورۇنۇش

ئەھسن — بىھۇدە ھەۋەس ئىشلار

ئەقد — ئاقچا، پۇل

ئەئت — سۈپەت، ماختاش

ناسخ — ئەمەلدىن قالدۇرۇش

نالان — ناله قىلىش

نىگىران — ئىغىر، ئىختىلىشىپ كەتكەن

ناسور — ئاقما جاراھەت (لىمغا تۇبىركۇلىيۇزى)

نىشائى ۋەھدەت — بىرلىكنىڭ پەيدا بولۇشى

نەۋالى — ئاۋازى

نەخجىر — كوزىنىڭ جىيىگى، قاپاق

نار — گۈل (قىزىل گۈل)

نەمەكدان — تۇزلۇق قاپاق، تۇز-تائام يېيىشكەن

ناگار گىزار — قاراپ تۇرغۇچى

نىسان — باھار يامغۇرى

نىيستان — قومۇشلۇق

نوھ، سالىھ — نوھ ۋە سالىھ پەيغەمبەرلەر

نىگونسار — تەتۈر يىقىلغان

نىگىن — ئۈزۈك، ئەڭگۈشتەر

نەمخۋاپ — چالا ئۇيقۇ

ناتىۋان — ياشلار

## ۋ

ۋاژون — ئەتۇر، كاج

## ئو

ئوشاق — ئاشىق
ئومman — ئومman دولىتى (ئومman كورنېزى كوزدە تۇتۇلىدۇ)
ئوراق سوپىھە — ۋاراقىنىڭ يۈزى
ئومەر — مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ توت دوستىنىڭ بىرى، ھەزرىتى ئومەر
ئوساق — سۇپەت
ئوساقىن — سۇپىتى
ئوسمان — مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ توت دوستىنىڭ بىرى، ھەزرىتى ئوسمان

## ئە

ئەنجەر — نىشان، مەقسەت
ئەپشا —پاش قىلىش، ئېلان قىلىش، ئاشكارە قىلىش
ئەسار — ۋەقەلەر، ئەسەر
ئەبىر نىسان — باھار بۇلۇتلىرى
ئەنجىم — ئۈنچە (مارجان)
ئەلۋاج — ئايلاندۇرۇش، كوچۇرۇش
ئەشيان — ئوۋا ماكان
ئەشىر — بىر خىل زىننەت بويۇمى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەديان — دىن، دىنلەر
ئەھمەر — قىزىل
ئەخگەر — كۆل
ئەزۋاج — ئەر- خوتۇن، جۈپتەك
ئەسب ئەبەن بىرخىيا — سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىرى
ئەكساب — سۇنىڭ ئەكسىدە
ئەنان — تىزگىن
ئەيان — ئاشكارا
ئەشئار — شېئىر
ئەقبا — ئاخىرەت
ئەفسەر — كونارغان، كېرەكسىز
ئەلىف — بىر (ئېلىپ)
ئەينائى — ئەينەكتەك
ئەسپەندانە — پەرۋانە
ئەيىۋھەنناس — ئادەملەر، خالايىقلار

## ئې

ئېلى — مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ تۆت دوستىنىڭ بىرى- ھەزرىتى ئېلى
ئېبن ئېلى — ئۇ ئېلى





# دىۋان ناقىس



نەشرگە تەييارلىغۇچى: **غۇلام ئەبەيدۇللا**

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

«دىۋان ناقىس» ناملىق بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى — ناقىس (ساۋىر ئاخۇن خەلپىتىم بىننى ئابدىقادىر يېڭىسارى) ھىجرى 1259 — 1340 - يىللاردا (مىلادى 1840 — 1920 - يىللاردا) ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى.

شائىر ناقىس ھازىرقى قەشقەر ۋىلايىتى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدىكى مەدرىس كول بېشى مەھەللىسىدە بىر موللا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، باللىق ۋە ياشلىق دەۋرلىرىدە يېڭىساردا ۋە قەشقەر شەھرىدە شۇ زامانىنىڭ مەدرىسلىرىدە ئون يىللاپ ئوقۇپ، دىنىي بىلىملەر، ئەرەپ، پارس تىللىرى ۋە تۈركى خەلقلەر ئەدەبىياتى بويىچە مۇنتىزىم تەلىم ئالغان ۋە ئۆزىدىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ تەسىرىدە شېئرىيەت يېزىقچىلىقىغا كىرىشكەن.

شائىر ناقىس قەشقەر شەھرىدىكى ئاپپاق غوجا جامەسىدىكى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، يېڭىسارغا قايتىپ كېلىپ، يېڭىسار

www.uyghurkitap.com

دىكى مەشھۇر تايىبەگ مەدرىسىگە مۇدەررىس بولغان. ئۇ يېكەنسار-دا ئۆز ئۆمرىنى ئىلىم تەھسىل قىلىپ، كىتابلار يېزىپ، پەقىرانە بىر ھالدا ئۆتكۈزگەن. يېكەنساردا كىشىلەر بۇگۈنگە قەدەر ئۇنىڭ خەلققە يېقىن، ئادالەتپەرۋەر ۋە ئىنتايىن كەمتەر بىر كىشى بولغان-لىقىنى تەرىپلىشىدۇ.

شائىر ئۆز ئۆمرىدە «بەيىس ھىكىم بەگ»، «قۇتلۇقنامە»، «دى-ۋان ناقىس»، «موجىدۇل قۇلۇپ» (دىل بارلىقلىرى)، «نولىلى دى-مەن» (تېخى 0 دىمەن)، «نەسھەتنامە ئۇنسۇر بايانى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان، ئىران يازغۇچىسى شەيخ غىنايىتۇللانىڭ «باھار دانىش» ناملىق چوڭ ھەجىملىك رومانىنى پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، بۇ تەرجىمە ئەسەرگە «گۈلزار بېنىش» (تىكەنسىز گۈلزار) دەپ ئات قويغان.

شائىرنىڭ ياشاپ ئۆتكەن تارىخىي شارائىتى مانجۇ ئىستىبداتى-لىرىنىڭ تالان-تاراجلىرى ۋە مىسلىسىز كۈلەمدىكى جەۋرۇ-زۇلۇم-لىرى، مانجۇلار ھوكۇمرانلىقىغا قارشى جايلاردا ئارقا-ئارقىدىن كۆتىرىلىپ تۇرغان خەلق قوزغىلاڭلىرى ۋە بۇ قوزغىلاڭلار قانلىق باستۇرۇلغان دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇخىل تارىخىي شارائىت ۋە تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەسىدە ئوچۇق-ئاشكارە ئايان بولۇپ تۇر-غان ئىجتىمائى ئادالەتسىزلىك شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر قىلغان. بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە، مەزمۇنەن دۇنياۋى رىيالىستىك تېمىلارغا يۈزلىنىشنى، ئىجادىيەت مىتودىدا بولسا، بۇ خىل مەزمۇنلارغا مۇۋاپىق يوسۇندا ھەجۋى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى-نىڭ خېلىلا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. شائىر كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىجتىمائى تەقدىرىگە ھېسداشلىق قىلغان، زۇلۇم سالغۇچىلارنى ۋە ھەرخىل ئىجتىمائى ئاپەت مەنبەلىرىنى پاش قىلغان، ئۇلارنى ئۆتكۈر ساتىرا ئاستىغا ئالغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا قىسمەن يوسۇندا

دىنى خۇراپاتلىقتا ئائىت پاسسىپ ئامىللارمۇ ئۇچرايدۇ.

شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا، ئارۇز ۋەزنى شېئىرىيىتىنىڭ غەزەل، مەسنەۋى، رۇبائىي، مۇخەممەس قاتارلىق شەكىللىرىنى كەڭ تەتبىق قىلغان، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ بەدىي ئىپادىلەش ئەنئەنىلىرى ۋە باي، گۈزەل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئانا ئاساسلىرى روشەن نامايەن بولۇپ تۇرىدۇ. شائىرنىڭ تىلى يەڭگىل، راۋان، جانلىق، پىكىرلىرى ناھايىتى چوڭقۇر ۋە مەنتىقىي، ئوخشىتىش، سۈپەتلەش، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاستىلىرى ناھايىتى باپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ قۇرۇلما تۈزۈلۈشى پۇختا، ۋەزىنلىرى ئاھاڭدار، ئىبارىلىرى ئوبرازلىق. شۇڭلاشقا، شائىرنىڭ شېئىرلىرى خەلق ئىچىدە ئاغزاكى يوسۇندا ھەم كەڭ تارقالغان.

شائىر 81 يېشىدا ۋاپات بولدى. ھايات ۋاقتىدىلا ئۇنىڭ داڭقى ۋە كىتاپلىرىنىڭ تەسىرى كەڭ تارقالغان، ھەتتا ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ قەلەم ئىسمىنى ناقىس (كەمتۈك، كەمتەر) دەپ قويۇپ، ئۆز ئەسەرلىرىنى ئۆزى ئۆلۈپ ئەللىك يىلدىن كېيىن نەشر قىلىپ تارقىتىشنى ۋەسىيەت قىلغان. ئۇنىڭ ئىلىمگە ۋە ئىجادىيەتكە تۇتقان بۇ خىل كەمتەر، ئېھتىياتچان پوزىتسىيىسى بۈگۈنكى كۈندىمۇ كەڭ ئاپتورلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ.

مەن شائىرنىڭ «دىۋان ناقىس» ناملىق بۇ كىتاۋىنى، كىتاپنىڭ يېڭىساردا 1981 - يىلى يېڭىدىن تېپىلغان قولىيازما نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلىدىم. شائىرنىڭ بۇ دىۋانىنىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىشى ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرىنى ئىزلەش ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# غەزەللەر

## 1

ئاي يۈزۈڭ پەرتۋىدىن بولدى جاھان رەشكى چىمەن،
ئۇشبۇدۇر ۋەجھى كىشى دىسە سىنى ۋەجى ھەسەن.
قامىتىڭ جىلۋەسىدىن سەرۋى سىھى بولدى خىجىل،
ئومۇرلار جەس بولۇپ گۈلشەن ئارا چەكتى مەئەن.
دەر ئىدىم مەن بىلە ئەل مۇمكىن ئەمەس تەڭ بولماق،
بۇ خىيالەت بىلە ئومرۇم ئوتۇپ قالمىدى مەن.
جان ئىمىش تاپ دوخۇڭ مىھىر كەبى ئالەمگە،
سەن يۈزۈڭ ئاچماغۇچە ئەتسە ئۇرۇپ قۇتمادى تەن.
تۈر ئۈزە مۇسا دىبان رەببى ئۈزىنى كور دىدى،
شەۋقىدىن توختامادى ھەر نەچەكىم ئاڭلادى لەن.
مەن گۇمان ئەيلار ئىدىم ۋەسلى ئۈچۈن جان لازىم،
جان داغى سەندىن ئىكان ئانى بىلىپ قالمادى زەن.
تىشلارىڭ لىمئەسىدىن كۆلكۈ چاغى كوز ئاچقاچ،
بارچە جەۋھەرلار ئاڭا پەخىر قىلۇر دۇررى ئەدەن.
ئىت لارىڭ بىرلە بۇلۇش مەنسەپ ئىرۇر ئاشىق غە،
رىشئە باغرىنى بىرۇر ئىتلار ناگا يوقكى شەمەن.
ناقىسا..................................

## 2

ئايغا كوڭلۈڭنىڭ  سافاسىدىن زىيا ھاسىل بۇلۇر،
مىھىر كوڭلى ھەم مۇقامىڭغە سىنىڭ مايىل بۇلۇر.
يەرگە يەتمايدۇر ئاياغىڭ باسماغىدىن ھىچ يۇك،

ناسىيەككە باقسا ھەركىم نىلىڭ غەمى زايىل بولۇر.
دامىنىڭ گەردىغە ئەنجۇم كوزلارى مۇشتاق دۇر،
خۇلقىتىلىڭ نىلىڭ سايەسىدىن مۇشتەرى سايىل بولۇر.
مۇشتەرى ئەفلاك ئۇزە ئەيلار گۇمان نادان ھىكىم،
ئەمدى بىلدىم كىم فەلەك نىلىڭ ئىلمىغە جاھىل بولۇر.
مەزھىرى نۇرى ئىلاھى دۇر يۇزىڭ ئالەم ئارا،
ۋەسفىڭ ئانداغكىم تاۋازۇئ بارىغە ھامىل بولۇر.
بۇ مۇشەھھەدۇر غەرەزدىن خالى ئەي ئەھبابلار،
لىك ھەركىم ناقىسى مەخدۇم غە قايىل بولۇر.

3

بىلىپ قويغىل قەدەم مەتلۇپ ھەر سىدىغە ئەي تالىپ،
تەلەپ يولىدا نەفەس ئاجىزۇ بەد ئولمىسۇن غالىپ.
كۇڭۇلدىن بەد خىيانەتلىك بىلە كىبىرىڭنى سىلىپ ئەتكىل،
كورنىماس چىھرەئى مەتلۇپ ھەرگىز بولماساڭ سالىپ.
دىمىش دىلنىڭ ئىتىنى قەلىپ يوتكالگاچ يامان ئىشدىن،
يامان لىق پىشە ئەيلاپ سەن بولۇپ سەن ئوغرىدەك قالىپ.
جالاپ لار بىر نىمە بەرماي كىشىنىڭ فۇلىنى ئالماس،
ئالۇرسەن ھىچ نىمە بەرماي كىشى نىلىڭ مالىنى جالىپ.
قالىپ تۇر بۇرنا ئوتكەن ياخشى لارنىڭ يادگارى كوپ،
ئۇياتماي سەن خالايىق دىن يامانلارغە بولۇپ نايىپ.
سىنىڭ قىلغان ئىشىڭدە رەئى سايىپ دىن ئەشەر يوقدۇر،
ئىبرۇر دۇر سەرمايەئى دۇنيادە ئەئىبى فىكرەت ساھىپ.
خۇداغە شۇكرى قىل ناقىس كى سادىق سەن ھەمە ئىشدا،
ساداقەت پىشە بول ھەر يەرگە بارساڭ بولمىغىل كازىپ.


AltunOq

www.uyghurkitap.com

## 4

بۇ ئاقشام كىم نىگارىم ھۆسنى دىن كۆلبەم ئىدى رۇشەن،
ماڭا فەرۋانەدەك تاڭ ئاتقۇچە كويماگلىك ئېرۇر فەن.
نەزەر ۋە جىلۋە قىلغاچ ئىككى رۇخسارى قىزىل گۈلدەك،
كامالى شەۋقىدىن بۇلبۇل نى سۇرغانىغە دەرئەردىم مەن.
ۋىسالى گەنجى مەملۇكۇم كۆرۈن گاچ دەر ئىدىم ئاندا،
كى ئەي فەرھات مەجنۇن ئاستانىمدا ياقىڭ گۈلخەن.
تائالى ئۈمىدلىڭ ھۆسنى بى نەزەركىم دىسام بولماس،
ئادا ئەۋسافى ئانىڭ لەئىل گەنجىغە ئېرۇر مەخزەن.
تەكەللۇم باشلاغاچ لەئىل لىبى ھەرسارى ئۈت ساچتى،
كۆرۈندى بەزم ئارا كوزلارگە ئاغزى دۇر تولۇق مەئدەن.
خىيال ئەۋراقىدا بىر نەقەت بىھىم ئاغزىدىن يازدىم،
تائامۇل ئەيلاسام ئۇل نەقەت لەفزى يازىلىپ ئەرزەن.
يانىمدا ئولتۇرۇپ مەي سۇنسا تەھرىك ئەيلاگەچ ساقى،
مۇسەۋۋەر باغ ئارا بۇلبۇل ئى ئەردى ئەكسىدىن كولبەن.
ئېرۇر ناقىس ئىنىڭ ھۆسنى نىڭ ئەۋسافى بىلە نەزمىڭ،
ئۈزۈڭ دەك بى ناۋا ئىشق ئىچرە قالغان ئەلگە مەستەھسەن.

## 5

بۇ ئاخشام كى كوكۆل نىڭ كىشورى غەمدىن خاراپ ئەردى،
مالالەت ئۈتى تەشرىر بىرلە ھەم باغرىم كاۋاپ ئەردى.
فانا تىغىدا بىسمىل قۇش كەبى ئەندۇھ دەۋراندىن،
تىنىم دا پىتجاپۇ جانىم ئىچرە ئىزتىراپ ئەردى.
خازان فەسلىدا مەھزۇن تۇتى دەك مەھكەم تۇتۇپ لەپ نى،
نەچە ئايىنە تەنەت بولسە ساھىل بى جاۋاپ ئەردى.

فەلەك دەك دۇر ئىلى غوغاسىدىن ئۇزدىن كىتىپ ھەردەم،
دەمى تەسكىن ئۇچۇن ھەريانغە يۈزمىڭ ئىنقىلاپ ئەردى.
بۇ ئەندۇھ مالالەت دا فايان ئىستاپ تاڭ ئاتقۇنچە،
نە قىلغۇم دەپ تەرەددۇد دىن ئىشى دائىم شتاپ ئەردى.
مۇنىڭدەك چاغدا قاسىد خەبەر يەتكۇردى ئەي مەھزۇن،
سىنى بەزم ئىچرە ياران قايدا ئىزكىن دەپ سوراپ ئەردى.
ئىشتتىم كىم مىنى تەكلىف قىلغان بەزمنىڭ ئەھلى،
كوڭۇل غەمكىن چاغىدا بارچەسى ئىلپەتكە باپ ئەردى.
قۇپۇپ ئوز مەنزىلىمدىن ھەرتەرەف ئەزمەم ئەيلەدىم كوزدۇم،
كىم ئول مەجلىس دا مەترەپ ئىلكىدا جەڭگۇ راباپ ئەردى.
يەنە بىر ياندا گۇلگۇن بادە بىرلە سەمتىن ساقى،
داغى بىر ياندا ئەھباپ ئىلكىدا كىتاپ ئەردى.
مۇغەننى نەغمەسى ساقى شارابى شىبر مەزمۇنى،
بىلە ئول بەزم ئەھلى كامرانۇ كامياپ ئەردى.

## 6

بولماغىل بى ئەقىل نادانغا گىرىپتار ئەي كوڭۇل،
قالمىغاي نادان بىلە مەھزۇز ئەسرار ئەي كوڭۇل.
ھەر پەرى تەلئەت نى مەھبۇپ ئەيلەمە ئاقىل ئىسەڭ،
بولمىغاي سۇرەت كوڭۇل بەرماكتىن ھشار ئەي كوڭۇل.
بولسا نادان بىر مالامەت ئۇزدىن رەسۋا قىلۇر،
بولما ھەرگىز تەفىل خو نادانغا دىلدار ئەي كوڭۇل.
يارلىغ قىلماق غە تەمكىن لىك مۇسەففا دىل بىلۇر،
بولماغىل ھەر تىرە تەنەتكە خىرىدار ئەي كوڭۇل.
ھەر قەدى رەئناغە شەيدالىك ئىرۇر بى ئەقىل لىك،
بولماغۇنچە خۇلقى دىن زاتىدا ئىشار ئەي كۇڭۇل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىشق رەمزىدۇركى نادانغە ئىنىڭ يوق نىسبىتى،
باردۇر ئۇشاق ئارا يۈز شىۋە ئەتۋار ئەي كوڭۇل.
قىل نەسىھەت ناقىسى بىھۇشى غە بۇ باپ دىن،
بولماغىل مۇندىن كىيىن نادان بىلە يار ئەي كۆڭۈل.

7

بولدى پەيدا بۇ زامان بىر مۇنچە نادان بى ئەدەپ،
ئەھلى دانىش ئالدىدا ھەردەم قىلۇر بىھۇدە گەپ.
سوز قىلۇر تەرزىنى بىلماس داغى بىلماسلىك نى ھەم،
مۇنچەلىك بىلە ئاڭا تۈگۈلۈك بولالماس ئىكى لەب.
بىلمايىن نادالىغىن نادانلىغى ئەيلار ئەل ئارا،
بەلكى قويمىش ئۈزلارىگە ئەھلى دانىش دىن لەقەب.
چىھرىسىدا كىبىرنىڭ تائىسرى دىن يۈز تىرەلىك،
كورگۈزۈر ئۈز كوڭلىدا پىشانىسىدا تاب ـ تەب.
ئۈزىنى رەئنا بىلىپ كىيگاي ھەمە زىبا ئىگىن،
كورگان ئەل دەرلار ياراشماپتۇ بۇ ئادەمگە ئەجەپ.
لەبلارى چەكان تاماكۇ دۇدىدىن ئەفسەردە قاق،
بىلگاي ئول ئۈز كوڭلىدا گوياكى خىرماي رەتەب.
ئولتۇرۇر دۇكاندا شاھلىغ تەختىگە مىنگان كەبى،
گويىيا بەخشەندەسى مولۇك ئەجەم بىرلە ئەرەب.
بارچە خاتۇنلار تۇغار ئون ئايدا بىرنى ئادەتى،
ئول تۇغار ھەر ئايدا ئىكى مەرتەبە تارتىپ تەئەپ.
خاتىرىدا ئاخىرەتدىن زەررىچە قورقۇنچى يوق،
فىكرىدا يوق رەھمەت ئەتكەيمۇ خۇدايىم يا غەزەپ.
ناقىسا ئول فىرقە ئەھۋالىن دىماك ئەرماس زورۇر،
بى ئەدەپلاردىن يىراق بولماقغە كورگۈزگىل تەلەپ.

## 8

بولمادى پەيدا تىلسىم ماۋەمەن بولماي ھايات،
تا نەفەس باقى دەۋرۈر بولماس تىرىك لىكدا شىپات.
گەر كوڭۈل ئىچرە ھاۋا مەۋجى ئەردۈر تەشۋىش دۈر،
بۇ ھاۋادىن دۈر ھاۋادىس مەنئەن ئالتە جاھاد.
ئەيكى ئەيلارسەن بىنا تورماق غە بىلماي تۇرماقىنىڭ،
شەرم ھەقدىن قىلمادىڭ بارى ئۆلۈكلەدىن ئۇيات.
مەتلىئ نۇر ئولمۇغۇڭ كەتماي ئۆزۈڭدىن بىر نەفەس،
سۇبھ بىخۇد بولغانىدىن مىھرىدىن يۈز كوردى فات.
بول تەجەررىد پىشە ئەيلارسەن ھەۋەس ئىسىغ نەفەس،
ئەيسى ئەنفاسى بىلە ئاندىن ھايات بولدى مامات.
ئىشق ۋادىسىغە يۈز قويماي قۇتۇلماق سوئىبەت ئارا،
تا سىپەند ئوت ئىچرە كىرماي بولمادى پەيدا قانات.
بادە نۇش ئەتماي سۈزۈك ئوتماس كىشى گە ھىچ ۋەقىت،
ئىچمايىن سۇ كەسمادى تىغ ئولسە تىل يەڭلىغ فالات.
قەتلىئ قىل نەفسىڭ ھاۋاسىن ئىستاساڭ ئازادەلىغ،
بۇت ئۇشاتماي ئازەر ئوغلىغە قاچان تەگدى بارات.
ئەھل دىل قەدىغە خو قىلماي فانا ئەيلاپ ئۆزىن،
ھىچكىمى ناقىس خۇدانىڭ قەھرىدىن تافماس نىجات.

## 9

بولدى خىيالىڭ غىمىدىن خالى كوڭۈل غەم بىلە پۈر،
بۇ سەدەف قەترەنى يۇتماسدا كوزى يار دەدى دۈر.
قۇل دىدىڭ قۇل دەپ ئىدى بولدى قۇلى بارچە جاھان،
قۇل ئەنىڭ قۇللىغىدىن بولسە نىتاڭ قۇل كەبى ھور.

مۇر ھايات ئەلگە ئەماس فارسلاپ مۇر دىماگلىڭ،
بۇ مۇرۇۋۋەتتىن ئەمەس گەر ئەربىبى بولسە بۇ مۇر.
زەر دىمە ئىشق يولىن زەررە سۇفەت زەررەيىدكە،
ئىلتىفات ئەيلە دىگىل ھەر بىرىكى كىل بارى زۇر.
بىر نەچە تالىپ بىر-بىر كىزبان تافمادى بىر،
ۋەسلىنىڭ خەرمەنىدىن بەر دىمادىڭ دانىئى بۇر.
فەرقىراپ باردى كوڭۇل فەررا دىدىڭ تاجسۇن دىپ،
تافتى فەركۇيۇڭ ئارا يوقتۇر ئاڭا تاقەت فۇر.
گەر دىمە ئاڭلاسام گۇركەرەگان گەرزۇڭ ئۇنىن،
ۋەز نىياز گور ئىسە ھەم قىلماغىن كەتكالى گور.
قىرقىرار جانۇ كوڭۇل كوزۇ قاراغىڭ بىھىدىن،
ناقىسى ئەمىزدەكى قىررۇ دىگىل بولمىسە قۇر.

10

باتىنى بولسا قارا يۈز ئاتىنى بىلمە سافا،
بولمىغاي قويي بىلە تەڭ گەرچە ئىبرۇر ئاتۇ-كالا.
بىلمىسە دىل ئىشىنى ھەر يۈزى ئاق گۈلچېھرەئى،
ئىكى ئالەمدە ئىنىڭدەك يۇق ئىبرۇر كوڭلى قارا.
يار ئىمەس ئولكى كۈلەر ئول كىشىگە شىۋە قىلىپ،
يار ئولدۇركى قىلۇر يارىغە ھەم ئىستىغنا.
ئەھلى ئىرفان ھەمە ۋەقت غەرىق ئىرۇر ھەيرەتىدە،
كورسە ھەر كىمدە ۋافا جانىن ئىتەر راست فىدا.
بۇ فانا دەيرى ئىچىدە ھاسىل ئىتىپ ئىشق ئەي دىل،
يار كويىغا بىرىپ يار كەبى باش ئويىنا.
ناقىسا خەستە كەبى ھىچ كىشى ھەيرەتىڭ،
ئەي پەرى رەھىم قىلىپ ھالىتىغە ئەيلا ۋافا.

## 11

بار ئەرمىش بىر گورۇھى جۇملە نادان،
ھەممىشە زىكرى فىكرى ئاش ئىلە نان.
ئۇزىنى بارچەدىن يوقارى چاغلار،
ۋەلىكىن جايى ھەق نەزرىدە زىندان.
غورۇرى كىبىردىن ھەقنى ئۇنۇتمىش،
دىبەس ھەرگىز تۇبەن گە بەردى كىم جان.
ھارامۇ شىبەدىن ھاسىل ئەتىپ پۇل،
كىيەر ھەر نو كوڭلاك بىرلە ئىشتان.
قەدىمقى رەسمىدە ئەرمەس لىباسى،
ھەمە كىيىگان لىباسى فەئىل شەيتان.
تاماكۇ بىرلە بەڭنى رەسىم قىلمىش،
دىماسلار چەكمىگاننى ئەسلى ئىنسان.
ئۇزىنى چاغلاغاي ھاتەمدىن ئارتۇق،
مابادا قىلسا ئىكى تەنگە ئىھسان.
غىزاسى دايىما ئاق چاي، سامسا،
قىلۇر ئوز نەفسىنى ئون پۇلدا مىھمان.
بىرەر دايىم غىرىپ ئاچىزغە ئازار،
دىلى قاتىغ، لىبى گويا نەمەكدان.
سۇيەرلەر كىمكى فاسىق بولسا خوشلاپ،
قاچارلار ئۇچراسە ناگاھ مۇسۇلمان.
ھەمە بىھۇدە گەپ مەھبۇپ ئۇلارگە،
ئۇلارنىڭ دۇشمىنى ئەركانۇ ئىمان.
تۇگانمەس ناقىسا ۋەسفى ئۇلارنىڭ،
خوسۇسەن بارچە ئىشىدا سۇزى يالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 12

پەيدا بولۇپدۇر بۇ زامان،
بىر مۇنچە ھورۇن لاماكان.
قىچقىرسا ئىشقە ئۇل دەۋەن،
كەلمايدۇر ھەرگىز شۇ زامان.
قايداغ قىلادۇر دەپ قىنى،
داسقاندا قويسە يەتە نان،
ئىككى يانغە سىنجىقاپ،
قويمايدۇ يەپ بىر تىكە نان.
چاينى ئەلىپ چىقۇنچەلىك،
داسقاننى ئۇل قىلغاي پالان.
ناندىن ئەسەل نىلىك پەرقىنى،
قىلماس ئۇزى ئاز جاھىلان.
ئەمما ئۇزىنىڭ ئۇيىدە،
ئايدا يىمەس بىر دانە دان.
سۇستىلىق ئۇنىڭكى پىشەسى،
بويى ئەغىر، جانى گىران.
قىچىرسە بىر كىم نەزرەگە،
ئۇچقاي قانات بىرلە راۋان.
سايىلغە بەرمەس بىر دەرەم،
ئالغاي ئۇزى مەن دەپ پالان.
ھورۇنلۇغىدىن توشىدە،
يوق كوڭلۇكى بىلە چاپان.
ئەھلى ئايالى دەربەدەر،
ئىستاپ چىقادۇر پارچە نان.
بولغاچ مەئىشەت تەڭلىكى،

زىق ئۇلغۇسىدۇر بۇ جاھان.
قىلماس خۇداغە بەندەلىك،
قورقۇپ ئىلاھىمدىن نىھان.
چىقماس كۆزىدىن زەررە ياش،
قان توكسە كوزدىن ئارفان.
قىلغىل خۇدايا رەھمىتىڭ،
ئاسى لارە دارۇل لامان.
بەرگىل ھىدايەت نۇرىدىن،
قىلغىل ئۇلارنى پادەۋان.
ناقىس ئۇلارنىڭ زىممەنى،
قىلمە ساڭا ئوخشە ناتىۋان.

## 13

تاپىلماس ئالەم ئىچرە بى غەرەز بىر ئاشىنا ھەرگىز،
كشىكى خالىسا لىللا ئەمەس ھاجەت راۋا ھەرگىز.
تەۋەججۇ ئەيلاساڭ كۆڭلۈڭ ئارا خەللاق ئالەمگە،
باشىڭغە كەلمىگەي بۇ ئالەم ئىچرە ھىچ بالا ھەرگىز.
جاھاندا فانى بولماي ئوزلۈگۈڭدىن ئەي تەلەپ خىلى،
تاپالماسسەن رىيازەتدىن كۆڭۈل ئىچرە ساپا ھەرگىز.
ئىرادەت ئاستانىدا ئۆزۈڭنى خاك قىلماس دا،
ساڭا يەتمەس ماشايىخدىن كولاھ بىرلە قابا ھەرگىز.
تەلەپ كۆيىدا چەكمەي دەردۇ رەنج بىناۋالىقنى،
تاپىلماس ئەھلى ھىممەتدىن ساڭا لايىق ناۋا ھەرگىز.
ئۆزۈڭ سالىم ۋەلى كوڭلۈڭ ھەۋەس بىرلە مەرىز ئەرمىش،
ھىكىم ئىشقىدىن ئوزگە كىشى قىلماس داۋا ھەرگىز.
**باقا** ئىستار كىشى پىر ئىشكىدە ئۆزنى پانا قىلسۇن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزدىن كەچماگۈنچە بولمىغاي ھاسىل پانا ھەرگىز.
دىساڭ ناقىس بالا كورماي بۇ يۈرگەن بى ۋافالاردىن،
كىشىگە قىلماغىل ئومرۈڭ ئىچىدە بىر جافا ھەرگىز.

## 14

تەلبەلىكدىن ھەر زامان ئىتدەك يۈرەرمەن كويىدا،
ئەرسىيە مەھشەردە ئانداغ ئاچىغ ئەفغان بارمىكىن.
ئوتىسە يانىمدىن بىناگا باقماغۇم كوز ئۈچىدىن،
قورقارەم كىم ئارقىسىدا بىر نىگەھبان بارمىكىن.
كى كىلۈر ئۈترۈ ھايادىن چىھرەسى گۈلگۈن بولۇپ،
ھىچ باغ بارمۇ ئىنىڭدەك گۈل قىزارغان بارمىكىن.
يول يۈرەردە باقسا ناقىس ئاڭا كىم باشى قالۈر،
بۇ سۇفەتىدە دىگەي ئول كىبىك خارامان بارمىكىن.

## 15

تۈشۈپ باشىمغە سەۋدا ئىشقىدىن بىردەم قارارىم يوق،
تىلەپ ۋەسلىن يۈرەرمەن ھەر تەرەپ باقسام نىگارىم يوق.
كۆرۈشسەم ھەر قەيۇ ئادەم بىلە ياۋەرلىك ئەيلارلىك،
كۈڭۈل دەردىن دىسەم رەھمى كېلۈرگە ھىچ يارىم يوق.
غىمىنى ..............................................

## 16

جۇنۇن دەشتىدە يەتمەس ئاھ گەردىم چىقسا كامىمدىن،
نەزەر قۇشكۇنچە سەكرىپ يوتكەلۈرمەن ئوز ماقامىمدىن.

مەي ئۇچۇن مىغ نى ئىكرام ئەيلاسام مەنى ئەتمە ئەي ناسىھ،
مىنى يازغۇرمە ئەسلى يوق سوز ئىلە ئوز مارامىمدىن.
ئۇتالماس ھىچ قۇشلار ئوز ھاۋا مەھران تۇنى ھەرگىز،
فىغانىم دۇدى ئاھىم بەرقىدىن ئەتراپ كامىمدىن.
كۇكۇللار سىرىنى بىلگەي ئىدى چۇن خانىقاھ شەيخى،
كى مەھفۇزدىل ئۇلسە ئەردى قەترەئى غە دەرد جامىمدىن.
ۋىسالى نۇشىن ئىستەپ شەربەت ھىجران نىسىپ ئۇلدى،
ئاشىم ئەچىلمادى ئوزنى يوق ئەتمەي ئەھتىمامىمدىن.
سىنەمگە كاكىلۇڭدىن كىم دىماغىم تاپتى ئەندەك بوي،
ئىدى كەتمەس ئەنىڭ بىر ئۇمۇردۇر ھەرگىز مىشامىمدىن.
كۇكۇل قەسرىدە مىھمان ئىشقىن ئەتمەگىلىك نە ئىمكاندۇر،
كى فىكىر ئەتمەك نىشانىن ئاڭلاغىل بۇ دالۇ لالىمدىن.
تىلەپ ۋەسلىن يىتەلمەي قالغان ئەرمانىم كى مەخفىدۇر،
ۋەلى مەئلۇم ئىبرۇر ئۇشاقغە تەرزى كالامىمدىن.
خىيالى قۇشلارىن سەيىر ئەتمەك ئۇچۇن ئول پەرۋەشىنىڭ،
توزاغلار فىكرىدىن ھەر نەچە قۇردۇم ئۇچتى دامىمدىن.
ماڭا بەسدۇر قارا زۇلفى بىلە ئول نۇرلۇغ ئارىز،
نىتاڭ ناقىس ئەگەر فەرق ئەتمەسەم سۇبھۇمنى شامىمدىن.

## 17

جان فىدا ئەيلاپ يولىدا بەندەلىك قىلدىم ۋەلى،
نازۇ ئىستىغنا بىلە ئول شەھرى يارىم بىلمادى.
مەن شىھىد ئىشق ئول بولدى غۇبارىم سەربەلەند،
ھىچ كىشى بۇ خاكدان ئىچرە مازارىم بىلمادى.
لالەگۇن بولدى كۇزۇمنىڭ قانىدىن ئارىز ماڭا،
بۇلبۇل بى دەرد چىھرىمدىن باھارىم بىلمادى.


AltunOq

www.uyghurkitap.com

بىلدى قەدرىمنى مېنىڭ ناقىس يىراقدىن كەلگۈچى،
لىك دائىم بىرلە يۈرگەن ھەمدە يارىم بىلمادى.

**18**

چىقتى ئىشكىدىن بىر پەرى،
مەستانە كوزلۇك دىلبىرى.
كورگەنچە تويماس كوزلارىم،
كوردۇم ئاجايىپ مەنزىرى.
كورگەچ ئەنى خۇرسەند بولۇپ،
ئۇچتۇم يىرىمدىن مىلك قىرى.
كورگەچ مېنى ئەيلاپ غەزەپ،
ئەي بى ئەدەپ تۇرغىل نىرى.
سەندەك ھەقىرنى نەيلاكۇم،
سەرف ئەيلەسەڭ مىڭ گۆھىرى.
ئەقلىم ئۇچۇپ ھۇشۇم كىتىپ،
ئاقتى يۈزۈمدىن مىڭ تىرى.
تىل ئولدى لال لەرزان بولۇپ،
كەتى باشىم نىڭ جەۋھىرى.
يىغلاپ كۆزۈمدىن ئاقتى ياش.
قوندى مەكەس بىرلە ھەرى.
قوپماقىغە قۇدرەت بولمىغاچ،
بولدۇم خالايىق مەزتىرى.
كورگەچ مېنىڭ ئەھۋالىمە،
دىدى، نە بولدۇڭ ئەي كىرى.
يەتكەچ قۇلاغىم غە نىدا،
قوپتۇم ئۈزۈم بى تەئخىرى.

ئەندەك تەرەھھۇم ئەيلىبان،
قىلدى نىدا كەلگىل بىرى.
باردىم قاشىغە يالبارىپ،
سوردى مېنىڭ ھالىم بىرى.
قۇرقۇنچىدىن دەردۇ دىلىم،
ئەيدىم ئەڭا مىڭ دىن بىرى.
ھالى دىلىم ئاڭلاپ بولۇپ،
دېدى ماڭا كەلگىل بىرى،
ئىزدەر ئىسەڭ ۋەسلىم مېنىڭ،
قىلغىل ئىبادەت يەكسىرى.
تۈن كېچەلەر بىدار ئولۇپ،
قان توك كۆزۈڭدىن ئەكشىرى.
قىلغىل فەقىر بىچارىگە،
ئېھسان كومۇش بىرلە زەرى.
كەلسە تىلەپ سەندىن ئەگەر،
ياپما كۆزىگە ھەم دەرى.
قىلسام قۇبۇل بولماس ئەجەپ،
ئەيلەپ سېنى سەر دەفتەرى.
قىلدىم ئۆزۈمگە ۋەئدەلەر،
ئەيلاپ قەسەم شۇندىن بىرى.
ئوتكارمىگايمەن پۇرستى،
ئەيلاپ ئاڭا سائەتلەرى.
قىلدى قەسەم ھانىس ماڭا،
شەيتان لەئىننىڭ لەشكرى.
مەھبۇبغە قىلغان ۋەئدەدىن،
ئوتتى ماڭا پۇرسەتلەرى.
ناقىس خۇداغە توبە قىل،
كەلگەي ساڭا رەھمەتلەرى.

www.uyghurkitap.com

## 19

ھۆسۈن بەرقىدىن يارۇتقاچ شەمئىنىڭ رۇخسارىنى،
قىلدى يوق پەرۋانەئى بىچارە يوق ۋە بارىنى.
يالغۇز ئادەم ئەرمەس ئۇل ئاي‌نىڭ جاھاندا ئاشىقى،
ئاسمان كوزلار ئەچىپ‌دۇر كورگەلى دىدارىنى.
ھىچ سەۋدا يوقلۇغىدىن بارچە ئەل خامۇش بۇلۇر،
يۈز ئەچىپ قىلدى قىزىغ يارىم جاھان بازارىنى.
ئىكى ئالەم بەرسە ئۇەزىن كورماگۇم ئەسلا ئەگەر،
بەرسە ئىلكىمگە ئۇل ئاي نىڭ زۇلپىنىڭ بىر تارىنى.
لەب ئەچىپ ئالدىدا بىھۇش ئولغامەن كورگەن ھامان،
قىلغالى كوڭلۈمدەكى ھەسرەتلەرىم ئىزھارىنى.
ئەي مۇسۇلمانلار ماڭا ئۇلسەم ئوقۇماڭلار ناماز،
كورمايىن بويىنۇمدا ئۇل بۇت كاكىلى زۇننارىنى.
باۋەر ئەتمەس نەچە قان يۇتسام يوزى نىڭ يادىدا،
كورمادىم دەپ كوزلارىڭدىن ئىشق نىڭ ئاشارىنى.
ساقىيا تۇتغىل فەلەك تاسىدە كۈلگۈن بادەكىم،
تاپماغۇڭ لەئىل مەينىڭ مەن كەبى خۇمارىنى.
ئەيكى ناقىس جانىغە رەنج ئىستادىڭ ئەيلاپ جافا،
كورمادىڭمۇ ھەر سەھەردە ئاھ ئاتەش بارىنى.

## 20

ھەمدەم ئولغاچ خەستە كوڭلۇم ئەي پەرى يادىڭ بىلە،
كارگاھ ئىشق ئارا يول تاپتى ئەرشادىڭ بىلە.
ئاستانىڭدىن يىراق سالدىڭ مىنى ئازاد ئىتىپ،
خاتىرىڭ تاپماس تەئەلۇق بولدى ئازادىڭ بىلە.

ئادىتىڭدۇركىم مەگەر توكمەك ئەسرىڭ قانىنى،
ئۆلتۈرۈپ كوڭلۈڭنى خۇرسەند ئەيلا مەئتادىڭ بىلە.
ئەيلاگەن كوڭلۇمنى ۋەيران ئىشىڭ ئىلە ئىشقىڭ ئۇتى،
بىر - بىرىگە ياردۇر ئەي شوخ ئەمدادىڭ بىلە.
ئاجىز ئولدى سۇرىتىڭ چەكماكدا نەققاشى خوتەن،
مەشورەت تاقىلمىدى بۇ خەستە بىھزادىڭ بىلە.
غەمزە بىرلە كوزلارىڭ خۇنرىزلىق تا قىلدىلەر،
قالمادى ھىچكىم تىرىك بۇ ئىكى جاللادىڭ بىلە.
شاھ زۇلۇم ئەتكەچ رەئىيەت كوڭلىدىن كەتكەي فەرەھ،
لىك خوش ئۇشاق كوڭلى بارچە بىدادىڭ بىلە.
كىم دىگەي رەھىم قىل ئاشىقىغە ئول بەدخونى كىم،
دىمادى شىرىنىغە بىر يول كەمىسە فەرھادىڭ بىلە.
زاھىدا ئىنكار ئىشىق ئىتىڭ ئەجەپ يوق تاشلا كىم،
تەڭرى دوزاخقە سىنى ئەسھاب ئەۋلادىڭ بىلە.
ناقىسا پەست ئەيلە ئەفغانىڭ ئىنىڭ كويىدا كىم،
كوزلارىدىن ئوچماسۇن ئۇيقۇسى فەريادىڭ بىلە.

**21**

دەرد بىرلە كوڭلۇم ئورتاندى نىگارىم بىلمادى،
دۇشمىنىم بىلدى ۋەلى ھالىم نى يارىم بىلمادى.
ھىجرىدا سەبرىمۇ يوق ئولدى خەرەد ھەم بولدى يوق،
ئول مىھى نامىھرىبان نە بولدى كارىم بىلمادى.
بولغالى رەسۋايى ئالەم ئىشقىدىن قان يىغلارەم،
رەھىم يوقلۇغىدىن ئول ئاي بۇ رۇزگارىم بىلمادى.
دەشت ئارا مەجنۇن ئاياغىمغە باشىن قويغاي ئىدى،
كورسە لىكىن مىھۋشىم بۇ ئەئتىبارىم بىلمادى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باغ ئارا بۇلبۇل فىغانىمنى كۆرۈپ ھەسرەت يېدى،
ئول مېنىڭ نازۇك تەبىئەت گۈلئۇزارىم بىلمادى.
كوھىكەن نىڭ روھى رەمىز ئىشق نى سورماق ئۈچۈن،
ئۇستادى ئەمما مېنى ناقىس قارارىم بىلمادى.

22

دىن سېتىپ بۇغداي قوناقىغە قونماغىل سەھرا ئارا،
نىيلاگايسەن تاڭلا مەھشەر، دىن سېتىپ دۇنيا ئارا.
شۇمشۇلۇپ قۇچقاق مۇشۇك دەك ھەركىشىگە سۈركىشىپ،
پۇل تاپىپ مەھكەم قىلىپ كوڭلۇڭدەكى سودا ئارا.
ئويگە بۇغداينى يىغىپ قەرزىم تولا دىپ لاف ئۇرۇپ،
دەربەدەردۇرسەن كى كىمدۇر سەن كەبى رەسۋا ئارا.
تا قىيامەت تامغاقىڭ نەم بولمىغاي ئەي ھىيلەگەر،
ئۇمىر ئوتكارساڭ بىلىق دەك ھەم ئۇلۇغ دەريا ئارا.
ھەر نەچە ئالدىڭغە كەلسە مالۇ پۇل ئەلىپ بولۇپ،
كورمادىم دەرسەن سالىپ ئۆزۈڭنى نابىنا ئارا.
ئادەت ئولغاچ بۇ ھونەر ئەھل ئايالىڭغە سىنىڭ،
تۇرغالى قويماس بىرەر كۈن مەنزىلى مەئۋا ئارا.
بۇ جەھەتدىن يوقلۇغۇڭ پەيدا ئارا بى ئېتىبار،
يوقغە ئوخشايدۇر سىنىڭ پەيدالىغىڭ پەيدا ئارا.
شۇكرى قىل ناقىس كى بەرمىشدۇر قانائەت ھەق ساڭا،
بەرگۈسى شايەدكى مەنزىل ئاشىقى شەيدا ئارا.

23

سۇبھ دەم گۇردۇمكى بولمىشدۇر ئاجايىپ زار شەمئ،
تىل چىكەر ئوز ھالىنى قىلماق ئۈچۈن ئىزھار شەمئ.

كويماسە كوڭلى ئەنىڭ پەرۋانەسىنىڭ ئاھىدىن،
ىنگا مۇنداغ مەجلىس ئىچرە بولدى ئاتەش بار شەمئ.
شامدىن تاسۇبھە دەم يىغلاپ كۆيۈپ قايىم بۇلۇر،
ھىجرە شامىن ياد ئىتىپ گويا ئىرۇر پىدار شەمئ.
ئىشق سەۋداسىغە تۇشكان نەقدۇل ئەھباپ ئۇچۇن،
بەزم ئىتار ساڭا مەدە قىلدى قىزىغ بازار شەمئ.
بولدى ھىجران كىچەسى بىكىس دىبان گويا مىنى،
تىرە كولبەم رۇشەن ئەيلاپ مەۋنسۇ غەمخار شەمئ.
شەمئ دىن ئۇرگاندى كوڭلۇم ئىشق ئارا كويمەكنى كىم،
باردۇرۇر كويمەك ئۇچۇن ھەر كىچىدە تەييار شەمئ.
ئەي كوڭۇل ئىززەت تىلارسەن شەمئدەك پىدار بول،
ھىچ مەجلىس ئىچرە بولماس بۇ جەھەتدىن خار شەمئ.
ساقىيا گۇلگۇن لىبىڭنىڭ ھىجرىدىن قان يىغلارەم،
ئويلەكىم كورمەي سىنى يىغلار كۆزى خۇنبار شەمئ.
چەرخ دون رۇشەن كوڭۇللار دۇشمنىدۇر گۇييا،
ئورتانۇر بى جىرىم دايىم ئوت ئارا ناچار شەمئ.
قۇرمە مەجلىس دەردى يوق دون تەبئ بىرلە ناقىسا،
كىم ئىرۇر ئانداغ كىشىدىن تەڭرى دەك بىزار شەمئ.

## 24

سۇبھە سادىقدۇر يۇزۇڭنىڭ بەندەسى ئەي گۇل بەدەن،
لەبلارىڭنىڭ چاكرىدۇر باغ ئارا گۇل ھەم سەمەن.
كوزلارىڭدىن تارىم ئۇستىدە كاۋاكىپ دۇر خىجىل،
تىشلارىڭدىن مۇنئەسىل دەريا ئارا دۇررى ئەدەن.
قامىتىڭ كورگەندە باشىن يەرگە قويغاي سەرۋى گۇل،
كاكىلۇڭ ياندا خاك ئولغاي ھەمە مۇشكى خۇتەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەتى ئادرېسى

بىر كۆرۈپ ھوسنۇڭنى جانىمنىڭ ئىچىگە تۈشتى ئوت،
ئۇشبۇ ئوتنىڭ خەرقىتىدىن كۆل ئۇلدى خەستە تەن.
فۇرقىتىڭدىن قالمىدى ئالدىمغە ئوترۇ كەلمىگەن،
ھەزنۇ ئەندۇھ بالايۇ كۇلفىتۇ دەردى مەئەن.
گاھ ئىتىڭگە باقمىغىڭدىن جانىمە خەنجەر تىگەر،
گاھى باقماي ئوتكەنىڭدىن جانىمە سانجەر تىكەن.
يادە رۇخسارىڭ بىلە تۇرغان يىرىم گويا ئېرۇر،
ھەر تەرەپ گۇللار ئېچىلغان جەننەت ئاسا بىر چۇمەن.
ئارزۇ ناقىسىغە لۇتفۇڭدىن بۇدۇر ئەي نازىنىن،
ئەيلاساڭ ئۆلگاندا رەھىم ئەيلاپ قولۇڭ بىرلە كىپەن.

## 25

قوشمە ئەي مۇئمىن كودۇرەت ھەرفىنى ئىمان ئارا،
ساقلا كوڭلۇڭدا خۇدايادىن ئىلىنىدەك جان ئارا.
سال كۆزۈڭ ئالەمگە ئىبرەت ئەينىدىن تەھقىق ئۇچۇن،
زاھىرو باتىن تافاۋەت كوبدۇرۇر ئەئيان ئارا.
مۇمكىن ئولماس ھەرنە ئوز تۇرىچە تاپماق ئەئتىبار،
ھەر نەچە تەدبىر سەئى ئەتسە ئەگەر ئىمكان ئارا.
پەستدۇر ئالتۇن كۇمۇشدىن قەلەيۇ رو قىممەتى،
ۋەرنە ئەردى گەرچە ياتماقدا بارابەر كان ئارا.
ئۇنىچ نەرخىدىن بۇرۇنچ قىممەتى بەس پەست دۇر،
گەرچە يوق مۇندىن مۇكەررەم راق نىمەرسە دان ئارا.
قويۇ ئەچكو ئات كالا مىقدارى كەمدۇر ھەم زەبۇن،
فىلۇ ئەشتەر بارچەدىن ئەلا ئېرۇر ھايۋان ئارا.
ناقىساكىم قەدرى كەم دۇر ئەھلى ئىلىم قارىيۇ دەرۋىشنىڭ،
فاسىقۇ بەدكار بەدخو موھتەرەم ئىنسان ئارا.

يوق غەزائى پەل ھەقىقەت خوش مەزد ئوي نانىدىن،
ئەل قىلۇر مانتۇ ھەۋەس بازارىدا قاسقان ئارا.

## 26

قويمادى ئوز ھالىمە بۇ ئىشق جادۇ فەن مېنىڭ،
ئەيتا يالمايمەن قاشىدا جان مېنىڭ يا تەن مېنىڭ.
ئەيلاپ ئەردىم ئەھىد گۈلرۇخلارگە ھەرگىز باقمايىن،
سىندى ئەھدىم يۈز ئەچىپ بىر شوخ بىر شۋەن مېنىڭ.
ئوتسە بۇلبۇلدىن فىغانىم تاڭ ئەمەس ھەر سۇبھىدەم،
كىم ئېرۇر يارىم نىگارىن چەھرى گۈل خەرمەن مېنىڭ.
ھىجىر نىسىمىدىن ۋىسال ئىچرە دىسەم ئازادە قىل،
يۈز تاغا پۈل بىرلە ئىملا كورگۈزۈركىم سەن مېنىڭ.
دوستلار كويىدا ئىتلار جەركەسىن قىلماق ھەۋەس،
بولمىشىم دىۋانە بەسدۇر مەنزىلىم گۈلخەن مېنىڭ.
يەلگە كەتكەي ئاقىبەت پالۇ - پىرىڭ گۈل بەرگىدەك،
دىمە ئەي بۇلبۇل ئەگەر ھۇشيار ئىسەڭ گۈلشەن مېنىڭ.
ۋادى ئى مىھنەتتە مەجنۇن بىرلە بولدۇم دائىۋەگەر،
ئەيتۇر ئول مىسكىن مېنىڭ دەشت ئىچرە مەن مەئمەن مېنىڭ.
دىماگىل ناقىس بۇ مەرزەئ ھاساسىدىن ئەر ئىسەڭ،
نوھىنىڭ ئومرىنى تاپساڭ ھەم ئېرۇر ئەرزەن مېنىڭ.

## 27

مەترەبا كوپ چەكمە ناخىن كىم جاھان ئۇرتانمىسۇن،
پەس تۇت سوتۇكنى سەن كۆن ماكان ئۇرتانمىسۇن.
ئىلكىڭا ئالغىل كامانچە سۇركىمىل ئاھىستەكىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەزم ئارا ئوت تۇشكاچ ئەبرۇ كامان ئۇرتانمىسۇن.
بۇكى كوپ چەكتىلك ناۋا ئۇشاق ئارا ئوزهال ئىلە،
رەھىم قىل كىم بىر سۇرۇك بى خانىمان ئۇرتانمىسۇن.
ئۇيلەكىم داغىنىڭ ساداسىن ئاشۇرۇرسەن چەرخدىن،
تىترىشۇر خىل مەلەك كىم ئاسمان ئۇرتانمىسۇن.
ئاسراسام كوكسۇمدە ئەفغانىم چىقارماي سۇبھىدەم،
ۋەجھى بۇكىم زىرۇ بىم چەكسەڭ فىغان ئۇرتانمىسۇن.
باردى كۇيۇڭغا ماقام ئىستاپ ئىشتىماك كە مۇقام،
يۈز كوڭۇلكىم ھازىر ئول بۇ كارۋان ئۇرتانمىسۇن.
جان ۋىسالىڭ نى تىلەپ تەن ئىچرە تىنماس بىر نەفەس،
خامۇش ئول كىم بىر لەھەزكىم بىچارە جان ئۇرتانمىسۇن.
ھىچ مەجلىس خالى ئەرماس دۇر يامانۇ - ياخشىدىن،
دىمادىڭ رەھمەت قىلىپ ياخشى - يامان ئۇرتانمىسۇن.
تار تەنبۇرۇڭ خىيالىدىن چىكار ناقىس فىغان،
نوھەدۇر ئۇشاق ئاراكىم ناگىھان ئۇرتانمىسۇن.

## 28

مىھر كوز تۇتتۇم ئول ئۇتلۇغ چىھىر گۇل رۇخسارىدىن،
يەئنى كوڭلۇمنى ئىلىپ دىل بەرمىگەن دىلدارىدىن.
قىلمىدى بىر زەرەچە ھالىمغە پەرۋاھ ئاھ كىم،
كورگۇزۇپ يۈز مىھر بىر مىھر ئۇتمىسە ھەر بارىدىن.
لەھز يۈز كورماككە يۈز مىڭ كوز بىلە قىلسام نەزەر،
باقماغاي كوز ئۇچى بىرلە ھەم نىگارىم ئارىدىن.
يۈز كۇن ئولتۇرسام فىراقى بىرلە ئول ۋەيران ئارا،
بىر خەبەر ئالماس قايان كەتى دىبان بۇ زارىدىن.
ئارى ئىززەت مەسنەدىدە ناز ئىلە تۇرغان كىشى،
قايدا پەرۋا ئەيلەگەي ھىجرىدە ئولگەن زارىدىن.

دىلبىرىمدۇر ياشلىقىدىن ھوسنىنىڭ مەغرۇرى كوپ،
بۇ سەبەپدىن بىخەبەر ئىشق ئىچرە ھەر ئەتۋارىدىن.
بولدۇم ئەمدى ئىشق ئارا رەسۋايى ئالەم ئاقىبەت،
فەرق قىلماسمەن يارانلار سۇببەھەنى زۇننارىدىن.
ناقىسا ئەيلاپ شىكايەت دەھرىدىن زار ئۇلمە كوپ،
كورمادىم ھىچ كىم ۋافا بۇ چەرخ بىد كەردارىدىن.

**29**

مەست ئۇلۇر دۇنيا ھوسۇلىدىن ئەزەلدە ئەسلى پەست،
ئەسلى پەستلىكدۇر بۇلۇر ئانداغ نىجاسەت بىرلە مەست.
ئەسلى كونچى يا قەلەندەردۇركى بولماي مال ئۇچۇن،
بىرنەچە ئەسبابى فانى گەندىسىغە فايى پەست.
تەڭرىنىڭ مەردۇدىدۇر ئالتۇن ـ كومۇش ئەي دوستلار،
خوشلادىلەر ئىنى مەردۇد ئۇلغۇچى رۇز ئەلەست.

**30**

ماڭا باق كور ئۇزۇڭنىڭ ئەكسىنى مەرئات ھەيرەت مەن،
قازاز جاجاجى سەقىل ئەيلاگەن ئايىنە تەينەت مەن.
بىر ئوتلۇغ چىھىر بەرقى جىسمىمە ھەريانىدا قويمىش داغ،
نىتاڭ قىلسام تافاخىر ئەل ئارا تاۋىس جەننەت مەن.
قاچىپ ھىجىر ئوتىدىن مۇمكىن ئەمەس ھەرگىز ئامان تاپماق،
ۋەلى ھەريانغە سەكرىپ يەتمىسەم مەئزۇر جۇرئەت مەن.
ئاياغ ئاستىدا خەسدك يەنجىلىپ چەكسەم جافانى تەڭ،
كى بىلدىم چۇن ۋافا كورماسلىگىم چەكمەي مۇزەللەت مەن.
مىنى ياد ئەيلاماڭ بەزم ئىچرە ئەي ئەھل تەلەپ ھەرگىز،


AltunOq

www.uyghurkitap.com

مۇكەددەر كوپ كۈكۈلنى ئەيلەگەن زەنگار كولفەت مەن.
تەرەددۇد تىغىدىن بىسمىل ھەمە لىكىن ئامان ئىزدار،
تاقا ئالمام بۇ جاھاندا بىر نەفەس ئۇرغۇنچە فۇرسەت مەن.
قەدىم ..................................................

31

نىتايكى بىر قارا كوز دىلراباغە كويدى كوكۈل،
نە دىلراباكى جاھانغا بالاغا كويدى كوكۈل.
بولۇرمۇ ئەمدى قۇتۇلماق قارا بالالاردىن،
بالا مۇئەللىمى قاشى قاراغە كويدى كوكۈل.
ئوت ئىچرە قىل كەبى پىچ ۋەخىم بولدى كىچەلارى،
قاچان كىم ئول بۇت ئاتەش لىقاغە كويدى كوكۈل.
ۋاقا سۆزى لىبى يانىغە يىتىن كىلالمايدۇ،
بۇ لەھز بىلدى يەكسەر جافاغە كويدى كوكۈل.
ئەرەقدە غەرق بولۇر ئايىنەگە چۇ قىلدى نەزەر،
ئەجەپ پىرتۇەش ساھىپ ھاياغە كويدى كوكۈل.
فەلەكدە ئاي بىلە كۈندۇر كىمنە شاگىردى،
ۋۇجۇدى نۇر جامالى ساقاغە كويدى كوكۈل.
ھەمىشە جور قىلىچىن مىنىڭ باشىمغە قويۇپ،
رەقىبلارغە قىلىشى ۋاقاغە كويدى كوكۈل.
شىكايەت ئەيلامە ناقىس نىگار رەئنادىن،
نىتەيگە بىر قارا كوز دىلراباغە كويدى كوكۈل.

32

ۋە قايان بارغان ئىكاندۇر يارۇ دىلدارىم بۇگۈن،
كىم يوق ئۆلمىشدۇر كوكۈل ئالغان خېرىدارىم بۇگۈن.

هەر نەچە ئەل ئالسە كوڭلۈمنى لەتافەتلەر بىلە،
ئول جافادۇر بولمىغاچ يارۇ ۋافادارىم بۇگۈن.
ئاڭلاغاچ ئاقشام يوق ئولغان نىگارىم مەھۋەشىم،
ئۆتتى گەردۇندىن ئىگىزراق نالەيۇ زارىم بۇگۈن.
كوزلارىم گوياكى جەيھۇندۇر يۈزىنى كورمىگاچ،
تاشلادى دەرياغا ئاخىر ئىكى خۇنبارىم بۇگۈن.
بولدى يادىدىن ئاجايىپ شورلار كوڭلۈم ئارا،
بولماغاچ يانىمدا ناقىس ئول جافاكارىم بۇگۈن.

## 33

ئەي كوڭۈل ئانداغ بۇزۇلمىش بۇ جاھان مەئمۇرىسى،
كىم ھەمە مارجان نەما ئەمما ئۇزۇمنىڭ غۇرىسى.
بارچە خوش قامەت سافا تەلئەت ۋە لىكىن باتىنى،
ئاق قوناق شاخى، سۇنۇق شىشە، بەدەخشان كۇرىسى.
يوق پۇلى دەپ كورسە دانىشمەندلەردىن ئار ئىتەر،
ھەر نىچۇك ئىش قىلسە پۇل تاپسە ئوبدان جۇرىسى.
كۇاسەلار بىر - بىرگە باقىپ لەپلارىن بىلگەي ئەسەل،
لىك قىلغان سوزلارى زەيكەش زەمىنىڭ شۇرىسى.
ھەزىل قىلغان چاغلار ھەر قىلغان سۇزى بىر يا ئۇقى،
قوفقەلىقدىن كولگەي ئول يا ئۇقىنىڭ بۇرەسى.
ئىلفەتىن ھەر كىمكى كورسە دەر بولاردۇر ئىكى زەك،
بۇ ئىنىڭكى فائىتمەسدۇر ئول مۇنىڭ كى زورەسى.
ئەل كوزىدە ياغ، گوش، زەدەك، پىياز ئالۇر مۇدام،
لىك قىزغانىپ بۇلۇتدىن بەركىتكىلىك مورەسى.
ۋەئدەسى يالغان ئۇزى مومساك قۇرۇق سولكەت ھەمە،
كەلسە مىھمانلار قاچارغە قازناقدا ئورەسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ناقسا ئەيلەي بايان ئاڭلا بۇلارنىڭ ۋەسفىنى،
زىلچەدىن ئارتۇق كورنىگەي كوزلارىگا بورەسى.

34

ئەي ئاتا قىلغان هاياتىدىن مەسىھاغە نەفەس،
كوڭلۇم ئەيلار دەمبەدەم هىجرىڭدا ئۇلمەكنى هەۋەس.
سەرۋىدەك قامەت بىلە هەريان خىرامىڭنى كورۇپ،
ئىزتىراپ ئەيلاپ فىغان تارتىپ ئىبرۇر كوڭلۇم چەرەس.
سەن سىزىن گۇلشەندە ئارام ئالماسام ئەي گۇل، نى تاڭ،
بۇلبۇل مىسكىنگە گۇلشەن بولمىسە گۇلدۇر قەفەس.
ئاھ چەكمەي نەيلايىن هىجرىڭدا بىخۇدلۇغ بىلە،
بولمىسە ئۇلمەكدىن ئۆزگە ياخشىراق فەريادرەس.
بولسە كوڭلۇم مەنزەلى لەئىل لىبىڭ نى ئەيىب كىم،
هەر تەرەپ پەرۋاز ئۇرۇپ شىھد ئوزرە يەر تۇتقاي مەكەس.
دەھىر مەيدانىدا سەندىن ئۆزگە يوقتۇر شەھسۇۋار،
مەن سۇرارمەن تۇسىڭ گەرۋىينى تافماقغە فەرەس.
تۇتمىغاچ مەنزىل خىيالىڭ كوڭلۇم ئىچرە ئاڭلادىم،
كىم بۇ مەھمان خانە فىكىر غەيرىدىن بولمىش نەجەس.
كەتسە مىلك جان ئاشىق سادىق يولۇڭدا غەم يىمەس،
مۇددەئى لىكىن فىدا قىلماس يولۇڭدا بىر ئەدەس.
ناقىسا كەچكىل سالامەتدىن كى چۇشتۇك ئىشق ئارا،
قالمىغاي هەرگىز پۇتۇن ئوت ئىچرە تۇشكەن خارخەس.

35

ئەي ئۇلۇك قەتلى ئۇچۇن قاشى قارا، ساچى ئۇزۇن،

ئەرغانىپ سەرۋى كەبى ئەيلاماگىل ئەلگە فۇسۇن.
كوز قىزارىپ ياشىم ئاقار سىينەلارىڭ ھەسرەتىدىن،
فىكرى زۇلفۇڭدىن ئولۇپ كوڭلۇم ئارايۇ روفۇرۇن.
يىغلارەم ئاھ چىكىپ بەرق كەبى ھەر سائەت،
سىل ئىشكىمدىن ئاقار يەر يۇزىگە يۇز جەيھۇن.
بىر كىچە نى بۇلادۇر رەھىم قىلىپ ئەي مەھۋەش،
ئەيلاساڭ ۋەسلىڭ ئىلە خەرەم ئولۇپ بىر مەھنۇن.
لەيلىنىڭ ھوسنى ئۇچۇن چۇلنى كېزىپ مەجنۇنى،
سەن پېرىۋەشنىڭ ئېرۇر كويۇڭ ئارا مەن مەجنۇن.
ئىشق ئىلى مەندەك ئەمەس خەستە سېنىڭ دەردىڭدىن،
گاھ ۋە خەرەم ئۇلار ئومرۇم ئارامەن مەھزۇن.
كوپ خومار ئولدى بۇگۇن بادە ئۇچۇن بۇ ناقىس،
ساقىيا جامى ئارا مەيگە قۇشۇپ قوي ئەفيۇن.

## 36

ئەي پەرى پەيكەر مەلەك تەسۋىر،
يوق ساڭا يەر بىلە فەلەكدە نەزىر.
شەد يالمان سۇفەت قىلۇردا سېنى،
چۇنكى قۇلدۇر ساڭا شاھ ئىلە ۋەزىر.
بولمىغاي چوڭ دىمەك كىچىك كەبى،
سەندىن ئولغاچ ھەمە سەغىر كەبىر.
ھەر خەبەردۇر سېنىڭ يۇلۇڭدا ئەغيار،
سەن ئېرۇرسەن خەبەرگە داغى خەبىر.
تانۇماقدۇر سېنى خەبەر تافماق،
يوقدۇر ئەنقا نىشانى ئىيىر سەفىر.
پىرۇھلاردۇر سېنىڭ كۇزۇڭگە ئايان،
سۇفىتىڭدۇر سېنىڭ ئىلمۇ بەسىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ناقىس بى ناۋانى زار قىلىپ،
قىلماغىل فۇرقىتىڭ قولىغە ئەسىر.

## 37

ئەي جافا بابىدا ئاتى چىققان،
ئۇرتەدى بۇ غېرىبىنى داغى ھىجران.
كورمىسام ھەر كۇنى جامالىڭنى،
لازىم ئېرمەس تەن ئىچرە روھ راۋان.
ئول كۇنىنكىم جامال كورگۇزدۇڭ،
تا بۇ سائەت كۆزۈم ئېرۇر ھەيران.
كۈندۈزى ھەر زامان كۆرۈپ تۇرغاچ،
تافادۇر ئەنرەگى تەسەللى جان.
ۋاي كىم كېچەلەر فىراقىڭدا،
نالىشىمدىن زىمىن بولۇر لەرزان.
مەن ۋافانىڭ ھىمىشە مەرسۇنى،
لىك سەندىن جافا كىلۇر يەكسان.
سەن كۇلەرسەن رەقىبلەر بىرلە،
مەن چېكەرمەن بۇ رەشكدىن ئەفغان.
مۇنتەزەر ناقىس بولدى ئەي گۇلرۇخ
قىلماغىل ۋەئدەنى ئاگا يالغان.

## 38

ئەي ئىلىپ كوڭلۇمنى كورگۇزگەن جافا ۋۇ جەۋرلار،
ئۇرگىنۇر سەندىن بۇيانقى دىلرابالار تورلار.

ۋەسىپ ئېتار زاھىد بېھىشت ۋۇ ھور ئىلە غىلمانىنى،
لېك ئەيلار ئارزۇ كويۇڭ باشىنى ھورلار.
كورمادى دەۋران سىنىڭدەك خىسراۋ ئازاۋىنى،
گەرچە ئۆتتى باشىدىن كوپ قەرەن بىرلە دەۋرلار.
نە ۋافادۇر ئەي پەرى كويمەك كۆرۈپ ئەھۋالىنى،
يىغلاغاندا دەرد فورقىتىدىن ساڭا مەھجۇرلار.
ئۆتتى ئۆزرا لەيلىيۇ شىرىن جاھاندىن ناز ئىلە،
باردۇرۇر كەمتەر كىنىرى دەرگىھىڭ مەزكورلار.
مەن تولا بىتاپ ئىدىم كۆندىن بىرى ھىجران ئارا،
دىدىلار ئول لەب خۇمارىدۇر ئۆزى مەخمۇرلار.
ناقىسا دىۋانەگە تەھسىن قىلىپدۇر ئىشق ئارا،
بارچە ئاشىقلىق بىلە ئالەم ئارا مەشھۇرلار.

## 39

ئەي كوزلارى نەزارەسى ئالەمگە سالغان رەستىھىز،
ئارىز ئىچىپ بىر چىقساڭىز ئالەمدە قالغايمۇ تىمىز.
گۈلگۈن ئىرۇر يەر سەفھەسى قەتىل ئەيلاگەن ئەل قانىدىن،
ئول خاك ئەماس قويمىش ئىتىن ئەھلى لۇغەت ھالا سىغىز.
پارە جىگەرلاردۇر بۇرۇن ھىجرىڭدا بولغان قاپ-قارا،
ئەل بىلمىسۇن دەپ ھىجرنى دەرلەر ئەنى قارا مىيىز.
نازۇك بىلىگىنىڭ فىكرىدىن قىلدىن بولۇپمەن زارراق،
ئارى بۇلۇر غەمدىن كىشى لاغەر ئەگەر بادۇر سىمىز.
مەن مۇنتەزىر سىز يارنى كەلگەي قاچان دەپ سورغالى،
بى رەھىملىكدىن بۇ تەرەپ نەقش ئولمادى بىر ئىكى ئىز.
قىلسە ئەگەر مەۋلى غەزەپ يوقدۇر ئىلاجى بەندەنىڭ،
ھەر جەۋر كىم سىز قىلساڭىز رازى بولۇر بىچارە بىز.

كويدۇردى ئۇل يۇزۇڭ ئۇتى ئىمكان ئۇيىنىڭ بارچەسىن،
داغى نەدۇر رەنگىن قىلىب ئەي گۇل بەدەن ئىچمەك قىمىز.
ناقىس فانانىڭ دەشتىدە مەجنۇندىن ئارتۇق زار ئۇچۇن،
ھەر ۋەھشى كىم كوردى ئەنى رەھمى كىلىپ دىدى ئىپسىز.

## 40

ئىشق ئەسرارىنى ھەر چىھرىسى زىبا بىلمەس،
بۇلبۇل ئەفغانىنى ھەر بەرگى سەمەن سا بىلمەس.
ئۇن مىڭ ماھۋەشىم ھەر نەچە چەكسەم ئەفغان،
مىنى ئۇز ھوسنى ئۇچۇن ۋالەيۇ شەيدا بىلمەس.
ھوسۇن ئايۋانىدا يۈز ناز بىلە جىلۋە قىلىپ،
ھىچ گۇلچىھرەنى ئۇز قەدرىچە رەئنا بىلمەس.
ئىشق بازارىدا ئۇشاقغە سەر دەپتەرمەن،
لىك بىر زەررە كەبى يانىدا پەيدا بىلمەس.
ھەر نەچە جەۋر جافا قىلسە ماڭا بۇ كوڭلۇم،
جەۋرنىڭ لەززىتىدىن ئۇزگە تەمەننا بىلمەس.
ئەيلاسام زاھىر ئاڭا ھال دىلىم پىنھانى،
نازدىن ئاڭلامىغاي يا ئۇزى ئىملا بىلمەس.
ناقىسا ھەر نە دىساڭ بىلگۇسىدۇر ئۇل مەسىھا،
بەلكى ئۇل رەمىز نى كىم ئالىم دانا بىلمەس.

## 41

ئۇلدەم غىمىدىن نەززارە قىلماس،
دەردۇ غىمىگە ھەم چارە قىلماس.

ھالىمنى سورماس يۈز يىلدا ھەرگىز،
تاكىم يۈرەكنى يۈز پارە قىلماس.
ئاشىقلارى كوپ ئەمما مېنىڭدەك،
ھىچ كىمنى قىيناپ ئەۋارە قىلماس.
يۈز زەخىم خەنجەر تەگسە يۈرەككە،
كىرپىكلارىدەك كوپ يارە قىلماس.
ۋەسىل ئەيلاكۇم دەپ نومىد قىلدى،
بۇ ئىشنى ئۆزكى مەككارە قىلماس.
ناقىس باقالماس ئول يۈزكى ھەركىم،
تا كوزلارىنى خۇنخارە قىلماس.

## 42

.................................................................

.................................................................

ئولتورۇپ يانىمدا سۆندى ماڭا يۈز ناز ئىلە،
بولدۇم ئول دەم خىسراۋ پەرۋىزدىن ھەم كامىران.
نۇش ئىتىپ ئول مەينى مەست ئولغاچ دىدىم، ئەي تەندە خۇۋ،
ئىزنى بارمۇ كىم قەدۇمۇڭغا فىدا قىلماقىا جان.
نازدىن ئەيدى ئىنىگدەك مۇختەسەر سەدقىڭ بىلە،
بولماغۇڭ ئەي بى ئەدەپ بىر زەررە يەڭلىغ شادەمان.
مەن خىجالەتتىن ئاياغىغە قويۇپ غەملىك باشىم،
دىدىم ئەمدە نە بۇلۇر تۇرساڭ قاشىمدا بىر زامان.
كۈلدى لوتپ ئەيلەپ يۈزۈم سارى بىقىپ ئول پىستە لەب،
بىردەم ئولتۇرساڭ كۆيۈپ ئولىكۈڭ تافا ئالماس ئامان.
ناقىسا ئانداغ قەمەر يۈزنىڭ غۇلامى مەن بۇگۇن،
تاكى باردۇر قاچماغۇم ئۆز ئورنىدا ئۇشبۇ جاھان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 43

كافۇر كۆزۈڭ بىر ئەمزۈسى مىلك شەھەرنى ۋەيران قىلۇر،
خەنجەر قىلىپ كىرپىكلارىن جان خەيلىنى قۇربان قىلۇر.
ئول يۈزكى ئىنىڭ لىمئەسى خۇرشىدنى ئەيلەر خىجىل،
ئەرباب ھىكمەت ئەھلىنى ئايىنەدەك ھەيران قىلۇر.
گۈلشەن ئارا ئول سەرۋى قەد سەير ئەتكىلى قويسە قەدەم،
بىر بەرگدىن يۈز غۇنچەنى ئوز لەئلىدەك خەندان قىلۇر.
كىمكى ئاشىق ھوسنىگە نازىن ئاشۇرغاچ چەرخدىن،
بىر خەسچە كورمەس موئتىبەر، ئاقىل فىدا گەر جان قىلۇر.
يوق دەھىر ئارا ئىنىڭ كەبى ئەيلەر كىمەرسە راست سوز،
لېكىن ماڭا ھەر ۋەئدەكىم قىلسە ئەنى يالغان قىلۇر.
ناقىس يولىدا زاردۇر كوز ئۆچىدىن قىلماس نەزەر،
ناقۇسىدەك ھەر سۇبھىدەم ھۇ-ھۇ دىبان ئەپغان قىلۇر.

## 44

كۆكۆل شەھرىنى ۋەيران ئەيلاگەن بىر سەرۋى قامەت دۇر،
قەدىرماس گۈلشىنى دەۋراندا ئول بىر نەخىل ئافەتدۇر.
كۆرۈپ رەفتارىنى جانىمدىن ئۈزدۈم دوستلار ئۇمىد،
يىلان تەھرىكىدىن بۇ ناتىۋان قۇشقا مۇخافەت دۇر.
چىقىپ بازار ئارا زاراتى كوز ئىچىپ خالايىق نى،
ساغىندىم كىم مەگەر ئول يۈز بىلە ئالەم قىيامەت دۇر.
مېنى بىخانۇماندىن كوي ئەھۋالىنى سورماڭلار،
كىم ئانى ئول كىشى ئەيتۇرگە ئانداھ زەررە تاقەت دۇر.

بۇ ئاخشام كىم ئىتىكىنىڭ خابگاھى مەنزىلىم بولدى،
لۇتىپ ئۇلماقكە گويا ئول گۇلى باغى لەتافەتدۇر.
چىمەنلەر گۇللارى، يەكسەر ئۇنىڭ رۇخسارى مۇشتاقى،
ئەجەپ يوق گۇلغە ئانىڭ ئالغىنى بولغاچ شەرافەتۇر.
ماڭا ناقىس ئىنىڭ ۋەسلىدىن ئۆزگە مۇددىئا بولماس،
ئاڭا يەتمەك ماڭا كوڭلۇمدىن ئارتۇق بەلكى ھاجەت دۇر.

## 45

كۆڭۈل كىم بىر پەرى رۇخسار مىھرىدىن ئىبرۇر رۇشەن،
ئاڭا ئەرمەس كىرەك مىژگان ئوقىدىن ئاجەش رەۋزەن.
ھەزەر قىلماق كىرەكدۇر ئاھۇ كوز قاشى قارالاردىن،
ئەگەرچە مىھر كورگۈزگەي ۋەلى باتىندا جادۇ فەن.
ماڭا ئەرىز ئەتمە گۇللۇق قەسىر ئىلە زەررىنۇ ساچقاننى،
كى بەسدۇر يار كوي تۇفراغ بىرلە ماڭا گۇلخەن.
ئول ئوتلۇغ ئارىزدىن ئۇز لالەگۇن خەددىگە خۇ قىلدىم،
كىرەكمەس تىرەھ تەپتىم ئاچقالى گۇلزار ئىلە گۇلشەن.
فەلەك زالى بۇباك ھەم بولسا ھەرگىز ئىتماد ئەتمە،
بالا چاھغە مەھبۇس ئولدى زال ئەۋلادىدىن بەزەن.
لەھەد ئىچرە قۇرۇتغە تۇئمە بولماي يوقتۇر ئىمكانىڭ،
ئەگەرچە بولدى تۇتىنجى فەلەك ئۇزرە ساڭا مەسكەن.
ئۆزۈڭنى خاكدەك ئاجىز بىلىپ بولغىل مۇلايىم خۇ،
پەرىدۇندەك جاھان مۇلكىن ئەگەر ئىلكىڭگە ئالدىڭ سەن.
ئول ئاي ۋەسلىن تەمەننا ئەيلادىڭ ناقىس بۇدۇر پەندىم،
كى يوق قىل خاتىرىڭ نىڭ لەۋھىدىن ئەشار ماۋە مەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com

## 46

كورگۈزسە ھەر مەزھەر ئارا ھوسىند كۈلبەن ئول مىھىر يۈز،
كويگەي چاقىندىن خەس كەبى مەھزۇن كۆڭۈل سالغاندا كوز.
كىرگاچ خىيالى دىل ئارا خالى قىلۇر ئەغياردىن،
ئول يۈزدىن ئولغاي ھەر زامان ئالەم ئارا ئاشتىغە سوز.
بىلمەس بۇ مەئنەغا تەن ھەر مۇددەئى ئەي دوستلار،
گەرچە توقۇر بۇ رىشتەدىن ئوز رەئيىچە ھەر نەچە بوز.
مەھبۇبلىغ ئەتۋارىنى بىلمەك داغى ئاسان ئەمەس،
ھوسۇن ئىچرە بولغان بىرلە ھەم خۇرشىددىن مىلك يول تىكۈز.
مەھۇ ئولمىغاي بۇ مەئنەدىن بىر ئومۇر چەككەن بىرلە ئاھ،
يوق بولمىسە بىر بار ئۇچۇن ھەركىمسەدىن ئەتلاق ئوز.
كويدۇردى ناقىس كوڭلىنى ئوت ئىچرە چۇشكەن قىل كەبى،
بىر يارۋەش بىگانە خۇ بىر ماھۋەش خۇرشىدە يۈز.

## 47

كو ۋەسفىن مىنىڭدەك كوڭلى ۋەيراندىن سۇئال ئەيلە،
كورۇپ ئايىنە مىنى ئىشق ئىچرە ھەيرانىنى خىيال ئەيلە.
فىراق ئەيىيامىدا يوق ئولسە ئايۇ كۈن بىلە ئەنجىم،
ئۇزۇڭنى يوق قىلىپ ئول ماھۋەش قاشىن ھىلال ئەيلە.
فانا گۇلشەندە زاغ ۋە تەئمەجۇدەك بولمە ئەفسەردە،
ناۋا بۇنياد ئىتىپ ئۇشاق ئارا بۇلبۇلنى لال ئەيلە.
ئول ئاي ھىجرىدە ئاھىم دۇدىنى ئايىكىم قارا كوردۇڭ،

ئىزىپ ياشىم بىلە شىرىن لىبىگە قارا خال ئەيلە.
ئەگەر بولساڭ بىروگە مۇپتىلا يەتكەچ بالا ئوقى،
ئۇمىدنىڭ نەزلىدىن ھاسىل ئىتارگە ئىنى فال ئەيلە.
ئەگەر مەتلۇپ ھەقىقەت ئالىمىنى سەيىر قىلماق دۇر،
خىيال ۋەسىل دىن غەيرىنى يەكسەر پايمال ئەيلە.
..............................................................

48

..............................................................
كىرفىگى نەشتەرىدەك بولماس ئىمامىش تىز خەنجەر،
لەب لارى ئەھمەردەك كەلمەس ئىمىش لەئل ئەفزا.
رۇخلارى قىلدى خىجىل لالە بىلان ھەم گۈلنى،
نۇرى خاۋەرىدىن ناسيەدە ھەم فىدا.
باغقە كىرىپ ماڭماقدىن كىبىك دەرى ھەيرەتىدە،
ناقىسى ئەرئەرىدەك باغدا قىنى سەرۋى ئاسا؟

49

..............................................................
ناقسا بۇ غەزەلىڭ بولماغۇسى ئەلگە قەبۇل،
بۇ پەرىشانلىغ ئىلە سەفھە قارا ئەيلامە **يۈزە**

**رۇبائى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكتى ئادرېسى

## 50

ئەی لبلك شەربتی هایات قۇلۇپ،
یوق ئەنىڭدىن بۇلەك ماڭا مەتلۇپ.
داخىل ئۇلسام بىهشت ئەلاغە،
كورگامەن هوردىن سىنى مەرغۇپ.

# مۇخەممەسلەر

## 51

بىر قارا خاك ئۈچۈن ئىكى جاهان شەيدادۇر،
كىم ئەنىڭ نەقتەسىدىن كوز قاراسى بىنادۇر،
لىمئەسى پەرتۆيىدىن ئاي بىلە كۈن پەيدادۇر،
فكرىدىن فەيكى خەرەد يول يۇتۇروپ رەسۋادۇر،
بىلگالى بولماس ئەنى قايدا ئاڭا مەئىۋادۇر.

كوپ تائەممۇل قىلىبان غۇنچە لبى پستە ئېرۇر،
بىلمايىن سىرىن ئانىڭ بارچە كوڭۇل خەستە ئېرۇر،
زەمزىن ئاڭلارغا ئەنىڭ فكر هەمە دەستە ئېرۇر،
دەهىر بازارىدا بۇ ۋەجە ئىلە مەستە ئېرۇر،
يۈز تۈمەن شۇرۇ فىغان داغى تولا غوغادۇر.

چىهرىسى شوئلەسىدىن ئاي بىلە كۈن نۇر ئەفشان،
پەرتۆيى لىمئەسىدىن ئەنجىم ئېرۇر چىهر ئايان،
ئاڭا پەرۋانە ئېرۇر بالى كۈيۈك روھ راۋان،
قاشى مىهرابى ئارا ئىشق يۈزىن قىلدى نىهان،
هوسۇنىنىڭ چىهرىسى هەم نۇرى بىلە زىبادۇر.

کوزلاری غەمزەسىدىن تولدى جاھان بازارى،
جانگورۇھىغە يەتەر غەمزەسىدىن ئازارى،
فتنەنىڭ ھەر بىرىدۇر ئالەم ئۈچۈن بىدارى،
بىگۇنالار قانىنى توكمەك ئۈچۈن خۇمارى،
ئاڭا كويا ھەمە ئەل بادە تولۇق مىنادۇر.

قاشلارى تىغى بىلە ئەل قىلۇر زىرۇ زەبەر،
ھىچ جاللاددا يوق ئۇشبۇ سۇفەت قوش خەنجەر،
بارچە قاتىلغە دىسە جايىز ئىرۇر سەر دەفتەر،
گوييا ئاندىن ئەردۇر غەلفەلئى ئول مەھشەر،
ئەيلە كىم شىۋەسىدىن ئالەم ئارا يەغمادۇر.

ئاندىن ئولدى ئىكى ئالەمدە ھەم جەڭگى تالاش،
بولمادى ھىچ جدەل بولمادى تا چىھرەسى فاش،
بائىس ئولدۇركى ئىرۇر ئىكى تەرەف ئول ئىكى قاش،
بولدى بىر - بىرىگە ياغى ئەنىڭ ئۈچۈن جۇملە قاياش،
بىرى ھندۇ، بىرى ئەرمەن، بىرىسى تەرسادۇر.

تا نىقاب ئاچتى يۈزىن تولدى ئەنىڭ لىمئەسىدىن،
بولدى فانۇس كەبى نۇرەفشان رويى - زىمىن،
بارچە پەرۋانە سۇفەت كورمەك ئۈچۈن كەلدى يىقىن،
رەشكىدىن بىر - بىرىگە ئەيلادىلار كەينۇ - كىيىن،
ھەر تەرەپ ئول يۈز ئۈچۈن ئىشق ئىلە دەئۋادۇر.

مەنكى ئىشق ئەھلى ئارا رەشكىن ئىدىم ھەم غەمكىن،
يوق ئىدى كوڭلۇم ئارا سەبىر قىلىش يا تەمكىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جىگىرىم پارەسىدىن چىھرىم ئىدى كوپ غەمكىن،
كورگەچ ئول يار دىدى يىغلامە كوپ ئەي رەشكىن،
ھەر كىشىنىڭ باشىدا ۋەسلىم ئۇچۇن سەۋدادۇر.

ناقىسا ئاشىق ئىساڭ ئىشق سوزىن پىنھان قىل،
خاتىرىڭ سەفئەسىدىن غەيرى خىتىن ھەريان قىل،
بىنەۋالىق بىلە بول فەقىر ئەلگە ئىھسان قىل،
كوزلارىڭ گوھىرىنى ھوسۇن ئۇچۇن ھەيران قىل،
غەيىب ئىلھامى بىلە ئۇشبۇ ساڭا ئىملادۇر.

**52**

بىر سەرۋى گۇلرۇخ ۋەسلىدىن شاراپ①ئىدى كوڭلۇم مىنىڭ،
لەئل شارابى نۇشىدىن سىراپ ئىدى كوڭلۇم مىنىڭ،
دايىم كۇرۇپ تۇرغاچ يۈزىن ھەمخاپ ئىدى كوڭلۇم مىنىڭ،
ئىكى قاشىنىڭ ئەكسىدىن مىھراپ ئىدى كوڭلۇم مىنىڭ،
ئۇتلۇغ يۈزىنىڭ شەۋقىدىن خۇشتاپ ئىدى كوڭلۇم مىنىڭ.

ئەيلار ئىدىم خىلۋەت ئارا ئەسرار دىلدىن گۇفتىگۇ،
زانۇ بەزانۇ رۇبىرۇ مەن شەھىد كو ئول قەندەخۇ،
مەن ..........................................................

① شاراپ ــ بۇ ئەسلى قولىيازمىدا "شاداب" دەپ يېزىلغان.

## 53

بۇرادەرلەر ھەزەر ئەيلاڭ بۇ كۇندە بەگۇ-ئامباندىن،
سۇئال ئەتمەڭ ئۇلارگە دىن ئىلە ھەم نۇرى ئىماندىن،
ئۇلارنىڭ كوڭلىدە قورقۇنچى يوق ھەم قەھىر رەھماندىن،
ھالال بىلگەي كىشىنىڭ مالىنى ئۇيىدەكى ناندىن،
تامام تاراج قىلمىشلار بۇلەكنى تەن ئىلە جاندىن.

ئۇزى يولبارس سۇفەت شەھەر ئىچرە فۇقرانى تامام سويدى،
ئاڭا تويماي داغى سەھرادەكى غۇرباغە يۇز قويدى،
بۇلاپ كەلمەك ئۇچۇن يۇز باشى،ئون باشلار ئەمىن قويدى،
خىنەيۇ، شاڭۇ، باجۇ داغى بىركى مەركى ئات قويــدى،
دىبان يارلىغ بىز چىن شەھەرىدىن خان بىرلە خاقاندىن.

بىرى باجگىر بۇلۇپ تابىئەلارى سەكسەن چە بار ئەرمىش،
خالايىقلار ئۇيىنى ئاختارىپ بارىن ئالار ئەرمىش،
سىپتىپ ئالغان بىلە ھەم ئالمىغانغە تەڭ سالار ئەرمىش،
كىشى بىر مال سىپتىپ ئالسە شەمەندىن كوپ ئالار ئەرمىش،
ئۇلارغە يىغلاسە فۇقرا ساتىپ ئالدۇق دىمىش خاندىن.

داغى بۇغداى، قۇناق، پۇرچاق بىلەن ھەم شالغە باج قويدى،
قەدىمقى رەسمىدە ئالغىل دىسە ئاتىنى كاج قويدى،
پۇلۇم يوق توختاغىل بىردەم دىسە ئاغزىغە گاج قويدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رەئىيەت مالىدىن تاراج ئەيلاپ نەچچە ئەل تويدى،
پاناھ بەرگىل خۇداۋەندا مۇنىڭدەك ئەجدىھا خانىدىن.

يۈچۈق تەلپەك، ياماق چۇرۇق، يىگى يوق ئەسكى تونلارگە،
ئۆيىدە نەچچە يىل ئەر ئالمىغان قوخلۇق خاتۇنلارگە.
قومۇش، يانتاق ئىلە زاغزاق، داغى يىلدىز، ئۆتۈنلارگە،
بولاردىن باج ئەلىپ يۈرگەن تامام باغرى پۈتۈنلارگە،
بالا نازىل بولۇپ كەتگەي سەقەرگە ئوشبۇ دەۋراندىن.

سوئال ئەتسەڭ مۇزاي بىرلە ئوشاق جانلىق كىچىك تايدىن،
تۇۋاقغە باج بىرىڭ دەپ ئۇستۇرۇپ بەك ئالمىغان بايدىن،
ئولاردىن ئالدىلار يەر ساتتۇرۇپ ھەم باغ ئىلە سايدىن،
بۇ كۆنلەردە دىھقانلارگە ئارام بىرلە ئامان قايدىن،
ئولاردىن ئالمىغان باج قالمىدى، ئەنۋائ ھايۋاندىن.

مۇبادا سەل كىلىپ ئۇستەڭلارى دەرياغە يار كەتسە،
غەنىـيلار ئۆيىدە قالىپ پىقىرنى ھەيدەتىپ كەتسە،
مىراپ، داقالچى، يۈز باشىلار ھاشارلارنى ئەلىپ كەتسە،
ئولار تاقەت قىلالماي ئەگرىگە چۈن يىغلاشىپ كەتسە،
خاراپ بولماي نىچۈك قالغاي مۇنەققەش كاتتا ئايۋاندىن.

ئولار نەتسۇن بۇ ئومرىدەكى ئالەمدىن ئەمەل كەتتى،
ئوقۇپ موللا بولۇپ ئىلمىن ساتىپ كىم بى ئەمەل كەتتى،

داغى سۇپى ئىلە قارى خەلپەدىن كامال كەتتى،
بۇ بائىس دىن جاھالەتلىك كىشىكىم بى ئەجەل كەتتى،
قاچىپ قۇتۇلغالى بولماس تىلەمچى يالغان ئىشاندىن.

تاپىلمايدۇر بۇ كۇنلاردە كىشىدىن قەرىز خالىز ھەم،
ئىچۇنكىم ئەغنىيالار ئەھلىنىڭ كوڭلىدە شەپقەت كەم،
ھايان بەرسە تاپىلغاي داغى تىلدىن خەت ئىلىپ مەھكەم،
ۋەگەرنە بەرمەگەي گەر بولسە قانداش بىرلە ئولپەت ھەم،
ساخاۋەت كەتتى ناقىس ھەم بىر ئىردىق كەتتى ئىنسانىدىن.

**54**

بولدى مۇبەددەل ئەۋزائى ئىمكان،
قالدى مۇتەتتەل تەستىقۇ ئىمان،
كەلدى ئەجايىپ بىھۇدە دەۋران،
پەيدا بولۇپدۇر بىر مۇنچە نادان،
رۇستەم جاسامەت ئەمما يىرىم جان.

ئالماي بۇرۇتىن لەبلارى تۇكلۇك،
ئىشتان - كوڭلاكى بىر - بىردىن ئوتلۇك،
بىلى يىڭىچكە، ئەمچاكى سۇتلۇك،
مەي شىشەسىدەك بويىنى تۇزۇتلۇك،
پەردازى بىرلە مەكزى قىزلارتقان.

كوڭلى قارا تاش، ئاغزى مۇلايىم،
تائەتدە ئاجىز، ئىسيانغە قايىم،
دىسەڭ راۋادۇر بەلباغلىق ئايىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خاتۇن لىباسى ئەگنىدە دايىم،
مەزلۇملاردەك ھەريان خەرامان،

گەردەنگە ئالمە نادان ۋەبالىن،
ئەيتىپ تۈگەنمەس ھەرگىز مىسالىن،
زىنھار قىلسام ئەندەك ماقالىن،
دەۋلەت تۇغدۇر چىقان ساقالىن،
مىھنەت قاراسى ئاندىن گىرۇزان.

يادەك قاتانغان بويىنىدا دۇمۇل،
ئۆزىگە چاغلار ئالەم ئىلىن پۇل،
ئاندىن ھىممىملىك مەزلۇم ئى تۇل،
ئۆمرىدە بەرمەس ساھىل غە بىر پۇل،
ئاغزىدا لىبكىن ئىزھارى ئەھسان.

ئۇلتۇرغىسىدۇر دائىم مۇرەببەئ،
ئالدىدا مەتئۇن ئەھلى مۇرەققەئ،
كەيگەي ھىمىشە لەبسى مۇلەممەئ،
گۇلدار دوپپى تاجى مۇرەسسەئ،
قۇندۇزى تەلپەك باشىدە قالقان.

ئۆزىكى گۇلدەك رەئنا كۆرۈنگەي،
ئەللامەلاردىن دانا كۆرۈنگەي،
قۇچقاچ كۆزىگە ئەنقاھ كۆرۈنگەي،
مىس پۇل كۆزىگە تىللا كۆرۈنگەي،
خۇرشىدە يەگلىغ ئالدىدا بىر نان.

ئۇزىنى چاغلار قارۇن كەبى باي،
بىر پۇل يوق ئەتسە كوڭلىدە يۈز ۋاي،
مىھماننى كورسە بوي تاسمە ماڭلاي،
بەرسە كىشىگە بىر كاسەئى چاي،
ئەيلاپ پۇشەيمان قۇسقاي قىزىل قان.

بۇ ئەيىپلاردىن بولماسدىن ئاگاھ،
كوزىگە ئىلماس كەلگەن بىلە شاھ،
دانا ئۇلارنىڭ ئالدىدە ئىبلاھ،
بىر دانە بۇغداي خەير ئەتسە ناگاھ،
ئەئلام ئىتارگە نەققارە چالغان.

مەخسەد ئۇلارگە تىللا بىلەن سىم،
دەۋزەخدىن ئەتمەس بىر زەررەچە بىم،
كوڭلۇمدىن بەردىم بۇ سوزنى تەئلىم،
ناقىس يىراق يۈر بۇ فىرقىدىن كىم،
ئىپتقان سۇزىدە گەر بولسا يالغان.

## 55

رەفىقا تۇتمىغىل ئالەم سىرىن ئانچە ئۇزۇن مەئمەن،
يىگەيمەن دەپ ئەنىڭ نىئمەتلارىنى ئەيلەمە مەسكەن،
مەتائى خانەيۇ قەسرى مۇنەققەش بىرلە ھەم ئەمكەن،
ۋەفا قىلماس ساڭا ئاخىر بۇلۇر ئورنى بۇزۇغ گۇلخەن،
مۇنىڭدەك بولمىغاي ھىچ ئالەم ئىچرە بىۋەفا گۇلشەن.

بۇ گۇلزاردىن كىشى دىماغىگە بۇيى ۋافا يەتمەس،
مۇكەددەردۇر كىشىنىڭ كوڭلىگە ھەرگىز سافا يەتمەس،
بۇ ئىمكاندا كىمدۇر كىم بۇ زالىمدىن جافا يەتمەس،


Altun0q

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بۇ دۇن ئىلىك مەھكىمىدە ئارقاسىغە پۇشتەفا يەتمەس،
بەسى خۇنخار زالىدۇر ئەجەپ مەككار جادۇ فەن.

سەتەمكار قاتىلى دۇر كىم ئۇلۇس كوكسىن يارا قىلدى،
كەتۇرۇپ قايغۇ مىھنەتتىن باشىغە ماجىرا قىلدى،
ياغىپ بارانى كولپەتتىن ھەمە كوڭلىن قارا قىلدى،
بالا ئۇقى تىگىپ باشىدىن ئاياغ ماتەم سارا قىلدى،
توكاپ ئەندۇھ دەۋراندىن قان ئەشكىن كوز ئىلە ئەچفەن.

كىشى دۇنيا مالىدىن تاپتى ئۇزگە ئازغىنە شوھرەت،
يىتىپ ھەددى بولغۇدىن ئۇمۇر ئاخىر سەربەسەر ئاپەت،
يىگەن نىئمەتلاردىن نەچچە چەندان رەنجىيۇ كۇلپەت،
بىلىڭ ئەھبابلار دۇنيا كىشىگە بولمىدى ئۇلفەت،
مۇنىڭدەك بولمىغاي دۇنيادا ھىچ كىمگە كىشى دۇشمەن.

ئاتاڭ ئادەم سەفى كەتتى جاھاندىن كوزلارى پۇر ئاپ،
سىلا تەن ئەنجەم بىرلەن داغى ئول پىلتىن سەھراپ،
قېنى جەمشىد، ئەفرىدۇن، قېنى ئىسكەندەرۇ داراپ،
جىمىئى ئەنبىيا بىرلەن قېنى ئول ساھىبى مىھراپ،
ئەگەر ئەقلىڭ ئىسە دونيانى بىلمە ئانچە چوڭ مەئدەن.

ئۇلۇم دەردىگە دەرمان تافمايىن كەتتى ئۇمەر غەتەر،
قېنى بەرزۇ، قېنى دارا، قېنى ئول تەھمىتىن سەفدەر،
قېنى ئابۇبەكىر سىددىقۇ ئۇمەر، ئوسمان ھەم ھەيدەر،
ۋەلايەت فەۋق بىرلە يۇلۇپ ئەردى دەرى خەيبەر،
ئۇلاردەك بولمىغاي دەۋران ئارا ھىچ كىم دىلى رۇشەن.

بۇ دۇنيا مۇلكىدىن تاپساڭ ئەگەر مۇلكى سۇلايمانى،
ئىمارەت ئەيلاساڭ نەچچەند شەھەردە نەچچە دەئۋانى،
كىنىز كەمتەرىن قىلساڭ يۇسۇف بىرلە زۇلەيخانى،
باشىڭغە مىڭ ئەلەم يەتكۇر كورسە ئاخىر بۇ دەۋرانى،
كودۇرەتلىك زەھەردىن كوڭلۇڭ ئىچرە تولدۇرۇپ ئەزمەن.

ئەجەل نىڭ سەرسەرىدىن بولدى ۋەيران بۇ ئىمارەتلار،
قالۇر سەندىن ھۇنەر پىشە ھەمە قىلغان تىجارەتلار،
داغى مەنسەپدە تاپقان ئىززەتىڭ بىرلە ئەمارەتلار،
بۇ جىسمىڭ شەھرىگە تۇشمىش ئۇلۇم ئوتدىن شەرارەتلار،
ھەمە مۇلكۇڭ قالۇر، ئالتۇن- كۇمۇش بىرلەن جەمئ مەخزەن.

كىلىپ يۇرت چوڭلارى ئول كۇن نىمەڭ باردەپ سۇراتمىشدۇر،
ھەمە تاپقان مالىڭدىن ئول كۇنى ئەندەك تاراتمىشدۇر،
زەنۇ فەرزەندۇ خۇشۇ ئەقرەبالارنى ئۇزاتمىشدۇر،
ئىشىكدىن روزگارىڭ كىم كى كىرسە ئول قاش ئاتمىشدۇر،
ئۇ كۇن قىلماي تۇرۇپ دوستلار لەھەد ئىچرە سىنى مەدفەن.

كۇزۇڭ ئاچ خەۋپ غەپلەتدىن ئەنىڭدىن بى كەدەر بولما،
ئەجەل نىڭ شەربىتىن ئىچكاي سەن ئاخىر بى خەبەر بولما،
كوزۇڭدىن قان ئاقىزغىل گىنە ئولۇك بى ئەسەر بولما،
تاقا فىل كورگۇزۇپ ناقىس تىزاكدەك بى شەرەر بولما،
ئەنابەت ئەيلاگىل ھەق غە جانىڭ بولماي تۇرۇپ بى تەن.

**56**

سوھبەت ئەھباپنى تۇتقىل غەنىمەت ئەي رەفىق،
تىرگۇزەر ئولگەن كوڭۇللارنى مۇھەببەت ئەي رەفىق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەتسە دەۋراندىن ئەگەر يۈز نوئى كولپەت ئەي رەفىق،
بولسە باشىڭدا تۈمەن تۈرلۈك مۇشەققەت ئەي رەفىق،
ھىچ غەم يوقتۇر مۇيەسسەر بولسا سوھبەت ئەي رەفىق.

جان فىدا قىل ياخشى سوھبەتكە ئەگەر مەردانەسەن،
ئىشقسىز يۈرمە بۇ ئالەمدە ئەگەر فەرزانەسەن،
بولسە ئىشقىڭ ئەيىش جاۋىدان بىلە ھەمخانەسەن،
ئىشقسىز ھەرچەندە ئاقىل سەن جۇنۇن دىۋانەسەن،
ھۇش نىڭ سەرمايەسىدۇر بۇيى ئۈلفەت ئەي رەفىق.

بەرمە قولدىن ئەيىش ئەسبابىن بۇ فانى دەھرارا،
قوشماغىل غەمدىن شارابىڭنى مۇكەررۇ زەھرارا،
خاھ سەھرادە مەقەم ئۇلغىل يوق ئەرسە شەھرارا،
بورەدەك جاڭگالدە يەر تۇت كى بىلىقدەك بەھرارا،
ھاسىل ئۇلكىم ئەيلاگىل ھەر يەردە ئىشرەت ئەي رەفىق.

بولمىغاي كەم سەرف قىلماقدىن يازىلغان قىسمىتىڭ،
ھەم زىياد ئەتمەس مۇقەددەرغە نىمەرسە خىسلىتىڭ،
ئەيىش كەم بولغاي زىياد ئۇلغاي بالا يۇ مىھنەتىڭ،
ھىچ ھاسىل يوق كىتىپ قالغاي قۇلۇڭدىن پۇرسىتىڭ،
چەكمەگىل سىھۇدە ئەمگەكدىن مۇزەللەت ئەي رەفىق.

گەرچە دەر ئەسباب بىرلاندۇر مادار ئەيىش ھەم،
ئاچماسە سۇنى زىرائەتكە يىتىشمەس قەترە نەم،
كورمادىڭمۇ كىمۇ ئان غە كىم فەتەللىل بولدى زەم،
بولسە بولغاي بولمە ئەردى بۇ ئەزەلدە قىلمە غەم،
شايەت ئۇلمىشدۇر بولۇر-بولماسقە قىسمەت ئەي رەفىق.

ۋەھىمدىن بىھۇدە كوڭلۈڭنى مۇكەررۇ قىلماغىل،
كەلمىگەن توقلۇقدا ئاچلىقنى مۇقەررۇ قىلماغىل،
جەزم ھاسىل قىل تەۋەككۈلنى مىكەررۇ قىلماغىل،
نەفئى يوق ئىشدىن كىتابىڭنى مۇھەررۇ قىلماغىل،
ياخشى رەھبەردۇر ئەمەللاردە شەرىئەت ئەي رەفىق.

تەكرى خەلق ئەتمىش چۇمەنلارنى نىشات ئەتمەك ئۇچۇن،
غەمكىن ئولغانلار ھۇزۇرۇ ئەنبىسات ئەتمەك ئۇچۇن،
يارلار بىر-بىرلارىگە ئەرتىبات ئەتمەك ئۇچۇن،
ئەيشۇ-ئىشرەت رىشتەسىنى ئەنزىبات ئەتمەك ئۇچۇن،
گۈلشەن ئىچرە گۈل بىلە بۇلبۇلدۇر ئىبرەت ئەي رەفىق.

بادە ئىچ گۈلچىھرە ساقى ئىلكىدىن مەستانە بول،
ئىشىق ئارا مەجنۇندىن ئارتۇق لەيلىغە دىۋانە بول،
باغ ئارا بۇلبۇل، ئوي ئىچرە دايىما پەرۋانە بول،
ھەر قايان بولساڭ ئى نەپسى خالسى جانانە بول،
ئۇمۇر كىمدۇر ئوتمىسۇن بىھۇدە پۇرسەت ئەي رەفىق.

بولسا گۈلشەندە مۇيەسسەر شاھىدى رەئنا ئەگەر،
قىلماغىل ھەرگىز بۇلەك جادىن تەمەننا ئەي شەكەر،
كەلمىسۇن كوڭلۈڭ غە فىكرى سەۋدا ئىلە زىكرى زەرەر،
غافىل ئولماي لەئزەئى ھوسنىگە تافشۇرغىل نەزەر،
مۇندىن ئوزگە يوق بۇ ئالەمدە نازاكەت ئەي رەفىق.

خەلق قىلمىش دۇر خۇداۋەندەم سىنى ئىرفان ئۇچۇن،
زادە ھاسىل قىل مۇھەببەتدىن ھۇزۇرى جان ئۇچۇن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چەكمە مېھنەتلار بۇ دەۋراندا ھۇسۇلى نان ئۇچۇن،
بارچە نىئمەتنى ياراتمىشدۇر يېمەك ئىنسان ئۇچۇن،
قالمىغاي ھەلقىڭدىن ئۆتمەي ھېچ نىئمەت ئەي رەفىق.

بولسە ھەر كىمنىڭ شىكەرى نازىنىنى ياندا،
جىلۋەگەر بولغاي مۇھەببەتنىڭ جامالى جاندا،
ئۇشبۇدۇر ھاسىل تىرىكلىكدىن جاھانى فاندا،
بولسە ئىشقدىن نىشان كىمنىڭ ئەگەر ئىماندا،
ئاڭلاغاي ناقىس كالامىدىن نەسىھەت ئەي رەفىق.

## 57

سادا كوكسۇمدە ئەرمەس بىر مەھشەر ئەفتابىدىن،
كىشى ئىشقى ئىچرە غەم قىلماس قىيامەتنىڭ ئازابىدىن،
قىزارتىپ چېھرەسىن خۇرشىدە يەڭلىغ بادە تابىدىن،
چىقارغاچ ئول مېھى مەھمەل نىشىن ئارىز نىقابىدىن،
چەرەس دەك نالە ئەيلارمەن كۆڭۈلنىڭ ئىزتىرابىدىن.

قىغانىم ئوقدىن كوكسۇمدە ھەريان شەقبەلار باردۇر،
قىزىل ھەرسارى تورغان ئاندا قانلىغ ئەقبەلار باردۇر،
تىنىمدا ھەر تەرەپ غەم لەشكىرىدىن ئەقبەلار باردۇر،
ئەمەس كوكسۇمدە ھەريان داغلار ئول شەقبەلار باردۇر،
سەۋاپىمەن تا خىيالىڭ چىقمىغاي كوڭلۇم خارابىدىن.

ئېرۇر پەيدا بەلىيەت دەشت ئىچرە تۇشمۇ-تۇش گۇنبەز،
قىغانىمدىن ئەمەس قىقنۇس دەك بىر دەم خەمۇش گۇنبەز،
ئەگەرچە مۇمكىن ئەرماس سۇ ئۈزە ساكىن تۇرۇش گۇنبەز،

هاۋايى ئىشقىڭ ئەسراردا ئىرۇر ھەريان كومۇش گۇنبەز،
كى قىلمىشمەن ئىمارەت بەھەر ئىشكىمنىڭ ھىسابىدىن.

فىراق ئەييامىدا كوڭلۇمدادۇر دايىم بۇ ماتەم كىم،
يىراغلىقدىن ۋىسال ئۇمىدى بولغاي ئاندەكى كەم كىم،
مۇنىڭدەك خەۋفىدىن مىژگانىم ئولدى سەربەسەر نەم كىم،
بىغەيرەغە نىش غەم ئولتۇردى دە كوڭلۇمدا بۇ غەم كىم،
ئىتىڭ قۇت ئەتمىگەي ناگاھ گوياكى باغرىم كابابىدىن.

مىنى ئول كويدىن ھەر سارىغە ئىندارسەن ئەي ۋائىز،
بولۇپ زامىن ماڭا مەھشەر كۇنى نەيلارسەن ئەي ۋائىز،
مەن مەجنۇنغە ھۇش ئەھلى سۆزىن ئەيلارسەن ئەي ۋائىز،
قاشى مىھرابىدىن يۈز كەئبەگە قوي دەرسەن ئەي ۋائىز،
مەۋەججە دەر ئىكاسەنۇ كى ئاجىزمەن جاۋابىدىن.

كىشى كى ئىتلارى سانىدا بولماغلىق شارافەتدۇر،
شارافەت گويىيا ئىتلارغە قىلماغلىق رەفاقەتدۇر،
ۋەلى كويىغە مۇندىن ھەدۇ غايەتسىز مۇسافەتدۇر،
تەن جان زورەقىن غەر ئەتكالى دەريايى ئافەتدۇر،
قۇيۇنلار كىم يۇگۇرۇر ھىجىر دەشتىنىڭ سەرابىدىن.

سىنى ئۇمىد ئىلە بەزم ئىچرە چۇن تۇرغۇزدۇڭ ئەي ساقى،
مۇرۇۋۋەت رىشتەسىن بىۋەجە مەندىن ئۇزدۇڭ ئەي ساقى،
قىلىپ مەھرۇم رەغبەت غەيرىگە كورگۇزدۇڭ ئەي ساقى،
خىرەد مۇلكىنى جەرمىم كىشۋەرىدىن بۇزدۇڭ ئەي ساقى،
بۇ سەيلى كىم راۋان قىلدىڭ قەدەھ پالا سەھابىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھايات ئەيياميدا ھەركىمگە قىلغىل ئەي كۆڭۈل ئىھسان،
بولۇر ئاخىر بۇ باغۇ راغ ئىلە ئاپۋانلارىڭ ۋەيران،
نە تەن خاك بولمايىن قالغاي، نە چىقماي جىسمىدىن بۇ جان،
بۇ بەزم ئەھلىنى پات يىغماقىدىن ئۆزكى ساقى دەۋران،
نە قىلدى قەسر بۇ نەيلى قەدەھ دۆر شتابىدىن.

كۆڭۈل كىم فىكر ئەيتار ھەر كىچە ئىشراپ يارۇ لەيجەدىن،
بولۇر لەرزان خىيال ئەتكاندە ناگاھ ئىكى ئەبرۇيىن،
بايان قىلغاندا ناقس نەزم ئارا سۇنبۇل كەبى مۇيىن،
ناۋايى رىشتەئى فىكرى چىكەر مەئنى سەمەن بويىن،
خوش ئول تاجەرگە يۇسف چىھرە كورگۈزگەي تانابىدىن.

**58**

قۇياش يۈزىكى يۈزىدىن قۇياش ئىرۇر رۇشەن،
ئەسىر كاكۇلى مۇشكىن ھىدىغە مۇشك خۇتەن،
ئەزاردەك يەنە گۈل كورمادى باھار چۇمەن،
لەبىنى كورسە خىجالەت بۇلۇر ھەنايۇ سەمەن،
بۇ ھوسنى ئۇستىگە زەرىيىن قابايۇ سەمەن تەن.

بۇ باغ دەھىر ئارا قەددى مىسالى مۇمكىن ئەمەس،
فەلەك مەھەندەسى قىلماق خىيالى مۇمكىن ئەمەس،
كۆڭۈل ھەرىمىغە ھەرگىز ۋىسالى مۇمكىن ئەمەس،
كامالى سەرۋىغە ئەنىڭ كامالى مۇمكىن ئەمەس،
كى كوزنى خىرە قىلۇر ئول يۈز ئۇزرە ئىكى زەقەن.

قاشى قەلىمى دەمادەم يۈرەكنى قان ئەيلار،
گىنەسىز ئەلگە ئاتارغە ئەنى كامان ئەيلار،

ئەسارىتىدە چۇ جەۋرۇ بالا ئايان ئەيلار،
تەن ئىچرە جان ئەنى كورگاچ ھەممە فىغان ئەيلار،
بۇ چەرخ زالى ئەماسدۇر ئەنىڭچە يۈزۈ چەفەن.

قارارگە كۆزىكى قاش ئۈستىدەدۇر ئىكى جادۇ،
ئەنىڭ قارالىغى جانلار ئىچىدەدۇر قايغۇ،
.................................................
ئەسەر يوق ئاندا تەرەھ غۇبارىدىن بىرمۇ،
قاشىنىڭ ئۈستىدە تۈتمىش ۋەتەن بۇ ئىكى سەمەن.

ئەگەر قاش ئاتسە ھالەك ئەيلاگاي تىرىكلارنى،
يىقمتغۇسى ئوقى ھەريان سۈرۈك كىيىكلارنى،
ئىرىنتى ھەيبىتى غەمدىن ناقىس يىگىتلارنى،
غۇبارى سۈرمە قىلۇر ئول جىگەر يىرىكلارنى،
ئەگەرچە بولسە باھادىرلىغى كىيىۇ دۇشمەن.

**59**

مۇباراز ئىشق ئىلە مەجنۇندەك ئەتكەن كار زارىمنى،
ئەجەپ يوق لەيلى ئاڭلاپ چورۇلۇر بولسە مازارىمنى،
مەن ھەم تەرك ئەيلاگەن بىر يار ئۈچۈن شەھرۇ دىيارىمنى،
قارا كوزلارغە تاراج ئەتۈرۈپ يوق ئىلە بارىمنى،
ۋەلىكىن تاپماغان خىلۋەتدە بىردەم ئول نىگارىمنى.

جاھاندا ئاشىق ئولغاچ دوستلار خەسدىنمۇ خار ئولدۇم،
زەئىفۇ، ئاجىزۇ، بىچارەلىك بىرلە نىزار ئولدۇم،
كىلىپ ھەدىسىز مۇشەققەت باشىمە ئول دەم غۇبار ئولدۇم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

.....................................................................

كورۇپ ئىبرەت ئەلگلار تۇفراغىمدىن ئىزتىرابىمنى.

ئەمەس نادان نەسىبى ئىشقىنىڭ ئەتۋارىنى بىلمەك،
تۇشار ئاشىق كىشىنىڭ كوڭلىگە ھەر ساردىن ئىلمەك،
كىلىپدۇر ئازغىنە كۇلفەت بۇ يولدا باشى يەنجىلمەك،
كىنەدۇر مەزھەپ ئىشق ئىچرە ھەريان باقماق ئىنتىلمەك،
دىگەن ئادەم كى ئاسراي غەيرەدىن ئەسرار يارىمنى.

60

.....................................................................

.....................................................................

مەستۇ لايەقەل بولۇپ بازار ئارا ھەم تۇرغۇسى،
كورگەن ئەل تەسخىر قىلىپ قەھ-قەھ ئۇرۇبان كۇلگۇسى،
مەسكىنى مەسچىد ئىلە ھەم خانىقا، مىھراپ ئەمەس.

باشىغە كىيگەي كۇلاھ يورگەپ چۇۋۇق دەستارىنى،
ھۇشى ئىلە كەزمىگەي ھەم كوچە ئىلە بازارنى،
نەفسىنىڭ باشىن كىسىپ قەتئە ئەيلەگەي زۇننارنى،
رازىن ئەتماقغە نىگارىغە چالىپ سەتارىنى،
بولمىغاي ئەيش تەرەپدىن قۇلىدا راباپ ئەمەس.

بولمىغاي دۇنيا مالىدىن دەستىدە بىر دانە زەر،
گەر قۇلىغە كىرسە ئاندىن شول زامان ئىشار ئىتەر،
گەرچە نەفسى ئاشۇ-نان دەپ يىغلاپ-ئىڭراپ زار ئىتەر،
ھىرىسۇ كىبرۇ بىخىل ئىلە نەمام لىك‌دىن ئار ئىتەر،
كوڭلىدە ھەم چەرك مەنسەپ ساھىبۇ ئەرباپ ئەمەس.

ئاينە كەتتى نىمادىن ساپ دىلى خۇمدانچىسى،
سەدى زۇلقەرنەيىندىن مەھكەم كۇڭۇل قورغانچىسى،
يەتمەگەي ھېچ بۇرچىغە شەيتان لەئىن ئارغامچىسى،
نەفسى باشىدىن كەتمەس ھەم رىيازەت قامچىسى،
كوڭلىدا شىرىن تائامۇ ئارقىسىدىن ئاب ئەمەس.

چىركىنتىلىك تۇئمەنى ھەم ھەلقەدىن ئوتكەرمەگەي،
فىكىر ياردىن بۇلەكنى كوڭلىگە كەلتۇرمەگەي،
بى بەدەل ئۇمرىنى بىردەم بىھۇدە سەرف ئەتمەگەي،
فىكىر مۇردارى بىلەن كوڭلى ئۇيىن ھەيف ئەتمەگەي،
چىفەئى دۇنيا تەلەپ ئەيلاپ ئۇزى گۇلاپ ئەمەس.

ھەقنىڭ ئەنۋارى مۇسەففا كوڭلىدىن تابىش قىلۇر،
شەۋقى مەھبۇبى دەلىدىن دەمبىدەم جەنبىش قىلۇر،
ۋەسلىنىڭ فىكرى بىلەن كوڭلىنى ھەردەم خوش قىلۇر،
چېھرلار ئەيلاپ تەلەپ بابىدا كوپ كوشىش قىلۇر،
ئەھلى دۇنيالارگە ھەرگىز ھېچ ۋەقت ئەسھاپ ئەمەس.

قىلسە بەزمى يىغلاماغلىق چۇن ئاڭا خوپ سازدۇر،
ئاھۇ-ۋاھ فەرياد ئىلە ھەسرەتلارى ئاۋازدۇر،
چىقسە بەزمىدىن كىلىپ خىلۋەتلارى دەمسازدۇر،
خىلۋەت ئىچرە زوقى مەھبۇبى بىلەن ھەمرازدۇر،
ھېچ مەھەل مەھمەل يۇرۇپ غەيرىگە فەتىۇ باپ ئەمەس.

ھەم پەرۇ تەنلىك ئېرۇر ئەرمەس تەكەبۇر شىۋەسى،
كوڭلىنىڭ رۇشەنلىگى گويا ھەلىپنىڭ شىشەسى،

ياخشىلىقدىن جۇملەگە بەرگەي ئىنابەت مۇەسى،
گەر كىشى مۇھتاج ئولۇپ بارسە بۇلۇر چۈن تىۋەسى،
فاسىقۇ ناجەر مۇقەممەر ئەھلىگە ئەھباپ ئەمەس.

قىلسە ھەركىمگە سۇخەن كوڭلىن ئەنىڭ خەندان قىلۇر،
دۇرى مەئنىدىن قۇلاغىغە تاقىپ مارجان قىلۇر،
ئەھلى دەردلار گەر ئىشتسە ئۇزلارىن ۋەيران قىلۇر،
مەئىسىيەت ئەھلى قۇلاق سالسە كوڭۇل ھەيران قىلۇر،
فەئلى ئەتۋارى مائاسى ئەھلىگە ئەسباپ ئەمەس.

ناقىسا ئول نۇر ھالىدىن بىزە بەرگىل خەبەر،
فەئلى ئەتۋارى ئەنىڭ كەمرەلارە قىلغاي ئەشەر،
چۈنكى ئەرمەش‌لار ئەنىڭ كەردارلارى ساف بىكەدەر،
ئىقتىدا ئەيلاپ نىتاڭ تاپساق خۇدادىن كوپ ئەجەر،
كىم كى تاپماپدۇر ھىدايەت كوڭلى ئەنىڭ مەھتاپ ئەمەس.

## 61

يۈزۈڭ كوي ئىلتادۇر ھەركۈن فەلەكنىڭ ئافتابىدىن،
فەلەك دەرماندەدۇر گويا سەمەندىڭنىڭ شىتابىدىن،
مۇنەججىم نە ئەجەپ لال ئولسە ئاي ـ كۈننىڭ ھىسابىدىن،
ئەگەر ئەرگاشىمسە بىر كۈن پىراقىڭنىڭ رەكابىدىن،
بولۇپ ھەيران تەفەككۇر چاغى كوڭلى ئىزتىرابىدىن.

باھار ئەييامى گۈلشەن گۈل يۈزۈڭ سىز لالەزار ئولماس،
قەدىڭ سىز چاغ ئارا بىر سەرۋى نەۋرۇس پايەدار ئولماس،
خىيالى نەرگىسىڭ سىز ھىچ نەرگەس كوز خۇمار ئولماس،

مۇقەررەر سوز جامالىڭ كورمىسە ئالەم باھار ئولماس،
خازاندۇر دەھىر باغى چىقماغاچ چىھرىڭ نىقابىدىن.

فەلەك ھەر كىچە يۇزمىڭ كوز بىلە ھوسنىڭگە ھەيراندۇر،
زەمىن مىڭ تىل بىلە خۇشال جانابىڭغە ساناخاندۇر،
قەدىڭنىڭ مۇپتىلاسى باغ ئارا سەرۋى خاراماندۇر،
يۇرەك ھەر گۇل غە رۇخسارىڭ غېمىدىن تىبەتەبقاندۇر،
بۇ كىم جانلار مۇئەتتەر بولدى چەكاندە گۇلابىدىن.

ئۇشۇل كۇنكىم قازا نەقاشى چەكمىش دۇر ساڭا سۇرەت،
قاشىڭ نەقشىدا ئىلكى تىترەمىش بولغاي تۇتۇپ ھەيرەت،
يىتەر باشىمغە ئول تىغ بالا جۇدىن تۇمەن زەخمەت،
ۋۇجۇدۇم خىرمىنىغە جەۋھىرى بەرق ئۇرۇپ ئاپەت،
فىسۇردا شىۋە ئول قاشلەرگە يەتكەن ئىنقىلابىدىن.

كۇزى جاللاد كىرفىك خەنجەرىن ئالغاچ كوكۇل تىترەر،
ھامانا كىم فەلەك دە بىمىدىن مىرىخ ئولۇر مۇزتەر،
كى يۇز بىدىلنى مەندەك غەمزە بىرلە چاك قەتل ئەيلەر،
ۋەلېكىن ئارزى فىردەۋسى ئىچەر لەبلەرى كەۋسەر،
ھايات جاۋىدان بەخش قىلۇر ھەردەم شارابىدىن.

تەبەسسۇم چاغى لەئىل يارۇتۇر فانۇسى ئالەمنى،
سۇجۇك ئەلفاز ئىلە مولزەم قىلۇر شىبلىيۇ ئەدھەمنى،
ئۇلۇك ياد ئەيلاماس ياندا ئەيسا ئىبنى مەريەمنى،
ئەگەرچە تىرگۇزۇر ھەر بىر نەفەسدىن نەچە ئادەمنى،
بىلۇر بۇ رەمزەنى ھەركىم ئوقۇر خەتتى كىتابىدىن.

www.uyghurkitap.com

تەكەللۇمدىن لىبى مەئلۇم ئولۇر ئاتا ئەغىز مەبھەم،
گۈلاپتا بولدى كۆڭلۈم تۈتسى ئەنقا بىلەن ھەمدەم،
ئەنىڭدەك يوق مۇئەمما ئىشق ئىسمىن ئەيلاسە مەدغەم،
سىز ئايىغاندا مۇسابەدەك بولۇپ مەھكەمۇ ھەم مەھكەم،
خەرەد ھەيران بولۇپ ئۇزدىن كىتەر ئانىڭ جاۋابىدىن.

كىرىپ مەجلىس ئارا رۇخسار كورگۈزسە ئىچىپ بادە،
يۈزىن كورگاچ بولۇر زۇلف ئەسرى بارچە ئازادە،
بولۇر مىڭ جان فىدا قىلماق ئۇچۇن ھوسنىگە ئامادە،
...........................................................................
بولۇپ بىخود مۇغەننى تار قەتىك ئۇرغاي رابابىدىن.

جامالى شەمئىنى خىجالەت ئوتىدا دەم بەدەم ئورتەر،
تۈشەر ھەر يانغە ھۆسنى لەمئەسىدىن مىھىردەك ئەخگەر،
يۈز ئەرماس دۇر ھامانە نۇر ۋەھدەتكە ئىبرۇر مەنزەر،
دەمادەم ئوت ياقىپ كوڭلۈم ئويىگە ئول مەلەك پەيكەر،
مەلەك ئەفلاك ئۈزە بىھۇش ئولۇر دۇدى كابابىدىن.

قاچان ئول دىلبىرىم مەيدانغە ئەزىم ئەتسە ئەلىپ چەۋگان،
باشىمنى كۈيىدەك ئالدىغە تاشلارمەن، بولۇپ ھەيران،
سورار تەۋسەنغە باقماي باشىمە مەيدان ئارا ھەريان،
دىسەم جابەك سۈۋارە ئەيلاگىل كوكسۈم ئۈزە جەۋلان،
دىگەي نە غەم مىنىڭدەك شاھ غە ناقىس خارابىدىن.

62

ئەچىپ بىر قەئنى ئارىزدىن مىنى شەيدانى كويدۇردۇڭ
يىقىتتىڭ غەمزە ئوقىدىن قەدىمدەك يانى كويدۇردۇڭ،

بولۇپ پىنھان ئى دىل ئىچرە يوق ئىلە پەيدانى كويدۇردۇڭ،
يازىپ كاكۇل جەمئى ئەنبەر سارانى كويدۇردۇڭ،
نە يەڭلىغ ھوركىم سەن جەنەتىل مەئۋانى كويدۇردۇڭ.

يۈزۈڭنى بىر كورۇپ تۇتتى مىنى ئاينەدەك ھەيرەت،
ئىكىنجى كورمەگەچ ھەردەم چىكەرمەن ئاھ ئىلە ھەسرەت،
خىيال غەيرىدىن جانان ئىرۇر كوڭلۇمدا كوپ غەيرەت،
يولۇڭدا خاكسار ئولدۇم ئۇتۇپدۇر ئومۇردىن پۇرسەت،
نەزارە قىلمادىڭ بىر يول قىلۇر پەرۋانى كويدۇردۇڭ.

فىراقىڭ ئىچرە قان يۇتتۇم سەر كۇيۇڭ ماكانىمدۇر،
سادا ئىتلاردىن ئەرماسدۇر مىنىڭ چەككەن فىغانىمدۇر،
يۈزۈڭ شەمئىنى چورۇلگەن مىنىڭ پەرۋانە جانىمدۇر،
قەدىڭنىڭ سايەسى ئەي گۇل چۇمەندە سايىبانىمدۇر،
كىرىپ گۇلشەن غە سەير ئەيلاپ گۇل رەئنانى كويدۇردۇڭ.

قىنى دىن ئافتى سەندەك جاھانى سۇرەت ئارادا،
خۇسۇمەت سەندىن ئولمۇشدۇر سىكەندەر بىرلە دارادا،
كۇزۇڭدىن بەھسۇ غەۋغادۇر ھىمشەيۇ يەرۇكشادا،
لىبىڭنىڭ فىكرى ھىندۇدا، ساچىڭنىڭ زىكرى تەرسادا،
ئول ئوتلۇغ چىھر تابىدىن مەغۇ تەرسانى كويدۇردۇڭ.

فەلەك ھىجرىڭدا سەرگەردان، مەلەك ئىشقىڭدا بى سامان،
قۇياش ھوسنۇڭ ئۇچۇن ھەيران، قەمەر چىھرىڭ ئۇچۇن نالان،
كاۋاكىپ كوز ئەچىپ ھەريان توكۇپ ئوز جىسمىدىن قان،
بولۇت يادىڭ بىلە گەريان چىكەر كوپ گۇركىرەپ ئەپغان،
فىراق ئوتىن قىلىپ سۇزان ھەمە ئەئلانى كويدۇردۇڭ.

چۈمەنلەر ئىشتىياقىڭدا مۇزەييەن ئەيلادى ئۆزنى،
گۈلۈستان ئىنتىزارىڭدىن مۇئەييەن ئەيلادى ئۆزنى،
بايابان بىرلە تاغۇ-تۈز بەرەھمەن ئەيلادى ئۆزنى،
جىمىئى مەئدەنۇ-مەخرەن مۇبەييەن ئەيلادى ئۆزنى،
قىلىپ كوپ نازۇ ئىستىغنا ھەمە ئەشيانى كويدۇردۇڭ.

باياباندا ئىچرە ۋەھشىلار ۋىسالىڭنىڭ خېرىدارى،
شىكار ئولماق ئۈچۈن تۇرمىش قاراپ يۇلۇڭغە ھەر سارى،
تاۋىشقانىنىڭ ئىشى زارى، كىيىكنىڭ كوز يىشى جارى،
يۈز ئاچماق غەيرى مۇمكىندۇر نەزارە ئەيلاگىل بارى،
ئەجەپ تەنناز ئىكەنسەن ۋەھشىئى سەھرانى كويدۇردۇڭ.

چۈمەن تورىدىكى قۇشلار قەدۇمۇڭ ئىنتىزارىدۇر،
سۇچۇڭ لەبزىڭ خىيالىدىن ئۇلار ئاغزىدا زارىدۇر،
مۇسافىردەك تۈكەر ياشىن ئەگەرچە ئۆز دىيارىدۇر،
ھۇزۇرۇڭ باغ ئارا گويا بۇ قۇشلارنىڭ باھارىدۇر،
چۈمەندە بۇلبۇلۇ، قاق ئۈستىدە ئەنقانى كويدۇردۇڭ.

چىقىپ بام ئۈزرە يۈز ئاچتىڭ قۇياشقە خىرەلىك يەتتى،
كاۋاكىپ بولدى بى تاقەت تۇرالماي تارقىشىپ كەتتى،
پەرىشان كاكىلۇڭ ئول دەم كۆكۈل مەرغىنى سەيىر ئەتتى،
تەجەمۇل بىرلە دەريالار ئۆزىنى كاتتا كەۋسەر ئەتتى،
ساچىپ ئوت ئارەزىڭدىن شورەش دەريانى كويدۇردۇڭ.

چىقىپ مەيدانغە چۈن قىلدىڭ ئەل ئىچرە ھەر تەرەپ جەۋلان،
مەي ئىچكەن رەندەلار يەڭلىغ قەدىڭ مىل ئەيلادى ھەريان،
رەكابىڭغا چىقىپ تەندىن ئەسىر ئولدى بۇ خەستە جان،

كىرەك ناقىس غە مەيداندا باشنى ئەيلامەك چەۋگان،
يانۇردا يول ئۇزە ھەر ئەخمەقۇ دانانى كويدۇردۇك.

## 63

ئىسىغە بولدۇم ھەم نەفەس ئوتلۇغ فىغانىم سۇبھىدەم،
چەرخ ئۇردى تەن مەيدانىدا ئازادە جانىم سۇبھىدەم،
ئىشق ئىلكى چەكتى ھەر تەرەپ تۇتقاچ ئەنانىم سۇبھىدەم،
ئىكى كوزۇمدىن دەم بەدەم ئاقىزدى قانىم سۇبھىدەم،
كويدى چىراغ نۇرىدىن روھۇ راۋانىم سۇبھىدەم.

يوق ئىختىيارىم تۇرغالى ئارام بىرلە سائىتى،
تەگدى مىنى ئاجىز كۇرۇپ بۇ ئىشق زالىم ئاپەتى،
بولدى نامايان ئۇيقۇدا بىر سەرۋى گۇلرۇخ قامەتى،
بىلمام نە يەرگە يەتكۇرەر ئاخىر بۇ ئىشنىڭ ئاپەتى،
بىر غەمزەدىن مىڭ ئوق ئاتار ئابرو كامانىم سۇبھىدەم.

كاكۇللارى زەنجەرىنىڭ ھەر ھالقەسىدە مىڭ ئەسىر،
شاھۇ گادالار بىئەدەد ھەدىن فۇزۇن بىر نادە پىر،
جاللادلىغىدا بى مەسەل قەتال لىغىدا بى نەزىر،
پەرۋاسى يوق چەككەن بىلە مىڭ نۇئىيۇ يۇزمىڭ تەفىر،
كۇيى باشى تۇپراغىدۇر دار دالامانىم سۇبھىدەم.

دىۋانە بولسام يوق ئەجەپ ئول كوي ئارا ئەھبابلار،
ۋەسلى ئەتماسىدىن تۇكۇپ ئىكى كۇزۇم خۇناپلار،
كوردۇم كى ھىجران تىغىدىن ئولمىش تولا ئەرباپلار،
جارى بۇلۇپ دۇر قانىدىن ھەريان‌دا كوپ گىرداپلار،
ئىشق ئىچرە تۇشكەنلەر ئىشى بولدى ئايانىم سۇبھىدەم.

www.uyghurkitap.com

دەئۋابى ئىشق ئەتكەن كىشى تەرك ئەيلاگەي ئەۋۋەل ھەۋەس،
مەئشۇقىنىڭ يادى بىلە چىقان چىقارغاي ھەر نەفەس،
دەھرى بىر كۆرەنگەي كۆزىگە ئۇل كوي ئارا ھەر خار خەس،
ئەنقا شىكارى بولمىغاي تا ئۇستىخان بولماي دەكەس،
لال ئولدى سۇسەندەك تىلىم بىلماي بايانىم سۆبھىدەم.

مەن خەستەئى بىخانىمان بىردەم تافا ئالماي ئامان،
يۈزمىڭ بالا كوردۇم ئايان بىر دەم ئامان تافان زامان،
ئىشق ئىلكىدىن ئىگرار بۇ جان بولدى چىرايىم زەئفىران،
ئوقدەك قەدىم بولدى كامان، يوق قۇۋۋەتىم چەكسام فىغان،
فاش ئولدى بۇ سەررە نىھان ساچىلدى قانىم سۆبھىدەم.

بارمۇ دىلدا ئافىيەت تاراز دىل تاپقاي زوھۇر،
دەئۋا غەلەتدۇر ھەر كىشى دىسە ئىبرۇرمەن مەن سوبور،
تاقەت قىلالماي تەبرادى بىرگە شەجەردەك كوھى تۇر،
بولساڭ ئەگەرچە غەرقە نۇر ئەي بىخەبەر بولمە غۇررۇر،
كىم تەرك ئەتىپ ئەيشۇ سەرۇر تاپتىم نىشانىم سۆبھىدەم.

ناقىسغە يەتتى بىر شەرەر بولدى ئۇزىدىن بىخەبەر،
قان بولدى ھىجراندا جىگەر ئىستەپ نىگارىدىن نەزەر،
تاپماي نەزەردىن بىر ئەشەر، نالان بۇلۇپ دەر ھەر سەھەر،
ئەي خالىق جەننۇ بەشەر ۋەسفىڭ سىنىڭ سەممۇ بەسەر،
قىلمە مىنى مۇندىن بەتەر، بول پاسبانىم سۆبھىدەم.

**64**

ئىبرۇرمەن دوستلار بىر لەيلىۋەش ئىشقىدە مەجنۇندەك،
لىباس ئولدى ماڭا ئەسكى چاپان بىرلە ياماق تەلپەك،

يۈرەمەن كۈيىدا بىر تەلبە ئىنتەك ھەر تەرەف سەك ـ سەك،
نى ھۇش ئەمدىكىم ئەريان نە كۈقەد بىرلە قىلسام تەك،
پىرلارغە جۇنۇن تۇماردۇر بويىندا سالىنچەك.

بولۇپ بىخۇد شىرىنك ئۇلدۇم فىغاندا تاغ ئىلە گويا،
مەن مەجنۇننى كورگان دەركى مەجنۇن ساغ ئىلە گويا،
تىرى جىسىمدە ھەريان تازە قانلىغ داغ ئىلە گويا،
يارا جىسىمنى قىلغاچ ھەر تەرەف تىرناغ ئىلە گويا،
قازا مەجنۇنغە تىگمىش لاللار يافراغ ئىلە كوڭلەك.

كىتەرمەن سۇ كەبى ئۇل شوخنى ياد ئەيلاسام ئۇزدىن،
تىدىبا يوق نەفەس قايدىن، ئۇمىداتىڭ ماڭا سوزدىن،
تەفاۋەت ئەيلامام سۇدەك يۈرەردە تاغنى تۇزدىن،
يارا كوزلەر بولۇپ تەندە چۇ بولدى خىرە ئۇل يۈزدىن،
ياساپمەن ھەر تەرەپ ئەسكى تۈگۈنلەر شەكلىدە ئەينەك.

بۇ ۋەھشەت بىرلە لەرزان دۇر تەن ئىچرە سانجىقىپ كوڭلۇم،
قاشىڭ ياسىيۇ، مىژگان ئوقلارىدىن تانجىقىپ كوڭلۇم،
بۇ مۇھلەك ئىشقىنىڭ شۇرىشىلارى بىرلە ئەغىپ كوڭلۇم
بولۇپ بىر جان قۇشىدىن ئاھ پەيكانىن تىپىپ كوڭلۇم،
ئەزەل سەيرى قازا ساقىسىغە بەرگەنىم كۈنى تەلقىن.

**65**

كاكىلۇڭ ھىجرىدا ئەي گۇلرۇخ پەرىشان يىغلارەم،
بۇلبۇل بولغاندەك خازان فەسلىدە ھەيران يىغلارەم،

www.uyghurkitap.com

نەي كەبى ھەربىر توشۇكىدىن تارتىپ ئەفغان يىغلارەم،
ئاختارىپ دەردىمگە دارۇ بىرلە دەرمان يىغلارەم،
ئەلگە ئەيلاپ چاك كوكسۇمنى نامايان يىغلارەم.

تا ئەچىپ چىھرىڭنى ئوت سالدىڭ بۇ جىسمىم زارىمە،
ئوت تۇتاشتى بەرق ھوسنۇڭدىن يوق ئىلە بارىمە،
دىدى خاكەستەر نەزەر سالغان تەن ئەفكارىمە،
ئەيىب يوقدۇر توكسە قان بۇ دىدەئى ئەفكارىمە،
ئاھ تارتىپ لەئزە ئارام ئالمايىن قان يىغلارەم.

لەبلارىڭ ھىجرىدە سۇ ئىچسام ئەگەر زەھراپ بۇلۇر،
يەتمايىن ھەلقىمگە باغرىمدىن ھەممە خۇناپ بۇلۇر،
دەشت ـ سەھرا كوزلارىم ياشى بىلە سىراپ بۇلۇر،
يەنە كىشۋە ئەھلىنىڭ بارى ھەممە غەرق ئاب بۇلۇر،
ئاسماندەك تاڭ ئەمەس دىسەم فاراۋان يىغلارەم.

ھورجەننەت ھەم سىنىڭدەك بولمىغاي ئەي گۇل ئانار،
كىم ئىمىش بارى ئۇلارنىڭ فۇرقىتىڭدا زار ـ زار،
قاف تاغى شەھەرلىرى يانىڭدا دۇر بى ئەئتىبار،
يوق ئىكەن ئالەمدە سەندەك بىر ئۇلۇغ جابەكسۋار،
ئەرگەشىپ ئاتىڭنى مەن مەيدانمۇ ـ مەيدان يىغلارەم.

ھىچ دىلبەر سەن كەبى نازۇك تەبىئەت بولمىغاي،
بولسا ھەم ھەرگىز سىنىڭدەك پاك تەنەت بولمىغاي،

ئەردىن ئەيتۇردا ساڭا ئاشىقدا قۇدرەت بولمىغاي،
نازدىن ئۇشاقىغە كوڭلۇڭدا رەھمەت بولمىغاي،
گەرچە ھەر سائەتدە ئەل دەك نەچە چەندان يىغلارەم.

يوق سىنىڭدەك دەھرارا دىلدارى شىرىن فەن يەنە،
ئارەزىڭ يەڭلىغ تاراۋەت بەخشى‌لىغ گۇلشەن يەنە،
قىلغالى تۇردۇڭ سەتەمكەرلىك ئىشىن شىۋەن يەنە،
.....................................................................
شاد ئولۇپ زەئفەر يىگەندەك ناز خەندان يىغلارەم.

كىمنى كورسام ئاستانىڭدىن يۈزىدەكى گەردى بار،
لىك يوق دۇر ھىچ بىرى‌نىڭ مەنچە رەنگى زەردى بار،
بارچە سىنىڭ ۋەسلىڭ تىلاپ ھەرلەھزە ئاھۇ سەرۋى بار،
ھەر كوڭۇل‌نىڭ فۇرقىتىڭدىن ئار ئولغان دەردى بار،
كوزلارىم ئەيلاپ فىراقىڭدا نەمەكدان يىغلارەم.

بىلمادىم ئول شەئلەلىغ خۇرشىدە يار رۇخسارمۇ،
ئول قىزارغان لەب مۇدۇر يا لەئل ئاتەش بارمۇ،
ئول مۇئەتتەر زۇلفىمۇ يا نافەئى تاتارمۇ،
ئول قارالار كوزلارىڭ يا ساھەر خونخارمۇ،
ئۇشبۇ بائىس‌دىن ھەمىشە زار ـ ھەيران يىغلارەم.

بولدى مەجنۇن‌دەك فىراقىڭدىن ماكانىم دەشت ئارا،
تولدى ئالەم مۇلكىگە مەجنۇن‌لىغۇمدىن ماجرا،
دۇدى ئاھىمدىن فەلەكلارنىڭ يۈزى بولدى قارا،
نالىشىمدىن بولسە تاڭ يوقدۇر جاھان ماتەم سارا،
ناقىسا بۇ نەۋئى كىم ھەدۇ پايان يىغلارەم.



AltunOq

## 66

بار ئىدى ئۆتكەن زەماندا بىر تەبىب،
ئىلىم تەبىبنىڭ بارەسىدە كۆپ لەبىب.
ئارىستوتەلىمىز ئاڭا ھاۋانچە كۆپ،
ئەبقىرات ئەردى يانىدا خەشەك چۆپ.
ئەردى ئەفلاتۇن ئەنىڭدىن ئىنتىخاپ،
بوزەرۇ جەمھۇر ئاندىن بىر لىئاپ.
ئەردى جالىنۇس ئاندىن بىر سەبەق،
ھىكمىتى جاماس ئاندىن بىر ۋەرەق.
ئەردى لوقمان ھىكمىتىنىڭ دەفتەرى،
ئاندىن ئالغان ئەردى ھىكمەتنىڭ بەرى.
ھەرنە ئەمرازۇ ئەلىلدىن ۋاقىف ئۇل،
ھەركىشىخە گىھنە بىرلە ئارەف ئۇل.
بەلغەمۇ، سەفرايۇ سەۋدا، خۇن ئىلە،
مۇپتىلانى بىر قۇتى مەئجۇن ئىلە.
بىر كۈن ئاخىر ئىككى كۈن قىلماي ھايال،
كەلتۈرۈر ئەردى مىزاجىن ئەئتىدال.
خافىقان بىرلە سادائى يارە قان،
تەب بىلە قولەنجۇ رەنج فاتقان.

× ×

ھەم مۇفاسىل بىلە زۇكام يۇتەل،
ھاسىل ئۇلكىم بولسا ھەرقايداغ كىسەل.
خاھى ئىستىسقا خەشكى، خاھى سىل،

خاھى بەزگەك، خاھى ئەرەنج غەنج دىل.
كەاسە ئالدىغە چوپ مەسىھلات،
ياسىغۇپ ئىلە زەماۋەر مۇشرىيات.
نەۋئىدىن ئەندەك بىرىپ ئەندەك نىھان،
ئىچىدە ئەنى قىلۇر ئەردى ئەمان.
بۇ مىجازىدۇر ۋەگەرنە ھەق ئۆزى،
فىل ھەقىقەت شافى مۇتلەق ئۆزى.
شەرتىدىن رەبىبىئ مىسگۇن مۇفتەخىر،
يەتتە ئىقلىم سوھبىتىگە مۇنتەزىر.
بىركۈنى بىرئادەمى بىر تىۋەنى،
مىنگەلى ئات ساغسە كانى مىۋەنى.
ئول تەبىبى مۇشتەھىرنىڭ ئالدىغە،
كەلتۈرۈپ دىدىكى ئەي لوقمانەرە.
بىر فەقىرى بى بەزائەت بىنەۋا،
مەفلىس قەنا ماغان نان كەدا.
ئەردىمۇ ئاما بۇتىۋە ئۇشبۇ كۈن،
بولدى مەملۇكۇم باھانەدىن پۈتۈن.

× ×

كەلگەن ئەركەن مۇندا بىر سۇداگىرى،
مالى بىئەد ھەددىن ئارتۇق چاكىرى.
بۇ شەھەرگە كەلمىش ئول سودا ئۈچۈن،
مال ساتىپ ھاسلى دۇنيا ئۈچۈن.
بىر كىچە بىر تۈش كۆرۈپتۇر ئول مەگەر،
قىلمىش ئۇلغان تۈشىدىن قاتىق ھەزەر.
ئەيلايىن كەففارە بەرماكنى نىيەت،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يەئنى جانى تەنى قالغانغە دىيەت.
ئول نىيەت بىرلە ئاتابدۇر ناقەنى،
مەندە كورمىشدۇر بۇ يەڭلىغ فاقەنى.
قىل دۇئا دەپ بەردى بۇ سائەت ماڭا،
قىلدىم ھەققەدە ئەلىپ بۇلۇپ دۇئا.
تىۋەنى كوردۇمكى بوينى ئىششىمىش،
بۇرنىدىن زەرداپ ئاقادۇر مىش ـ مىش.
كەلدىم ئالدىڭغە ئىلاجىن ئىستىبان،
بولغامەن دەپ مەرھەمەتدىن شادەمان.
كوردى ئانى تۇتتى بوينىنى تەبىپ،
باقتى ئانىڭغا دىدىكىم ئەي غىرىپ.
قايدا قويدۇڭ تىۋەنى ئالغان زەمان،
دىدى: ئوتلاتىم قاغۇنلۇقدا فالان.

× ×

بىلدى ھاكىم كىم گالدا سويمەدۇر،
دىدى تاش كەلتۇر بىر ـ ئىكى ئەي غەرۇر.
تىۋەنى چوكتۇردى مەغزى ئول جاھان،
تاش كەلتۇردى غىرىبۇ ناتەۋان.
گەلىنىڭ تەھتىگە بىر تاشنى قۇيۇپ،
يانە بىر بىر گالغە بىر ـ بىر ئۇرۇپ.
سويمانى ئۇچ پارە قىلدى گالدا،
ئول فىقىر كەمبىغەلنىڭ ئالدىدا.
شول زەمان ئول تىۋە قوپتى فورقىراپ،
تۇرغان ئەردى ئاندا شاگىردى قاراپ.
كوردى بۇ ئىشنى دىدىكىم ھەر فۇخاق،

ياكى دۇمبۇل يا ماڭالالماس فوراداق.
كىيدى نەفس ئىلە يۇفزى ئۇستاد،
ئەجەپ بىرلە قاڭشارىدا كىروباد.
هاجىتى يوق ئوستاد پىرىغە،
بەلكى مەئدەن جەۋھىرى تەبىرىغە.
ئۇستادى ئالدىدا بىر تەقەل دۇن،
هىكمەت ئەهلى زىنىدا مەجنۇن فۇنۇن.
ئەززە ئىقىل خامىغە ئىبلىس دەك،
....................................
هەم ئەتارۇد ئالدىدا ئىملايى خەت،
مۇشتەرىيۇ زەهىر ئەقلىدىن نەقەت.
ئايۇ كۇن بىلە مەخەل هاۋانچەسى،
شورى مىزان تاش بىلە مىزانچەسى.
بارچە ئىلەت فىكرىغە قىدۇ ئەسىر،
تەفەل مەكتەپ نەزدىدە بىر نادۇ پىر.
ئۇستادىدىن هەمشە شۇكۇناك،
مۇنتەزىر دايىم قاچان بولغاي هالاك.
فىكىر بۇكىم ئۇستادىم بەرسە جان،
بولساڭ ئەردى ئەل ئارا مۇتلەق ئايان.
تافسە هىكمەت ئىلمى سەمەندىن زوهۇر،
كەلسە ئالدىمغە جەمئ مارە مۇر.
تافسە هەر ئىلەت كى مەندىن مەنجىيات،
بەلكى تۇتقان چاغدا نەزخى نىجات.
هەرفىلاتۇن تەبىئلار تەلمىز ئولۇپ،
قالسە كوڭلى هىكمىتىدىن پۇر بولۇپ.
ئارستۇ تەنەتلار ئولسە خارۇمىم،
بوزەرۇ جەمهۇر ۋاشلار ئادەمىم.

ھەر بىرىغە دەرس ھىكمەتتىن بىرىپ،
زاھىر ئەتسەم ھىكمىتىمنى ئەنقىرىپ.
ئارى ئىنسان مۇپتىلايى نەفسىدۇر،
دائىما ئەنىڭ قولىدا ھەبىسىدۇر.
ھەرىس شەھۋەتتىن ھەمىشە دەربەدەر،
بىخىلۇ نەخۋەت دەمادەم مەنكەدەر.
كىبرۇ پەنداۋۇ غورۇرغە ھەم قەرىن،
كەلمىگەي ئىلىم يېقىنىغە ھەم يەقىن.
جەھەل كۆزىگە كۆرەنگەي ئىلىمدەك،
ھەم غەزەپ مەنزۇرى ئانىڭ ھىلىم دەك.
فىكىر باتىل ۋەسۋەسە ئەيلاپ ئاڭا،
رەئى سايىپ سەدەقدەك مەئزۇل ئاڭا.
مارە كەژدۇمدەك ئاڭا مەبفەئى ناس،
ئالدىدا مەقبۇل نەفسانى ھەۋاس.
تاكى يەتمايدۇر تەجەللىدىن چاقىن،
مۇنچە ئىللەتتىن قۇتۇلماغلىق قىيىن.
تاكى يەتمەس نۇرى يەزدانى ئاڭا،
زاھىر ئولماس جانى ئىنسانى ئاڭا.
جەھەد قىلغىل بۇ بالالاردىن قۇتۇل،
بۇ بالالىغ ئەۋۋە ئالاردىن قۇتۇل.
تالىپ ئولغىل نۇر رەببانىغە سەن،
بولمىغىل مۇنداغ ئەسرى نەفسى تەن.
نەفسى ئەسىردۇر كىمەرسە خارۇ زار،
بىلە بولغاي ئاقىبەت مەئۋاسى نار.
قىل تاۋازۇئ كىم بولۇرسەن ئەرجەمەند،
كىبىرەدىن ھەرگىز كوكۇلگە سالمە بەند.
كىبىر قەدرىڭنى كىم ئەيلار ئەل ئارا،

خەس كەبى كىم قالدى دايىم ئەل ئارا.
ئول تاۋازۇئ دىن بولۇرسەن موهتەرەم،
رەبى ئاللا ئىل ئىزىزەل موهتەشەم.

## 67

چىقتى بىر نازىنىن ئوغۇل ئۆزى قىز،
سۈرەتى بىر ئوغۇل كى قاش كۆزى قىز.
دائىما قاش كۆزى سۈرمە ئالۇدە،
كىم نەزەر ئەيلاسە دىگەي ئاسۇدە.
رەنكى رۇخسارى ئالمىدىن مۇ سۈزۈك،
ئون قولىدە يىگىرمە ئىككى ئۈزۈك.
هەركۆنى نەچەرەڭ قىلۇر زىنەت،
تافقالى ئۆزىگە نەچە ئۇلپەت.
يول يۈرەر خەرامى چوكاندەك،
دۇ جاهاننى بىلۇر نەمەنگاندەك.
بىلىدا دائىما سىرىق رومال،
قۇچىدا دائىما قىزىل تامبال.
بىر زەمان جايىدا قەرارى يوق،
هول تىزەكدەك فەقەت شەرارى يوق.
ئەتەقۋايى سىرى نەزەر قىلماس،
فىسقى ئەربابىدىن هەزەر قىلماس.
ئۇشبۇ بەسدۇر ئەنىڭ كى ئەۋسافى،
ئەقلى بولسا يۈز بولۇر كافى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# لۇغەت

## ئا

| | |
|---|---|
| ئارەزلىك | — يۈزلۈك |
| ئارى | — ھە، ھىچقاچان، ھەرگىز، بەزەن |
| ئادەم سەپى | — ئادەم ئەلەيھىسسالام |
| ئاسۇدە | — تىنىچ، جىم، ساراڭ، ئېلىشىپ قالغان |
| ئازەر ئوغلى | — ئىبراھىم پەيغەمبەر، بۇت چاققان، باراتنىڭ ئايىمى شۇنىڭغا بېغىشلانغان |
| ئارىستۇ | — كىشى ئىسمى |
| ئامبان | — ئامبال |
| ئامادە | — تەييارلانغان |

## ب

| | |
|---|---|
| بەلەيەت | — بالا (كۈلپەت) |
| باتىن | — كوڭلى، كىشىنىڭ ئىچى |
| بۇرۇنج | — گۈرۈچ |
| بىم | — قورقۇش، قورقۇنچ |
| باقا | — ئاخىرەت، مەڭگۈلۈك |
| بۇبەكرى | — سىدىق، ئابابەكرى سىدىق |
| بۇت كاكىلى زۇننارىنى | — ھىندىلار بۇتنى زۇننار ئورنىدا بوينىغا ئاسقان ئىكەن |

بۇزەرۇ جەمھۇر — ئىسىم
بىكەس — ئاجىز
بىناۋا — نالە قىلغۇچى
بەرزۇ — ئىسىم
بىروجىغە — بىر بۇرجىكىگە، بىر چېتىگە
بونيات — پەيدا قىلىش

د

دۇ جاھان — ئىككى جاھان
دۇمبۇل — توپۇق (ئوسمە گوش)
دىيەت — قان قەرز
دەستار — سەللە
داغى — تېخى
دىبان — دەپ
دۇر — يىراق، گوھەر
دەبىر — كاتىپ، خەتتات
دەستىخىز — قوزغىلاڭ
دال — ئەگمە، ئېگىلىش، دۇمچەك

ئ

ئىملا — شەرەت، خەت
ئىستىخنا — ناز، جىلۋە
ئىتماد — ئىشەنچ
ئىسكەندەر داراپ — ئىسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىسيانغا قايىپ — گۇناغا تەييار
ئىكى — ئىككى
ئىسى — ئىغىشلاش، بۇي، پۇراق، ھىد
ئىنتىخاپ — تاللىماق

گ

گىرۇزان — نىشان، بەلگە
گويىيا — گويا
گەنجى — غەزنە

خ

خارخەس — ئىكەن، ئوت، سامان
خەرامى — چىرايلىق يۇرۇش، سىلىق
خۇشۇ — خوشنىلار، يىغىنلار
خىسرو پەرۋىز — قەدىمىي ئىران شاھلىرى
خىنى — ئالۋاڭ ـ ياساق
خۇناپ — قانلىق كوز ياش
خاكسەر — كۇل
خانىمان — ئائىلە، تۇرمۇش، ھايات
خانە — ئوي

ج

جايىز — توغرا
جەمشىد — ئىسىم

جالىنۇس — ئىسىم
جا — جاي، ئورۇن، پۇتۇش، ئورنىتىش
جام — مەنسەپ، مەرتىۋە
جەننەت ئاسا — جەننەتكە ئوخشاش
جالىپ — جەلپ قىلغۇچى
جىخە — تاپ (ئىت، ئىشەكنىڭ ئۇلۇگى)
جەركىنتلىك — يىرگىنىشلىك، پاسكىنا.

ک

كى روباد — كىبىرى
كافى — كۇپايە
كۇلبە — كىچىك ئوي
كەئبە — تاۋاپ
كازىپ — كاززاپ
كامان — ئوقيا
كىنىز — كېنىزەك
كوشىش — ھەركەت، تىرىشىش
كادا — گاداي
كافىيەت — سالامەتلىك، تىپچلىق
كودورەت — قىل چۇشكەن، شەك چۇشكەن
لەتافەت — نازۇكلۇق، زىلىۋالىق
لىك — لېكىن


AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

لەھزە — بىر ئېنىق، شۇ زامان، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە
لەبسى — كىيىم ـ كېچەك، لىباس
لىقا ـ — كورۇشۇش، مۇلاقەت بولۇش
لاجەرەم — شۇڭلاشقا
لەقەب — لەقەم
لەتىن — يۇمشاق
لايەئقىل — بى ئېقىل
لىئاپ — ئويۇن

م

مۇسا — مۇسا ئەلەيھىسسالام
مىنا — جاكا، بۇيرۇق
مىڭ نۇئى — مىڭ تۇرلۇك، مىڭ خىل
مارجان نەما — مارجان كورۇنۇشلۇك
مومسىك — پىخسىق، بىخىل
مەترەب — سازچى
مۇلزەم — ئادەم ئىسمى
مۇسەببە — يەتتىلىك
مۇبەددەل — ئوزگىرىش
مۇئەتتەل — بىكار، كارغا كەلمەسلىك
مۇرەببە — تورتلىك، چازا قوروپ ئولتۇرۇش
مەرەسسە — مەرۋايىت، تىزىلغان، بىزەلگەن
مەركى — ھوججەت،ئەرزلەرگە چاپلايدىغان
— (خەتكە چاپلايدىغان) ماركا

مۇنەققەش — نەقىشدار، نەقىشلىق
مۇھتەشەم — مەدەتكار بولۇش
مەتىئۇن — تىل ئاھانەتكە ئۇچراش
مۇشتەرى — چولپان يولتۇز
مۇددەئى — داۋا قىلغۇچى
مۇئەتتەر — خۇشبۇي، كوڭۇل ئېچىش
مۇزەللەت — جاپا
مۇئتەبەر — ھورمەتلىك، ئابرويلۇق
مەكەس — چىۋىن
مەرھىز (مەرىز) — بېرىلىش، مەشغۇل بولۇش

## ن

نەققارە — ناغرا
نابىنا — كور، نامەرت، قارغۇ
ناخىن — تىرناق
ناگىھان — تۇيۇقسىز، كۇتمىگەندە، بەزىدە
نەچە — نەچچە
نىگابان — ساقچى، پايلاقچى، تاكتاكچى، قاراۋۇل
ناتاۋان — بوش، كۈچسىز، قۇۋۋەتسىز
ناسىيەك — چارىسىز
ناسەھ — نەسىھەتگۇي
نەمام — گەپ توشۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com

ناقه — توگه

نان كادا — نان گادىيى

نازدل — چۇشكەي

نەجەس — نجس

ناقوسى — كەپتەر، دەمدا

نايىپ — موئاۋىن، ئورۇنباسار

نەقەت — نۇقۇت، دانه

## ئو

ئوقبى — دوزاخ ئوتى

ئوتلۇك — رەڭلىك، نۇرلۇق

ئوسمان — ئوسمان زۇننۇرەين

ئوترو — ئۇدۇل

ئورگىنۇر — ئۇگىنۇر

## پ

پەتىۋ — ئالىم، دانىشمەن

پەيمال — دەسسەش، ئاياغ ئاستى قىلىش

پىرى — قىرى ئىشان

پەريادرەس — رەھىم قىلغۇچى، قۇلاق سالغۇچى

پىسقە — ئەرباب، ئەخلاقسىز، بۇزۇق كىشىلەر

## چ

چەۋگان — باللارنىڭ ئويۇنى كالتەك

چۈن — ۋاقتىدىكى

## ر

رەببى — ئاللا، خۇدا

رەۋزەن — توشۇك، دەرىزە، تۈرخۇن

رەفىق — يولداش

راباپ — راۋاپ

رۇزىگار — ئايال، ئائىلە

رۇستەم جاسامەت — رۇستەمدەك گەۋدىلىك

رەئى سايىپ — خەلقپەرۋەر

رەنج — مۇشەققەت

رەكابى — ئوزەڭگە

رەببى سىكۈن — كويقاپ بىلەن دۇنيانىڭ چىگرى-سىدىكى شەھەر

رىيا — يالغانچىلىق، ساختىلىق

رۇخسارى — رەڭلىك، رەڭدار، چىراي

رەمزە — ئالامەت

رەئنا — يار، گۈل ئىسمى

## س

سارى — تەرەپ، يان

سوزەن — يىڭنە

سەھراپ — ئىسىم
سىم — كۈمۈش
سەقەر — دوزاخ
سوتۈك — ھاساك (ھاسا تايىقلىق)
سەددى زۇلقەرنەيىن — مۇستەھكەم سېپىل مەنىسىدە
سەبھى — خالىس، تازا
سەدقى — چىن، راست، بىرىش، بېرىۋېتىش
سەۋدا — قارا، مۇھەببەت، تەلۋىلىك
سەمەن — خۇشبۇي، ئاق چېچەك
سالىم — ئامان، ساق، ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق
سەمەندەر — ئوت ھايۋىنى
سەمت — يول
سەۋت — ئاۋاز
سوقبە — يېرىلغان
سالىپ — سىيلىش، سىيلىپ
سوبور — سەۋىر قىلغۇچى
سارى — تەلەپ، سىرى
سەئد — ئو ئوۋلاش
ستەم — زۇلۇم
سەدەقە ئەيلاپ — بېغىشلاپ
سىزان — ئورتەش

ت

تۇر — تاغنىڭ ئىسمى
تەھرىك — ھەركەت
تاۋشىقان — توشقان

| | |
|---|---|
| تەئمتىن سەفد | — ئىسىم |
| تەنەت | — مىجەز، تەبىئەت |
| توياق باج | — چارۋا باج |
| تەۋەتقۇپ | — ئالدىغا كېلىپ تۇرۇۋېلىش |
| تەلئەت | — چىراي، يۈز |
| تەلوبە | — تەلۋە |
| تالىپ | — تەلەپ قىلغۇچى |
| تاغافۇل | — كورۇشنى خالىماسلىق |
| تاك | — ئەجەپلىنىش |
| تەن | — تەۋە |
| تەھسىن | — ئاپىرىن، بارىكاللا |
| تەسخىر | — مەسخىرە قىلىش |
| تاك يوق | — ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس |

## ئۇ

| | |
|---|---|
| ئۇمەرغەتەر | — ئىسىم |
| ئۇشاق | — ئاشىق، 12 مۇقامنىڭ بىرسى |
| ئۇنچ | — قىممەت باھالىق تاشلار |

## ۋ

| | |
|---|---|
| ۋەلى | — ۋەلىكىن، كوپچىلىك، بىراق |
| ۋاقىپ | — خەۋەردار |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋەھشىلار — ياۋايى ھايۋانلار
ۋايىكىم — ۋاي

ش

شەيتان لەئىن — لەنىتى شەيتان
شايەدكى — ۋاھالەنكى، مۇبادا، ئەگەر دە،
شۇكۇناك — خاپا، خامۇش
شاك — دىخاننىڭ ئاشلىق غەللە- پاراق بېجى
شەرار — ئوت، ئۇچقۇن، يالقۇن
شەۋقى — ئىشق تەلەپ، كوكۇل قويۇش
شىتاپ — ئورنىتىش، بىكىتىش
شەرەر — يامانلىق
شام — كەچقۇرۇن
شىبات — ئىسپات
شورامىزان — ئادىل جىلك

يى

يىغلارەم — يىغلىدىم، يىغلىماق
يەتە — يەتتە

ز

زەقەن — زىنىق

| | |
|---|---|
| زىرۇ - زەۋەر | — ئاستىن - ئۈستۈن، زىبى - زىننەت |
| زىنھار | — ھەرگىز، ئېھتىيات قىلىش |
| زىكىر | — سوز |
| زىكرى يادى | — ياد ئەيلەش |

غ

| | |
|---|---|
| غەمناك | — غەمكىن |

ھ

| | |
|---|---|
| ھاياتى جاۋىدان | ئەبەدى ھاياتلىق |
| ھەقىد | — بىچارە |
| ھاتەم | — رىۋايەتتە سېخىلىق بىلەن نامى چىققان كىشى |
| ھەرنە | — ھەرنىمە، |
| ھىلال | — يېڭى ئاي |
| ھەزەر | — يىرگىنىش، نېرى تۇرۇش |
| ھەيدەر | — شىر، (ھەزرىتى ئەلى) |
| ھەيىپ | — جەۋرى - جاپا |
| ھىممىلىك | — ھىممەتلىك، ئۈبدانراق |
| ھەمە | — ھەممە |
| ھىدايەت | — توغرا يول |
| ھەيرەت | — ھەيرانلىق، ھاياجان، قىزىقىش |
| ھىلىم | — يۇمشاق مۇئامىلىلىك |
| ھامىل | — ھامىال، كوتەرگۈچى |

ق

| | |
|---|---|
| قورقارەم | — قورقتۇم، قورقىمەن |

قاشى مېھرابى — مېچىت مېھرابىدەك قېشى
قارۇن — رىۋايەتلەردىكى پىرئوننىڭ ۋەزىرى
قوخلۇق خاتۇن — چوقۇر خوتۇن
قۇندۇز — قارا مەنىسىدە

## ئە

ئەشار — ھادىسە
ئەتۋار — يوسۇن، تەرىقە
ئەدەن — سەككىز جەننەتنىڭ بىرى
ئەۋسافى — ئەخلاقى
ئەيسا ئىبنى مەريەم — رىۋايەتلەردە ئەرسىز مەريەم نۇردىن ھامىلدار بولۇپ ئەيسا تۇغۇلغان دېيىلىدۇ
ئەندەك — كىچىككىنە، ئازغىنە
ئەھجەم — ئادەم ئىسمى
ئەفرىدۇن — ئادەم ئىسمى
ئەقەۋايى — ھاياسىز، بىھايا قاراش
ئەۋزايى ئىمكان — ئىمكان تۈگەش، ئازىيىش
ئەلام — ئىلان، ئەنجۇم، يۇلتۇز
ئەفقىرات — ئادەم ئىسمى
ئەر ـ ئەر — بىر خىل دەرەخ ئىسمى
ئەنقا — سۇمرۇغ
ئەبلا — ئەقىلسىز، دۆت
ئەنۋايى ھايۋان — خىلمۇ ـ خىل ھايۋانلار

ئەييام — كۈن، زامان
ئەتتار — ئەتىر ساتقۇچى، كىچىك يايمىچى
ئەنغاسى — نەپەسلەر
ئەمن — تىنچ، خەۋپسىز
بەلەيەت — بالا كۈلپەت.
ئەمراز — كېسەللىك، كېسەل
ئەلىل — ئىللەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بۇلبۇل گويا

## (خەلق داستانى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئەھەت ئابدىرېيىم**

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىپتۇلەركى، مىسىر شەھەرىدە بىر پادىشا بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئىسمى شاھ خىسراۋ بولۇپ، ئۇزۇن يىل پادىشالىق قىلىپ دەۋران سۈرگەن، شۆھرەت تاپقان ئىكەن. ئەمما ئۇز پۇشتىدىن بىرمۇ پەرزەندى يوق ئىكەن. بىر كۈنى خىسراۋ شاھ ئۆزىدىن تەشۋىش يەپ ئېيتىپتۇ: ”مەن كىم ئۈچۈن پادىشالىق قىلىمەن؟ كىم ئۈچۈن ئۆي-ئىمارەت قىلىپ، پۇل-مال يىغىمەن؟ مەن ئۆلسەم تەختىمدە كىممۇ ئولتۇرار؟“ شۇ ۋەجىدىن شاھ دەپى-دۇنيا، تەخت-ھوكۇمەتنى تەرك قىلىپ خوتۇنلىرىنى قويۇۋېتىپ، پادىشاھلىقنى تاشلاپ، پۇقرالىرىغا كورۈنمەي، بىر ئۆيگە كىرىپ قىرىق كۈن ئىبادەت بىلەن بوپتۇ. قىرىق بىر كۈن بولغاندا، چوڭ ۋەزىرلىرىدىن ئۈچ-توتى پادىشانىڭ قېشىغا كىرىپ كەپتۇ. ئۇلار: ”ئەي پادىشاھى ئالەم، سىزگە نىمە بولدى؟ نىمە ئۈچۈن تەختكە چىقمايسىز؟“ دەپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرلىرىگە قاراپ زار-زار يىغلاپ ئېيتىپتۇ: ”ئەي ۋەزىرلەر، مېنىڭ بىرمۇ پەرزەنتىم بولمىسا، مەن كىمگە پادىشاھلىق قىلاي؟“ ئول ۋەزىرلىرى ئىچىدە قاسىم ئاتلىق بىر ۋەزىرى بار ئىكەن، ناھايىتى ئاقىل ۋە دانا كىشى ئىكەن، ئول قاسىم ۋەزىر پادىشاغا پەرزەنتى توغرىسىدىن كوپ تەسەللى، خاتىر ئېيتىپ، نۇرغۇن پەندى-نەسىھەتلەرنى قىلىپ مۇنۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

ئى سۇلتانىم بۇ دۇنيادىن،
كىملەر ئۆتمىدى ئوغۇلسىز.
بىر خۇدانىڭ سۆيەر دوستى،
ھەق رەسۇل ئۆتتى ئوغۇلسىز.
ئۆتكەن نەچچە پادىشاھلار،
ئاللا دىگەن دەرۋىشلەر،
ئۆتكەن نەچچە ئىنسانلار،
ئۇلار ھەم ئۆتتى ئوغۇلسىز.
ئادەم ھەج بولدى باش بىلەن،
يۈزنى يۇيدى ياش بىلەن،
قابىلنى ئۆلتۈردى تاش بىلەن،
ھابىل ھەم ئۆتتى ئوغۇلسىز.
ئالتە ئايلىق شىكارغا چىققان،
ئالدىدا يۈرۈپ شىرنى سۈرگەن،
ئون سەككىزمىڭ ئالەمنى سورىغان،
سۇلايمان ئۆتتى ئوغۇلسىز.
ئوغۇلسىزلار چىكەر زەخمەت،
قىزلىق ئۆيگە ياغار رەھمەت،
خۇدانىڭ دوستى ئول مۇھەممەت،
ئۇلار ھەم ئۆتتى ئوغۇلسىز.
كەمبەغەللەر كىيەر جەندە،
ھۇدىگەنلەر خۇداغا بەندە،
چاھ① ئىچىدە شاھى زىندە②
ئۇلار ھەم ئۆتتى ئوغۇلسىز.
مۇناجات تاغىغا چىققان،

---

① چاھ — قۇدۇق.

② زىندە — زىندان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇممەتلەرنىڭ غېمىنى تارتقان،
پەيغەمبەرلەر خىرقەسىن① كىيگەن،
ئۇۋەيىس قۇران ھەم ئوتتى ئەۋغۇلسىز.

پادىشا "ئەزەلدىن كۆرمىگەم شۇنداق ئىكەن". دەپ ھەممە خوتۇنـلىرىنى قويۇپ بېرىپ، ئىككى خوتۇننى ئېلىپ قاپتۇ، ئۇنـداق ئويلاپ، بۇنداق ئويـلاپ، ئاخـىر ئەۋلـىيالارنىڭ گۇمبىزىگە بېرىپ مەدەت تىلەپ كورۇشنى لايىق تېپىپ، يول جابدۇغىنى قىلىپتۇ ـ دە، شەھەردىن چىقىپ گۇمبەز تامان يول ئاپتۇ. يولدا ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇچراپتۇ. خىزىر ئەلەيھىسسالام: "ئەي بالام، يول بولسۇن. قاياققا بارىسىز؟" دەپ سوراپتۇ. پادىـشاھ: "ئەۋلىيالارنىڭ گۇمبىزىگە خۇـدايتائالادىن پەرزەنت تەلەپ قىلغىلى بارۇرمەن." دەپ بۇغەـزەلنى ئوقۇپتۇ:

يازۇق كۆنلەر چۈشتى مېنىڭ باشىمغا،
خۇداغا بىر نەزەرسال دەپ يىغلارمەن.
ئەگەر مېنىڭ پەريادىمغا يەتمىسەڭ،
بەرگەن ئامانىتىڭنى ئال دەپ يىغلارمەن.
يا مەندە يوق پەرزەنت نامۇ ـ نىشانە،
ئەمدى مېنىڭ تىرىكلىگىم گۇمانە،
ئىككى كوزۇم تولدى ياشىم تۇمانە،
بىر پەرزەنتنى ماڭا بەرگىل دەپ يىغلارمەن.
بۇلبۇل ئەردى خازان ئۇردى باغىمنى،
كىمگە ئېيتاي سىنەمدىكى داغىمنى،
چەرخى پەلەك كويدۇردى يۇرەك ياغىمنى،
ماڭـا بىر ئېچىلغان گۈل بەر دەپ يىغلارمەن.

① خىرقە ــ ئىگىن، چاپان.

پەرزەنتنىڭ ئوتىدا كۆندە يانۇرمەن،
چەرخى پەلەك داغىغا يۈزمىڭ دانە مەن؛
پىرىمدىن ئايرىلغان غېرىپ بەندە مەن،
ماڭا بىر پەرزەنت بەرگىل دەپ يىغلارمەن.
خىسراۋ ئېيتار كوڭلۇم ئاھ بىلەن كېچە،
ئەجەل كېلىپ بىر كۈنى تونۇمنى پىچار.
ئۆزەم ئۆلگەن كۈنۈم چىراغىم ئۆچەر،
ماڭا بىر چىراق بەرگىل دەپ يىغلارمەن.

ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام: "شۇل كورۈنگەن گۈمبەز ھەزرىتى ئېلى شاھى مەرداننىڭ گۈمبىزىدۇر، شۇل جايغا بېرىپ مۇرادىڭنى تىلىگىن" دەپ رۇخسەت بەردىلەر. ئاندىن كېيىن پادىشاھ ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالامدىن ئىجازەت ئېلىپ، ھەزرىتى شاھى مەردانىنىڭ قەۋرىسىگە بېرىپ زار-زار يىغلاپ، پەرزەنت تىلەپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇپتۇ:

تەڭرىنىڭ دوستىدۇر ئەھمەدى مۇختار،
سەن ئۇنىڭ نائىبى① بولغان ئېلى سەن؛
ھىلە بىلەن ئالدىڭ شەھرى خەيبەرنى،
كاپىرلارنى دىن يولىغا سالغان ئېلى سەن.
ساقى بولۇرسەن مەھشەر كۈنىدە،②
يېشىل تۇغ قولىدا رۇسۇل يانىدا.
ئالتىنچى قات ئاسماندا، مىئراج تۈنىدە،
رۇسۇلللا ئۈزۈگىنى ئالغان ئېلى سەن،
مومىنلەرنىڭ ئېتى ئىسلام گەنجىنە،

① نائىبى، نائىپ — ئورۇنباسار.
② مەھشەر كۈنى — ئاخىر زامان بولغان كۈنى بولىدىغان سوراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

كاپىرلار قالدى دوزاق رەنجىنە؛
پەيغەمبەرگە كەلگەن شورۋا گۈرۈچ ئاشىنە،
"بىسمىللا" دەپ قولۇڭ سالغان ئىبلى سەن؛
دىن ئۈچۈن باشىڭنى سالدىڭ سوداغە،
كاپىرلار بىلەن قالدىڭ غەۋغاغە؛
رەسۇل باردى ئول گۈمبەز خوزراغە،
چىلتەنلەرگە يار بولغان ئىبلى سەن.
غېرىپ خىسراۋ ئېيتۇر ۋەسپىڭ دىلىدا،
بىر زات شىرىپسەن ئەرەپ ئىلىدا؛
ئاقىۋەت بىر كاپىرنىڭ قولىدا،
تەقدىرخۇدا بىلەن ئۆلگەن ئىبلى سەن.

شاھ شول مۇراجەتلەر بىلەن چەندان ـ چەندان يىغلاپ ھېرىپ، ئول گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇخلاپ قاپتۇ؛ چۈشىدە ھەزرىتى شاھى مەردانىنى كۆرۈپتۇ. ھەزرىتى شاھى مەردان پادىشاھقا: "خۇدايتائالادىن ساڭا پەرزەنت تەلەپ قىلىپ، سىنىڭ ئۈچۈن توقسان توققۇز قېتىم چىقتىم، ۋاجىبەلۋۇجۇدىن بىكەم ۋە بى زۇۋان سوز ئىشتتىمكى، ئەزەلدە رەببىكۇم سىنىڭ پۇشتى ـ كەمەرىڭدە پەرزەنت يوق ئىكەن، ئەمما مېنىڭ يۈز ـ خاتىرەمدىن ساڭا ئۈچ ئوغۇل، بىر قىز ئاتا قىلدى، لېكىن بۇ پەرزەنتلەرنىڭ ئومرى ئۇزۇن بولمايدۇ، ئۇلار ئون توت ياشقا كىرگەندە پانى ئالەمدىن باقى ئالەمگە رەھلەت قىلىدۇ." دەپ بىشارەت ھەم بېرىپتۇ. شاھ چوچۇپ ئويغانسا چۈشى ئىكەن، پادىشاھ بۇ چۈشنى كورۇپ ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ، بۇ قىسمەت ئەزەلدىن مۇشۇنداق، ئەمدى بۇنداق دولەتتىن كەچتىم، دەپ مۇنۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

چۈشۈمدە كوردۈم توت پەرزەنت ۋۇجۇدۇمدىن،
تۇغۇلمىش ئۈچى ئوغۇل، تولۇن ئايدەك بىرى قىز.

ئېچىلمىش بېغىمدا رەڭمۇ-رەڭ گۈل، چاچارمىش پۇراق،
مەپتۇن قىلىپ كۆڭلۈمنى، يوق بولارمىش تېز.
تېرىماي بېغىمغا بۇ گۈل ئۇرۇغى،
شاخلاپ غۇنچە بوپ تۇرماس ياپرىغى.
قېرىغاندا ھەسرەت بىلەن ئۆتەرمەنمۇ،
قىيناپ جېنىمنى بىرلە كۆكۈل سۇنىغى.
تىلبە① كۆڭلۈم بۇ چۈشكە خوش بولما،
پايانەسىز پەرزەنتنىڭ ئىتىۋارى بولماس.
باشىڭنى ئېلىپ كەتكىل يۇرتۇڭغا،
بۇ دۇنيا ھېچكىمگە ۋاپادار بولماس.
نە ئىمشىڭ بار قەست ئېتەرسەن بۇ جانە،
يامەندە يوق پەرزەنتىن نىشانە؛
ئىككى كوزۇم تولدى قان-ياش تۇمانە،
پايانى يوق پەرزەنتنىڭ ئېتىۋارى بولماس.
بېرىپ تارقىتايىن مىسىر شەھرىنى،
ئوتقا سالايىن غەزنىنىڭ بارىنى؛
كېرەك ئەمەس ماڭا مۇنداق پەرزەنتلەر،
ئۈزەيىن ئەمدى كۆڭۈل رىشتى تارىنى.

شۇ گەپ بىلەن پادىشاھ ئۆيىگە كەپتۇ، پادىشاھنىڭ ئىككى خوتۇنى بار ئىكەن. ئۇلار شاھ ئالدىغا چىقىپ، سالام قىلىپ ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ بۇ خوتۇنلىرىغا: "ئېي خوتۇنلىرىم، مەن تەركى — دۇنيا بولۇپ، كەئبەتۇللاغا بارىمەن، سىزلەرنىڭ رۇخسەت خېتىڭىزلارنى بەرگىلى كەلدىم" دەپ، خوتۇنلىرىدىن رۇخسەت ئالماقچى بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

① تىلبە — دىۋانە، تىلەمچى، قەلەندەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەن كېتەرمەن مەككىگە،
سىزلەر ماڭا يار بولمىڭىز؛
بۇ مېنىڭ كاساپىتىمگە،
سىزلەر گىرىپتار بولمىڭىز.
شۇنچە يىللار شاھ بولۇپ،
قېرىغاندا گاداي بولۇپ؛
ئەمدى مۇندا خار بولۇپ،
يەنە شەرمساز بولمىڭىز.
خوش بولما دۇنيا چاغىنە،
كىرمە خازانە باغىنە؛
پەرزەنتكە مەندەك داغىنە،
سىز گىرىپتار بولمىڭىز.
ئەمدى سىزلەردىن كېچىپ،
باشقا بىر يۇرتقا چىقىپ؛
پەرزەنت چىراغى ھەم ئۆچۈپ،
مېنىڭدەك غەمدە ئۆلمىڭىز.

بۇ خوتۇنلىرى: "ئەي پادىشاھى ئالەم، سىز قەيەرگە بارسىڭىز، بىزلەرمۇ شۇ يەرگە بارىمىز" دەپ زار-زار يىغلىشىپتۇ. پادىشاھ نائىلاج: "خوپ، بولىدۇ" دەپ سەۋرى قىلىپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ.

ئىرادە بىلەن ھەر ئىككى خوتۇنىنىڭ بويىدا قېلىپ ھامىلدار بوپتۇ. توققۇز ئاي توققۇز كۈن توققۇز دەقىقە ئۆتكەندە، ئىككى خوتۇن تەڭلا تولغاق يەپ، چوڭ خوتۇنى ئىككى ئوغۇل، كىچىك خوتۇنى بىر قىز بىر ئۇغۇل تەۋەللۇت قىپتۇ. پادىشاھ بۇ پەرزەنتلىرىنى كورۇپ، كوپ قايغۇ بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ غەزەل ئوقۇپتۇ:

خوش بولما كوڭلۈم خوش بولما،
ساڭا بۇ پەرزەنت ئوغۇل ئەمەس.
ئون توت يىلدا توشار مۇددىتى،
قىرىخىچە ھەرگىز يېنىڭدا تۇرماس.
كېلىپ كېتەر پەرزەنت ئۈچۈن،
خوش بولما كوڭلۈم خوش بولما؛
گۈلى رەنا ئېچىلدى دەپ،
سەن ئۇنىڭغا نەزەر سالما.
كېلىپ كېتەر دولەت بىلەن،
دوست بولما كوڭلۈم دوست بولما؛
ئەجەل كىلۇر نوۋەت بىلەن،
خوش بولما كوڭلۈم خوش بولما.

شاھ يىغلاپ شىكارغا چىقىپ كېتىپتۇ. قىرىق كۈن شىكار قىلىپ، ئاندىن قايتىپ كەپتۇ. پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قويماق بولۇپ، ھەرقايىسى شەھەرلەرنىڭ پادىشاھ، شاھزادە ۋە بەگ ـ ئۇلىمالىرىنى چاقىرىپ، قىرىق كۈن توي تاماشا قىپتۇ، ئاندىن مۇزاكىرە ئارقىـ لىق چوڭ خوتۇنىدىن بولغان ئوغۇللىرىنىڭ چوڭىغا خۇرشىدە شاھ، كىچىگىگە ھەيدەر شاھ دەپ، كىچىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغ ـ لىغا شاھزادە ھەمرا، قىزىغا گۈل جەمىلە دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. بۇ باللار كۈنسېرى چوڭ بولۇپ، پەرىزاتتەك چىرايلىق باللار بوپتۇ. يەتتە ياشقا كىرگەندە مەكتەپكە بېرىپتۇ. ئوقۇپ ئۇبدان موللا بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئون توت ياشقا قەدەم قويۇپتۇ. پادىشا كېچە ـ كۈندۈز غەم ـ ئەندىشە يەپ، كوڭلى پەس، يۈرىگى غەش بوپتۇ. قانداق قىلىشنى بىلمەي، ئاخىر: "بۇ پەرزەنتلىرىمنىڭ ئومرى ئاخىرىغا يەتتى، كوزۈمدە ئولۇپ قالسا قانداقمۇ تاقەت قىلىۋرمەن، ئۇنىڭدىن كورە باشقا بىر شەھەرگە كەتكۈزۈۋېتەي،

تۇيغۇر كىتاب تورىكى www.uyghurkitap.com

ئۇلگىنىنى كوزۇم كورمىسۇن» دەپ ئويلاپ، قاسىم ۋەزىرنى چاقىر- تىپ ئۇنىڭغا: «سىز مېنىڭ پەرزەنتلىرىمنى چىن ماچىن شەھىرىگە ئاپىرىپ، سودا - سېتىق ئىشلىرىنى ئۆگەتكەچ، كوڭلى ئېچىلغۇچە ئوينىتىپ كېلىڭ!» دەپ، توت يۈز توگىگە ئاشلىق، مال - دۇنيا ئارتىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ھەمرا دىگەن ئوغلىغا تولىمۇ مېھرىۋان ئىكەن. ئۇ بالىسىنىڭ ياقىسىغا ئون دانە گوھەرنى ئاكىلىرىدىن يوشۇرۇن تىكىپ قويۇپتۇ. «مېھمانىم بالام، بېشىڭىزغا كۈن چۈشسە لازىم بولۇر» دەپتۇ. بالىلىرىنى ئاۋال خۇداغا، ئاندىن قاسىم ۋە- زىرگە تاپشۇرۇپ، يىغلاپ تۇرۇپ بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

كېتەر بولساڭ چىن ماچىن شەھىرىگە،
ئۈشبۇ پەرزەنتلىرىمنى ساڭا تاپشۇردۇم.
يول بولسۇن سەپەرىڭىزگە پەرزەنتلىرىم،
گۈلى رەنا ئاشىقلىرىمنى ساڭا تاپشۇردۇم.
يېقىن كەلدى بىزگە دىگەن مۇددىتى،
قانداق قىلاي ۋاپاسى يوق دولىتى؛
كوزۇمنىڭ قارىسى تېنىم قۇۋۋىتى،
كوڭۈل ئارامىمنى ساڭا تاپشۇردۇم.
ۋاپاسى پەرزەنتنى بەرمىسۇن،
يىراق كەتسۇن بۇ يەرلەردە تۇرمىسۇن،
ئېلىپ كېتىڭ ئۇنى كوزۇم كورمىسۇن،
غازاڭ بولغان گۈلۈمنى ساڭا تاپشۇردۇم.
سوزۇمنى ئاڭلا قاسىم سەن ئۇڭ قول ۋەزىرىم،
ئەۋەل باشتا ماڭا خۇدا بەرگەن نىسىۋىم.
داۋاسىزدۇر چۈشۈم يوقتۇر نىسىۋىم،
قوزا - قوچقارلىرىمنى ساڭا تاپشۇردۇم.

شاھ يىغا - زارە بىلەن پەرزەنتلىرىنى ئۇزىتىپ قويۇپ،

ئوردىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇلار شۇ ماڭغانلىرىچە ئوتتۇز كۈن يول يۈرۈپ، ئاخىرى چىن ماچىن شەھىرىگە كەپتۇ. بۇ شەھەر شۇنداق قاتتىق قەھەتچىلىك شەھەر ئىكەنكى، بىر چارەك ئالتۇنغا بىر چارەك ئاشلىق تېپىپ ئالغىلى بولماس ئىكەن. بەزى غېرىپلار ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن ۋە بەزىلىرى خوتۇن-بالىلىرىنى بىر كۈنلۈك تائام ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك سېتىۋەتكەن ئىكەن؛ بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ھەمرا ئاكىلىرىغا: "ئەي ئاكىلىرىم، ئۇشبۇ غىرىپلەرگە بىر نەزىر چىراق قىلىپ قوسىغىنى تويغۇزۇپ قويايلى، ئاچارچىلىقتىن ئۇلەر ھالەتكە كېلىپ قاپتۇ، بىر ساۋاپلىق ئىش قىلساق قانداق؟" دەپتىكەن، ئاكىلىرى: "بىز سودىگەرچىلىك قىلغىلى چىققان، بىر چارەك ئاشقا بىر چارەك ئالتۇن بەرسە بېرىمىز، بولمىسا يوق." دەپتۇ.

ھەمرا ئاكىلىرىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ: "ئانداق بولسا، سىلەر كېلىشلىك ئاشلىغىڭلارنى ماڭا سېتىپ بېرىڭلار" دېگەن ئىكەن، ئاكىلىرى توگىدىكى ئاشلىقتىن ئۆز ھەسسىسىنى ئىككى دانە گوھەرگە سېتىپتۇ. ھەمرا توت يۈز توگىدىكى ئاشلىقنى بۇ شەھەرنىڭ خەلقىگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ. خەلق خوشال بولۇپ كېتىپتۇ. ھەمرا يەنە مىسىرغا يانماقچى بولۇپ، شەھەر خەلقىگە شۇنداق دەپتۇ: "ئەي خالايىقلار، كىمەركى مېنىڭ بىلەن مىسىرغا بارسا، يول ئوزۇقىنى بېرىمەن." بۇ گەپنى ئاڭلاپ مىڭ ئۆيلۈك ئادەم بالا-چاقىسىنى ئېلىپ بىللە يولغا چىقىپتۇ. شاھزادە ھەمرا بۇلارنى باشلاپ مىسىرغا قايتىپتۇ. بۇلار ماڭا-ماڭا ئاخىرى "سەبزىكار چەشمە" دېگەن يايلاققا كەپتۇ ۋە شۇ يەردە تۈنەپتۇ. ئەتىسى ھەمراجان خالايىققا ئاش-تاماق ئەتكۈزۈپ بېرىپتۇ. خەق تاماق يەپ قالغاندا، شاھزادە ھەمرا بىر بۇلاقنىڭ بويىغا بېرىپ تاھارەت ئالاي دەپ ئولتۇرغان ئىكەن، بىر كىمەرسە كېلىپ ھەمرانىڭ كەمىرىدىن تۇتۇپتۇ ۋە:

www.uyghurkitap.com

"ئى يىگىت، ئامانىتىمنى بەرگىن" دەپتۇ. ھەمرا: "مەندە نىمە ئامانىتىڭ بار؟" دىگەن ئىكەن، ئۇل كىمەرسە: "سەندە جان ئامانىتىم بار." دەپتۇ. شاھزادە ھەمرا: "ئۇل كورۇنگەن خالايىق- نىڭ ھەممەسى مىنى دەپ يۇرت-ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ چىققان ئىدى، مەن شۇلار بىلەن رازىلىق ئېلىشىۋالاي، ئاندىن ئامانەتنى بىرەي" دەپتۇ. ئۇل كىمەرسە ماقۇل بوپتۇ. ھەمرا خالايىقنىڭ قېشىغا كېلىپ: "ئى خالايىقلار، مەندىن رازى بولۇڭلار، دارىل پانادىن دارىل باقاغا سەپەر قىلىمەن" دەپتۇ. ئۇل خالايىق تەڭ يىغا-زارە قىلىشىپ: "ئى ئەزرائىل، شاھزادە ھەمرانىڭ ئورنىغا بىز مىڭ ئويلۇك ئادەملەرنىڭ جېنىنى ئالغىن" دەپ يېلىنىپ ئىلتىجا قىپتۇ. قىلغان ھېلىقى سەدىقىلىرىنىڭ بەركاتىدىن ئۇل خەلقنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، خۇدا ھەمرانىڭ ئومرىنى يىگىۋاشتىن ئۇزۇن قىپتۇ. ھەمرانىڭ سېخىلىغىدىن ئاكىلىرىنىڭمۇ ئومرىنى ئۇزۇن قىپتۇ. بۇ سۆيۈنچىنى ئېيتىپ ئۇل كىمەرسە غايىپ بوپتۇ. بۇ خۇشخەۋەرنى قاسىم ۋەزىر ئاڭلاپ خۇدايىتائالاغا كوپ شۇكرى ئېيتىپتۇ. ۋەزىر: "ئى شاھزادەم، ئالدىلىرىدا بېرىپ دادىلىرىغا خەۋەر يەتكۇزسەم" دەپتۇ. شاھزادە ھەمرا قوبۇل كورۇپتۇ. ۋەزىر بۇلاردىن ئۇچ كۈن بۇرۇن يولغا چىقىپ، مىسىرغا يېتىپ كەپتۇ-دە، پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ خۇشخەۋەرنى يەتكۇزۇپتۇ، ئاندىن چىن ماچىن شەھرىدە بولغان ۋەقەلەرنى باشتىن-ئاياق بايان قىلىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

ئى سۇلتانىم ئەرزىمنى ئىشىت،
جان بىلەن جانانىڭ كەلدى.
چىن ماچىن شەھرىگە كەتكەن،
خەتەرلىك كارۋانىڭ كەلدى.
بېغىڭغا قوندى بۇلبۇلۇڭ،

ئېچىلدى غۇنچە گۈلۈڭ؛
ئىگەم ياندۇردى چىراغىڭ،
ئەرىز بىلەن ئارمانىڭ كەلدى.
قالمىدى كوڭلۈڭدە داغىڭ،
ئېقىش تاپتى ماچىن بۇلاغىڭ؛
ئاسان قىلدى خۇدا مۇشكۈلۈڭ،
تۈگىمەس دەۋرانىڭ كەلدى.
چۈشتى بېشىڭغا بەخت قۇياشى،
دۈشمەنلەر غەمنىڭ ئۇگاسى؛
تاجۇ - تەختىڭنىڭ ئىگەسى،
كېرەملىك سۇلتانىڭ كەلدى.

پادىشاھ بۇ خۇشخەۋەرنى ئاڭلاپ تولادىن - تولا خۇرسەن بولۇپ، ياراتقان خۇدايتائالاغا كوپ شۇكرە ئېيتىپ، قاسىم ۋەزىرگە باش - ئاياق سەرپاي ۋە ئالتۇن كۈمۈش ئىنئام قىپتۇ. پادىشا دەرھال غەزىنىدىكى دەپى - دۇنيالىرىنى پېقىر - غېرىپ، مىسكىن - بىچارىلەرگە ئولەشتۈرۈپ بېرىپ، ئاندىن جىمىكى خالايىق بىلەن بىللە پەررەنتلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلار بىلەن ساق - سالامەت كورۇشۇپ، خوشاللىقى ئېچىگە سىغماي بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

كورۇڭ ئەمدى ئېي خالايىق،
قىشلار كېتىپ باھار بولدى؛
غازاڭ بولغان ئۇشبۇ باغىم،
قايتا باشتىن گۈلزار بولدى.
ئېچىلىڭ غەزنە ئىشىگىن،
پۈتۈڭ خانلىق دەپتىرىن؛

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كوردۇم ئوغلۇمنىڭ بارىنى،
رەڭىپ يۈزى قارا بولدى.
ھاسىل بولدى مۇرادىم،
يېنىپ كەلدى كوڭۇل شادىم؛
كەتتى ئۇچۇپ غەمنىڭ سوداسى،
ئوچكەن چىراغىم يانار بولدى.
كوپ قايغۇردۇم كورگەن چۈشۈمدىن،
ئېغىر كۇلپەت كەلگەن ئىدى بېشىمغا؛
شاپائەت ئەيلىدى پەرۋەردىگارىم،
كوزۇمدىن ئاققان قانلىق يېشىمغا،
خىسراۋ ئېيتۇر كوڭۇل خوشى،
كەلدى ـ كەتتى غەم ـ قايغۇسى؛
قوندى بۈگۈن دولەت قۇشى،
بەختىم بۈگۈن باھار بولدى.

پادىشاھ ئوغلانلىرىنى ئېلىپ ئوردىسىغا يېنىپ كىرىپ، خىشى-ئەقرىبالىرى① بىلەن ساق ـ سالامەت كورۇشكىنىگە ناھايىتى بەك خوشال بولۇپ كېتىپ، نەچچە كېچە ـ كۈندۈز بەزمە ـ ئارايىش قىلىپ كائىتتا زىياپەتلەرنى بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇلار خوشاللىق ئىچىدە ياشاپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھ تەخت ئۈستىدە يېتىپ بىر چۈش كورۇپتۇ، چۈشىدە ئاجايىپ بىر باققا كىرىپتۇ، باغنى تاماشا قىلىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر چاھار باققا كېلىپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بىر جايدا بىر ئالتۇن قەپەز ئېسىقلىق تۇرغان بولۇپ، ئۇل قەپەز شۇنداق ئىسىل ياسالغانكى، قاش تېشى، مەرمەر، گوھەر، ياقۇتلار بىلەن نەقىش قىلىنغانكەن. ئۇل قەپەزنىڭ ئىچىدە

① خىشى ـ ئەقرىبالىرى — خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرى.

بىر جانۋار سايراپ تۇرغانمىش، ئۇل جانۋار پادىشاھنى كورۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ سايراپ كېتىپتۇمىش. پادىشاھ ئۇل جانۋارغا جان - دىلى بىلەن ئاشىق - بىقارار بولۇپتۇ. ئۇل جانۋارنىڭ ئىشقىدا ئاھ ئۇرۇپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. باقسا چۈشى ئىكەن، پادىشاھ شول جانۋارنىڭ ئىشقىدا نەچچە كۈن ئويدىن چىقماي يېتىپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى قاسىم ۋەزىر كىرىپ پادىشاھقا: "نىمە ئىش بولدى، تەختكە چىقمايسىز غۇ؟ كېسەل بولغان بولسىڭىز تېۋىپنى چاقىرىپ كېلەي، بىرەر ئىشتىن رەنجىگەن بولسىڭىز بۇنى ئېيتىڭ، داۋاسىنى قىلايلى، دوست - دۈشمەنلەر تولا، ئىشىمىز پاسات بولمىسۇن" دەپتۇ. پادىشاھ: "ئەي ۋەزىرىم، مېنىڭ ئەرزۇ- ھالىمنى ئاڭلاڭ" دەپ تۆۋەندىكى غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

باغدا كوردۇمەن كېچە ئوزەمنى،
ئەقلى ھۇشۇمدىن بەربات ئەيلىدى.
قەپەز ئىچىدە بۇلبۇل مۇنەققەش،
ئاباداں كوڭلۇمنى نەشات ئەيلىدى.

"ئەي ۋەزىرىم، سىز مېنىڭ بۇ چۈشۈمگە بىر مەسلىھەت بېرىڭ، جېنىم تەن قەپەزىدىن پەرۋاز قىلىپ تۇرىدۇ." دەپ كوپ نالە - زار قىپتۇ. ۋەزىرى: "ئانداق بولسا بىز مۇنەججىملەرنى چاقىرىپ كېلىپ، چۈشىڭىزگە تەئبىر ئېيتقۇزايلى!" دەپتۇ. پادىشا بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل كورۇپتۇ. ۋەزىرلەر دەرھال ھەرقايسى شەھەر- لەردىكى داڭقى چىققان مەشھۇر قۇرئەندازلارنى يىغىپ كېلىپ، پادىشاھنىڭ چۈشىگە تەئبىر سوراپتۇ. قۇرئەندازلار ئۇل چۈشكە قۇرئى تاشلاپتۇ. قۇرئىلەرنىڭ بارلىغى ئوخشاش چىقىپ، بىرلا جانۋار مەلۇم بوپتۇ. "ئەي پادىشاھى ئالەم، چۈشىڭىزدە كورگەن جانۋار بۇلبۇل گويا ئىكەن" دەپتۇ ئۇلار. پادىشاھ: "ئۇل باغ قايسى تەرەپتە ئىكەن؟" دەپ سوراپتىكەن، بۇلار: "ئۇل باغنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قايسى تەرەپتە ئىكەنلىگىنى مەلۇم قىلالمىدۇق، ئۇل باغنىڭ تايىنى يوقتەك تۇرىدۇ. ئادىمىزاتنىڭ ئۇل باغنى ئىزلەپ تاپمىغى مۇشكۇل." دەپتۇ. پادىشاھ دەرھال: "كىمەركى ئۇل بۇلبۇل گويانى تېپىپ كەلسە، بالىسىدىن ـ بالىسىغا يېتىپ يىسە يەتكۈدەك مال ـ دۇنيا بېرىمەن!" دەپتۇلەر. ھېچكىمدىن ئاۋاز چىقماپتۇ. شول جايدا پادىشانىڭ ئىككى چوڭ ئوغلى بار ئىكەن، ئۇلار: "ئاتا، ئۇل خىزمەتنى بىزلەر قىلايلى، بۇلبۇل گويانى بىزلەر تېپىپ كەلتۈرەيلى!" دەپتۇ. پادىشا قوبۇل قىلىپ، چەكسىز خوشاللىق ئىچىدە شۇ زامات ئىككى ئوغلىغا يول جابدۇغىنى ھازىرلىتىپ بېرىپتۇ. ئاندىن ئۇ ـ لارنى بىردىن بەلەن ئاتقا مىندۈرۈپ يولغا ساپتۇ. بۇلار كەتكەنـ دىن كېيىن، كەچتە كىچىك ئوغلى ھەمرا مەكتەپتىن كېلىپ ئاكىلىرىنىڭ نەگە كەتكەنلىگىنى سوراپتۇ. پادىشاھ: "مېنىڭ خىز ـ مىتىم ئۈچۈن، يەنى بۇلبۇل گويانى ئىزلەپ تېپىپ كەلمەك بولۇپ سەپەرگە چىقىپ كەتتى،" دەپتۇ. ھەمرا شۇ زامات: "ئىي ئاتا، ئاكىلىرىم قىلغان خىزمەتنى مەن ھەم قىلاي، ئاكىلىرىم كەينىدىن مەنمۇ باراي"، دەپ كوپ ياش توكۇپ دادىسىدىن ئىجازەت سوراپتۇ. دادىسى دەپتۇكى: "ئىي پەرزەنتى دىلبەند، سىزگە ھەممىدىن بەك مېھرىۋاندۇرمەن، سىز ئۈچۈن ئاكىلىرىڭىز كەتتى، سىزنى ئەۋەتمەيمەن." ھەمرا: "ئەگەر مېنى ئەۋەتمىسىڭىز ئۆزەمنى پارە ـ پارە قىلىمەن، ئىككى ئاكامدىن مېنى كەم كوردىڭىزمۇ؟" دەپ قاتتىق تۇرۇۋاپتۇ. پادىشاھ ئانىھەمە① مەنئى قىپتۇ. ھەمرا ئۇنىمىغاندىن كېيىن، پادىشاھ بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

سېنىڭ ئۈچۈن ئاكىلىرىڭنى ئەۋەتتىم،
سەن بارمىغىن جان جاھانىم ھەمرايىم.
بۇلبۇلدىن زىيادە بولار بۇ دەردىم،
قان يوتقۇزۇپ يىغلاتمىغىن ھەمرايىم.

① ئانىھەمە ـــ خېلى جىق، نۇرغۇن قېتىم.

ئەگەر مېنىڭ سوزۇمنى قوبۇل قىلمىساڭ،
قان يىغلىتىپ قال دىگەندە قالمىساڭ.
سەنمۇ كېتىپ نەچچە يىللار كەلمىسەڭ،
كىپەن تونغا يوگۇنەرمەن ھەمرايىم.

شاھزادە ھەمرا ئۇنىماي، ئاخىرى پادىشاھنى ماقۇل قىلىپ، يول جابدۇغىنى تەخلەپتۇ ـ دە، دادىسى بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ. نەچچە مەنزىل يول يۈرۈپ ئاخىرى ئاكىلىرىغا يېتىشىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئاكىلىرى بىر بۇلاقنىڭ بويىدا تائام يەپ ئولتۇرۇپتۇ. ھەمرا بۇلارنى كۆرۈپ سالام قىپتۇ. ئاكىلىرى: "سەن ھەم كېلىپسەن!" دەپتۇ. ھەمرا: "ئارى ① كەلدىم" دەپتۇ. ھەمرانىڭ كەلگىنىگە بۇلارنىڭ بەكمۇ ئاچچىغى كەپتۇ. كېچىنى شول بولاقنىڭ بېشىدا ئۆتكۈزۈپتۇ. تاڭ ئاتقاندا ئۇلار يولغا چىقىپتۇ. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ئۈچ ئاچا يولنىڭ ئاغزىغا كەپتۇ. يولنىڭ دوقمۇشىدا بىر تاش بولۇپ، تاشقا مۇنداق دىگەن خەتلەر ئويۇلغان ئىكەن: "ئوڭ قولدىكى يولغا ماڭسا خەتەرسىز كېلەر؛ ئوتتۇرىدىكى يولغا ماڭسا يا كېلەر يا كەلمەس؛ سول قولدىكى يولغا ماڭسا ئەسلا يېنىپ كەلمەس." ئۇلار بۇ خەتنى كورۇپ چوڭقۇر خىيالغا چوكۇپتۇ. ئاكىلىرىنىڭ بېشى قاتقانلىغىنى كورگەن ھەمرا دەرھال: "ئىي ئاكىلىرىم، مەن سىلەرگە بىر مەسلىھەت بەرسەم، ئاڭلاپ باقساڭلار قانداق؟" دەپتۇ. ئاكىلىرى: "قېنى ئېيت، ئاڭلايلى!" دەپتۇ. ھەمرا: "ئوڭ قولدىكى چوڭ يولغا چوڭ ئاكام كىرسۇن، ئوتتۇرىدىكى يولغا كىچىك ئاكام كىرسۇن، سول قولدىكى يولغا مەن كىرەي"، دەپتۇ. بۇ مەسلىھەت ئۇلارغا خوش يېقىپتۇ. "ھەر قايسىمىز بىر تالدىن ئوقىمىزنى شول تاشنىڭ ئاستىغا

① ئارى ــ ھەئە، شۇنداق.

www.uyghurkitap.com

باستۇرۇپ قويايلى، قايسىمىز بۇرۇن قايتساق، ئۇز ئۇۋقىمىزنى ئېلىپ كېتەيلى، يېنىپ كەلگەنلىگىمىزنى شۇنىڭدىن بىلەيلى.“ دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇل مەسلىھەتنى بىجىرىپ بولۇپ، ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ يولىغا راۋان بوپتۇ. ئىككى ئاكىسى ئۈچ كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن بىر بىرىگە قوشۇلۇپ قاپتۇ. بۇلار يولدا ھەمرانىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ كېتىۋەرسۇن. بىز قالغان گەپنى بىچارە ھەمرادىن ئاڭلايلى.

ئۇل بىچارە ھەمرا ئاكىلىرىدىن ئايرىلىپ نەچچە مەنزىل يول يۈرۈپ، ئاخىرى بىر دەشت-باياۋان قۇملۇق جەزىرىگە چىقىپ قاپتۇ. بىرقانچە كۈن يول مېڭىپ ھاۋانىڭ ئىسسىقلىغى ئۈيان، ئۇسسۇزلۇق بۇيان، پىيادە يۈرۈش، ئاچلىق دەردىدىن ھەمرانىڭ ھالى خاراپ، جىگىرى كاۋاپ بوپتۇ. جان ھەلقۇمغا كەپ قاپتۇ. ھەمرا: ”بۇ چولدە ئۆلۈپ قالسام، ئۆلۈگۈمنى قاغا-قۇزغۇنلار يەپ كېتەر، بىرەر خالى جاي تاپسام، ئۆزەمنى بىر دالدىغا ئالسام ياخشى بولاتتى“ دەپ ئويلاپ، گاھى يېتىلىپ، گاھى ئومۇلەپ كېتىۋېرىپتۇ. نىھايەت ئالدىغا بىر گۈمبەز ئۇچراپتۇ. ئۇل گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپ: ”شۈكرى خۇدايىم، ئەمدى ئۆزەمنى پىنھانغا ئالدىم، ئۆلسەم ئارمىنىم يوق.“ دەپ، ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، ھەققە بويۇن سۇنۇپ يېتىپتۇ. ئۇل گۈمبەز ئەسلىدە چىلتەنلەرنىڭ جايى بولۇپ، شول كۈنى غايىپ ئەرەنلەرنىڭ ھەممىسى شۇ گۈمبەزگە جەم بولغان ئىكەن. يەنى ھەزرىتى ئىلى شاھى مەردان، ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ۋە ھەزرىتى ئۇۋەيىس قۇرانلارنىڭ بارى ھازىر بولغان ئىكەن. چىلتەنلەر ھەمرانى كۆرۈپ: ”بىزنىڭ بۇ ماكانىمىزدا ياتقان كىم؟“ دەپتۇ ئاچچىقى كېلىپ ھەممە: ”يا، شاھى مەردان، بىزنىڭ بۇ جايىمىزدا ياتقان

① چىلتەنلەر — قىرىق ئەۋلىيانىڭ مازارى — گۈمبىزى.

كىم، نېمە ئۈچۈن كېلىپ بۇ يەردە ياتىدۇ؟ ئادىمىزاتنىڭ قەدىمى بۇ يەرلەرگە يەتمەس، ئەگەر يەتسە ئايىغى كۆيەر، ئۇچار جان كەلسە قانىتى كۆيەر ئىدى. بۇ ئادەمدىن بىر گەپ سوراپ باقسىڭىز!" دەپتۇ. ھەزرىتى ئىلى شاھى مەردان: "بۇ يىگىتنىڭ ئەھۋالىنى سورىساق، كوھىقاپ باغى ئارامىدىكى شەئبان ئىبنى شەھرۇخ شاھنىڭ قىزى ھورلىقانى خۇدايىتائالا روزى مىساقتا① ئول يىگىتكە نېسىپ قىلىنغاندۇر، بەلكىم بۇ شول مەشۇغى ۋە ياكى ئاتىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئىزلەپ كەلگەندۇر"، دەپتۇ. چىلتەنلەر "ئۇنداق بولسا، بۇ يىگىتنىڭ مەشۇغىنى ئەپكېلىپ، مۇسۇلمانچىلىقنى دۇرۇسلاپ، ئەقدە-نىكاھ قىلىپ قويايلى!" دەپتۇ ۋە شۇ ئان كوھىقاپ باغى ئارامىغا كىشى بۇيرۇپ، ھورلىقانى بىر سائەتتە ئېلىپ كەپتۇ. ھەمرانىڭ چۈشىدە، ھورلىقانىڭ ئوڭىدا بۇ ئىككىي-لەننى نىكاھ قىلماقچى بوپتۇ. ھەزرىتى ئۇۋەيىس قۇران ۋەكىل، ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ باشلىق غايىۋىرەنلەر گۇۋاھ بوپتۇ. بۇلار نىكاھ قىلىپ بولۇپ، گۇمبەزنى بۇ ئاشىق-مەشۇقلارغا بېرىپ تارقىشىپ كېتىپتۇ.

ھەمرا: "ئىي مەلىكە، ئەسلى زاتىڭىز ئادەممۇ ياكى پەرىزاتمۇ؟ ئىسمىڭىز نېمە؟ جايىڭىز قايدا؟" دەپ سوراپتۇ. قىز: "ئەسلى

---

① روزى مىساق — «پەيغەمبەرلەر قىسسىسى» دىگەن كىتاپتا بايان قىلىنىشىچە، خۇدايىتائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋۇجۇدىدىن بۇ دۇنياغا تۇرىلىدىغان پەرزەنتلىرىنىڭ روھىنى ھازىر قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر قايسىغا پانى جاھاندا بىردىن مەقام — يەنى نېمە ئەمەل ۋە قانداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى ھەم پانى ئالەمدىكى ئۆمرىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھەزرىتى جىبرىل، مىكائىل، ئىسرافىل، ئەزرائىل ئەلەيھىسسالاملارنى گۇۋاچى قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلاردىن ئەھدى-پەيمان ئالغان كۈن. — ت.

www.uyghurkitap.com

زاتىم پەرىزات، ئىسمىم ھورلىقا، ئاتامنىڭ ئىسمى شەھبان ئىبنى شەھرۇخ شاھ، جايىمىز كوھىقاپ باغى ئارامدادۇر" دەپتۇ. ئاندىن ھورلىقا: "سىزنىڭ ئەسلى زاتىڭىز نىمە؟ ئىسمىڭىز كىم، جايىڭىز قايدا؟" دەپ سوراپتۇ. "ئەسلىم ئادىمىزات، ئىسمىم شاھزادە ھەمرا، ئاتامنىڭ ئىسمى خىسراۋ شاھ، جايىمىز مىسىر" دەپتۇ ھەمرا، ئاندىن يەنە: "كوھىقاپ باغى ئارامغا بۇ جايدىن ماڭسا قانچە كۈندە بارغىلى بولىدۇ؟" دەپ سوراپتۇ. ھورلىقا: "بۇ جايدىن ماڭسا بەش يۈز يىلدا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ، مېنىڭ ماكانىم چول-باياۋان، كوھىقاپتا، خۇدايتائالا يول بەرسە قىرىق كۈندە بارغىلى بولىدۇ"، دەپتۇ.

ھەمرانىڭ سوئالى:

سېنى كورگەچ كەتتى مېنىڭ ئەقلى-خىيالىم،
قايدا بولۇر يايرىم سېنىڭ ماكانىڭ؟

ھورلىقانىڭ جاۋاۋى:

مەن ئېيتايىن ئەمدى ساڭا سوزۈمنى،
مېنى سورساڭ شەھرۇخ شاھنىڭ قىزىمەن.
ئەسلى زاتىم پەرىزاتنىڭ بىرىمەن،
شۇندا بولۇر دوستۇم مېنىڭ ماكانىم.

ھەمرانىڭ جاۋاۋى:

ئىسمىم ھەمرا خىسراۋ شاھنىڭ ئوغلىمەن،
سېنى ئىزلەپ مىسىر تامان كېلۇرمەن.
تا ئولگىچە شول جايلاردا يۈرۈرمەن،
قىرىق كۈنلۈك يول بولسا سېنىڭ ماكانىڭ.

ھورلىقا:

بىزنىڭ جايدا باردۇر ئالتۇن-كۈمۈشلەر،
سېنى ئاشىق مېنى مەشۇق دەيىشلەر؛
پەرىدۇرمەن مەندە ماكان نىمىشلەر،
ھەر جايدىدۇر ھازىر مېنىڭ ماكانىم.

دەپتۇ. ھەمرا خوشال بوپتۇ.

ئاندىن كېيىن ھورلىقا: "ئەي ھەمرا، بىزنىڭ مۇشۇ ياتقىنىمىز ئۇخلىمىزمۇ ياكى چۈشىمىزمۇ؟" دەپ سورىغان ئىكەن، ھەمرا: "ئۇخلىمىز!" دەپتۇ. بۇ سوئالنى ھورلىقا ئۈچ قېتىم تەكرار سوراپتۇ. ھەمرا بولسا "ئۇخلىمىز" دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ھورلىقا: "ئۇنىداق بولسا، مەن قاچاي، سىز كەينىمدىن قوغلاڭ، ئاندىن بىلىمىز"، دەپتۇ. ھەمرا ماقۇل بوپتۇ. ھورلىقا قېچىپتۇ، ھەمرا ئارقىدىن قوغلاپتۇ. شۇ ئەسنادا ھەمرا يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ: "ھاي..." دەپ توۋلاپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. باقسا چۈشى ئىكەن. قوپسا گۈمبەزنىڭ ئىچى، ئەتراپىدىن ئىپار زەپەرنىڭ ھىدى كەلگۈدەك، ئىككى يېنىغا قارىسا، مەشۇقىدىن ھېچ ئەسەر يوق. ھەمرا يارنىڭ دەرت-پىراقىدا قاڭغىر قاخشاپ:

قادىر ئاللا مېنى سالدىڭ بۇ دەرتكە،
مەن نە قىلاي يارغا بايان بولمىسا؟

دەپ مۇناجات ئوقۇپ، گۈمبەزدىن چىقىپ يولغا راۋان بوپتۇ. شۇ ماڭغانچە دەشت-باياۋاندا قىرىق كۈن يول مېڭىپتۇ. ئاخىرى ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن جېنى ھەلقۇمغا يېتىپتۇ، ماغدۇرسىزلىنىپ، ماڭغۇدەك ھالى قالماپتۇ. يولىدىن ھەم ئېزىپتۇ. "ئەمدى ئۆلسەم جېنىمغا رازىدۇرمەن" دىگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ، "بۇ چۆلدە ئۆلۈپ قالسام "تېنىمنى قاغا-قۇزغۇنلار يەپ كەتمىسۇن يەنە" دىگەن ئەندىشە بىلەن بويىنىنىڭ تۈۋىنى قۇمغا كۆمۈپ، ھەققە بويۇن سۇنۇپ يېتىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا بېشىغا بىر تورغاي كېلىپ ئاجايىپ خۇش ئاۋاز بىلەن سايراپتۇ. بۇ ھەمرانىڭ قۇلىقىغا ئاجايىپ يېقىملىق ئاڭلىنىپ، جېنى تېنىگە پاتماي قاپتۇ. ئۇ بېشىنى ئېگىز كۆتىرىپ تورغايغا بېقىپ، زار-زار يىغلاپ، ھورلىقانىڭ ئىشقىدا بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

خۇدا بىزنى ياراتتى ئۆزگە ئەشيان ئىچىندە؛
ئۆزەم غۇربەتتە قالدىم، يۈرەگىم قان ئىچىندە.



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر نەچچىنى كورۇپ مەن ئەيشى بىلەن ئىشرەتتە،
زىلەيخا ھەم يۇسۇپتەك، قالدىم زىندان ئىچىدە.
ئىبراھىمدەك تاشلىغىل، ئوتقا مېنىڭ تېنىمنى،
ئىسمائىلدەك قۇربان قىل، بۇ كوھىستان ئىچىدە.
باشىمدىكى بوز تورغاي سايرىمىساڭ نە بولغاي؛
غېرىپ-مىسكىن جېنىمنى قىينىمىساڭ نە بولغاي؛
ئاشىقىمنى بىلۇرسەن، خەۋەر بەرسەڭ نە بولغاي،
مەن يولۇمدىن ئېزىپتىمەن، بۇ چولىستان ئىچىدە.

شۇنى دەپ ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، ھېلىقى تورغاي ئالدىدا بىرمۇنچە مەنزىل يول باشلاپ مېڭىپ، ھەمرانى يولغا سېلىپ قويۇپ، ئاندىن غايىپ بوپتۇ. ھەمرا يەنە بىر نەچچە كۈن يول مېڭىپ چارچاپتۇ. بىرەر سايە جاي ياكى سالقىن شامال بولسا ياخشى بولار ئىدى، دەپ تۇرغىنىدا، كوھىقاپ باغى ئارام تەرەپكە شامال چىقىپتۇ. ھەمرا ئۇل شامالدىن ھورلىقاغا دۇئاي-سالام ئېيتىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

ئەي بادى سەبا سالامىمنى ھورلىقاغا يەتكۈز،
بۇ مېنىڭ ئەرزىمنى كوزلىرى مەستانىغا يەتكۈز.
لېۋى شىكەر، ئاغزى پىستە، خەزانىمغا يەتكۈز،
شامۇ-سەھەر پەريادىمنى، ئۇل قاشى قاراغا يەتكۈز.

ھەمرا كېتىپ بېرىپ بىر توپ چىنارنىڭ تۈۋىگە كەپتۇ ۋە چىنار تۈۋىدە سايىداپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇل چىنارنىڭ ئۈستىدە سۇمرۇغ قۇشنىڭ ئۇۋىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا سۇمرۇغنىڭ باللىرى بار ئىكەن. ئەمما بىر ئەجدىھار سۇمرۇغنىڭ باللىرىنى يېگىلى چىنارغا يامىشىپ چىقىپتۇ. ھەمرا دەرھال ئۇ ئەجدىھارنى شەمشەر بىلەن چېپىۋېتىپتۇ. ئەجدىھار ئىككى پارە بوپتۇ. ھەمرا ئەجدىھارنىڭ يېرىمىنى كېسىپ سۇمرۇغ باللىرىغا بېرىپتۇ. ئاندىن كېيىن ھەمرا چىنارنىڭ تۈۋىدە ئۇخلاپ قاپتۇ. نەچچە سائەتتىن كېيىن سۇمرۇغ باللىرىغا بىر-

مۇنچە كىيىك-جەرەنلەرنى تۇتۇپ كەپتۇ. قارىسا چىنارنىڭ تۈۋىدە بىر نەرسە ياتقىدەك. ئۇنىڭ قېشىدا غەرق قانغا بويالغان بىر ئادەم ياتقىدەك. سۇمرۇغنىڭ بۇلارنى كورۇپ ئاچچىغى كېلىپ: "مېنىڭ جايىمدا ئادەم نەمىش قىلسۇن، مەن بۇ ئادەمنى تۇتۇپ ھاۋاغا ئېلىپ چىقىپ زېمىنغا تاشلاپ ئولتۇرەي" دەپ، غاقىراپ ھەمرا تەرەپكە ئۇچۇپتۇ. سۇمرۇغنىڭ باللىرى پەريات چېكىپ: "ئىي ئانا، ئۇ ئادەمگە ئازار بەرمەڭ، بىزگە ئاتىدارلىق قىلدى، بىزنى يىگىلى كەلگەن ئەجدىھارنى ئولتۇرۇپ، بىزلەرگە گوشىدىن ئېلىپ بەردى، بىز شۇنىڭ بىلەن قوسىغىمىزنى تويغۇزدۇق." دەپتۇ. سۇمرۇغ بۇ سوزنى ئاڭلاپ خۇشۋاق بولۇپ، ھەمرانىڭ قېشىغا كېلىپ، بىر قانىتىنى يەلپۇگۇچ قىلىپ ھەمرانى يەلپۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ھەمرا يۈزىگە تەككەن سوغاق شامالدىن چوچۇپ ئويغىنىپتۇ. قارىسا بېشىدا بىر قۇش ئولتۇرغىدەك. ھەمرا قورقۇپ كېتىپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بېرىپتۇ. سۇمرۇغ: "ئىي يىگىت، بۇ جايغا قانداق كېلىپ قالدىڭ؟ بۇ جايغا ئادەمنىڭ قەدىمى يەتمەيتتى، نىمە ھاجىتىڭ بار، ماڭا ئېيتقىن!" دەپتۇ. ھەمرا ئاتىسى ئۇچۇن بۇلبۇل گويانى ئىزلەپ چىققانلىقىنى، يولدا ھورلىقاغا جۇپ بولغانلىقىنى بىرمۇ بىر بايان قىپتۇ. سۇمرۇغ: "ھورلىقا دىگەن كوھىقاپ باغى ئارامدا، ئۇ يەرگە ئىنسانىنىڭ قەدىمى يەتمەيدۇ، بۇ ئارىلىقتا يەتتە ئاتەش دەرياسى بار. ئەمما مەن سېنى ئاپىرىپ قوياي. سەھەردە يېتىپ تۇر، مەن يول ئوزۇقى تېپىپ كېلەي." دەپ سۇمرۇغ شىكارغا مېڭىپتۇ. بىرنەچچە سائەت شىكار قىلىپ، بىرمۇنچە بۇغا، كىيىك ۋە جەرەنلەرنى تۇتۇپ ئېلىپ كەپتۇ. سۇمرۇغ ھەمراغا: "ئىي يىگىت، بۇ جانۋارلارنىڭ ھەممىسىنى تۇلۇمچە سويغىن؛ بىرقانچىسىنىڭ ئىچىگە سۇ ئالغىن؛ بىرنەچچىسىنىڭ ئىچىگە گوش ئال. ئاندىن تۇلۇملارنى بىر بىرىگە چېتىپ ماڭا ئارتىپ ئۈستىگە ئوزەڭ

مىنگىن: ئۇلۇغ تەرىپىمگە قارىسام گوش بەر، سول تەرىپىمگە قارىسام سۇ بەرگىن" دەپتۇ. ھەمرا شۇ تەرىقىدە قىلىپ، ئاۋال كىيىك، جەرەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تۇلۇپچىلاپ سويۇپ، بىر مۇنچىسىغا سۇ، يەنە بىر مۇنچىسىغا گوش ئاپتۇ. ھەممىنى تەق قىلىپ سۇمرۇققا ئارتىپتۇ، ئۆزى ئۈستىگە مىنىپتۇ. سۇمرۇغ ھاۋاغا قاراپ ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئۇورلەپتۇ. ئاندىن كوھقاپ تەرەپكە ئۇچۇپتۇ. ئاتەش دەريالىرى يەردىن ئاسمانغا بەشيۈز غۇلاچ دولقۇن ياساپ شاقىراپ ئاقىدىكەن. ئوتنىڭ تەپتى تەگسىمۇ ئادەم كويۇپ كېتىدىكەن. سۇمرۇغ ئۇچۇپ كېتىپ بېرىپ ئوڭ تەرىپىگە قارىغان ئىكەن، ھەمرا گوش بېرىپتۇ، سول تەرىپىگە قارىغان ئىكەن، سۇ بېرىپتۇ. شۇ سۈرەتتە ئۇچۇپ يەتتە دەريادىن ئۆتۈپ كوھقاپقا بىر كۆنلۈك يول قالغاندا، سۇ، گوش تۈگەپتۇ. بىر جايغا بارغاندا سۇمرۇغ ئوڭ تەرىپىگە قاراپتۇ، ھەمرا دەرھال ئوڭ يوتىسىدىن بىر پارچە گوش كېسىپ بېرىپتۇ. سول تەرىپىگە قارىغىنىدا، ھەمرا ھۆرلىقانىڭ ئىشقىدا بىر "ئاھ" تارتىپ يىغلىغان ئىكەن، بىر قاچا سۇ بوپتۇ. ھەمرا ئۇنى سۇمرۇققا بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر كۈنلۈك يولنى بېسىپ كوھقاپ تېغىغا كېلىپ چۈشۈپتۇ. سۇمرۇغ ھەمراغا: "كوھقاپ تېغى مۇشۇ، ئەمدى مەن باللىرىمنىڭ قېشىغا كېتەي!" دەپتۇ ۋە ھەمرا بىلەن خوشلىشىپ ئارقىسىغا يېنىپتۇ. شۇ كېچىسى ھەمرا تاغ ئۈستىدە يېتىپتۇ. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا قارىسا، بىر قۇياش مەشرىق تەرەپتىن چىقىپتۇ، بىر قۇياش مەغرىب تەرەپتىن چىقىپتۇ. ھەمرا بۇ ۋەقەنى كورۇپ ھەيران بوپتۇ. ئەمما مەشرىق تەرەپتىن چىققان قۇياش ئۆزىمىزنىڭ قۇياشى، مەغرىب تەرەپتىن چىققىنى قانداق قۇياشتۇر؟ دەپ تۇرۇپ قاپتۇ. مەشرىق تەرەپتىكى قۇياش ئورلەپ مېڭىپتۇ، مەغرىب تەرەپتىكىسى ئىزىدىن مىدىرلىماي تۇرۇپتۇ. مەغرىب تەرەپتىكى قۇياش ھۆرلىقانىڭ جامالىدىن پەيدا بولغان نۇر ئىكەن.

ھەمرا ھىچقايان بولالماي، ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ، "مەن ئەمدى يارىمدىن جۇدا بولغان ئوخشايمەن" دەپ ھەسرەت چېكىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

يەر ۋە ئاسماننى خەلق ئەيلىگەن بىرۇ بار،
بىر پەرىزات كىردى چۈشۈمگە مېنىڭ؛
سەن كېرىمسەن، مەندە يوقتۇر ئىختىيار،
ئەجەپ سەۋدالار چۈشتى باشىمغا مېنىڭ.
قادىر ئىگەم رەھىم ئەيلەبان يەتكۈزسە،
بىزنى پەلەك خەتەرلىرىدىن ئۆتكۈزسە؛
رەھمان ئىگەم قۇدرەت بىلەن يەتكۈزسە،
ئاغا ـ ئىنىم كىردى چۈشۈمگە مېنىڭ.

شۇنى دەپ ھەمرا مەغرىپ تەرەپتىكى قۇياش تەرىپىگە قاراپ مېڭىپتۇ. بىر سائەت يۈرگەندىن كېيىن تاغ تۈۋىدە بىر چارباغ كۆرۈنۈپتۇ. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئوردا بولۇپ، ئوردىنىڭ تاملىرى كۈمۈشتىن ئىكەن، ئىگىزلىكى ئاتمىش گەز كېلىدىكەن، ئۇنىڭ ھەممە يېرى لەئلى زۇمرەتتىن سىرلانغانمىش؛ ئىمارەتنىڭ ئالدىدىكى بىرنەچچە داش قازاندا تۈرلۈك ـ تۈمەن ئاش ـ تائاملار پىشىپ تۇرغىدەك. ھەمرا كۆرۈپتۇكى، ئەتراپتا ئادىمىزاتتىن ئەسەر يوق. نەچچە كۈندىن بېرى ھىچنەرسە يېمىگەن ھەمرانىڭ قوسىغى بەك ئاچقان ئىكەن، شۇڭا دەرھال قازاننىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قولىنى ئاشقا سوزغان ئىكەن، چومۇچ ئورلەپ چىقىپ ھەمرانىڭ بېشىغا تېگىپتۇ. ھەمرا قولىنى تارتىۋاپتۇ. يەنە نەپسى چوللۇك قىلىپ قازانغا قايتا قول سوزغان ئىكەن، غايىپتىن بىر مۇشت كېلىپ بېشىغا تېگىپتۇ. ئاخىرى بولماي ھەمرا قورقۇپ باققا كىرىپتۇ. قارىسا باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بوستان بار بولۇپ، بوستانغا ئەتلەس، كىمخاپ كۆرپىلەر ۋە زىلچە ـ گىلەملەر سېلىنغلىق، جوزىدا قەن ـ گىزەكلەر تىزىقلىق

ئىكەن؛ بوستاننىڭ قېشىدا بىر كول بار ئىكەن، كولنىڭ ئەتراپىدا ياڭزىمۇ-ياڭزا گۈللەر ئېچىلىپ، گۈلنىڭ شاخلىرىدا نەچچە تۈرلۈك جانۋارلار سايرىشىپ تۇرغىدەك. ھەمرا بۇ ئاجايىپلارنى كۆرۈپ تاماشا قىلىپ تۇرۇپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك بىر ئاۋاز كەپتۇ، ھەمرا قورقۇپ، دەرھال گۈللەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ موكۇپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا بىرمۇنچە غاز-ئۆدەكلەر كېلىپ كولگە چومۇپ چىققاندىن كېيىن، ھەر بىرى بىردىن دىۋىگە ئايلىنىپتۇ؛ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىرمۇنچە كەپتەرلەر ئۇچۇپ كېلىپ، بۇ كولگە چومۇلۇپ چىقىپلا، ھەر بىرى بىردىن كېنىزەك بوپتۇ؛ ئاندىن بىرمۇنچە شاتۇتىلار ئۇچۇپ كېلىپ، كولگە چومۇلۇپ چىققانلىرىدىن كېيىن ھەر بىرى بىردىن پەرىزات بوپتۇ. قارىسا بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى ئون توت كونلۇك تولۇن ئاينىڭ ئوزى ئىكەن. بۇ، ھەمرا چۈشىدە كورگەن مەلىكىنىڭ ئوزى ئىكەن. بۇنى كورۇپ ھەمرا ھۇشىدىن كېتىپتۇ. ھۇشىغا كەلگەندە بولسا مۇنۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

قادىر ئاللا سۈنئىدىن كوزلەر خوش بولدى،
ئۇنىڭ شەمئى جامالىدىن جېنىم تەۋرەندى؛
ئاشىقمەن قارا كوزۈڭگە، شېكەردىن شىرىن سوزۈڭگە،
چىرمىشارمەن نازۇك تېنىڭگە، ھەقتىن تىلەيمەن ئەمدى.
يار ھەمرا يۇرەگىڭنى، بويىنۇمغا سال بىلەگىڭنى،
ئاسى قوللار تىلەگىڭنى، رەھمەن ئىگەم بېرۇر ئەمدى.

ھەمرا يىغلاپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ھورلىقا كېنىزەكلىرىگە: "مەن يارىمنى ئىزلەپ مىسىرغا قىرىق مەرتىۋە بېرىپ كەلدىم، يارىمنىڭ ۋەدىسى بۇگۇنكى كۈندە مۇشۇ باققا كېلىش ئىدى" دەپتۇ، ھەمدە: "ئەجەپ بۇرنۇمغا ئادىمىزاتنىڭ ھىدى كېلىدۇ" دەپ، ھورلىقا بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

ئي يار مۇسۇلمانلار، مەن ئولدۇم يار دەردىدىن،

ئىشقى ئوتىدا كويۈپ، كۆل بولدۇم يار دەردىدىن.
كېچىلەردە پاراغەت يوق، كۈندۈزلەردە ھالاۋەت يوق،
مۇندىن ئارتۇق رىۋايەت يوق، كويەر بولدۇم يار دەردىدىن.
پانى ئالەمنىڭ قەدرىنى بىلدىم، مىسىر شەھرىگە قىرىق كۈندە باردىم،
كۆرمىگەن جايلارنى كۆردۇم، كويەر بولدۇم يار دەردىدىن.
ئېتىمنى سورىسا ھورلىقادۇر، پانى دۇنيا بىۋاپادۇر،
چەككىنىم جەۋرى-جاپادۇر، كويەر بولدۇم يار دەردىدىن.

"ئەي دىۋىلەر، بۇ يەردە ئادەم بارغا ئوخشايدۇ، ئىزلەپ تېپىڭلار" دەپ ئەمىر قىپتۇ. دىۋىلەر باغنى ئىزلەپ ئادەمنى ھېچيەردىن تاپالماپتۇ. ھورلىقانىڭ سەمەن ئاتلىق بىر كېنىزىگى بار بولۇپ، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ئىكەن. ھورلىقا شۇ كېنىزىگىنى بۇيرۇپتۇ. كېنىزەك ئىزلەپ بېرىپ، گۈلنىڭ ئارىسىدىن ھەمرانى تېپىپ، ھورلىقانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. ھورلىقا ھەمرادىن ئەھۋال سوراپ: "سەن نەدىن كەلگەن ئادەمسەن؟" دەپ، قولىغا تىللا سازنى ئېلىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

ئادىمىزات ئوغلى ئەزىز مېھمانىم، ئەسىرىڭ بولاي قايدىن كېلورسەن؟
چۈشۈمدىكى ۋەدە بەرگەن جانلىرىم، ئەسىرىڭ بولاي قايدىن كېلورسەن؟

ھەمرانىڭ جاۋابى:

مېنى سورىساڭ مىسىر ئەھلى يۇرتىدىن،
سېنىڭ ئۈچۈن بۇ ماكانغا كېلۇرمەن.
قىرىق كۈنلەپ جەۋرى-پەلەك دەردىدىن،
سېنىڭ ئۈچۈن بۇ جايلارغا كېلۇرمەن.

ھورلىقانىڭ سوئالى:

كىشى مۇنچە كەچ كېلەرمۇ دوستىنە،
نە يىگىتسەن جان ئالماقنىڭ قەستىدە.

قويغىن قەدەملىرىڭنى سىنەم ئۇستىنە،
ئەسىرىڭ بولاي قايدىن كېلۇرسەن؟

ھەمرانىڭ جاۋاۋى:

ئۇمرۇم زايا، كېچە-كۇندۇز يالۋۇرۇپ،
ھەسرىتىڭدە زەپىرەڭدەك سارغىيىپ؛
قىرىق كۇن بولدى بۇ چوللەرنى ئاختۇرۇپ،
سېنىڭ ئۇچۇن بۇ ماكانغا كېلورمەن.
چىن ئاشىقمەن ئايلىنارمەن باشىڭدىن،
مەن ئۇرگىلەي مىسلى قەلەم قاشىڭدىن؛
ئىپار - زەپەر كېلۇر ئىچى - تاشىڭدىن،
سېنىڭ ئۇچۇن بۇ جايلارغا كېلۇرمەن.

ھورلىقا: "ئۇنداق بولسا، ھەمرا سىزدىن بىر سوز سورايمەن، جاۋاپ بەرسىڭىز خوپ، ئەگەر جاۋاپ بېرەلمىسىڭىز جېنىڭىزدىن ئۇمىت كۇتمەڭ!" دەپتۇ. ھەمرا: "سوزىڭىز بولسا قىلىڭ، جاۋاپ بېرىمەن" دەپتۇ. "ئەي ھەمرا، ئادىمىزاتنىڭ ئەسلى ۋاپاسى يوق، ياخشىلىق قىلغان ئادەمگە ھەمىشە يامانلىق قىلارمىش دەپ ئاڭلىغان ئىدىم" دەپتۇ ھورلىقا ۋە يەنە ھەمرانى سىنىماق ئۇچۇن: "ئەي ھەمرا، بىزنىڭ بۇ جايلارغا كېلىپ ئوبدان قىپسىز، بۇ يەردە دىۋىلەر ئادەملەرنى تۇرغۇزمايدۇ، بۇ تۇرغان كېنىزەكلەردىن قايسىسىنى خالايسىز؟ سىزگە جۇپ قىلايلى" دەپتۇ. بۇ سوز ھەمراغا ناھايىتىمۇ قاتتىق تېگىپتۇ، ھورلىقادىن كوڭلى ئاغرىپ: "مېنىڭ پىكرۇ-خىيالىم سىز بىلەن بۇلبۇل گويادا تۇرسا، سىز شۇنداق ناماقۇل سوزنى قىلامسىز، ئۇلگىچە سىزنى دەيمەن" دەپ تووۋەندىكى غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

قىرىق بىركۇن بولدى، ئەي يارىم،
سېنى ئىزلەپ بۇ چوللەردە يۇرگىلى.
خۇدايىم نېسىپ ئەتتى بۇگۇن ماڭا،



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئانارىڭنىڭ شېخىنى ئېگىپ ئۈزگىلى.
يەتتە كۈن بولغاندا چۈشۈمگە كىرگەن،
ئېسىڭدىمۇ گۈمبەز ئىچىدە نىمە دېيىشكەن.
ۋاپاسىزلىق قىلىپسەن ۋەدەڭدە تۇرماي،
مەقسىدىڭ مېنى مەسخىرە قىلىشكەن.
مېنىڭ سوزۇم شۇدۇر ساڭا، قۇل بولسام،
ئاجايىپ سوزلىرىڭنى ماڭا سوزلەرسەن.

بۇ سوزنى ئاڭلىغان دىۋىلەر: "بۇ ئادىمىزات ئوغلى قاملاشمىغان، ناشايان سوزلەرنى قىلدى، قاچان ئولتۇرۇڭلار، دەپ ئەمرى قىلاركىن" دەپ تەييار بولۇپ تۇرۇشۇپتۇ. ھورلىقا: ئەي ھەمرا، مەن سىزدىن ھىلىقى گۈمبەز ئىچىدە بولغان ۋەقەلەرنى ۋە كورگەن چۈشىڭىزنى سورايمەن، جاۋاپ بەرسىڭىز خوپ، ئەگەر جاۋاپ بېرەلمىسىڭىز بېشىڭىزنى كېسىمەن!" دەپ مۇنۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

سەھەر ۋاقتىدا ياتقىنىڭدا،
"قوپ" دىگەنلەر كىم ئىدى؟
تۇتۇپ دەستى كەمىرىڭدىن،
ماڭ دىگەنلەر كىم ئىدى؟
قوللىرىڭدىن تۇتۇپ تۇرۇپ،
چىلتەن بىلەن ئولتۇرغۇزۇپ؛
تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ،
نىكا قىلغان كىملەر ئىدى؟
ھەم كوردۇڭمۇ سەن بۇ چۈشنى،
مەن ھەم كوردۇم ئۇشبۇ چۈشنى؛
بويى ئۇزۇن قارا كىشى،
ۋەكىل بولغان كىملەر ئىدى؟

هەمرا بۇ سوزنى ئاڭلاپ بۇغەزەلنى ئوقۇپتۇ:

مەندىن سورىساڭ ئۇشبۇ چۇشنى،
بايان قىلسام ئۇل دەرۋىشنى.
ئۇزۇن بويلۇق قارا كىشى،
ئۇۋەيس قوران پىرلەر ئىدى.
هەمرا ئېيتور بايان قىلسام،
نىكاھ قىلغان ئېتىنى ئېيتسام؛
ئۇل ۋەلىنى ئايان ئېيتسام،
ئومەرخەتتاپ پىرلەر ئىدى.

بۇ سوزلەرنى ئاڭلىغان بارلىق دىۋىلەر: «مۇبارەك بولسۇن، ئىي پادىشاھىم، شۇنداق ئۇلۇغ جايلاردا چاھارلار ۋە چىلتەنلەر نىكاھ قىلغان بولسا، بىزلەر بىئەدەپلىك قىلىپتىمىز.» دەپ هەمراغا ئوزرە ئېيتىپتۇ. ئاندىن هورلىقا كوھىقاپتىكى بارلىق دىۋە پەرىلەرگە ئۈچ - كېچە كۈندۈز مەجلىس قۇرۇپ بېرىپ، مېهمان قىپتۇ. هەمرانى تولىدىن - تولا ئىززەت - هورمەتلەر بىلەن تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن، دىۋىلەر ئوردىنى خالى قىلىپ، هەر قايسىسى جاي - جايلىرىغا تارقىشىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن هورلىقا هەمرانى مېهمانخانىسىغا تەكلىپ قىلىپ غەزەل ئوقۇپتۇ:

بۇ كېچە بولارسەن ئەزىز مېهمانىم،
قۇلاق سال مېهمانىم دەۋران سېنىڭدۇر.
پاياندار ئەيلەيىن بۇ شىرىن جانىم،
قۇلاق سال مېهمانىم، دەۋران سېنىڭدۇر.
ئاشىق بولساڭ هەزەر قىلما ئۇلۇمدىن،
باغىڭغا تېرىدۇالغىن قىزىل گۇلۇمدىن؛
ئىلىپتەك قامىتىم نازۇك بىلىمدىن،
قۇچاقلاپ تۇرۇپ كور دەۋران سېنىڭدۇر.

هورلىقا شۇ سوزلەر بىلەن هەمرانى مېهمانخانىسىغا

باشلاپ كىرىپتۇ، بىر كۈنى كېچىسى ھەمرا "ئاھ" تارتىپ يىغلاپ ئويغىنىپتۇ. ھورلىقا: "ئەي ھەمرا نىمە بولدىڭىز؟ نىمە ئۈچۈن ئاھ تارتىپ يىغلايسىز؟ سىزنىڭ مەندىن بولەك يارىڭىز بارغا ئوخشايدۇ، ئادەم راست ۋاپاسىز ئىكەن"، دەپ بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

باشتىن ئورگىلەي گۈل يۈزلۈك يارىم،
سەن نە ئۈچۈن ئاھۇ - پىغان چېكەرسەن؟
راست سوزۈڭنى بايان قىلىپ ئېيتىپ بەر،
سەن نە ئۈچۈن ئاھۇ - پىغان چېكەرسەن؟

ھەمرانىڭ جاۋابى:

جۇدا بولدۇم ئەمدى ۋەتەن يۇرتۇمدىن،
ئەمدى مەن سوزلەي قىلىپ - قالىمدىن؛
باشتىن سوزلەيمەن ئوتكەن ھالىمدىن،
شۇنىڭ ئۈچۈن ئاھۇ - پىغان چېكەرمەن.
ئاشىق دەرلەر مېنىڭ ئىسىم - نامىمنى،
ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاھۇ - پىغان ئېيتارمەن.

ھورلىقا: "ئەي ھەمرا، سىز نىمە ئۈچۈن مەزلۇم كىشىنىڭ قۇچىغىدا يىغلايسىز؟ خوتۇن كىشى ئالدىدا ئەر كىشىنىڭ يىغلىشى ئەيىپ ئىش. شۇ بۇلبۇل گويا ۋەقەسىنى ماڭا ئېيتسىڭىز بولماسمىدى؟ بىز پەرىزاتلارغا مەغرىپ بىلەن مەشرىقنىڭ ئارىلىغى بىر سائەتلىك يول. ئۇنىڭ ئىلاجىنى بىر قىلايلى. ئول بۇلبۇل گويا ئاتام ۋاپات بولغاندا ئىگىچىم ھورى زەئىپرانغا مىراس چۈشۈپ كەتكەن، ئول ئىگىچىم بولسا شەھەرى قۇلزەمدە. بۇلبۇل گويا سەمەن دېگەن باغدا. ئارىمىز يەتتە ئايلىق يول. نەچچە غەزنە مال - دۇنيا بەرگەن بىلەنمۇ بۇلبۇل گويانى بەرمەيدۇ. ئۇنى كورسەتمەي ئوغرىلاپ كەلسە بىر گەپ. ئەي ھەمرا، مەن سىزنى بىر دىۋىگە قوشاي" دەپ، ھەشتۇرۇخ دېگەن بىر دىۋىگە ئەمىر قىلىپتۇ. "بۇ ھەمرانى



AltunOq

www.uyghurkitap.com

شەھىرى قۇلزەمگە ئېلىپ بېرىپ، سەمەن دىگەن باقا كىرىپ بۇلبۇل گويانى ئېلىپ كېلىڭلار، لېكىن قەپەزنىڭ يوپۇغىنى ھەرگىز ئاچماڭلار، ئىش پاسات بولمىسۇن"، دەپ دىۋىگە نەسىھەت قىپتۇ.

شۇ هامان دىۋە ھەمرانى كوتىرىپ ھاۋاغا ئۆرلەپ، شەھىرى قۇلزەمگە ئېلىپ مېڭىپتۇ. تۈن ھەسسە بىلەن قۇلزەم شەھىرىگە كەپتۇ. سەمەن دىگەن باقا كىرىپ، بۇلبۇل گويانى ئىزلەپ بىر جايدىن تېپىپتۇ. ھەمرا: "ئاتام ئاشىق بولغان بۇلبۇل گويا قانداق جانىۋاردۇر، بىر كۆرۈپ باقاي" دەپ جېنى ئالدىراپ قەپەزنىڭ يوپۇغىنى ئازغىنا ئاچقان ئىكەن، بۇلبۇل گويا ھەمرانى يات كۆرۈپ پەرىيات چېكىپ تۇۋلاپ كېتىپتۇ، ھەمرا بۇلبۇل گويانىڭ ئاۋازىدىن قورقۇپ كېتىپ بىھۇش بولۇپ يىقىلىپتۇ. ھورى زەئىپىران تەختىدە ياتقان ئىكەن، بۇلبۇل گويانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ: "ئۇ يەردە نىمە بار، يوقلاپ چىققىن!" دەپ بىر دىۋىنى بۇيرۇپتۇ. ئۇل دىۋە دەرھال قايتىپ كېلىپ ھورى زەئىپىرانغا، بىر ئادەم بۇلبۇل گويانى ئوغرىلاپ ئېلىپ قېچىپتىكەن، بىھۇش بولۇپ قاپتۇ، دەپ خەۋەر قىپتۇ. ھورى زەئىپىران بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاچچىغى كېلىپ: "ئەي دىۋە، سەن بېرىپ ئۇل ئادەمنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ تاققا ئۇرۇپ ئۆلتۈرگىن!" دەپتۇ. دىۋە كېلىپ ئۇل ئادەمنى تاققا ئۇرايمۇ، يا يەرگە ئۇرايمۇ دەپ، ھەمرانى كەمىرىدىن تۇتۇپ ئاسمانغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. ھەمرانى ئېلىپ كەلگەن ھەشتىروخ دىگەن دىۋە قارىسا، بىر دىۋە ھەمرانى بېلىدىن تۇتۇپ ئاسمانغا ئېلىپ كېتىپ بارغىدەك. ھەشتىروخ دىگەن دىۋە بۇنى كۆرۈپ، دەرھال ئارقىدىن قوغلاپ ئاسمانغا چىقىپ: "بۇ ئادەمنى قەيەرگە ئېلىپ بارىسەن؟" دەپ نەرە تارتىپتۇ. ئەمما ھېلىقى دىۋە ئاسماندا جەڭگە كىرىپ كېتىپتۇ. ھەمرا شۇئان دىۋىنىڭ قولىدىن ئاجراپ زېمىنغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ھەمرا ئاسماندىن زېمىنغا چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، يىغلاپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇپتۇ:

يوقتىن مېنى بار ئەيلىگەن بىرو بار،
بۇگۇن ماڭا مەدەت بېرەر كۇنۇڭدۇر.
بارچەنىڭ ئاتاسى ئول ئادەم سەخى،
سېنىڭ قۇدرىتىڭدىن تۇغۇلدى ۋەلى،
ئىبراھىم، ئىسمايىل ئول نوھى نەبى،
بۇگۇن ماڭا مەدەت بېرەر كۇنۇڭدۇر.
ھەقنىڭ تەۋراتىنى ئوقۇغان مۇسا،
ئاسماندا ئولتۇرغان ھەزرىتى ئەيسا؛
ئاشىقلارنىڭ پىرى يۇسۇپ زىلەيخا،
بۇگۇن ماڭا مەدەت بېرەر كۇنۇڭدۇر.

ھەمرا يىغلىغىنىچە چۇشۇپ كەلمەكتە ئىكەن، ھورلىقا ھەمرانى "تىنچ - ئامان بارمۇ - يوقمۇ؟" دەپ پال ئېچىپ قۇرئى سېلىپ باقسا، ھەمرا يەر بىلەن ئاسماننىڭ ئارىسىدا مولالاق ئېتىپ زىمىنغا چۇشۇپ كېلىۋاتقىدەك. يەرگە چۇشىدىغانغا نەيزە بويى قاپتۇدەك، باقسا، ئىككى دىۋە ئاسماندا ئۇرۇشۇۋېتىپتۇ. ھورلىقا بۇ ئەھۋالنى كورۇپ ئالدىراپتۇ ۋە كوز يۇمۇپ ئاچقىچە ئارىلىقتا كېلىپ، ھەمرانى تۇتۇپ ئېلىپ ئوزىنىڭ جايىغا ئېلىپ كەپتۇ. ھەمرا بىھوش بولغان ئىكەن، ھورلىقا قورقۇپ، دەرھال ھوكۇمالارنى يىغىپ: "بۇ يارىمغا دورا شىپا بېرىڭلار!" دەپ، يىغلاپ تۇرۇپ بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

خالايىقنىڭ تىۋىپلىرى كېلىڭلار،
سويەر يارغا شىپا بېرىڭ جانلارىم.
مۇنەججىملەر كىتاپ ئېچىپ بېقىڭلار،
يولدىشىمغا شىپا بېرىڭ جانلارىم.
ئاچقۇچ بېرىڭ غەزىنىچى قولىغا،
قارىمىسۇن بۇ دۇنيانىڭ مالىغا؛
قىرىق غەزنە بارچىسى خۇدا يولىغا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سويەر يارغا شىپا بېرىلىڭ جانلارىم.
قىرىق مىڭ قۇلۇمنى ئازات ئەيلەيىن،
يېرىتىپ ياقام دادۇ ـ پەريات ئەيلەيىن؛

يار يولىدا جېنىم بەربات ئەيلەيىن،
يولدىشىمغا شىپا بېرىلىڭ جانلارىم.
ھەمرانىڭ دەردىدە باغرىم پارەدۇر،
ھورلىقا ئىپتۇر، ئەجەپ بەختىم قارادۇر؛
ئەمدى بىلگىن جېنىم چىقىپ بارادۇر،
سويەر يارغا شىپا بېرىلىڭ جانلارىم.

ھوكۇمالار دورا قىلىپ ھەمرانى ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. ئاندىن ھورلىقا: "مېنىڭ يارىمنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدىغانمۇ" دەپ ئاچچىقى كېلىپ، قىرىق مىڭ دىۋە ئېلىپ، ئىگىچىسى ھورى زەئپىرانىنىڭ شەھىرىگە مېڭىپتۇ. شەھىرى قۇلزەمگە بېرىپ، ئىگىچىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ، بىرمۇنچە دىۋىلەرنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاندىن ھورلىقا بىلەن ھورى زەئپىران چېلىشىپ، ھورى زەئپىراننى ھورلىقا كۆتىرىپ بېسىپتۇ. ھورى زەئپىران: "ئەي ھورلىقا، بىر ئادىمىزاتنى دەپ، ماڭا مۇشۇنچە گۇستاخلىق قىلامسەن؟ ئادەم شۇنداق ئوبدانمىكەن؟" دېگەن ئىكەن، ھورلىقا: "ئەي ئىگىچىم، ئەگەر سەن شول يارىمنى بىر كۆرسەڭ، ئون جېنىڭ بولغاندىمۇ پىدا قىلىسەن"، دەپتۇ. "ئۇنداقتا، مەن شۇ يارىڭنى بىر كۆرەي" دەپتۇ ھورى زەئپىران. ھورلىقا: "ئەي ئىگىچىم، بۇلبۇل گويانى بەرسەڭ كۆرستەي، بولمىسا كۆرسەتمەيمەن" دەپتۇ. ھورى زەئپىران بۇلبۇل گويانى بېرىپتۇ. ئاندىن ھورلىقا ھەمرانى شاھانە جابدۇپ ئىگىچىسىگە كۆرستىپتۇ. ھور زەئپىران ھەمرانى كۆرۈپلا، جان ـ دىلى بىلەن ئاشىق بىقارار بوپتۇ. ھەمرانىڭ ئىشقى ئوتى ھورى زەئپىرانىنىڭ سىنە ساندۇغىغا بەنت بوپتۇ. ئاندىن ھورى زەئپىران قولىغا تىللا سازنى ئېلىپ، ھورلىقادىن ھەمرانى سوراپ بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

باشىڭدىن ئۆرگىلەي هورلىقا جان،
سەن ياردىكى بىركۈن بەرسەڭ نە بولغاي.
ئاشىق بولۇر مەشۇقنىڭ دەردىدىن،
ئۈمىدىم بار ئەنجۈر بىلەن ئاناردىن.
كەچتىم بۇ دۇنيانىڭ كار ـ باردىن،
سويەر ياردىكى بىركۈن بەرسەڭ نە بولغاي.

ئەمما هورلىقا: "ئەي ئىگىچىم، قايسى مەزهەپتە سىڭلىسىنىڭ ئېرى ئىگىچىسىگە راۋا بولغان بار، بۇنداق قاملاشمىغان سوزلەرنى قىلماڭ" دەپتۇ. هورى زەئىپىران تولا نالە ـ زار قىلغان ئىكەن، هورلىقانىڭ ئىگىچىسىگە رەھمى كېلىپ: "ئەي ئىگىچىم، بېرىپ شەرئىگە سىپاىڭ، راۋا بولسا بەرسەم بېرەي"، دەپتۇ. هور زەئىپىران خوش بولۇپ، قازىنىڭ قېشىغا مېڭىپتۇ. هورلىقا دەرهال ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىردۇئنى بۇيرۇپ: "سەن بېرىپ دالدا جايدا ماراپ تۇرغىن، ئىگىچىم قازىغا ئارىلىق بېرىپ، يارىمنى تارتىپ كەتمىسۇن"، دەپتۇ. دىۋە ئاستا بېرىپ دالدا جاينى تېپىپ ماراپ تۇرۇپتۇ. هور زەئىپىران قازىغا بىرمۇنچە دۇنيانى ئارىلىق بېرىپ: "ئەي قازىم، سىڭلىم هورلىقانىڭ كۆيەۋسىنى ماڭا راۋا بولىدىغان قىلىپ بىر پەتىۋا بەرسىڭىز ئىكەن"، دەپ بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ.

باشىڭدىن ئۆرگىلەي گۈل يۈزلۈك قازىم،
قازىم ماڭا نىكا راۋا دىگەيسىز؛
بىر رىۋايەت ئېيتىپ بېرىڭ ئەي قازىم،
قازىم ماڭا نىكا راۋا دىگەيسىز.
ئادىمىزات ئەھلىدىن بىرو كېلىپتۇ،
مېنىڭ ئەقلى ـ خىيالىمنى ئېلىپتۇ.
جانىمنى ئېلىپ ئوتقا سېلىپتۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

قازىم ماڭا نىكا راۋا دىگەيسىز.
قىرىق مىڭ ئات بېرەي ئالتۇن ئىگەرلىك،
قىرىق مىڭ قۇل بېرەي تىللا كەمەرلىك؛
قىرىق مىڭ قىز بېرەي ھور قىز مەسەللىك،
قازىم ماڭا نىكا راۋا دىگەيسىز.

ئاندىن قازى بىلەن ھورى زەئپىران تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ ھورلىقانىڭ يېنىغا مېڭىپتۇ. ھورلىقانىڭ ئەۋەتكەن مارالچىسى ئۇلارنىڭ ئالدىدا كېلىپ، بولغان ۋەقەنى بىرمۇ بىر ھورلىقاغا ئېيتىپ قويۇپتۇ. شۇ چاغدا ھورى زەئپىران بىلەن قازى ھورلىقانىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ھورلىقانىڭ غەزۋى كېلىپ، قازىغا قاراپ بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

خەۋەر بەرگىن نەيەرلەردىن كېلۇرسەن،
قازىم ماڭا راست جاۋاپنى بەرگەيسەن.
راستىن دىگىن، ئەمما يوپۇشالىك ئولەرسەن،
قازىم ماڭا راست جاۋاپنى بەرگەيسەن.
خوش چۈشۈپسەن قازىم بىزنىڭ ئارىغا،
ئەقلىڭ بولسا قارىمىغىن قاراغا؛
بۈگۈندىن باشلاپ تويۇسەن پاراغا،
قازىم ماڭا راست جاۋاپنى بەرگەيسەن.
ئەركىشىنىڭ ئەقلى بولسا شاشارمۇ،
ئەقلى شېشىپ ئۆز ھەددىدىن ئاشارمۇ؛
پارىنى يەپ مۇندىن ئارتۇق تاشارمۇ،
قازىم ماڭا راست جاۋاپنى بەرگەيسەن.
تاڭلا مەھشەر بولۇر مىزان قورۇلۇر،
گۇنا قىلغان بەندىلەرنىڭ سانىلۇر؛
بۇ ئوتكەن كۈنلەرنىڭ ئاندا تارتىلۇر،
قازىم ماڭا راست جاۋاپنى بەرگەيسەن.
ھورلىقادەر، تاڭلا بولۇر قىيامەت،

بوينۇڭدا قالمىسۇن كۆللى مالامەت؛
يالغان سوزلەپ پاسىق بولماق نە ھاجەت،
قازىم ماڭا راست جاۋاپنى بەرگەيسەن.

شۇنىڭ بىلەن قازى: "مەن پەتىۋا بەرگىلى ئاجىزلىق قىلىمەن، سىڭلىسىنىڭ ئېرى ئىگىچىسىگە راۋا بولمايدۇ"، دەپتۇ. ھور زەئىپىران بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ئاچچىغى كېلىپ قازىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. ئەمما ھورلىقا: "ئەي ئىگىچىم، قازىنى ناھەق ئۆلۈمگە بۇيرۇماڭ، مەن سىڭىل، سىز ئىگىچى، سىز ماڭا ئانا ئورنىدا، ھەمرا سىزگە كۆيوغۇل تۇرسا، قايسى مەزھەپتە ھەمرا سىزگە راۋا بولىدۇ؟ سىز تېخى كۆيەۋگە چۈشمىگەن قىز، ئەل-خالايىق ئاڭلىسا، ئەيىپ قىلىدۇ. ئىشقىنىڭ ئىشى داۋاسىز بىر كېسەل. ئەمما قانداقلىكى بولسۇن، سەۋرى-تاقەت قىلماق كېرەك،" دەپ ئۇزۇر-تەسەللى ئېيتىپتۇ، بۇ گەپ بىلەن ھورى زەئىپىرانىڭ كۆڭلى سەل يېنىپتۇ. ھورلىقانى ئۈچ كېچە-كۈندۈز مېھمان قىلىپ، ئۆز شەھىرىگە يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ھورلىقا يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، قايتا باشتىن ئەيشى-ئىشرەتكە بېرىلىپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى ھەمرا يەنە "ئاھ" تارتىپ يىغلاپتۇ، ھورلىقا: "ئەي ھەمرا، نېمە بولدىڭىز؟ نېمىگە ئاھ تارتىسىز؟" دەپتۇ. ھەمرا: "ئەي مەلىكەم، مەن ئاتامنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن بۇلبۇل گويانى ئىزلەپ چىققان ئىدىم، ئۈچ قارار ئىدى، نەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. مەن مەقسىدىمگە يەتتىم، ئاتام مەقسىدىگە يېتەلمىدى. ئاتام بۇلبۇل گويا دەردىدە قايسى كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدىكىن، شۇڭا ئاتامنىڭ خىزمىتىگە ھازىر بولسام"، دەپ يىغلاپتۇ. ھورلىقا: "ئۇنداق بولسا ئەتە مىسىرغا يولغا سېلىپ قوياي، بىر تال چېچىمنى بېرەي، قاچاندا بولمىسۇن بىزنى ياد ئەتسىڭىز، چېچىمنى ئوتقا سېلىڭ، مەن شۇ يەرگە ھازىر بولىمەن. ئەمدى يۇرتىڭىزغا كەتسىڭىز قاچان كېلەرسىز؟" دەپ ھەمراغا قاراپ بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇندىن كېتەر بولساڭ مىسىر شەھرىگە،
ھەمرا سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم؛
خۇدا سالدى جەۋرى ـ پەلەك دەردىگە،
ھەمرا سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

ھەمرانىڭ جاۋاۋى:

مېنى كەتتى دەپ مالال بولمىغىن،
كوپ يىغلىما پەرىزاتىم خوش ئەمدى؛
غۇنچە ـ گۇلدەك ئاچىلغىن سولاشما،
پات كېلۇرمەن پەرىزاتىم خوش ئەمدى.

ھورلىقانىڭ ئېيتقىنى:

يىغلىماي نە قىلاي كوڭلۇم بۇزۇلدى،
مۇھەببەت رىشتىسى ئەمدى ئۇزۇلدى،
پىشانەمگە قەلەم بۇيرۇق يېزىلدى،
ھەمرا سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

ھەمرانىڭ ئېيتقىنى:

مېنى كەتتى دەپ بولما سەرگەردان،
سېنىڭ ئۇچۇن ھەر قاچان جېنىمدۇر قۇربان؛
بېشىم ئامان، بولسا تەندە غېرىب جان،
پات كېلۇرمەن پەرىزاتىم خوش ئەمدى.

ھورلىقانىڭ سوئالى:

كېلۇرمەن دەپ ئەقلى ـ ھۇشۇمنى ئېلىپ سەن،
كېتەرمەن دەپ جانىمنى ئوتقا سېلىپ سەن؛
ئەمدى مۇندىن كېتىپ قاچان كېلۇرسەن،
ھەمرا سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

ھەمرانىڭ جاۋاۋى:

سەنسىز ئومرۇم كېچەر ئىشق دەردىدە،
يەنە قارار تاپماي، تەنھا بۇ جايدا،

ئۇلمسەم كېلۇرمەن ئەمدى ئۇچ ئايدا،
پات كېلۇرمەن پەرىزاتىم خوش ئەمدى.

هورلىقا:
هورلىقا دەر جاپا بىلەن جەۋرىم بار،
چىن ئاشىقمەن يول ئۇستىدە قەۋرەم بار؛
ئامان بولساڭ ئۇچ ئايغىچە سەۋرىم بار،
ھەمرا سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

ھەمرا:
ھەمرا ئېيتۇر بۇ يول ئۇزاق بولمسا،
ئەجەل ئوقى پىشانەمگە تەگمىسە،
جېنىم چىقىپ تېنىم يولدا قالمسا،
پات كېلۇرمەن پەرىزاتىم خوش ئەمدى.

ھەمرا شۇنداق دەپ هورلىقا بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئەتىسى هورلىقا ھەمرانى يەتتە ئاتەش دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ مىسىرنىڭ يولىغا سېلىپ قويۇپ، ئاندىن يېنىپ كوھىقاپقا كېتىپتۇ. ھەمرا بۇلبۇل گويانى كوتىرىپ بىرنەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن، ھىلىقى ئۇچ ئاچا يول ئاغزىغا كەپتۇ. كوردىكى، ئۇچ تال ئوق شۇ يېتى تۇرغىدەك. "ئاكىلىرىم تېخى يېنىپ كەلمەپتۇ. ئەمدى ئاكىلىرىمنى ئىزلەپ تېپىپ ئېلىپ كېتەي" دەپ، ئاكىلىرى كىرىپ كەتكەن يولغا مېڭىپتۇ. نەچچە كۈن يول يۇرۇپ بىر شەھەرگە كەپتۇ. شەھەرنى ئايلىنىپ يۇرۇپ، چوڭ ئاكىسىنى ئاشپەزخانىنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالاپ تۇرغان يەردىن تېپىپتۇ. ئوتتۇرانچى ئاكىسىنى كاللاپەزخانىنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالاپ تۇرغان يەردىن تېپىپ، ئۇلارنىڭ چاچ - ساقاللىرىنى ئالدۇرۇپ، مۇنچىغا ئەكىلىپ پاكىز يۇيۇندۇرۇپ، ئېسىل كىيىملەرنى كىيدۇرۇپ، بىردىن ياخشى ئاتقا مىندۇرۇپ، ئۆز شەھرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بىرنەچچە كۈن يول يۇرۇپ، مىسىرغا ئىككى كۈنلۈك يول قالغاندا بىر يەرگە

كېلىپ قونۇپتۇ. ھەمرا يېتىپلا ئۇخلاپتۇ. بۇ ئىككىسى مەسلىھەتلە-
شىپ: "بۇ ھەمرا بەكمۇ ئەقىللىق، دانىشمەن چىقتى، ئۇنىڭغا ئاتىمىز
تولا كويەتتى. يەنە بۇلبۇل گويانى ئېلىپ بارسا، ئاتىمىز پادىشا-
لىقنى ھەمراغا بېرىدۇ، بۇنى مۇشۇ جايدا ئۆلتۈرۈپ، بۇلبۇل گويانى
ئىككىمىز ئېلىپ بېرىپ ئاتىمىزغا ياخشى كۆرۈنۈپ، ئاتىمىزنىڭ
دۇئاسىنى ئالايلى" دېيىشىپتۇ ـ دە، ھەمرانىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ
ئىككى كۆزىنى ئويۇپ قارچۇغىنى بۇلبۇل گوياغا تاشلاپ بېرىپ،
ھەمرانى قۇدۇققا تاشلاپتۇ. ئاندىن كېيىن بۇ ئىككى ئاكا بۇلبۇل
گويانى ئېلىپ، يولغا راۋان بوپتۇ. ھەمرا قۇدۇقتا يېتىپ، مەندىن
ئاتامغا دۇئايى ـ سالام ئېيتىڭلار، دەپ بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

ئەمدى كەتسەڭلار زالىم ئاكىلار،
كورگەنلىرىڭىزنى بىر ـ بىر دېگەيسىز؛
ئوغلىڭىز قالدى قۇدۇق ئىچىدە،
ئۆلگىنى يوق ئامان دېگەيسىز.
يامان غەمگە پاتىپتۇر بېشى،
كۆزىن ئويۇپ قۇدۇققا سالدى قېرىندىشى؛
زەھەر ـ زوقۇم يېگەن ئېشى،
قۇدۇق ئىچىدە قالدى دېگەيسىز.
بەللىرىگە ھىممەت قۇرى باغلىغان،
كەلمەدى دەپ يولىمىزغا قارىغان؛
پىراق ئوتىدا يۈرەگىنى داغلىغان،
شاھ خىسراۋ ئاتامغا سالام دېگەيسىز.
توققۇز ئاي توققۇز كۈن مېنى كوتەرگەن،
پەرۋىش قىلىپ كامالىمغا يەتكۈزگەن؛
سوغاق بوشۇك قۇچاقلاپ ئاق سۈتىن بەرگەن،
مېھرىۋان ئانامغا سالام دېگەيسىز.
يۈرەگىمدىن كەتمەس ھەرگىز بۇ داغىم،

ۋاقتىغا يەتمەي ئۆچتى چىراغىم؛
يۈرەكنى كويدۇرۇپ بولدى بۇ داغىم،
گۈل جەمەلە سىڭلىمغا سالام دىگەيسىز.

ھەمرا قۇدۇق ئىچىدە يىغلاپ قاپتۇ. ئىككى ئاكىسى بۇلبۇل گويانى ئېلىپ ئاتىسى ئالدىغا كەپتۇ. ئاتىسى بۇلبۇل گويانى كورۇپ ناھايىتى خۇرسەن بوپتۇ. ئاندىن كېيىن: ”ھەمرانى كورمىدىڭىزلارمۇ؟“ دەپ سوراپتۇ. ئاكىلىرى: ”ھەمرانى كورمىدۇق“ دىيىشىپتۇ. پادىشا ھەمرا ئۈچۈن كوپ نادامەت چېكىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئوتكەندىن كېيىن، بۇلبۇل گويا يا تائام يىمەپتۇ، ياكى بىر ئېغىز گەپ قىلماپتۇ. پادىشاھ ھەمرانىڭ دەردىدە بۇلبۇل گوياغا غەزەپ قىلىپ: ”ئەي بۇلبۇل گويا، سەن نىمە ئۈچۈن سايرىمايسەن؟ نىمىشقا تائام يىمەيسەن؟ مەن سېنىڭ ئۈچۈن جىق دۇنيالىرىمنى سەرپ قىلىپ ئۈچ پەرزەنتىمنى ئەۋەتىپ، بىر پەرزەنتىمدىن ئايرىلدىم، سېنى مىڭ مۇشەققەتلەر بىلەن ئەپكەلمىدىمۇ؟“ دەپتۇ. بۇلبۇل گويا: ئەي پادىشاھ، سەن بىئەقىل پادىشاھ ئىكەنسەن. مەن جانۋار بولۇپ تۇرۇغلۇق، سېنىڭ ئوغلۇڭ ھەمرا ئۈچۈن دىلىم جاراھەتتۇر. نىچۈك سايراي، قانداقمۇ تائام يەي؟ سەن تېخى ئوغلۇڭنىڭ ئوتىغا گىرىپتار بولماپسەن، ئەي پادىشاھ، سەن خالايىقلىرىڭنى يىغىپ جەم قىلىپ بىر مەجلىس قۇر. مەن شۇندا ھەممىنى سوزلەپ بېرەي!“ دەپتۇ. پادىشاھ دەرھال بەگ - سىپاھلارنى يىغىپ جەم قىپتۇ ۋە نەغمىچىلەرنىمۇ ئېلىپ كەپتۇ. ئاندىن بۇلبۇل گويا سوزگە بىر كىرىشىپتۇ - دە، ھەمرانىڭ كوھىقاپقا كىرگەنلىرىنى، دىۋىلەرنىڭ غەزىۋىگە ئۈچرىغانلىرىنى، نەچچەن ئولۇملەردىن قۇتۇلۇپ ئوزىنى مىڭ مۇشەققەتتە ئېلىپ چىققانلىقىنى، ئىككى ئاكىسىنى بىر شەھەردىن تېپىپ ئالغانلىقىنى، يولغا چىققاندا ئۇلارنىڭ ھەمرانىڭ ئىككى كوزىنى ئويۇپ قۇدۇققا تاشلىغانلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ بۇغەزەلنى ئوقۇپتۇ:


AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇلاق سېلىپ ئەرزىم ئىشتىڭ ئى سۇلتانىم،
ئەقلى ـ ھۇشلۇق سويەر ياردىن ئايرىلدىڭىز؛
ئەمدى ئېچىلماس سىزنىڭ بەختى گۇلىڭىز،
گۇلىستانلىق سويەر ياردىن ئايرىلدىڭىز.
سەمەن دىگەن باغدىن مېنى كەلتۈرگەن،
پەرۋىش قىلىپ كامالىغا يەتكۈزگەن؛
ئاكىلىرىنى مېھنەت ئوتىدىن قۇتقۇزغان،
يۇرت ئىگىسى سۇلتانىڭىزدىن ئايرىلدىڭىز.

پادىشاھ بۇ سوزنى ئاڭلاپ بىھۇش بولۇپ يىقىلىپتۇ. نەچچە سائەتتىن كېيىن ھۇشىغا كېلىپ، ئاھ تارتىپ يىغلاپ: "ئى بۇلبۇل گويا، سەن ۋاقتىدا ئېيتساڭ بولمامدۇ؟ ئەمدى ئۇ بۇچاققىچە ئولۇپ قالغاندۇ؟" دەپتۇ ۋە قولىغا تىللا سازنى ئېلىپ زار ـ زار يىغلاپ بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

تىنماي سەھەر يىغلاپ يۈرۈپ،
تاپارمەنمۇ بالام سېنى؟
خۇدايىمغا داد ئەيلىسەم،
تاپارمەنمۇ بالام سېنى؟
ئىبراھىمدەك ئوتقا كىرسەڭ،
ئىسمايىلدەك قۇربان بولساڭ؟
نە يەرلەردىن ئىزدەپ ئېيتسام،
تاپارمەنمۇ بالام سېنى؟
كورمەي سېنى بولدۇم گۇمان،
بولدى ماڭا ئاخىر زامان؛
مېنىڭ ئىشىم بولدى يامان،
تاپارمەنمۇ بالام سېنى.

پادىشاھ شۇنداق پەريات چېكىپ يىغلاپتۇ. ھەمرانىڭ ئانىسى بۇنى ئاڭلاپ پىغان بىلەن قاتتىق يىغلاپ، ئاھ ئۇرۇپ: "ئىي بالام ھەمرا، سېنى ھايات كورەرمەنمۇ؟" دەپ بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

ئېگىز تاغلار پەست بولدى،
شىردىن جانىمغا قەست بولدى؛
كورەر كوزۇم كورمەس بولدى،
بالام سەندىن ئايرىلغىلى.
مېھرىباندۇر مېنىڭ ئېتىم،
يۇرەگىمدە يانار ئوتۇم؛
خۇدايىمغا يەتمەس دادىم،
بالام سەندىن ئايرىلغىلى.

ھەمرانىڭ سىڭلىسى گۇل جەمىلە بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ زار- زار چۇن ئەبرى نوبھار① يىغلاپ بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

ھەسرىتىڭدە خەستە جاننى،
ئوتقا ياقارمەن جىگىرىم؛
كۇندە سېنى ياد ئېتىپ،
ئويدىن چىقارمەن جىگىرىم.
كەلمىدى دەپ ھەر تەرەپكە،
مەن باقارمەن جىگىرىم؛
ھىجرى ئوتىدا يانىپ،
سۇدەك ئاقارمەن جىگىرىم؛
ئىزلىسەم ئەمدى سېنى،
قايدىن تاپارمەن جىگىرىم.
ھەسرىتىڭدە ئەمدى قالدىم،
زارى- سەرگەردان بولۇپ،

① چۇن ئەبرى نوبھار — ھەددىدىن ئارتۇق قايغۇ- ھەسرەت بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ياش توكۇپ يىغلار ئاتاڭ،
ئىككى كوزى گەريان بولۇپ.
بارچە دوستۇڭ يىغلاشۇر،
ۋەسپىڭدە باغرى قان بولۇپ؛
بۇ سەۋەپتىن مەن شىكەستە،
خاتىرىم ۋەيران بولۇپ.
ئىزلىسەم ئەمدى سىنى،
قايدىن تاپارمەن جىگىرىم؟
نىمە ئۈچۈن قادىر ئىگەم،
بىزلەرنى قىلغاندۇ غېرىپ؛
بۇ غېرىپلىق بىرلە قالدىم
زەپىرەڭدەك سارغىيىپ.
مەن ئاكامنىڭ سوزىنى،
داد ئەيلىسەم كىمگە بېرىپ؛
تەلمۈرۈپ يوللاردا قالدىم،
مەن ئاكامنى سېغىنىپ.
ئىزلىسەم ئەمدى سىنى،
قايدىن تاپارمەن جىگىرىم؟

"ئەمدى يىغلىماقتىن باشقا ھېچ ئىش پايدا قىلماس" دەپ، شاھ ھەمرانىڭ ئانىسى، سىڭلىسى ۋە ئەھلى ـ ئەۋلاتلىرى ھەمرا تاشلانـ غان قۇدۇققا قاراپ مېڭىپتۇ. قۇدۇققا بېرىپ: "ئىي ھەمرا بالام!" دەپ قىچقىرىپتۇ شاھ. ئاۋاز كەلمەپتۇ. چۈنكى ھەمرا: "ئاكىلىرىم يەنە مەسلىھەت قىلىپ، مېنى قۇدۇقتىن تارتىۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، دەپ كەلگەن ئوخشايدۇ" دىگەن ئوي بىلەن ئاۋاز چىقارماي جىم تۇرغان ئىكەن. گۈل جەمىلە بېشىنى قۇدۇققا تىقىپ تۇرۇپ: ئىي ھەمرا ئاكا، سەن ھايات بارمۇ يا يوقمۇ؟" دەپ بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

ئاكام دەپ سەن مېنى گۇمان ئەيلىمە،
بەختى قارا ھەمرا جانىم بارمۇ سەن؟
گۈل جەمىلە ئېيتۇر جېنىم قېرىنداشىم،
پىراقىڭدا ئاقار بولدى كوز ياشىم؛
يالغۇزلۇقتا ھالىڭ نەدۇر سىرداشىم،
ھەمرا ئاكام ناتىۋانىم بارمۇ سەن؟

ھەمرا قۇدۇق ئىچىدە يېتىپ سىڭلىسى گۈل جەمىلەنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ، قېرىنداشىم گۈل جەمىلە كەپتۇ، دەپ: "مەن ھايات" دىگەن جاۋاپنى بېرىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

ھەمرا ئېيتۇر خۇدا بەرسۇن ئىمانىم،
قاراڭغۇ قۇدۇق ئىچرە بولدى ماكانىم.
ھىچكىم بىلمەس مېنىڭ ياخشى يامانىم،
گۈل جەمىلە سىڭلىم ئامان بارمۇ سەن؟

ئۇلار: "ھەمرا ھايات بار ئىكەن" دىيىشىپ، قۇدۇققا ئار-غامچا بىلەن ئادەم چۈشۈرۈپ، ھەمرانى قۇدۇقتىن ئاپتۇ. قارىسا ھەمرانىڭ چىرايى ساماندەك سارغىيىپ كەتكەنىكەن. ئۇلار ھەمرانى بۇ ئەھۋالدا كورۇپ قاتتىق يىغلىشىپتۇ. ھەمرانىڭ كوڭلى بۇزۇ-لۇپ: "بۇ يەردە كىم بار، كىم يوق مەن كورمىدىم" دەپ، قولىغا تىللا سازىنى ئېلىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

مىسىر يۇرتىدىن كەلگەن جانلارىم،
خەۋەر بېرىڭ بىزنىڭ يۇرتلار ئامانمۇ؟
سايىسىغا كۈن چۈشمىگەن باغلارىم،
ھەمرا كورگەن قىزىل گۈللەر ئامانمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ دۇنيا دىگەن ئەجەپ بىر جايدۇر،
بەزىسى شاھ بەزىسى گادايدۇر؛
پانى دۇنيا كارۋان سارايدۇر،
ئاتا ـ ئانام، تۇققانلىرىم ئامانمۇ؟
ھەممىڭىزنى تونۇساممۇ كوزۇم كورمەس،
تارتقان جەۋرىم خۇدا بىلۇر، ھىچكىم بىلمەس؛
غازاڭ بولغان باھارىم، غۇنچە ئانارىم،
ھورلىقاجان كەلمىگۇنچە ئومۇر سۇرمەس.

ئاندىن ھەمرا: "ماڭا ئوت كەلتۇرۇڭلار" دەپتىكەن، ئۇلار دەرھال ئوت كەلتۇرۇپتۇ. ھەمرا ھورلىقا بەرگەن ھىلىقى چاچنى ئوتقا سالغان ھامان، ھورلىقا بىرنەچچە يۇز دىۋە بىلەن يىتىپ كەپتۇ. ھەمرانى بۇ ئەھۋالدا كورۇپ، ھوشىدىن كىتىپ يىقىلىپتۇ، بىر ھازادىن كىيىن ھوشىغا كىلىپ مۇنۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

سوزلە دوستۇم نىمە ئىش چۇشتى باشىڭغا،
ئايلانۇرمەن قارا نەركەس كوزۇڭدىن؛
غاپىل ئىدى قۇلۇڭ كەلدى قاشىڭغا،
ئايلانۇرمەن قارا قاشىم كوزۇڭدىن.
ياخشىلىققا نىمە توھمەت جانلىرىم،
نىمە ئاپەت، نىمە ھەسرەت جانلىرىم؟
نىمە قايغۇ، نىمە كۇلپەت جانلىرىم؟
ئايلانۇرمەن قاراقاشىم كوزۇڭدىن.

ھورلىقا زار ـ زار يىغلاپتۇ. ئاندىن كىيىن يىغلاشتىن ھىچ- بىر پايدا يوق، ھەمرانىڭ كوزى نىمە سەۋەپتىن مۇشۇنداق بولدى؟ دەپ، بۇلبۇل گويادىن سوراپتۇ. بۇلبۇل گويا ئەھۋالنى

ئېيتىپتۇ ھەمدە: "ئۇزۇندىن بېرى قانىتىمنىڭ ئارىسىدىن چىقارماي ساقلاپ كەلگەن ئىدىم" دەپ، ھەمرانىڭ ئىككى كوزىنى بېرىپتۇ ھورلىقا خوش بولۇپ كېتىپ، ھەمرانىڭ كوزى ھەققىدە قىرىق قۇلنى ئازات قىپتۇ. كېيىن ئىككى دىۋىگە ئەمر قىلىپ: "سىلەر كوھىقاپقا بېرىپ، ئابى ھايات سۇيىدىن بىر قۇتا، بىرتال ئاق گۇل، بىرتال قىزىل گۇل ئېلىپ كېلىڭلار، ئەگەردە بىر سائەتتە كەلمىسەڭلار، بېشىڭلارنى كېسىمەن!" دەپتۇ. ئىككى دىۋە بىر سائەتتىلا سۇ بىلەن گۇلنى ئېلىپ كەپتۇ. ئاندىن ھورلىقا سۇ بىلەن كوزنىڭ قارچۇغىنى يۇيۇپ، كوزنى چاناققا قويۇپتۇ، گۇللەرنى كوزگە سۇرتۇپ: "بۇ كوزنى ئاۋالقىدەك سەللىمازا قىلغىن" دەپ خۇدايتائالاغا يىلىنىپ، زار-زار يىغلاپ، جىمىكى ئوتكەن پىرلەرنى شېپى كەلتۇرۇپ، بۇ مۇناجاتنى ئوقۇپتۇ:

قادىر ئاللا رەھىم ئەيلىگىن ھالىمغا،
ئەۋۋەلەن رەھمان رەھىم ھەققىدىن؛
ئاجىزلارنىڭ تىلىگىنىن بەرگىن قولىغا،
يەتتە قات ئاسمان-زېمىن ھەققىدىن.
قارا ئەيلە دۇشمەنلەرنىڭ يۇزىنى،
قوبۇل قىلغىن مەن ئاجىزنىڭ سوزىنى؛
ئېلتىپات قىلىپ ئاچقىن يارىم كوزىنى،
پەيغەمبەرگە كەلگەن ھەدىس قۇرئان ھەققىدىن.
ئىبراھىم، ئىسمايىل، يۇسۇپ پەيغەمبەر،
داۋۇت ئوغلى سۇلايمان ئالەمگە سەرۋەر؛
ئىزلىگەن مۇرادىمنى خۇدا ئوزەڭ بەر،
ئابابەكرى، ئومەر، ئوسمان، ئېلى ھەققىدىن.
تەۋراتنى ئوقۇدى ھەزرىتى مۇسا،
ئىنجىلنى ئوقۇدى ھەزرىتى ئەيسا؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تەڭرىنىڭ ئارسلانى ئېلى مۇرتىزا؛
پاتىمەمنىڭ باغرى بەريان ھەققىدىن.
ھورلىقا دەر ئۇشبۇ مېنىڭ تىلەگىم،
ھەمرانىڭ ئوتىدا كويىدى يۈرەگىم؛
ئاخىرەدا ھەمرا جانىنىڭ كوزى تىلەگىم،
ئون سەككىزمىڭ ئالەملەرنىڭ ھەققىدىن.

ھورلىقا شۇنداق دەپ يىغلاپ گۈللەرنى سۈرتكەن ئىكەن، ھەمرانىڭ كوزى ئاۋالقىدەك سەللىمازا بوپتۇ. "ئەي ھەمرا، كوزىڭىزنى ئېچىڭ!" دەپتۇ ھۇرلىقا، ھەمراكوزىنى ئېچىپ، ھەممە خالايىقنى كورۈپتۇ. ھەمرا نەچچە ۋاقىتتىن بېرىقى جەۋرى-جاپا، مېھنەت- مۇشەققەت كورگەنلىرىنى يادىغا كەلتۈرۈپ بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

ئەي يارەنلەر، مۇسۇلمانلار،
كېلىڭ جانلار كورۈشەيلى.
بىزنىڭ بىلەن بىللە يۈرگەن،
ئەسىر جانلار كورۈشەيلى.
ھەمرا ئېيتۇر ھەقتۇر ئىشىم،
نە سەۋداغا چۈشتى باشىم؛
ئىككى جاھاندا يولداشىم،
ھورلىقاجان كورۈشەيلى.
پەرزەنت ئۈچۈن يۈرەك داغلاپ،
خۇدايىمغا چەندان يىغلاپ؛
پەرزەنتىدىن خوشال بولغان،
كېلىڭ ئاتا كورۈشەيلى.
جاپا چېكىپ مېنى باققان،

تۈن كېچىدە چىراق ياققان؛
جىگەر - باغرى سۇ بوپ ئاققان،
جېنىم ئانا كورۇشەيلى.
جان - جىگەرىم ئاكام دىگەن،
بىر داستاندا تائام يىگەن؛
يورۇق دۇنيا هارام دىگەن،
گۇل جەملە سىڭلىم كورۇشەيلى.

ھەمرا: شۈگەپنى دەپ بارچە بىلەن كورۇشۇپتۇ. ھەمرا كوزى ئېچىلغىنىغا شاتلىنىپتۇ. ھورلىقا بىلەن پادىشاھ ئىككى ئوغۇلنى ئو- لۇمگە بۇيرۇپتۇ. ھەمرانىڭ يەنە ئاكىلىرىغا رەھمىسى كېلىپ، ئىككى ئاكىسىنىڭ گۇناسىنى ھورلىقا بىلەن ئاتىسىدىن تىلەپتۇ. پادىشاھ: "ئىي ئوغلۇم ھەمرا، ئاۋال ھورلىقانى مىسىرغا ئېلىپ بارايلى" دەپتۇ. ھەمرا: "خوپ بولىدۇ" دەپ، ھورلىقاغا قاراپ بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

يۇرۇڭ كېتەيلى بىزنىڭ يۇرتقا دىلبىرىم،
ئەمدى مۇنداق يېڭى زامان تېپىلماس؛
ئامانەتنى ئاخىرى ئىگىسى ئالۇر،
شۇكرى ئاللا، يەنە بۇ جان تېپىلماس.

ھەمرا: ھورلىقانى مىسىرغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. بىرنەچچە كۈن يول مېڭىپ، مىسىرغا يېتىپ كەپتۇ. ئەل - يۇرت، خالايىققا قىرىق كېچە - كۈندۈز مەجلىس قىلىپ بېرىپتۇ. ئاندىن كېيىن پادىشاھ خىسراۋ توت يۈز قىرىق توت شەھەرنىڭ تاج - ھوكۇمىتى بىلەن غەزنىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ھەمرا بىلەن ھورلىقاغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى بۇلبۇل گويانى ئېلىپ مېھمانخانىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇق مۇرادىغا يېتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

源　　泉（丛刊）（维吾尔文）

1982年第3期

新疆人民出版社编辑出版

（乌鲁木齐市解放路306号）

新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷

850×1168毫米32 开本 15.375印张 1插页

1982年8月第1版　1983年8月第1次印刷

印数：1—12,000

统一书号：M10098·692　定价：0.89元

